# تفسير القرآن الكريم

(جزء تبارك وجزء عمّ)

بقلم محمد بن صالح

# قۇرئان كەرىم

(29-ۋە 30-پارىلىرىنىڭ تەفسىرى)

مۇھەممەد سالىھ

مىللەتلەر نەشرىياتى

قۇرئان كەرىم
(29-ۋە 30-پارىلىرىنىڭ تەفسىرى)
مىللەتلەر نەشرىياتى

ISBN 7-105-01349-4/B.5

# تفسير القرآن الكريم

(جزء تبارك وجزء عمّ)

بقلم

محمد بن العلامة الحاج داملا صالح الكاشغري الآرتوجي

دار النشر للقوميات

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# قۇرئان كەرىم

## (29 - ۋە 30 - پارىلىرىنىڭ تەفسىرى)

مۇھەممەد سالىھ

مىللەتلەر نەشرىياتى

تەفسىرنىڭ تەھرىرى: خوجائابدۇللا ئوسمان
مەسئۇل مۇھەررىرى: رىشىت ۋاھىدى
مەسئۇل كوررېكتور: ھەمرا ھاسىل

# قۇرئان كەرىم

(29 ـ ۋە 30 ـ پارىلىرىنىڭ تەفسىرى)

مۇھەممەت سالىھ

نەشر قىلغۇچى ۋە تارقاتقۇچى: مىللەتلەر نەشرىياتى
ساتقۇچى: جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرى
باسقۇچى: مىللەتلەر باسما زاۋۇتى
1991 ـ يىل 10 ـ ئايدا 1 ـ قېتىم نەشر قىلىندى
1991 ـ يىل 10 ـ ئايدا بېيجىڭدا 1 ـ قېتىم بېسىلدى
باھاسى: 23.10 يۈەن

# تەفسىرنىڭ ئىشلىنىشى ھەققىدە

1983 - يىلى ئۈرۈمچىدە ئاپتونوم رايون بويىچە ئىمام تەربىيەلەش كۇرسى ئېچىلغانىدى، پېقىر بۇ كۇرسقا مۇدەررىسلىككە تەكلىپ قىلىنىپ، تەفسىر ۋە ھەدىستىن دەرس ئۆتتۈم. شۇ چاغدا، كۇرسقا قاتناشقۇچى تالىبۇلئىلمى (ئىلىم تەلەپ قىلغۇچى)لەرنىڭ تەلىپىنى قاندۇرۇش ۋە كۇرسىنىڭ دەرسلىككە بولغان ئېھتىياجىنى تەمىن ئېتىش ئۈچۈن، دەسلەپتە «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئاخىرقى پارىسى («ئەممە» پارىسى)نىڭ تەفسىرىنى ئىشلىگەنىدىم، كۇرسانتلارنىڭ تەلىپى بويىچە كېيىن يەنە «تەبارەك» پارىسىنى ئىشلەپ ئۇنىڭغا قوشتۇم. «قۇرئان كەرىم»نىڭ بۇ ئاخىرقى ئىككى پارىسى كۆپچىلىك ئىماملارغا خېلى تونۇشلۇق ۋە يادا بولغانلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە تەفسىر ئىخچام ۋە ئاممىباب بولغانلىقى ئۈچۈن، ئوقۇتۇشنىڭ ئۈنۈمى خېلى ياخشى بولدى. ئەينى زاماندا، بىر قىسىم پېشقەدەم ۋە نوپۇزلۇق قەشقەر ئۆلىمالىرى «ئەممە» پارىسىنىڭ تەفسىرىنى كۆرۈپ چىقىپ، مۇقىملاشتۇرۇش يۈزىسىدىن تەقرىز يېزىپ بەرگەنىدى.

كۆپ يىللاردىن بۇيان، بۇ تەفسىر شاپىگرافتا بېسىلىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئېچىلغان دىنىي كۇرسلاردا جۈملىدىن شىنجاڭ ئىسلام ئىنستىتۇتىدا كۇرسانتلارغا دەرسلىك قىلىنىپ كەلمەكتە.

تەفسىرنىڭ تۈزۈلۈشىگە كەلسەك، ئالدى بىلەن ئايەتلەرنىڭ

تېكستى، ئاندىن تەرجىمىسى، ئۇنىڭدىن كېيىن ئايەتلەرنىڭ ئومۇمىي مەزمۇنى، مۇھىم نۇقتىلىرى بېرىلدى ھەمدە ئايەتلەرگە مۇناسىۋەتلىك بىر قىسىم مەزمۇنلار ئىزاھ تەرىقىسىدە بەت ئاستىغا بېرىلدى. تەفسىردىكى «يۇقىرىقى ئايەتلەرنىڭ ئومۇمىي مەزمۇنى»، «مۇھىم نۇقتىلىرى» دېگەن قىسىملار «مۇقەررەرۇتتەفسىر» (ئېتىراپ قىلىنغان تەفسىر) ناملىق تەفسىر كىتابىدىن ئېلىندى.

بۇ تەفسىردە سەۋەنلىك ياكى خاتا كەتكەن جايلار كۆرۈلسە، كىتابخانلارنىڭ تۈزىتىش بېرىشىنى سورايمەن.

مۇھەممەت سالىھ

1990 - يىل 10 - ئاي

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# تقريظ (تەقرىز)

## بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيْمِ

الحمد لله وحده والصلوة والسلام على من لا نبي بعده

الله تعالى غه حمد ثناء ورسول صلى الله عليه وسلم غه دورود ايتقاندين كيين بز توبنده اسمي يازيلغان كاشغر علماللاري ايتامزكي بو وقتغه قدر قرآن كريم عظيم الشأن اويغور تيليده ترجمه قيلنمه غان ايدي. فاضل كامل محمد صالح جهد بليغ ايلاب توللا اجري سينكدوروب توننجي قيتيم اويغور چه تولوق ترجمه قيليب چيقان قرآن كريم ترجمه سيدين بيرنجي پاره سي نينك ترجمه سيني او توزنجي پاره سي نينك ترجمه سي ايله ن تفسيريني باشتين آخر كوزدين كوچوردوق. بزنينك آرزويمزغه موافق چيقان بو ترجمه و تفسير اوچون نهايت خوشال اولدوق. بو ترجمه و تفسير اصلي عربچه سيغه صاديق ليق ايله ن كم زياده ليكتين خالي ده ل عيناً و روان ترجمه قيلينغان اولوب مضموني علماء السلف (اوتكه نكي اسلام علماللاري) طرفندين يازيلغان تفسير كتابلاري نينك روحيغه اويغون كيليدو. ترجمه ده قرآن كريم تيلندكي قيين و نازوك معنالارا اويغور تيلي قاعده سي بوينچه چوشونوشلوك روشن افاده قيلينغان. ترجمه و تفسير نينك توغرا و صفت ليك بولغانليغي غه بز علماللار قوشوليمز. قرآن كريم ني طلب گه

لایق ترجمه و تفسیر قیلیب چیقیش دین عبارت بو مرکب و مشکل وظیفه نی کما ینبغی
اوبدان آدا قیلغان فاضل مذکور محمد صالح غه رحمت اوقویمز . الله رحمت
قیلسون !.

کاشغر عیدگاه جامع سی نینگ خطیبی و امامی و مدرسی شینجانگ اسلام
جمعیتی نینگ معاون مدیری قاسم قاری حاجم
کاشغر عیدگاه جامع سی نینگ خطیبی سابق چاسه مدرسه سی نینگ مدرسی داملا اسماعیل حاجی

کاشغر عیدگاه جامع سی نینگ خطیبی و مدرسی سابق خانلق مدرسه نینگ
مدرسی اسلام جمعیتی نینگ دائمی هیئت اعضاسی صالح داملا حاجم
کاشغر سابق خانلق مدرسه نینگ مدرسی اسلام جمعیتی نینگ اعضاسی صالح داملا

اسلام جمعیتی نینگ دائمی هیئت اعضاسی سابق عیدگاه جامع سی نینگ
خطیبی
کاشغر سابق توکش مدرسه نینگ مدرسی اسلام جمعیتی نینگ اعضاسی زین العابدین مولوی داملا

کاشغر جامع قدیم نینگ خطیبی اسلام جمعیتی نینگ اعضاسی هارون خان حاجیم

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# تەقرىز

## بسم الله الرحمن الرحيم

ئاللاغا ھەمدۇ سانا ۋە رەسۇل سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەمگە دۇرۇد ئېيتقاندىن كېيىن، بىز تۆۋەندە ئىسمى يېزىلغان قەشقەر ئۆلىمالىرى ئېيتىمىزكى، بۇ ۋاقىتقا قەدەر ئۇلۇغ قۇرئان كەرىم ئۇيغۇر تىلىدا تەرجىمە قىلىنمىغانىدى. پازىل كامىل مۇھەممەت سالىھ جەھدى بەلىغ ئەيلەپ (قالتىس تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ)، تولا ئەجىر سىڭدۇرۇپ، تۇنجى قېتىم ئۇيغۇرچىغا تولۇق تەرجىمە قىلىپ چىققان قۇرئان كەرىم تەرجىمىسىدىن بىرىنچى پارىنىڭ تەرجىمىسىنى ۋە ئوتتۇزىنچى پارىنىڭ تەرجىمىسى بىلەن تەفسىرىنى باشتىن ئاخىر كۆزدىن كەچۈردۇق. بىزنىڭ ئارزۇيىمىزغا مۇۋاپىق چىققان بۇ تەرجىمە ۋە تەفسىر ئۈچۈن ناھايىتى خۇشال بولدۇق. بۇ تەرجىمە ۋە تەفسىر ئەسلى ئەرەبچىسىگە سادىقلىق بىلەن كەم-زىيادىلىكتىن خالىي، دەل ئەينەن ۋە راۋان چىققان بولۇپ، مەزمۇنى ئۆتكەنكى ئىسلام ئۆلىمالىرى تەرىپىدىن يېزىلغان تەفسىر كىتابلىرىنىڭ روھىغا ئۇيغۇن كېلىدۇ. تەرجىمىدە قۇرئان كەرىم تىلىدىكى قىيىن ۋە نازۇك مەنىلەر ئۇيغۇر تىلى قائىدىسى بويىچە چۈشىنىشلىك ۋە روشەن ئىپادىلەنگەن. تەرجىمە ۋە تەفسىرنىڭ توغرا ۋە سۈپەتلىك بولغانلىقىغا بىز ئۆلىمالار قوشۇلىمىز. قۇرئان كەرىمنى تەلەپكە لايىق تەرجىمە ۋە تەفسىر قىلىپ چىقىشتىن ئىبارەت بۇ مۇرەككەپ ۋە مۈشكۈل ۋەزىپىنى دەل جايىدا، ئوبدان ئادا قىلغان پازىل مەزكۇر

مۇھەممەت سالىھقا رەھمەت ئوقۇيمىز، ئاللا رەھمەت قىلسۇن!

قەشقەر ھېيتگاھ جامەسىنىڭ خەتىبى، ئىمامى، مۇدەررىسى ۋە شىنجاڭ ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى قاسىم قارىي ھاجىم؛

قەشقەر ھېيتگاھ جامەسىنىڭ خەتىبى، سابىق چاسا مەدرىسەسىنىڭ مۇدەررىسى داموللا سۇلەيمان ئوسمان ھاجى؛

قەشقەر ھېيتگاھ جامەسىنىڭ خەتىبى ۋە مۇدەررىسى، سابىق خانلىق مەدرىسەنىڭ مۇدەررىسى، شىنجاڭ ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى سالىھ داموللا ھاجىم؛

قەشقەر سابىق خانلىق مەدرىسەنىڭ مۇدەررىسى، ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى سالىھ داموللام؛

ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى، سابىق ھېيتگاھ جامەسىنىڭ خەتىبى ئابدۇرىشىد ئەئلەم ئاخۇنۇم؛

قەشقەر سابىق دۆڭ مەسجىت مەدرىسەسىنىڭ مۇدەررىسى، ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى زەينۇل ئابىدىن مەۋلىۋى داموللا ھاجىم؛

قەشقەر جامە قەدىمنىڭ خەتىبى، ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى ھارۇنخان ھاجىم.

1983 ـ يىل

www.uyghurkitap.com

# مۇندەرىجە


67. سۈرە مۈلك ..................... 1

68. سۈرە قەلەم ..................... 18

69. سۈرە ھاققە ..................... 37

70. سۈرە مەئارىج ..................... 51

71. سۈرە نۇھ ..................... 63

72. سۈرە جىن ..................... 75

73. سۈرە مۇززەممىل ..................... 89

74. سۈرە مۇددەسسىر ..................... 101

75. سۈرە قىيامەت ..................... 122

76. سۈرە ئىنسان ..................... 136

77. سۈرە مۇرسەلات ..................... 151

78. سۈرە نەبە ..................... 165

79. سۈرە نازىئات ..................... 178

80. سۈرە ئەبەسە ..................... 191

81. سۈرە تەكۋىر ..................... 202

82. سۈرە ئىنفىتار ..................... 210

83. سۈرە مۇتەففىفىن ..................... 215

84. سۈرە ئىنشىقاق ..................... 227

85. سۈرە بۇرۇج ..................... 233

86. سۈرە تارىق ..................... 240

87. سۈرە ئەئلا ........................................ 245
88. سۈرە غاشىيە ........................................ 250
89. سۈرە فەجر........................................ 256
90. سۈرە بەلەد........................................ 266
91. سۈرە شەمس........................................ 273
92. سۈرە لەيل ........................................ 278
93. سۈرە زۇھا ........................................ 284
94. سۈرە ئىنشىراھ ........................................ 288
95. سۈرە تىن ........................................ 291
96. سۈرە ئەلەق ........................................ 294
97. سۈرە قەدر ........................................ 301
98. سۈرە بەيىينە........................................ 304
99. سۈرە زەلزەلە ........................................ 310
100. سۈرە ئادىيات ........................................ 313
101. سۈرە قارىئە........................................ 316
102. سۈرە تەكاسۇر........................................ 319
103. سۈرە ئەسر........................................ 321
104. سۈرە ھۇمەزە ........................................ 323
105. سۈرە فىل ........................................ 326
106. سۈرە قۇرەيش ........................................ 329
107. سۈرە مائۇن ........................................ 331
108. سۈرە كەۋسەر........................................ 333
109. سۈرە كافىرۇن ........................................ 336
110. سۈرە نەسر ........................................ 339

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

111. سۈرە مەسەد .................................... 341
112. سۈرە ئىخلاس.................................... 343
113. سۈرە فەلەق .................................... 346
114. سۈرە ناس .................................... 347

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

آياتها ٣٠ (٦٧) سُورَةُ الْمُلْكِ مَكِّيَّةٌ (٧٧) ركوعاتها ٢

بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيمِ

تَبٰرَكَ الَّذِي بِيَدِهِ الْمُلْكُ وَهُوَ عَلٰى كُلِّ شَيْءٍ
قَدِيرٌ ۙ (١) الَّذِي خَلَقَ الْمَوْتَ وَالْحَيٰوةَ لِيَبْلُوَكُمْ
أَيُّكُمْ أَحْسَنُ عَمَلًا ۗ وَهُوَ الْعَزِيزُ الْغَفُورُ ۙ (٢) الَّذِي
خَلَقَ سَبْعَ سَمٰوٰتٍ طِبَاقًا ۗ مَا تَرٰى فِي خَلْقِ الرَّحْمٰنِ
مِنْ تَفٰوُتٍ ۗ فَارْجِعِ الْبَصَرَ ۙ هَلْ تَرٰى مِنْ فُطُورٍ (٣)
ثُمَّ ارْجِعِ الْبَصَرَ كَرَّتَيْنِ يَنْقَلِبْ إِلَيْكَ الْبَصَرُ
خَاسِئًا وَّهُوَ حَسِيرٌ (٤) وَلَقَدْ زَيَّنَّا السَّمَاءَ الدُّنْيَا
بِمَصَابِيحَ وَجَعَلْنٰهَا رُجُومًا لِّلشَّيٰطِينِ وَأَعْتَدْنَا لَهُمْ
عَذَابَ السَّعِيرِ (٥)

تەرجىمىسى:

## 67. سۇرە مۇلك

مەككىدە نازىل بولغان، 30 ئايەت*.

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن.

* سۇرە مۇلك (تەبارەك سۈرىسىنىڭ) خاسىيىتى توغرىسىدا:
ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر

(پۈتۈن ئاسمان - زېمىننىڭ) پادىشاھلىقى ئىلكىدە بولغان ئاللانىڭ بەرىكىتى بۈيۈكتۇر. ئاللا ھەر نەرسىگە قادىردۇر[1]. سىلەردىن قايسىڭلارنىڭ ئەمەلىي ئەڭ ياخشى ئىكەنلىكىنى سىناش ئۈچۈن ئاللا ئۆلۈمنى* ۋە تىرىكلىكنى ياراتتى، ئاللا غالىبتۇر، (تەۋبە قىلغۇ-چىنى) ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر[2]. ئاللا يەتتە ئاسماننى

---

ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: "قۇرئاندا 30 ئايەتتىن تەركىب تاپقان، ئوقۇغان ئادەمگە شاپائەت قىلىنىدىغان ھەتتا ئۇنىڭ گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنىدىغان بىر سۈرە بار، ئۇ تەبارەكتىن ئىبارەتتۇر."

ئىبنى ئابباس مۇنداق دەيدۇ: "پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرىدىن بىرى ئۇقماستىن بىر قەبرىنىڭ ئۈستىگە چېدىر تىكىپتۇ، قارىسا چېدىر تىككەن يەر بىراۋنىڭ قەبرىسى بولۇپ، بۇ يەردە بىر كىشى تەبارەك سۈرىسىنى ئوقۇپ تۈگىتىپتۇ"، ھېلىقى ساھابە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۇزۇرىغا كېلىپ: "ئى رەسۇلۇللا، مەن ئۇقماستىن بىر قەبرىنىڭ ئۈستىگە چېدىرىمنى تىكىپتىمەن، قارىسام ئۇ يەردە بىر ئادەم تەبارەك سۈرىسىنى ئوقۇپ تۈگەتتى" دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "تەبارەك سۈرىسى ئازابنى توسقۇچىدۇر، تەبارەك سۈرىسى ئۇ ئادەمنى قەبرە ئازابىدىن قۇتقۇزىدۇ" دېدى.

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: "پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام.... تەبارەك سۈرىسىنى ئوقۇمىغىچە ئۇخلىمايتتى" دەيدۇ.

* ئۆلىمالارنىڭ ئېيتىشىچە، ئۆلۈم دېگەن ھاياتلىقتىن پۈتۈنلەي ئۈزۈلۈپ يوقىلىپ كېتىش ئەمەس. پەقەت ئىنساننىڭ بۇ دۇنيادىن ئۇ دۇنياغا يۆتكىلىشىدىن ئىبارەت. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بىر ھەدىسىدە مۇنداق دېيىلگەن: "سىلەردىن بىرەيلەن قەبرىدە قويۇلۇپ، بۇرادەرلىرى ئۇنى كۆمۈپ قايتقاندا، ئۇ ئۇلارنىڭ كەشلىرىنىڭ ئاۋازىنى چوقۇم ئاڭلاپ تۇرىدۇ."

بىرىنى بىرىنىڭ ئۈستىدە قىلىپ ياراتتى، مېھرىبان ئاللانىڭ يارىتىشىدا ھېچ نۇقسانىنى كۆرمەيسەن، سەن (ئاسمانلارغا) قاراپ باققىنكى، بىرەر يوچۇقنى كۆرەمسەن[3]. ئاندىن سەن يەنە ئىككى ئېتىم قارىغىن. كۆزۈڭ (ئاسمانلاردا بىرەر نۇقسانىنى تېپىشتىن) ئۈمىد ئۈزگەن ۋە تالغان ھالدا قايتىدۇ[4]. (بىزگە بارلىق ئاسمانلاردىن) ئەڭ يېقىن ئاسماننى چىراغلار (يەنى يورۇق يۇلتۇزلار) بىلەن بېزىدۇق ۋە ئۇلارنى (پەرىشتىلەرنىڭ سۆزلىرىنى ئوغرىلىقچە تىڭشاشقا ئۇرۇنغان) شەيتانلارنى ئاتىدىغان نەرسە قىلدۇق (يەنى شەيتانلار يۇلتۇزلاردىن چىققان شولا بىلەن ئېتىلىدۇ)، شەيتانلارغا (ئاخىرەتتە) دوزاخ ئازابىنى تەييارلىدۇق[5].

## يۇقىرىقى ئايەتلەرنىڭ ئومۇمىي مەزمۇنى:

ئاللاتائالا بۇ مۇبارەك سۈرىنى ئۆزىنىڭ پاكلىقىنى ئىزھار قىلىش ۋە ئۆزىگە ھەمدۇ سانا ئېيتىش بىلەن باشلىدى، ئاللاتائالا پۈتۈن كائىناتنىڭ ئىگىسى ۋە ئۇنى مۇتلەق تەسەررۇپ قىلغۇچىدۇر، ئاللاتائالا ھەممىگە قادىر قۇدرەت ئىگىسىدۇر. مەخلۇقاتلارنىڭ جېنىنى ئېلىش ۋە ئۇلارنى تىرىلدۈرۈش ئاللانىڭ ئىلكىدەدۇر. ئاللاتائالا ئۆلۈم بىلەن ھاياتلىقنى، ئىنسانلارنىڭ قايسىسىنىڭ ئەمەلى ياخشى ئىكەنلىكىنى سىناش ئۈچۈن ياراتتى*، ئاللاتائالا قۇدرەتلىك بولۇپ

* قەتادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "شۈبھىسىزكى، ئاللا ئادەم بالىلىرىنى ئۆلۈم بىلەن بويسۇندۇردى، بۇ دۇنيانى ئىنسانلار ھايات كەچۈرۈپ ئاندىن ئۆلىدىغان يۇرت قىلىپ ياراتتى، ئاخىرەتنى بولسا ياخشىلارنى مۇكاپاتلايدىغان، يامانلارنى جازالايدىغان مەڭگۈلۈك يۇرت قىلىپ ياراتتى" دېيىتتى.

كۈچ-قۇۋۋەتتە ئۇنىڭغا ھېچكىم تەڭ كېلەلمەيدۇ، ئاللاتائالا مەخلۇقاتقا موھتاج ئەمەس، ئاسىيلارنى جازالاشتا غالىبتۇر، ئاللاتائالا تەۋبە قىلغۇچىلارنى ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر.

ئاندىن ئاللاتائالا يەتتە قات ئاسماننى بىرىنى بىرىنىڭ ئۈستىدە قىلىپ، يوچۇقسىز ۋە نۇقسانسىز ياراتقانلىقىدىن خەۋەر بېرىدۇ. ئىنسان ئاسمانلارنى ھەرقانچە ئىنچىكىلىك بىلەن قايتا-قايتا كۆزەتكەندىمۇ، ئۇلاردىن ھېچقانداق يوچۇق ۋە نۇقسان تاپالمايدۇ، قۇدرىتى ئىلاھىيە ئالدىدا ئۆزىنىڭ ئاجىزلىقىنى ھېس قىلىدۇ. ئاندىن كېيىن ئاللاتائالا ئىنسانلارنىڭ دىققىتىنى ئاسمانلارنىڭ گۈزەللىكى، ئاسمانلاردىكى يۇلتۇز ۋە سەييارىلەرنىڭ رەتلىك، چىرايلىق ئورۇنلاشتۇرۇلغانلىقىنى بايقاشقا جەلىپ قىلىدۇ، شۇنداقلا يۇلتۇزلار بىلەن ئاسمانلارنى بېزىگەنلىكىنى، پەرىشتىلەرنىڭ سۆزلىرىنى ئوغرىلاشقا ئۇرۇنغان شەيتانلارنى يۇلتۇزلار بىلەن ئاتىدىغانلىقىنى، بۇنىڭ دۇنيادا ئۇلارغا بېرىلگەن جازا ئىكەنلىكىنى، ئاخىرەتتە ئۇلارنىڭ دوزاختا ئازابلىنىدىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ.

### مۇھىم نۇقتىلىرى:

1. ئاللاتائالا ئۇلۇغلىنىدۇ ۋە مەدھىيىلىنىدۇ.
2. ئاللاتائالانىڭ قۇدرىتىنىڭ ئىھاتىسىنىڭ كەڭلىكى، كائىناتنى تەسەررۇپ قىلىشتىكى كامالىتى بايان قىلىنىدۇ.
3. ئاللاتائالانىڭ ئۆلۈم بىلەن ھاياتلىقنى يارىتىشتىكى ھېكمىتى بايان قىلىنىدۇ.
4. ئاللاتائالانىڭ ئايەتلىرى ۋە مەخلۇقاتلىرى ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزۈشكە تەرغىب قىلىنىدۇ.

www.uyghurkitap.com

5. ئاللاتائالانىڭ يۇلتۇزلارنى يارىتىشتىكى ھېكمىتى بايان قىلىندۇ.

وَلِلَّذِيْنَ كَفَرُوْا بِرَبِّهِمْ عَذَابُ
جَهَنَّمَ ۖ وَبِئْسَ الْمَصِيْرُ ﴿٦﴾ إِذَآ أُلْقُوْا فِيْهَا سَمِعُوْا
لَهَا شَهِيْقًا وَّهِيَ تَفُوْرُ ﴿٧﴾ تَكَادُ تَمَيَّزُ مِنَ الْغَيْظِ ۖ
كُلَّمَآ أُلْقِيَ فِيْهَا فَوْجٌ سَأَلَهُمْ خَزَنَتُهَآ أَلَمْ يَأْتِكُمْ
نَذِيْرٌ ﴿٨﴾ قَالُوْا بَلٰى قَدْ جَآءَنَا نَذِيْرٌ ۙ فَكَذَّبْنَا
وَقُلْنَا مَا نَزَّلَ اللّٰهُ مِنْ شَيْءٍ ۖ إِنْ أَنْتُمْ إِلَّا فِيْ
ضَلٰلٍ كَبِيْرٍ ﴿٩﴾ وَقَالُوْا لَوْ كُنَّا نَسْمَعُ أَوْ نَعْقِلُ مَا
كُنَّا فِيْٓ أَصْحٰبِ السَّعِيْرِ ﴿١٠﴾ فَاعْتَرَفُوْا بِذَنْۢبِهِمْ ۚ
فَسُحْقًا لِّأَصْحٰبِ السَّعِيْرِ ﴿١١﴾ إِنَّ الَّذِيْنَ يَخْشَوْنَ
رَبَّهُمْ بِالْغَيْبِ لَهُمْ مَّغْفِرَةٌ وَّأَجْرٌ كَبِيْرٌ ﴿١٢﴾ وَأَسِرُّوْا
قَوْلَكُمْ أَوِ اجْهَرُوْا بِهٖ ۖ إِنَّهٗ عَلِيْمٌۢ بِذَاتِ الصُّدُوْرِ ﴿١٣﴾
أَلَا يَعْلَمُ مَنْ خَلَقَ ۖ وَهُوَ اللَّطِيْفُ الْخَبِيْرُ ﴿١٤﴾ هُوَ
الَّذِيْ جَعَلَ لَكُمُ الْأَرْضَ ذَلُوْلًا فَامْشُوْا فِيْ مَنَاكِبِهَا
وَكُلُوْا مِنْ رِّزْقِهٖ ۖ وَإِلَيْهِ النُّشُوْرُ ﴿١٥﴾

**تەرجىمىسى:**

پەرۋەردىگارىنى ئىنكار قىلغانلارمۇ دوزاخ ئازابىغا دۇچار بولىدۇ. دوزاخ نېمىدېگەن يامان جاي[6]! ئۇلار دوزاخقا تاشلانغان چاغدا، قايناپ تۇرغان دوزاخنىڭ (ئېشەك ھاڭرىغانـدەك) سەت ئاۋازىنى ئاڭلايدۇ[7]. دوزاخ غەزەپتىن پارچىلىنىپ كېتىشكە تاس قالىدۇ. دوزاخقا ھەرقاچان بىر توپ ئادەم تاشلانغان چاغدا، دوزاخقا مۇئەككەل پەرىشتىلەر ئۇلاردىن: "سىلەرگە ئاگاھلاندۇرغۇچى (يەنى پەيغەمبەر) كەلمىگەنمىدى؟" دەپ سورايدۇ[8]. ئۇلار: "ئۇنداق ئەمەس، بىزگە ھەقىقەتەن ئاگاھلاندۇرغۇچى كەلگەن، بىز (ئۇنى) ئىنكار قىلدۇق ھەمدە بىز: 'ئاللا (ھېچ ئادەمگە ۋەھيىدىن) بىرەر نەرسە نازىل قىلغىنى يوق، سىلەر پەقەت چوڭقۇر ئازغۇنلۇقتا دېدۇق'" دەيدۇ[9]. ئۇلار: "ئەگەر بىز (پەيغەمبەرنىڭ سۆزلىرىنى) ئاڭلىغان ياكى چۈشەنگەن بولساق، ئەھلى دوزاخ قاتارىدا بولماس ئىدۇق" دەيدۇ[10]. ئۇلار گۇناھىنى تونۇيدۇ*، ئەھلى دوزاخ ئاللانىڭ رەھمىتىدىن يىراق بولسۇن[11]. پەرۋەردىگارىدىن كۆرمەي تۇرۇپ قورققانلار، مەغپىرەتكە ۋە كاتتا ساۋابقا ئېرىشىدۇ[12]. سىلەر سۆزۈڭلارنى مەخپىي قىلىڭلار ياكى ئاشكارا قىلىڭلار (ئاللا ھامان ئۇنى بىلىپ تۇرىدۇ). ئاللا ھەقىقەتەن دىللاردىكى سىرلارنى بىلگۈچىدۇر[13]. (مەخلۇقاتنى) ياراتقان زات بىلمەمدۇ؟

---

* پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بىر ھەدىسىدە مۇنداق دېيىلگەن: "ھېچبىر ئادەم ئۆزىنىڭ جەننەتكە كىرىشكە قارىغاندا دوزاخقا كىرىشكە ئەڭ لايىق ئىكەنلىكىنى بىلمەي تۇرۇپ دوزاخقا كىرمەيدۇ".

ئۇ شەيئىلەرنىڭ نازۇك تەرەپلىرىنى بىلگۈچىدۇر. ھەممىدىن تولۇق خەۋەرداردۇر[14] ئاللا سىلەرگە زېمىننى دېڭىشقا ئاسان قىلدى، زېمىننىڭ ئەتراپىدا دېڭىڭلار، ئاللانىڭ (بەرگەن) رىزقىدىن يەڭلار*، سىلەر تىرىلگەندىن كېيىن ئاللانىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىسىلەر[15].

## يۇقىرىقى ئايەتلەرنىڭ ئومۇمىي مەزمۇنى:

ئاللاتائالا پەرىشتىلەرنىڭ سۆزلىرىنى ئوغرىلىقچە ئاڭلاشقا ئۇرۇنغان شەيتانلارغا دوزاخ ئازابىنى تەييارلىغانلىقىنى بايان قىلغاندىن كېيىن، بۇ ئازابنىڭ ئاللاتائالانىڭ بىرلىكىنى ئىنكار قىلغان، ئاللاتائالانىڭ پەيغەمبەرلىرىنى يالغانغا چىقارغان ھەرقانداق ئادەم ئۈچۈن تەييارلانغانلىقىنى ئېيتىدۇ، ئاللاتائالا دوزاخنى ئەھلى دوزاخنى چۆچۈتىدىغان ۋە ئۇلاردا قورقۇنچ پەيدا قىلىدىغان رەۋىشتە تەسۋىرلەيدۇ، دوزىخىلەر دوزاخنىڭ شىددەتلىك يېنىشىدىن

---

* بۇ ئايەتتىن رىزق تەلەپ قىلىش يولىدا سەۋەب قىلىش ۋە سەئىيى ھەرىكەتتە بولۇشنىڭ ئوبدان ئىش ئىكەنلىكىنى كۆرگىلى بولىدو. بۇ تەۋەككۇل قىلىش بىلەن قارىمۇقارشى ئەمەس. ھەزرىتى ئۆمەر بىر توپ ئادەمنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، ئۇلاردىن سىلەر نېمە ئادەملەر دەپ سورىغاندى. ئۇلار بىز تەۋەككۇل قىلغۇچىلارمىز دېدى. ھەزرىتى ئۆمەر ئۇلارغا: "سىلەر يۆلۈنۈۋالغۇچىلار. ئاللاغا تەۋەككۇل قىلغۇچى ئالدى بىلەن يەرگە ئۇرۇقىنى تېرىپ قويۇپ ئاندىن ئاللاغا تەۋەككۇل قىلدىم دەيدۇ" دېگەن

كېلىپ چىققان قورقۇنچلۇق ئاۋازلارنى ئاڭلاپ تۇرىدۇ، دوزاختا مۇئەككەل پەرىشتىلەر دوزاختا تاشلانغان ھەربىر گۇرۇھتىن: "ئاللا سىلەرگە ئۆزىنىڭ ئازابىدىن قورقۇتقۇچى پەيغەمبەرلەرنى ئىبەرت-مىدىمۇ" دەپ سورايدۇ، ئۇلار قاتتىق پۇشايمان قىلىپ: "بىزگە ئاللانىڭ ئازابىدىن ئاگاھلاندۇرغۇچى پەيغەمبەر كەلگەنىدى، لېكىن بىز ئۇنى يالغانغا چىقارغان ئىدۇق، ئاللانىڭ كىشىلەرگە پەيغەمبەرلەرنى ئىبەرتىدىغانلىقىنى ئىنكار قىلغان ئىدۇق" دەپ جاۋاب بېرىدۇ ۋە پەيغەمبەرنى: "سىلەر ھەقىقەتەن ھەقتىن تولىمۇ يىراق بولغان ھالدا ئازغان ئىدىڭلار" دېدۇق دەيدۇ، شۇنىڭدەك، كۇففارلار يەنە: "بىزنىڭ دەلىل-پاكىتلارنى چۈشىنىدىغان ئەقلىمىز ۋە ئۇلارنى ئاڭلايدىغان قۇلىقىمىز بولغان بولسا، مۇنداق قاتتىق ئازابقا دۇچار بولمايتتۇق" دەيدۇ.

ئاندىن كېيىن ئاللاتائالا پەرۋەردىگارىدىن قورققان، ئۇنىڭ ئەمرلىرىنى بەجا كەلتۈرگەن، چەكلىگەن ئىشلىرىدىن ساقلانغان ئادەمنى مەغپىرەت قىلىش ۋە مول ساۋاب بېرىش بىلەن مۇكاپات-لايدىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ.

بەندىلىرىگە ئۆز ئىلمىنىڭ چەكسىز ئىكەنلىكىنى، پۈتۈن سىرلارنى بىلىپ تۇرىدىغانلىقىنى، مەخلۇقاتىنىڭ ھېچقانداق ئىشى ئۇنىڭغا مەخپىي ئەمەسلىكىنى، بەندىلىرىنىڭ يوشۇرغانلىرىنىمۇ تولۇق بىلىپ تۇرىدىغانلىقىنى ئۇقتۇرىدۇ.

ئاللاتائالا بەندىلىرىگە ئۆزىنىڭ بىر قىسىم نېمەتلىرىنى يەنى ئۇلارغا زېمىننى مېڭىشقا قولايلىق قىلىپ بەرگەنلىكىنى، ئۇلارنى زېمىندا ھەرىكەت قىلىپ دېھقانچىلىق، سودا ۋە باشقا پايدىلىق كەسىپلەر بىلەن شۇغۇللىنىشقا ۋە ئۇلارغا ئاتا قىلغان نەرسىلەردىن

بەھرىمەن بولۇشقا بۇيرۇلغانلىقىنى ساناپ ئۆتىدۇ*. ئۇلار ئۆلگەندىن كېيىن قىيامەت كۈنى قايتا تىرىلىپ ئاللانىڭ دەرگاھىغا ھازىر بولىدىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ.

مۇھىم نۇقتىلىرى:

1. كۇفرىدىن ۋە ئۇنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ يامانلىقىدىن قورقۇتۇلىدۇ.

2. قىيامەت كۈنى كۇففارلار دۇچار بولىدىغان ئازاب تەسۋىرلىنىدۇ.

3. ئاللادىن قورققان ۋە ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلغان ئادەمنىڭ ئاللانىڭ مەغپىرىتىگە ۋە رازىلىقىغا ئېرىشىدىغانلىقى بايان قىلىنىدۇ.

4. ئاللاتائالانىڭ ئىلمىنىڭ كەڭلىكى، ئاللاتائالانىڭ ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى بىلىپ تۇرىدىغانلىقى سۆزلىنىدۇ.

5. رىزىق تەلەپ قىلىش يولىدا زېمىندا سەئيى-ھەرىكەتتە بولۇشقا رىغبەتلەندۈرۈلىدۇ.

6. ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىشكە ۋە قىيامەت كۈنى ئاللانىڭ دەرگاھىدا قىلمىشلىرىدىن ھېساب ئېلىنىدىغانلىقىغا ئىمان ئېيتىش بايان قىلىنىدۇ.

---

* رىزىق تەلەپ قىلىش يولىدا تىرىشچانلىق كۆرسىتىش بۇ جەھەتتە ئاللاغا تەۋەككۈل قىلىش بىلەن زىت ئەمەس. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: "ئەگەر سىلەر ئاللاغا ھەقىقىي تەۋەككۈل قىلىدىغان بولساڭلار، ئەلۋەتتە ئاللا سىلەرگە ئۇۋۇلىرىدىن ئەتىگەندە ئاچ قورساق چىقىپ كەچقۇرۇنلۇقى توق قايتىدىغان قۇشلارغا رىزىق بەرگەندەك رىزىق بېرەتتى."

ءَأَمِنتُم مَّن
فِي السَّمَآءِ أَن يَخْسِفَ بِكُمُ الْأَرْضَ فَإِذَا هِيَ
تَمُورُ ﴿١٦﴾ أَمْ أَمِنتُم مَّن فِي السَّمَآءِ أَن يُرْسِلَ عَلَيْكُمْ
حَاصِبًا ۖ فَسَتَعْلَمُونَ كَيْفَ نَذِيرِ ﴿١٧﴾ وَلَقَدْ كَذَّبَ
الَّذِينَ مِن قَبْلِهِمْ فَكَيْفَ كَانَ نَكِيرِ ﴿١٨﴾ أَوَلَمْ يَرَوْا
إِلَى الطَّيْرِ فَوْقَهُمْ صَافَّاتٍ وَيَقْبِضْنَ ۚ مَا يُمْسِكُهُنَّ
إِلَّا الرَّحْمَٰنُ ۚ إِنَّهُ بِكُلِّ شَيْءٍ بَصِيرٌ ﴿١٩﴾ أَمَّنْ هَٰذَا
الَّذِي هُوَ جُندٌ لَّكُمْ يَنصُرُكُم مِّن دُونِ الرَّحْمَٰنِ ۚ
إِنِ الْكَافِرُونَ إِلَّا فِي غُرُورٍ ﴿٢٠﴾ أَمَّنْ هَٰذَا الَّذِي
يَرْزُقُكُمْ إِنْ أَمْسَكَ رِزْقَهُ ۚ بَل لَّجُّوا فِي عُتُوٍّ وَ
نُفُورٍ ﴿٢١﴾

تەرجىمىسى:

(ئى كۇففارلار!) ئاسماندىكى زاتنىڭ يەر تەۋرىگەن چاغدا سىلەرنى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

يەرگە يۇتقۇزۇۋېتىشتىن قورقماسلەر؟[16] ياكى ئاسماندىكى زاتىنىڭ سىلەرگە تاش ياغدۇرۇشىدىن قورقماسلەر؟ (سىلەر ئازابنى كۆرگەن چاغدا) مېنىڭ ئاگاھلاندۇرۇشۇمنىڭ قانداق ئىكەنلىكىنى (يەنى ھەق ئىكەنلىكىنى) بىلىسىلەر[17]. ئۇلاردىن ئىلگىرى ئۆتكەنلەر (پەيغەمبەرلىرىنى) يالغانغا چىقاردى (ئۇلارنى ئازاب چۈشۈرۈش بىلەن) ئەيىبلىگەنلىكىم قانداق ئىكەن؟[18] ئۇلار قاناتلىرىنى يايغان ۋە يىغقان ھالدا ئۈستىدە ئۇچۇپ كېتىۋاتقان قۇشلارغا (ئىبرەت كۆزى بىلەن) قارىمامدۇ؟ (قاناتلىرىنى يايغان ۋە يىغقان ھالدا) ئۈستىلىرىدە ئۇچۇۋاتقان قۇشلارنى (قاناتلىرىنى يايغان ۋە يىغقان چاغدا يەرگە چۈشۈپ كېتىشتىن) پەقەت ئاللا (قۇدرىتى بىلەن) تۇتۇپ تۇرىدۇ، ئاللا ھەقىقەتەن ھەر نەرسىنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر[19]. سىلەرگە ئاللا ياردەم بەرگەندىن تاشقىرى، يەنە كىم سىلەرگە ياردەمچى قوشۇن بولالايدۇ، كاپىرلار پەقەت ئالدىنىش ئىچىدىدۇر. (يەنى شەيتان ئۇلارنى ئازاب نازىل بولمايدۇ دەپ ئالدايدۇ)[20]. ئەگەر ئاللا رىزقىنى تۇتۇپ قالسا، سىلەرگە كىم رىزق بېرىدۇ، ئۇلار تەكەببۇرلۇقتا، ھەقتىن يىراقلىشىشتا ئەزۋەيلەپ كەتكەندۇر[21].

**يۇقىرىقى ئايەتلەرنىڭ ئومۇمىي مەزمۇنى:**

بۇ ئايەتلەردە ئاللاتائالا كۇففارلارنى ئۆز ئازابى بىلەن قورقۇتىدۇ، پەيغەمبەرلىرىنى ئىنكار قىلغان ئۈممەتلەرگە چۈشكەن ئازابنىڭ ئۇلارغىمۇ چۈشىدىغانلىقىدىن ئاگاھلاندۇرىدۇ، يەنى ئاللا ئۇلارنى يەرگە يۇتقۇزۇۋېتىدىغانلىقى بىلەن ياكى ئۇلارغا بورانىنى ئەپىرىدە قىلىپ، ئۈستىدىن تاش ياغدۇرۇپ ئازابلايدىغانلىقى بىلەن

ئاگاھلاندۇرىدۇ. ئۆتكەنكى ئۇممەتلەرگە چۈشكەن ئازابتەك ئازاب نازىل بولغان چاغدا، ئۇلار ئاللانىڭ پەيغەمبەرلىرىنى ئىنكار قىلغان-لىقلىرىنىڭ ئاقىۋىتىنى بىلىدۇ.

ئاندىن كېيىن ئاللاتائالا كۇففارلارنىڭ دىققىتىنى ئۆزىنىڭ قۇدرىتىنىڭ چوڭلۇقىغا قارىتىپ، ئۇلارنى ھاۋادا قاناتلىرىنى دەم يېيىپ، دەم يىغىپ ئۇچۇپ كېتىۋاتقان قۇشلارغا قاراشقا بۇيرۇيدۇ؛ قۇشلارنى ھاۋادىن چۈشۈپ كېتىشتىن پەقەت ئاللانىڭ ئۆزىلا ساقلاپ قالالايدىغانلىقىنى، ئۆزىنىڭ مەخلۇقاتىنىڭ ئەھۋالىغا ئۇيغۇن ھالەتنى كۆرۈپ تۇرىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ.

ئاندىن ئاللاتائالا مۇشرىكلارنى ئەيىبلەيدۇ. ئۇلارنىڭ ئاللادىن غەيرىيگە ئىلتىجا قىلغانلىقىغا ۋە ئاللادىن غەيرىيدىن رىزىق تىلىگەنلى-كىگە قارشى دەلىللەرنى كۆرسىتىدۇ. ئۇلارنىڭ مۇنداق قىلمىش بىلەن تېخىمۇ سەركەشلىك قىلغانلىقىنى، ھەقتىن تېخىمۇ يۈز ئۆرۈگەنلىكىنى ئۇقتۇرىدۇ.

### مۇھىم نۇقتىلىرى:

1. ئاللاتائالانىڭ مەخلۇقاتىنىڭ ئۈستىدە ئىكەنلىكى بايان قىلىنىدۇ.

2. ئاللاتائالانىڭ ئازابىدىن ۋە غەزىپىدىن قورقۇشنىڭ لازىملىقى سۆزلىنىدۇ.

4. ئاللاتائالانىڭ ئايەتلىرى ۋە مەخلۇقاتلىرى ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزۈشكە تەرغىب قىلىنىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

أَفَمَنْ يَّمْشِيْ مُكِبًّا عَلٰى وَجْهِهٖٓ أَهْدٰٓى
أَمَّنْ يَّمْشِيْ سَوِيًّا عَلٰى صِرَاطٍ مُّسْتَقِيْمٍ ﴿٢٢﴾ قُلْ هُوَ
الَّذِيْٓ أَنْشَأَكُمْ وَجَعَلَ لَكُمُ السَّمْعَ وَالْأَبْصَارَ
وَالْأَفْئِدَةَ ط قَلِيْلًا مَّا تَشْكُرُوْنَ ﴿٢٣﴾ قُلْ هُوَ الَّذِيْ
ذَرَأَكُمْ فِي الْأَرْضِ وَإِلَيْهِ تُحْشَرُوْنَ ﴿٢٤﴾ وَيَقُوْلُوْنَ
مَتٰى هٰذَا الْوَعْدُ إِنْ كُنْتُمْ صٰدِقِيْنَ ﴿٢٥﴾ قُلْ
إِنَّمَا الْعِلْمُ عِنْدَ اللّٰهِ ص وَإِنَّمَآ أَنَا نَذِيْرٌ مُّبِيْنٌ ﴿٢٦﴾
فَلَمَّا رَأَوْهُ زُلْفَةً سِيْٓـَٔتْ وُجُوْهُ الَّذِيْنَ كَفَرُوْا
وَقِيْلَ هٰذَا الَّذِيْ كُنْتُمْ بِهٖ تَدَّعُوْنَ ﴿٢٧﴾ قُلْ
أَرَءَيْتُمْ إِنْ أَهْلَكَنِيَ اللّٰهُ وَمَنْ مَّعِيَ أَوْ رَحِمَنَا لا
فَمَنْ يُّجِيْرُ الْكٰفِرِيْنَ مِنْ عَذَابٍ أَلِيْمٍ ﴿٢٨﴾ قُلْ هُوَ
الرَّحْمٰنُ اٰمَنَّا بِهٖ وَعَلَيْهِ تَوَكَّلْنَا ج فَسَتَعْلَمُوْنَ
مَنْ هُوَ فِيْ ضَلٰلٍ مُّبِيْنٍ ﴿٢٩﴾ قُلْ أَرَءَيْتُمْ إِنْ
أَصْبَحَ مَآؤُكُمْ غَوْرًا فَمَنْ يَّأْتِيْكُمْ بِمَآءٍ مَّعِيْنٍ ﴿٣٠﴾

تەرجىمىسى:

زادى قايسى ئادەم يول تاپالايدۇ؟ بېشىنى ساڭگىلىتىپ ماڭغان ئادەممۇ؟ ياكى قەددىنى رۇس تۇتۇپ تۈز يولدا ماڭغان ئادەممۇ؟[22] (ئى مۇھەممەد، ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، "ئاللا سىلەرنى ياراتتى، سىلەر ئۈچۈن قۇلاقنى، كۆزلەرنى، دىللارنى ياراتتى، سىلەر ئاز شۈكۈر قىلىسىلەر"[23]. ئېيتقىنكى، "ئاللا سىلەرنى يەر يۈزىدە يارىتىپ كۆپەيتتى، (ھېساب بېرىش ئۈچۈن) ئاللانىڭ دەرگاھىغا توپلىنىسىلەر"[24]. ئۇلار: "ئەگەر سىلەر راستچىل بولساڭلار، بۇ ۋەدە قاچان ئىشقا ئاشۇرۇلىدۇ" دەيدۇ[25]. (ئى مۇھەممەد، ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، "(بۇ ھەقتىكى) ئىلىم (يەنى قىيامەتنىڭ قاچان بولۇشى) ئاللانىڭ دەرگاھىدىدۇر، مەن پەقەت ئوچۇق ئاگاھلاندۇرغۇچىمەن"[26]. ئۇلار ئازابنىڭ (ئۆزلىرىگە) يېقىنلىقىنى كۆرگەن چاغدا يۈزلىرى قارىداپ كېتىدۇ، ئۇلارغا: "مانا بۇ سىلەر (دۇنيادىكى چېغىڭلاردا) تەلەپ قىلغان نەرسىدۇر" دېيىلىدۇ[27]. (ئى مۇھەممەد! سېنىڭ ئۆلۈمۈڭنى ئارزۇ قىلىدىغان مۇشرىكلارغا) ئېيتقىنكى "ئېيتىپ بېقىڭلارچۇ! ئەگەر ئاللا (سىلەر ئارزۇ قىلغاندەك) مېنى ۋە مەن بىلەن بىللە بولغان (مۆمىن)لەرنى ھالاك قىلىدىغان بولسا، ياكى (بىزنىڭ ئەجىلىمىزنى تەخىر قىلىپ) بىزگە رەھىم قىلىدىغان بولسا (سىلەرگە نېمە پايدا بار)، كاپىرلارنى قاتتىق ئازابتىن كىم قۇتۇلدۇرىدۇ؟"[28]. ئېيتقىنكى، "ئۇ ناھايىتى مېھرىبان ئاللادۇر، ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتتۇق ۋە ئۇنىڭغا تەۋەككۇل قىلدۇق، سىلەر كىمنىڭ روشەن گۇمراھلىقتا ئىكەنلىكىنى كەلگۈسىدە بىلىسىلەر[29]. (ئۇلارغا) "ئېيتىپ بېقىڭلارچۇ؟ (سۈيۈڭلار يەر ئاستىغا) سىڭىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كەتسە، سىلەرگە كىم ئېقىن سۇ كەلتۈرۈپ بېرىدۇ؟" دېگىن (30).

**يۇقىرىقى ئايەتلەرنىڭ ئومۇمىي مەزمۇنى:**

ئاللاتائالا مۇشرىك بىلەن دەھرىيىنىڭ گۇمراھلىقتىكى ھالىنى دوڭغاقلاپ ماڭىدىغان، قەيەرگە بارىدىغانلىقىنى، قەيەردە دېڭىۋاتقانلىقىنى بىلمەيدىغان بىر ئادەمگە ئوخشىتىدۇ، دۇنيادا ئۇنىڭ ھالى شۇنداق بولىدۇ، ئاخىرەتتە بولسا ئۇ دوزاخقا يۈزىدە ياتقۇزۇلغان ھالدا دۇم تاشلىنىدۇ. ئاللاتائالا ئاللانى بىر دەپ تونۇغۇچى، توغرا يولدا ماڭغۇچى مۆمىن ئادەمنىڭ ھالىنى تۈز يولدا قەددىنى رۇس تۇتۇپ ماڭغان ئادەمگە ئوخشىتىدۇ، دۇنيادا بۇنىڭ ھالى مۇشۇنداق بولىدۇ، ئاخىرەتتە بولسا ئۇ ئۆزىنى جەننەتكە ئېلىپ بارىدىغان تۈز يولدا مېڭىپ مەھشەرگاھقا ھازىر بولىدۇ. ئاندىن ئاللاتائالا بەندىلىرىگە ئۇلارنى خەلق ئېتىپ ئاڭلاش ۋە كۆرۈش نېمىتىنى ئاتا قىلغانلىقىنى، ئۆزىنىڭ بۇ نېمەتلىرىگە پەقەت ئازغىنا كىشىلەرنىڭ شۈكۈر قىلىدىغانلىقىنى، ئۆزىنىڭ پۈتۈن مەخلۇقاتنى يارىتىپ زېمىنغا تارقىتىۋەتكەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ سۈپەتلىرىنىڭ، رەڭگى ـ رويىنىڭ خىلمۇخىل ئىكەنلىكىنى، ئۇلارنى ئۆزى دەسلەپتە قانداق ياراتقان بولسا قىيامەتتە شۇنداق تىرىلدۈرىدىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ.

ئاندىن ئاللاتائالا مۇشرىكلارنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن قىيامەت ۋاقتى توغرۇلۇق سورايدىغانلىقىنى، ئۆزىنىڭ پەيغەمبىرىنى قىيامەتنىڭ ۋاقتىنى ئاللادىن باشقا ھېچكىمنىڭ بىلمەيدىغانلىقى بىلەن جاۋاب بېرىشكە ئەمر قىلغانلىقىنى ئېيتىدۇ.

شۇنىڭدەك، ئاللاتائالا قىيامەت قايىم بولۇپ، مۇشرىكلار ئۆزلىرى ئىنكار قىلغان قايتا تىرىلىشنىڭ ۋە ئۆزلىرىگە بولىدىغان ئازابىنىڭ

ھەق ئىكەنلىكىنى كۆرگەن چاغدا، ئۇلارنىڭ چىرايى تۇتۇلۇپ غەم- قايغۇغا چۆمىدىغانلىقىنى، پەرىشتىلەرنىڭ ئۇلارغا: "سىلەر تېزرەك كېلىشتىن ئالدىراتقان ئازاب مانا شۇ، سىلەر بۇ ئازابتىن قېچىپ قۇتۇلالمايسىلەر" دەيدىغانلىقىنى خەۋەر قىلىدۇ.

ئاندىن كېيىن ئاللاتائالا پەيغەمبەرنى ئۇنىڭغا ۋە مۆمىنلەرگە ھالاكەت تىلەيدىغان كۇففارلارغا: "مەيلى سىلەر ئارزۇ قىلغاندەك بىز ھالاك بولايلى، ياكى ئاللا مەرھەمەت قىلىپ بىرزامانغىچە ياشايلى، بەرىبىر سىلەرگە كۇفرىڭلار تۈپەيلىدىن كەلگەن بۇ ئازابتىن يەنى ئاللانىڭ ئازابىدىن ھەرگىزمۇ قۇتۇلالمايسىلەر" دېيىشكە بۇيرۇيدۇ. شۇنىڭدەك ئاللاتائالا پەيغەمبىرىنى كۇففارلارغا ئۆزىنىڭ ۋە مۆمىنلەرنىڭ مۇتلەق ئىمان ئېيتقانلىقىنى، ئۆزلىرىنىڭ ھەممە ئىشتا يالغۇز بىر ئاللاغا يۆلىنىدىغانلىقلىرىنى، ئاخىرەتتە ئىككىلا تەرەپ ئۈچۈن ئىش ئايدىڭلىشىپ قايسى تەرەپنىڭ ھىدايەت تاپقۇچى ۋە قايسى تەرەپنىڭ گۇمراھ ئىكەنلىكىنىڭ ئېنىق بولىدىغانلىقىنى ۋە كىملەرنىڭ ياخشى ئاقىۋەتكە ئىگە بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشكە ئەمر قىلىدۇ.

ئاللاتائالا كۇففارلارنى ئاخىرەتنىڭ ئازابىدىن ئاگاھلاندۇرغاندىن كېيىن، ئىنسانلار، ھايۋانلار ۋە ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ياشىشى ئۈچۈن مۇھىم ماددا قىلىپ ياراتقان، ھاياتلىقنىڭ دەسلەپكى ئامىلى بولغان سۇدىن ئۇلارنى مەھرۇم قىلىدىغانلىقى بىلەن ئاگاھلاندۇرىدۇ. ئاللاتائالا: "ئەگەر ئاللا ئۇلارنى سۇدىن مەھرۇم قىلىدىغان بولسا، ئۇلارغا سۇنى ئاللادىن باشقا كىم پەيدا قىلىپ بېرەلەيدۇ؟" دەيدۇ.

بۇ ئاخىرقى ئايەتنىڭ يۇقىرىقى ئايەتلەر بىلەن بولغان مۇناسى-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ۋىتى شۇكى، ئاللاتائالا ئالدىنقى ئايەتلەردە كۇففارلارنىڭ پەيغەمبەرنى يالغانغا چىقارغانلىقى ئۈستىدە توختالغاندىن كېيىن، بۇ ئايەتتە ئاللاتائالانىڭ كۇففارلارغا ئاتا قىلغان بەزى نېمىتى ۋە ئۇنىڭدىن ئۇلارنى مەھرۇم قىلىشقا قادىر ئىكەنلىكىنى بايان قىلىدۇ.

**مۇھىم نۇقتىلىرى:**

1. كىشى گۇمراھلىق يولىدا ماڭسا، بۇ ئۇنى بەختسىزلىككە ئېلىپ بارىدۇ.

2. ھىدايەت يولى ئېنىق بولۇپ، ئۇ يول كىشىنى دۇنيادا ۋە ئاخىرەتتە بەختكە ئېرىشتۈرىدۇ.

3. نېمەتلەرنى ياراتقۇچى ۋە ئۇنى بەندىلەرگە ئاتا قىلغۇچى ئاللانىڭ ئۆزىدۇر.

4. قىيامەتنىڭ قاچان بولىدىغانلىقىنى بىلىش ئاللاتائالاغىلا خاس.

5. ئىمان ئېيتقانلارنى خوپ كۆرمەسلىك كۇففارلار ۋە مۇناپىقلارنىڭ تەبىئىتىگە سىڭىپ كەتكەن بولىدۇ.

6. سۇ ئاللاتائالانىڭ ئۆز مەخلۇقاتىغا ئاتا قىلغان چوڭ نېمىتىدۇر.

آياتها ٥٢ (٦٨) سُورَةُ الْقَلَمِ مَكِّيَّةٌ (٢) ركوعاتها ٢

بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيْمِ

نٓ وَالْقَلَمِ وَمَا يَسْطُرُوْنَ ۝١ مَآ اَنْتَ بِنِعْمَةِ رَبِّكَ
بِمَجْنُوْنٍ ۝٢ وَاِنَّ لَكَ لَاَجْرًا غَيْرَ مَمْنُوْنٍ ۝٣ وَ
اِنَّكَ لَعَلٰى خُلُقٍ عَظِيْمٍ ۝٤ فَسَتُبْصِرُ وَيُبْصِرُوْنَ ۝٥
بِاَيِّكُمُ الْمَفْتُوْنُ ۝٦ اِنَّ رَبَّكَ هُوَ اَعْلَمُ بِمَنْ ضَلَّ
عَنْ سَبِيْلِهٖ وَهُوَ اَعْلَمُ بِالْمُهْتَدِيْنَ ۝٧ فَلَا تُطِعِ
الْمُكَذِّبِيْنَ ۝٨ وَدُّوْا لَوْ تُدْهِنُ فَيُدْهِنُوْنَ ۝٩ وَلَا
تُطِعْ كُلَّ حَلَّافٍ مَّهِيْنٍ ۝١٠ هَمَّازٍ مَّشَّآءٍ بِنَمِيْمٍ ۝١١
مَّنَّاعٍ لِّلْخَيْرِ مُعْتَدٍ اَثِيْمٍ ۝١٢ عُتُلٍّ بَعْدَ ذٰلِكَ
زَنِيْمٍ ۝١٣ اَنْ كَانَ ذَا مَالٍ وَّبَنِيْنَ ۝١٤ اِذَا تُتْلٰى عَلَيْهِ
اٰيٰتُنَا قَالَ اَسَاطِيْرُ الْاَوَّلِيْنَ ۝١٥ سَنَسِمُهٗ عَلَى
الْخُرْطُوْمِ ۝١٦

تەرجىمىسى :

68. سۈرە قەلەم

مەككىدە نازىل بولغان، 52 ئايەت.

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

باشلايمەن.

نۇن، قەلەم* بىلەن ۋە ئۇلار يازغان نەرسىلەر بىلەن قەسەمكى[1]. (ئى مۇھەممەد!) سەن پەرۋەردىگارىڭنىڭ نېمىتى بىلەن (مۇشرىكلار ئېيتقاندەك) مەجنۇن ئەمەسسەن[2]. مۇقەررەركى، سەن ئەلۋەتتە ئۈزۈلمەس ساۋابقا ئېرىشىسەن[3]. (ئى مۇھەممەد!) سەن ھەقىقەتەن بۈيۈك ئەخلاقتا ئىگىسەن[4]. كەلگۈسىدە قايسىڭلارنىڭ مەجنۇن ئىكەنلىكىنى سەن كۆرىسەن، ئۇلارمۇ كۆرىدۇ[5—6]. شۈبھىسىزكى، سېنىڭ پەرۋەردىگارىڭ ئۆزىنىڭ يولىدىن ئازغانلارنى ئوبدان بىلىدۇ، ھىدايەت تاپقۇچىلارنىمۇ ئوبدان بىلىدۇ[7]. ئىنكار قىلغۇچىلارغا ئىتائەت قىلمىغىن[8]. ئۇلار سېنىڭ (ئۆزلىرى بىلەن) مادارا قىلىشىڭنى، شۇنىڭ بىلەن ئۆزلىرىنىڭ (سەن بىلەن) مادارا قىلىشنى ئارزۇ قىلىدۇ[9].

* (1) ئاللاتائالانىڭ بۇ سۈرىنى "ن" ھەرپى بىلەن باشلىشى قۇرئان كەرىمنىڭ ھەممىسى "ن" ھەرپىگە ئوخشاش ھەرپلەردىن تۈزۈلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئىنسان تۈزەلمەيدىغان دەرىجىدە پاساھەتلىك ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىش ئۈچۈندۇر. بەزى مۇفەسسىرلەر بۇ يەردىكى "ن" ھەرپىنى دۇۋەت مەنىسىدە ۋە بەزىلەر كىت مەنىسىدە دەپ چۈشەندۈرىدۇ.

(2) ئاللاتائالانىڭ قەلەم بىلەن قەسەم قىلىشى ئوقۇش ۋە يېزىشنىڭ شەرەپلىك ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىش بىلەن ئۆگىنىشكە تەرغىپ قىلىش ئۈچۈندۇر. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: "ئاللاتائالا ھەممىنىڭ دەسلىپىدە ياراتقان نەرسە قەلەمدۇر. ئۇنى ئاللا يېزىشقا بۇيرۇغان، قەلەم (تەقدىرنى ۋە يۈز بېرىدىغان ئىشلارنىڭ) ھەممىسىنى يېزىپ چىققان."

قەسەمخور، پەس، خەيۋەتخور، سۇخەنچى، بېخىل، ھەددىدىن ئاشقۇچى، گۇناھكار، قوپال، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھارامدىن بولغان ئادەم (ۋەلىد ئىبنى مۇغىرە) گە* ئىتائەت قىلمىغىن [10—13]. بىزنىڭ ئايەتلىرىمىز ئۇنىڭغا ئوقۇلۇپ بېرىلسە، ئۇنىڭ مال-دۇلىكى ۋە ئوغۇللىرى بولغانلىقى ئۈچۈن، "(بۇ) بۇرۇنقىلارنىڭ ھېكايىلىرىدۇر" دەيدۇ. [14—15]. ئۇنىڭ بۇرنىنى داغلاپ بەلگە سالىمىز [16].

## يۇقىرىقى ئايەتلەرنىڭ ئومۇمىي مەزمۇنى:

ئاللاتائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا پەيغەمبەرلىكنى ۋە يۈكسەك ئەقىلنى ئاتا قىلغان بولغاچقا، كۇففارلارنىڭ ئۇنى مەجنۇن دەپ يالغانغا چىقارغانلىقىغا ئاللاتائالا قەلەم بىلەن ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى تەستىقلاش يۈزىسىدىن يېزىلغان نەرسىلەر بىلەن قەسەم قىلىدى. ئاللاتائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا پەيغەمبەرلىك دەۋرىدە ئۆز قەۋمىدىن يەتكەن ئەزىيەتلەرگە سەۋر قىلغانلىقىغا

---

* مۇفەسسىرلەرنىڭ قارىشىچە، ۋەلىد قۇرەيشلىك ئەمەس ئىدى، ئاتىسىز ۋەلىدنى بىركىم بېقىۋالغانىدى. رىۋايەت قىلىنىشىچە، بۇ ئايەت نازىل بولغاندا ۋەلىد ئانىسىغا: "مۇھەممەد مېنى توققۇز ئەيىب بىلەن تەسۋىرلىدى، ئۇلارنىڭ سەككىزى مەندە تېپىلىشى مۇ، توققۇزىنچىسىنىڭ مەندە بار-يوقلۇقىنى بىلمەيمەن، راستىڭنى ئېيت، ئاتامنىڭ كىملىكىنى دەپ بەرگىن، بولمىسا كاللاڭنى ئالىمەن" دېدى. ئانىسى ئۇنىڭغا: "ئاتاڭنىڭ ئالدى بەند ئىدى، ئۇ ئۆلۈپ كەتسە، پۇل-مېلىغا ۋارىسلىق قىلغۇچى يوق بولۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ بىر پادىچىغا ئۆزۈمنى تۇتۇپ بەرگەنىدىم، سەن ئەنە شۇ پادىچىنىڭ ئوغلى" دېدى. بۇ ئايەت نازىل بولغانغاقەدەر ۋەلىد ئۆزىنىڭ ۋەلىدى زىنا (ھارامدىن بولغان) ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتى.

دائىملىق ساۋابنى ۋەدە قىلدى، شۇنداقلا ئاللاتائالا ئۆز پەيغەمبىرىگە گۈزەل ئەخلاق، مەرتلىك ۋە شىجائەت قاتارلىق ياخشى سۈپەتلەرنى* ئاتا قىلدى. مۇشۇنداق سۈپەتلەرگە ئىگە بولغان زات مۇشرىكلارنىڭ سۆزلىرىگە پەرۋا قىلمايدۇ، ئۇلارنىڭ قىلمىشىدىن يۈرىكى سىقىلمايدۇ.

ئاندىن ئاللاتائالا ئۇلارنى ئۇلارنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقى بىلەن قورقۇتىدۇ. ئۇلارنىڭ خار بولىدىغانلىقىنى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دىللاردا سۆرۈلۈك، غالىب بولىدىغانلىقىنى، بۇ چاغدا ئۇلارنىڭ كىمنىڭ مەجنۇن ئىكەنلىكىنى بىلىدىغانلىقلىرىنى بايان قىلىدۇ، ئاللاتائالا سائادەت يولىدىن كىمنىڭ چەتنەپ كەتكەنلىكىنى ۋە كىمنىڭ سائادەت يولىنى تاپقانلىقىنى ئوبدان بىلىدۇ.

ئاندىن كېيىن ئاللاتائالا پەيغەمبىرىگە ئۇنى ئۆز قەۋمىنىڭ كۇففارلىرى ئۆزلىرىنىڭ دىنىغا ئەگىشىشكە دەۋەت قىلسا، ئۇلارغا ئىتائەت قىلماسلىقنى ئاگاھلاندۇرىدۇ. ئاللاتائالا يەنە پەيغەمبىرىگە مۇشرىكلارنىڭ ئۇنىڭ دەۋەت قىلىۋاتقان بەزى نەرسىلەردىن

---

* ھەزرىتى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەڭ كەڭ قورساق، ئەڭ راستچىل، ئەڭ مۇلايىم ۋە ئەڭ خۇش مۇئامىلە ئىدى، دېگەن.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن گۈزەل خۇلقلۇق ئادەم يوق ئىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى مەيلى ساھابىلىرىدىن ياكى ئائىلىسىدىكىلەردىن بىرەر ئادەم چاقىرسىلا، خوش (لەببەي) دەيتتى، شۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاتائالا: "سەن ھەقىقەتەن بۈيۈك ئەخلاققا ئىگىسەن" دېگەن ئايەتنى نازىل قىلغان، دەيدۇ.

ۋازكېچىشنى ياقتۇرىدىغانلىقىنى، شۇنىڭ بەدىلىگە ئۆزلىرىنىڭ پەيغەمبەر رازى بولمايدىغان بەزى نەرسىلەردىن ۋازكەچمەكچى بولغانلىقىنى ئۇقتۇرىدۇ.

ئاللاتائالا پەيغەمبەرنى يالغاندىن كۆپ قەسەم ئىچىدىغان پەس، كىشىلەرنىڭ غەيۋىتىنى قىلىدىغان، ئارىنى بۇزۇش مەقسىتىدە ئىككى ئوتتۇرىدا سۆخەنچىلىك قىلىدىغان، ياخشىلىق قىلىشنى توسىدىغان، ئۆزىگە ۋە باشقىلارغا زۇلۇم قىلغۇچى، قىلغان گۇناھلىرى كۆپ، قوپال، يامان ئادەمگە ئىتائەت قىلىشتىن چەكلەيدۇ. بۇ يامان ئادەم ۋەلىد ئىبنى مۇغىرەدۇر. ئاللاتائالا ۋەلىدقا كۆپ مال ۋە ئوغۇللارنى بەرگەنىدى. ئۇ قۇرئاننى يالغانغا چىقىرىپ "بۇرۇنقىلاردىن قالغان خۇراپات" دېگەن. ئاللاتائالا ئۇنىڭ بۇرنىغا بەلگە سالىدىغانلىقى بىلەن ئۇنى قورقۇتقانىدى. بۇ ئىش بەدرى سوقۇشىدا يۈز بەردى.

### مۇھىم نۇقتىلىرى:

1. ئاللاتائالا مەخلۇقاتى ئىچىدىكى خالىغان نەرسىلەر بىلەن قەسەم قىلىدۇ، مەخلۇقاتلارنىڭ ئاللادىن غەيرىي بىلەن قەسەم قىلىش دۇرۇس ئەمەس.

2. ئىلىم ئۆگىنىش ۋە ئىلىم ئۆگىتىشنىڭ پەزىلىتى ۋە دەرىجىسى يۇقىرى بولىدۇ.

3. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پەزىلىتى ۋە ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىكى تەبىئىي گۈزەل ئەخلاقى بايان قىلىنىدۇ.

4. ئىنساننىڭ يۈرۈش - تۇرۇشىدىكى ئەخلاقىي جەھەتلەرگە ئىسلام دىنى كۆڭۈل بۆلىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

5. ئىسلام دىنىدا ناتوغرا سودىلىشىش ۋە ياخشىچاق بولۇش توغرا ئەمەس.

6. ئىسلام دىنى ناچار ئەخلاقلارغا قارشى كۈرەش قىلىدۇ.

إِنَّا بَلَوْنَاهُمْ كَمَا بَلَوْنَا أَصْحَابَ الْجَنَّةِ
إِذْ أَقْسَمُوا لَيَصْرِمُنَّهَا مُصْبِحِينَ ﴿١٧﴾ وَلَا يَسْتَثْنُونَ ﴿١٨﴾
فَطَافَ عَلَيْهَا طَائِفٌ مِنْ رَبِّكَ وَهُمْ نَائِمُونَ ﴿١٩﴾
فَأَصْبَحَتْ كَالصَّرِيمِ ﴿٢٠﴾ فَتَنَادَوْا مُصْبِحِينَ ﴿٢١﴾
أَنِ اغْدُوا عَلَىٰ حَرْثِكُمْ إِنْ كُنْتُمْ صَارِمِينَ ﴿٢٢﴾
فَانْطَلَقُوا وَهُمْ يَتَخَافَتُونَ ﴿٢٣﴾ أَنْ لَا يَدْخُلَنَّهَا
الْيَوْمَ عَلَيْكُمْ مِسْكِينٌ ﴿٢٤﴾ وَغَدَوْا عَلَىٰ حَرْدٍ قَادِرِينَ ﴿٢٥﴾
فَلَمَّا رَأَوْهَا قَالُوا إِنَّا لَضَالُّونَ ﴿٢٦﴾ بَلْ نَحْنُ
مَحْرُومُونَ ﴿٢٧﴾ قَالَ أَوْسَطُهُمْ أَلَمْ أَقُلْ لَكُمْ لَوْلَا
تُسَبِّحُونَ ﴿٢٨﴾ قَالُوا سُبْحَانَ رَبِّنَا إِنَّا كُنَّا ظَالِمِينَ ﴿٢٩﴾
فَأَقْبَلَ بَعْضُهُمْ عَلَىٰ بَعْضٍ يَتَلَاوَمُونَ ﴿٣٠﴾ قَالُوا
يَا وَيْلَنَا إِنَّا كُنَّا طَاغِينَ ﴿٣١﴾ عَسَىٰ رَبُّنَا أَنْ يُبْدِلَنَا
خَيْرًا مِنْهَا إِنَّا إِلَىٰ رَبِّنَا رَاغِبُونَ ﴿٣٢﴾ كَذَٰلِكَ
الْعَذَابُ وَلَعَذَابُ الْآخِرَةِ أَكْبَرُ لَوْ كَانُوا
يَعْلَمُونَ ﴿٣٣﴾

تەرجىمىسى:

شۇبھىسىزكى، بىز ئۇلارنى (يەنى مەككە ئاھالىسىنى) مەلۇم باغنىڭ ئىگىلىرىنى سىنىغاندەك (قەھەتچىلىك، ئاچارچىلىققا دۇچار قىلىش بىلەن) سىنىدۇق، ئۇلار (يەنى باغنىڭ ئىگىلىرى) ئۇنىڭ مېۋىلىرىنى (كەمبەغەللەر ئۇقمىسۇن، ئۇلارغا ھېچ نەرسە بەرمەيلى دېيىشىپ) سەھەردىلا ئۈزۈۋېلىشقا قەسەم ئىچىشكەندى[17]. ئۇلار خۇدا خالىسا دېمىگەنىدى[18]. ئۇلار ئۇخلاۋاتقاندا، باغقا پەرۋەردىگارىڭ تەرىپىدىن ئازاب (يەنى يانغىن) نازىل بولۇپ، باغ كۆيۈپ قاپقارا كۆلدەك بولۇپ قالدى*[19—20]. ئۇلار: "ئەگەر

* ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئېيتىدۇركى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "سىلەر گۇناھلاردىن ساقلىنىڭلار، شۇبھىسىزكى، بىرەر بەندە بىرەر گۇناھنى قىلىدۇ-دە، (بۇ گۇناھ تۈپەيلىدىن) ئۆزى ئۈچۈن تەييارلانغان رىزىقتىن مەھرۇم بولۇپ قالىدۇ" دەپ، ئاندىن مۇشۇ ئايەتنى ئوقۇدى.

باغ ئىگىلىرى يەمەن ئاھالىسىدىن ياكى ھەبەشىستان ئاھالىسىدىن ئىدى دېيىلىدۇ، ئۇلارنىڭ ئاتىسى ياخشى ئادەم بولۇپ، باغنىڭ كىرىمىدىن ئائىلىسىنىڭ يىللىق خىراجىتىگە ئېلىپ قالغاندىن ئاشقىرى، قالغان قىسمىنى كەمبەغەللەرگە سەدىقە قىلىپ بېرىۋېتەتتى. بۇ ئادەم ۋاپات بولغاندىن كېيىن، باغ ئۇنىڭ ئوغۇللىرىغا مىراس بولۇپ قالدى. ئۇلار ئاتىمىز ئەخمەقلىق قىلىپ باغنىڭ كىرىمىنى كەمبەغەللەرگە بىكاردىن بېرىۋېتەتتى، بىز ئۇنداق قىلماي، باغنىڭ كىرىمىنى يىغساق تۇرغۇن ئىقتىساد توپلانامدۇ؟ دېيىشتى، ئۇلار شۇنداق قىلىشقا بەل باغلىغان چاغدا، ئاللا باغقا ئاپەت يۈزلەندۈرۈپ، ئۇلارنى بۇ جەھەتتىكى كىرىمدىن پۈتۈنلەي مەھرۇم قالدۇردى.

www.uyghurkitap.com

(دېۋىلەرنى) ئۈزمەكچى بولساڭلار باغقا بېرىڭلار" دەپ، ئەتىگەندە بىر-بىرىنى تۈۋلاشتى[21–22]. ئۇلار ماڭدى، يولدا كېتىۋېتىپ: "بۈگۈن باغقا ھەرگىز بىر مىسكىنمۇ كىرمىسۇن" دېيىشىپ پىچىرلاشتى[23–24]. ئۇلار: "مىسكىنلەرنى (باغقا كىرىشتىن) توسالايمىز" دېگەن ئوي بىلەن، ئەتىگەندە تۇرۇشتى[25]. ئۇلار باغنىڭ (قاپقارا كۆيۈپ كەتكەنلىكىنى) كۆرۈپ: "بىز ھەقىقەتەن ئېزىپ قاپتۇق، ياق بىز (باغنىڭ دېۋىسىدىن) قۇرۇق قاپتۇق" دېدى[26–27]. ئۇلارنىڭ ياخشىسى (يەنى ئەڭ ئەقىللىقى): "سىلەر نېمىشقا ئاللاغا تەۋبە قىلىپ تەسبىھ ئېيتمايسىلەر دېمىگەنمىدىم؟" دېدى[28]. ئۇلار: "پەرۋەردىگارىمىز! بىز سېنى پاك ئېتىقاد قىلىمىزكى، بىز (مىسكىنلەرنىڭ ھەققىنى مەنئى قىلىش بىلەن) ھەقىقەتەن زۇلۇم قىلغۇچىلاردىن بولدۇق" دېدى[29]. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بىر-بىرىگە قارىشىپ ئۆزئارا مالامەت قىلىشتى[30]. ئۇلار: "ۋاي بىزگە! بىز ھەقىقەتەن ھەددىمىزدىن ئېشىپتۇق، ئۈمىدكى، پەرۋەردىگارىمىز بىزگە بۇنىڭدىن ياخشىراق باغنى بەرگەي، بىز ئەلۋەتتە پەرۋەردىگارىمىزدىن ئۈمىد قىلغۇچىلارمىز" دېيىشتى[31–32]. ئازاب مانا مۇشۇنداقتۇر (يەنى قۇرەيشكىمۇ باغ ئىگىلىرىگە چۈشكەن ئازاب چۈشىدۇ). ئەگەر ئۇلار بىلسە، ئاخىرەتنىڭ ئازابى تېخىمۇ قاتتىقتۇر[33].

### يۇقىرىقى ئايەتلەرنىڭ ئومۇمىي مەزمۇنى:

ئاللاتائالا مەككە كۇففارلىرىغا تۈرلۈك نېمەتلەرنى ئاتا قىلىش بىلەن ئۇلارنى سىنىدى، بۇ نېمەتلەرنى ئۇلار شۈكۈر قىلسۇن، شۇ نېمەتلەرنىڭ ھەققىنى ئادا قىلسۇن، پەرۋەردىگارىغا تەۋبە

قىلسۇن، ئۆزلىرىگە بېشارەتچى ۋە ئاگاھلاندۇرغۇچى قىلىپ ئەۋەتىلـ-
گەن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئەگەشسۇن دەپ ئاتا قىلدى، ئۇلار
بۇ نېمەتلەرگە نانكورلۇق قىلسا، باغ ئىگىلىرىنى مەھرۇم قىلغاندەك،
نېمەتلىردىن ئۇلارنى مەھرۇم قىلىدىغانلىقىنى، ئۇلارنى ئازابقا
گىرىپتار قىلىدىغانلىقىنى بايان قىلدى. باغ ئىگىلىرى ئاللانىڭ
ھەققىنى مەنئى قىلغان، پېقىر-مىسكىنلەرنى ئۇلارغا بېرىشكە تېگىشـ-
لىك ھەققىن مەھرۇم قىلىشنى نىيەت قىلغان، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار
تېگىشلىك جازاغا ئۇچرىغانىدى. بۇ باغ بەنى ئىسرائىل قەۋمىدىكى
بىرقانچە بىر تۇغقاننىڭ بېغى بولۇپ، ئۇلار باغنىڭ مېۋىلىرىنى
ئەتىگەندىلا چوقۇم ئۈزۈۋېلىشقا، ھېچبىر مىسكىنگە ئۇنىڭدىن
سەدىقە قىلىپ بەرمەسلىككە قەسەم ئىچىشكەنىدى. ئۇلار كەچتە
مۇشۇ نىيەت بىلەن يېتىپ قېلىشتى. ئاللاتائالا كېچىدە ئۇلارنىڭ
بېغىنى كۆيدۈرۈپ تاشلاپ، ئۇلارنى جازالىدى. سەھەردە ئۇلار
كەچتە قىلىشقان نىيىتىنى ئىشقا ئاشۇرماقچى بولۇپ بىر-بىرىنى
توۋلىدى ۋە ئۆزئارا پىچىرلاشتى، ئۇلار كېلىپ قارىسا، باغ كۆرۈنـ-
مىگەنلىكتىن، ئۆزلىرىنى يولدىن ئادىشىپ كېتىپتۇق دەپ ئويلاشتى،
ئۇلار ھەقىقىي ئەھۋالنى ئۇققاندىن كېيىن، ئۆزلىرىگە مالامەت
قىلىشتى، ئۇلار مىسكىنلەرنى سەدىقىدىن مەھرۇم قىلغانلىقى ئۈچۈن
ئۆزلىرىنى ئاللانىڭ جازالىغانلىقىنى بىلىشتى، ئۆزلىرىنىڭ قىلمىشلىرىغا
پۇشايمان ۋە نادامەت قىلىشتى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ئەڭ ياخشى
كىشى ئۇلارغا ئىشنىڭ بېشىدا قىلغان نەسىھىتىنى ئەسلەتتى، ئۇلار
ئۇنىڭ پىكرىگە قوشۇلمىغانىدى. ۋاقتى ئۆتكەندىن كېيىن
پەرۋەردىگارىغا تەسبىھ ئېيتىپ، مىسكىنلەرگە قىلغان زۇلمىنى ئېتىراپ
قىلىشتى. ئۇلار ئاپەتكە ئۇچرىغان چاغدا، مىسكىنلەرنىڭ ھەققىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بەرمىگەنلىكى ئۈچۈن بىر-بىرىنى ئەيىبلاشتى، ئۇلار بېغىمىزغا يەتكەن ئاپەت ئۆزىمىزنىڭ ھەددىمىزدىن ئېشىپ كەتكەنلىكىدىن بولدى دېيىشتى. ئاپەتكە ئۇچرىغان نەرسىلەردىن ياخشىراقىنى بېرىشنى ئاللادىن تىلەپ دۇئا قىلىشتى، قۇرەيش كۇففارلىرىدىن پەيغەمبەرنى يالغانغا چىقارغۇچى، پەرۋەردىگارىنىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلغۇچى ھەربىر ئادەم ئەنە شۇلار ئۇچرىغان ئاپەتكە ئوخشاش ئاپەتكە ئۇچرايدۇ. شۇنداقلا ئاللاتائالا ئۇلارغا ئاخىرەتتە دۇنيانىڭ ئازابىدىنمۇ قاتتىق ئازابنى تەييارلايدۇ.

## مۇھىم نۇقتىلىرى:

1. ئاللاتائالا بەندىلىرىگە نېمەتلىرىنى گايىدا سىناش يۈزىسىدىن بېرىدۇ.
2. ئاللاتائالانىڭ قۇدرىتىگە ئىنساننىڭ ئىرادىسى تاقابىل تۇرالمايدۇ.
3. موھتاجلارغا سەدىقە بېرىش، خەير-ئېھسان قىلىش ئاللاتائالانىڭ نېمىتىنىڭ داۋاملىشىشىغا سەۋەبچى بولىدۇ.
4. ئاللانىڭ نېمەتلىرىنى ئىنكار قىلغۇچىلار يامان ئاقىۋەتكە دۇچار بولىدۇ.
5. پايدىلىق ئىشنى قىلىشقا ئالدىرىماسلىق كىشىگە ھەسرەت-نادامەت ئېلىپ كېلىدۇ.

إِنَّ لِلْمُتَّقِينَ عِنْدَ رَبِّهِمْ جَنّٰتِ
النَّعِيمِ ﴿٣٤﴾ أَفَنَجْعَلُ الْمُسْلِمِينَ كَالْمُجْرِمِينَ ﴿٣٥﴾
مَا لَكُمْ وقفه كَيْفَ تَحْكُمُونَ ﴿٣٦﴾ أَمْ لَكُمْ كِتٰبٌ فِيهِ
تَدْرُسُونَ ﴿٣٧﴾ إِنَّ لَكُمْ فِيهِ لَمَا تَخَيَّرُونَ ﴿٣٨﴾ أَمْ لَكُمْ
أَيْمَانٌ عَلَيْنَا بٰلِغَةٌ إِلٰى يَوْمِ الْقِيٰمَةِ إِنَّ لَكُمْ
لَمَا تَحْكُمُونَ ﴿٣٩﴾ سَلْهُمْ أَيُّهُمْ بِذٰلِكَ زَعِيمٌ ﴿٤٠﴾
أَمْ لَهُمْ شُرَكَاءُ فَلْيَأْتُوا بِشُرَكَائِهِمْ إِنْ كَانُوا
صٰدِقِينَ ﴿٤١﴾ يَوْمَ يُكْشَفُ عَنْ سَاقٍ وَيُدْعَوْنَ
إِلَى السُّجُودِ فَلَا يَسْتَطِيعُونَ ﴿٤٢﴾ خٰشِعَةً أَبْصٰرُهُمْ
تَرْهَقُهُمْ ذِلَّةٌ وَقَدْ كَانُوا يُدْعَوْنَ إِلَى السُّجُودِ
وَهُمْ سٰلِمُونَ ﴿٤٣﴾

تەرجىمىسى:

تەقۋادارلار پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىدا ھەقىقەتەن نازۇ-نېمەتلىك جەننەتلەردىن بەھرىمەن بولىدۇ[34]. بىز مۇسۇلمانلارنى كاپىرلار بىلەن باراۋەر قىلامدۇق؟[35] سىلەرگە نېمە بولدى؟ قانداقچە مۇنداق ھۆكۈم چىقىرىسىلەر![36]. ياكى سىلەردە (ئاسماندىن نازىل بولغان) بىر كىتاب بولۇپ، ئۇنىڭدىن، سىلەرگە (قىيامەت كۈنى) خالىغىنىڭلار بار، دېگەننى ئوقۇدۇڭلارمۇ؟[37—38] ياكى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

سىلەر ھۆكۈم قىلغان نەرسەڭلارنىڭ بولۇشىغا بىر سىلەر بىلەن قىيامەت كۈنى ئاندىن ۋاقتى توشىدىغان مەھكەم بىر ئەھدى تۈزۈشكەنمۇ؟[39] ئۇلاردىن سوراپ باققىنكى، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا قايسىسى يۇقىرىقى ئىشلارغا كېپىللىك قىلالايدۇ؟[40] ياكى ئۇلارنىڭ (يۇقىرىقى ئىشلارغا كېپىللىك قىلىدىغان) شېرىكلىرى بارمۇ؟ ئەگەر ئۇلار (دەۋاسىدا) راستچىل بولسا، شېرىكلىرىنى كەلتۈرۈپ باقسۇن[41]. ئۇ كۈندە (يەنى قىيامەت كۈندە) ئىش قىيىنلىشىدۇ، ئۇلار (ئىمانىنى سىناش ئۈچۈن) سەجدە قىلىشقا چاقىرىلىدۇ، ئۇلار سەجدە قىلالمايدۇ[42]. ئۇلار (قورقۇنچتىن) تىكىلىپ قارىيالمايدۇ، ئۇلارغا خارلىق يۈزلىنىدۇ، ئۇلار (دۇنيادا) ساغلام چاغلىرىدا سەجدىگە دەۋەت قىلىنغانىدى، (ئۇلار سەجدىدىن باش تارتاتتى)[43].

### يۇقىرىقى ئايەتنىڭ نازىل بولۇش سەۋەبى:

قۇرەيش كۇففارلىرىنىڭ چوڭلىرى ئۆزلىرىنى باي، مۇسۇلمانلارنى كەمبەغەل دەپ قارايتتى. ئۇلار ئاخىرەتنىڭ ئەھۋالىنى ۋە ئاللاتائالانىڭ مۇسۇلمانلارغا ئاخىرەتتە بېرىدىغان نېمەتلىرىنى ئاڭلىغاندا: "ئەگەر مۇھەممەدنىڭ ئويلىغان نەرسىلىرى توغرا بولىدىغان بولسا، مۇسۇلمانلار بىلەن بىزنىڭ ئەھۋالىمىز بۇ دۇنيادا قانداق بولغان بولسا ئاخىرەتتىمۇ شۇنداق بولىدۇ" دېيىشتى. شۇنىڭ بىلەن ئاللا تائالا: "تەقۋادارلار پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىدا ھەقىقەتەن نازۇنېمەتلىك جەننەتلەردىن بەھرىمەن بولىدۇ" دېگەن ئايەتنى نازىل قىلدى. بۇ ئايەتلەرنىڭ يۇقىرىدىكى ئايەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى شۇكى، مەككە كۇففارلىرىنىڭ ئەھۋالى ۋە باغ ئىگىلىرىنىڭ ئاپەتكە ئۇچرىغانلىقى تىلغا ئېلىنغاندىن كېيىن، تەقۋادارلارغا

تەييارلانغان نازۇنېمەتلىك جەننەتلەردىن بەھرىمەن بولۇش جەھەتتە مۇسۇلمانلار بىلەن كۇففارلارنىڭ باراۋەر بولمايدىغانلىقى ئەسلىتىپ ئۆتۈلىدۇ.

## يۇقىرىقى ئايەتلەرنىڭ ئومۇمىي مەزمۇنى:

ئاللاتائالا باغ ئىگىلىرى ئاللاتائالانىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن دۇچار بولغان ئازابنى زىكىر قىلغاندىن كېيىن، ئاللاتائالانىڭ ئەمرىنى بەجا كەلتۈرگەن تەقۋادارلارغا تەييارلانغان نازۇنېمەتلىك جەننەتنى بايان قىلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن مۇشرىك-لارنىڭ سۆزىنى يالغانغا چىقىرىپ، ئۇلارنىڭ مۆمىنلەرگە: "مۇھەممەد-نىڭ ۋە ئۇنىڭ ساھابىلىرىنىڭ ئېيتقانلىرى توغرا بولسا، بىزگە ئاخىرەتتە ئۇلارغا ئاتا قىلىنغان نەرسىلەردىن ئارتۇقراق مۇكاپات ئاتا قىلىنىدۇ" دېگەن سۆزلىرىگە رەددىيە بېرىدۇ. مۇسۇلمانلار بىلەن كاپىرلارنىڭ باراۋەر بولماسلىقى ئاللاتائالانىڭ ھېكمىتى ۋە ئادالى-تىدىندۇر. ئاندىن كېيىن ئاللاتائالا مۇشرىكلارنى مۇلزەم قىلىش ئۈچۈن ئۇلارغا: "سىلەرگە ئاللا تەرىپىدىن سىلەر ئوقۇپ تۇرىدىغان، ئۆزەڭلار ئۈچۈن خالىغىنىڭلار بار بولغان بىر كىتاب نازىل قىلىندىمۇ، ياكى سىلەرگە ئاللانىڭ دەرگاھىدا ياخشىلىقتا ۋە ھۆرمەتكە ئىگە بولىسىلەر دەپ سىلەرگە قىيامەت كۈنى توشىدىغان قەسەم بىلەن كۈچەيتىلگەن چىن ئەھدى بېرىلدىمۇ" دەيدۇ.

ئاندىن ئاللاتائالا پەيغەمبەرنى ئۇلاردىن مۇكاپاتتا مۇسۇلمانلار بىلەن تەڭ بولۇشقا كېپىللىك قىلىدىغان بىرنەرسىنى تەلەپ قىلىشقا بۇيرۇيدۇ. ئەگەر ئۇلارنىڭ يېنىدا ئۇلارنىڭ خالىغىنىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ بېرىدىغان بۇتلىرى بولسا، ئۇلارنى كەلتۈرۈپ باقسۇن.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئاندىن كېيىن ئاللاتائالا قىيامەت كۈنىدە ئىش قىينىلىشىدىغانلىقىنى، چوڭ ئىشلار يۈز بېرىدىغانلىقىنى، ئەيىبلىنىش يۈزىسىدىن مۇشرىكلار بىلەن مۇناپىقلار ئاللاغا سەجدە قىلىشقا بۇيرۇلىدىغانلىقىنى، ئۇلار دۇنيادىكى چاغلىرىدا ئاللاغا سەجدە قىلىشنى تەرك ئەتكەنلىكى ئۈچۈن بۇ چاغدا ئاللاغا سەجدە قىلىشقا قادىر بولالمايدىغانلىقى ۋە قىيامەتنىڭ دەھشىتىدىن ئۇلارنىڭ تىكىلىپ قاراشقا قادىر بولالمايدىغانلىقلىرىدىن خەۋەر بېرىدۇ.

### مۇھىم نۇقتىلىرى:

1. ئاخىرەتكە، ئاخىرەتتە بېرىلىدىغان ساۋابقا، ئازابقا ۋە قىيامەتنىڭ دەھشىتىگە ئىمان ئېيتىش بايان قىلىنىدۇ.
2. كۇفرى شۇملۇقتىن، ئۇنىڭ ئاقىۋىتى ھەسرەت ۋە نادامەتتىن ئىبارەت بولىدۇ.
3. كۇففارلار بىلەن مۇنازىرىلىشىپ، ئۇلارنى ئۇلار تاقابىل تۇرالمايدىغان نەرسە بىلەن قورقۇتۇش بايان قىلىنىدۇ.
4. ۋاقتى ئۆتۈپ كەتمەستىن بۇرۇن، ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا ئالدىراش كېرەك.
5. قىيامەت كۈنى بويۇنتاۋلۇق قىلغۇچى كۇففارلارغا خورلۇق يېتىدۇ.

فَذَرْنِي وَمَنْ يُّكَذِّبُ بِهٰذَا
الْحَدِيْثِ ۭ سَنَسْتَدْرِجُهُمْ مِّنْ حَيْثُ لَا يَعْلَمُوْنَ ﴿٤٤﴾
وَاُمْلِيْ لَهُمْ ۭ اِنَّ كَيْدِيْ مَتِيْنٌ ﴿٤٥﴾ اَمْ تَسْــَٔـلُهُمْ اَجْرًا
فَهُمْ مِّنْ مَّغْرَمٍ مُّثْقَلُوْنَ ﴿٤٦﴾ اَمْ عِنْدَهُمُ الْغَيْبُ
فَهُمْ يَكْتُبُوْنَ ﴿٤٧﴾ فَاصْبِرْ لِحُكْمِ رَبِّكَ وَلَا تَكُنْ
كَصَاحِبِ الْحُوْتِ ۘ اِذْ نَادٰى وَهُوَ مَكْظُوْمٌ ﴿٤٨﴾ لَوْلَآ
اَنْ تَدٰرَكَهٗ نِعْمَةٌ مِّنْ رَّبِّهٖ لَنُبِذَ بِالْعَرَاۗءِ وَهُوَ
مَذْمُوْمٌ ﴿٤٩﴾ فَاجْتَبٰهُ رَبُّهٗ فَجَعَلَهٗ مِنَ الصّٰلِحِيْنَ ﴿٥٠﴾
وَاِنْ يَّكَادُ الَّذِيْنَ كَفَرُوْا لَيُزْلِقُوْنَكَ بِاَبْصَارِهِمْ
لَمَّا سَمِعُوا الذِّكْرَ وَيَقُوْلُوْنَ اِنَّهٗ لَمَجْنُوْنٌ ﴿٥١﴾
وَمَا هُوَ اِلَّا ذِكْرٌ لِّلْعٰلَمِيْنَ ﴿٥٢﴾

**تەرجىمىسى:**

بۇ قۇرئاننى ئىنكار قىلغانلارنى ماڭا قويۇۋەتكىن، ئۇلارنى تۇيدۇرماستىن، ئاستا ـ ئاستا ھالاكەتكە يۈزلەندۈرىمىز[44]. ئۇلارغا مۆھلەت بېرىمەن، شۈبھىسىزكى، مېنىڭ تەدبىرىم پۇختىدۇر[45]. ياكى ئۇلاردىن (دىنغا دەۋەت قىلغانلىقىڭغا) ھەق سوراپ، ئۇلارنىڭ (ئىقتىسادىي) يۈكىنى ئېغىرلاشتۇرۇۋەتتىڭمۇ؟[46] ياكى ئۇلارنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

يېنىدا غەيب (يەنى غەيبنى ئۆز ئىچىگە ئالغان لەۋھۇلمەھپۇز) بار بولۇپ، ئۇلار (ئېيتىدىغانلىرىنى شۇنىڭغا) يازامدۇ؟[47] پەرۋەر- دىگارىڭنىڭ ھۆكمىگە سەۋر قىلغىن، (ئالدىراڭغۇلۇقتا، زېرىككەك- لىكتە) بېلىقنىڭ ساھىبىگە (يەنى يۇنۇسقا) ئوخشاش بولمىغىن. ئۆز ۋاقتىدا ئۇ (بېلىقنىڭ قارنىدا تۇرۇپ) غەمكىن ھالدا پەرۋەر- دىگارىغا ئىلتىجا قىلدى[48]. ئەگەر ئۇ پەرۋەردىگارىنىڭ نېمىتىگە ئېرىشمىسە ئىدى، ئەلۋەتتە ئۇ (قىلمىشىغا) مالامەت قىلىنغان ھالدا (دەرەخمۇ يوق، ئاشمۇ يوق) بىر دالاغا تاشلانغان بولاتتى[49]. پەرۋەردىگارى ئۇنى (پەيغەمبەرلىككە) تاللىدى. ئۇنى ياخشىلاردىن قىلدى[50]. كاپىرلار قۇرئاننى ئاڭلىغان چاغلىرىدا (ساڭا بولغان دۈشمەنلىكىنىڭ قاتتىقلىقىدىن يامان) كۆزلىرى بىلەن سېنى يىقىتىۋېتىشكە تاس قالىدۇ، سېنى ”شۈبھىسىز بىر مەجنۇن“ دېيىشىدۇ[51]. قۇرئان پەقەت تامام ئەھلى جاھان ئۈچۈن ۋەز-نەسىھەتتۇر[52].

## يۇقىرىقى ئايەتلەرنىڭ ئومۇمىي مەزمۇنى:

ئاللاتائالا كۇففارلارنى قىيامەتنىڭ دەھشىتى بىلەن قورقۇتقاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ قۇرئاننى يالغانغا چىقارغانلىقلىرى ئۈچۈن ئۇلارنى تۇيدۇرماستىن ئاستا-ئاستا ئازابقا يېقىنلاشتۇرىدىغانلىقى بىلەن قورقۇتىدۇ، ئاللا ئۇلارغا مۆھلەت بېرىدۇ، ئاللانىڭ ئازابى ئۇلارنى قورشىۋالغاندىلا ئاندىن ئۇلار بىلىدۇ. مانا بۇ ئاللاتائالا- نىڭ ئۇلارغا قوللانغان تەدبىرىدۇر، ئاندىن ئاللاتائالا پەيغەمبىرىگە قارىتىپ مۇنداق دەيدۇ: ”كۇففارلار نېمە ئۈچۈن سەن بىلەن ئۆچەك- كىشىدۇ؟ بۇ قانداقتۇر سەن ئۇلاردىن دىنغا دەۋەت قىلغانلىقىڭ ئۈچۈن ھەق سوراپ، ئۇلارنىڭ ئىقتىسادىي يۈكىنى ئېغىرلاشتۇرۇ-

ۋاتقانلىقىڭدىنمۇ؟ ياكى قانداقتۇر ئۇلارنىڭ لەۋھۇلمەھپۇزدا يېزىلغان نەرسىلەردىن خەۋىرى بار بولۇپ، لەۋھۇلمەھپۇزدىن ئۆزلىرى قوبۇل قىلىدىغان ۋە ھۆكۈم قىلىدىغان نەرسىلىرىنى يېزىۋالغانلىقىدىنمۇ؟"

ئۇنىڭدىن كېيىن ئاللا پەيغەمبىرىنى ئۆز قەۋمىنىڭ يەتكۈزگەن ئەزىيەتلىرىگە، ئۇلارنىڭ ئاللانىڭ ھۆكمىنى يالغانغا چىقارغانلىقىغا سەۋر قىلىشقا بۇيرۇيدۇ، دۇنيادا ۋە ئاخىرەتتە مۇسۇلمانلارنىڭ ئاقىۋىتىنى ياخشى قىلىدىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ.

ئاندىن ئاللاتائالا پەيغەمبىرىنى ئۆز قەۋمىگە ئاچچىقلىنىپ ۋە ئۇلارنى تاشلاپ كېمىگە چۈشۈپ، بېلىق تەرىپىدىن يۇتۇۋېتىلگەن يۇنۇس ئەلەيھىسسالامدەك بولۇپ قېلىشتىن مەنئى قىلىدۇ. بۇ چاغدا يۇنۇس ئەلەيھىسسالام پەرۋەردىگارىغا دۇئا قىلىپ: "سەندىن باشقا ھېچ پەرۋەردىگار بەرھەق يوقتۇر، سەن پاكتۇرسەن، مەن ھەقىقەتەن زۇلۇم قىلغۇچىلاردىن بولدۇم" دېگەنىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ قەۋمىدىن خاپا ئىدى. ئاللا ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىپ، ئۇنى بېلىقنىڭ قارنىدىن سالامەت چىقاردى، ئاللاتائالانىڭ مەرھەمىتى بولمىسا ئىدى، ئۇ ئەلۋەتتە بېلىقنىڭ قارنىدىن ئاللانىڭ رەھمىدىن ھەيدەلگەن ھالدا ئوچۇقچىلىققا تاشلانغان بولاتتى.

ئاندىن ئاللاتائالا كۇففارلارنىڭ پەيغەمبەرگە ھەسەت قىلىپ قاتتىق ئاداۋەت ساقلىغانلىقىنى، بۇ ئاداۋەتنىڭ كۇففارلارنى ئۇنىڭغا يامان كۆز بىلەن قاراشقا ئېلىپ كەلگەنلىكىنى، باشقىلارنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ۋە ئۇنىڭ دەۋىتىدىن قاچۇرۇش ئۈچۈن كۇففارلارنىڭ ئۇنى: "سەن چوقۇم مەجنۇنسەن" دېگەنلىكلىرىنى بايان قىلىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
www.uyghurkitap.com

ھەقىقەتتە قۇرئان مەجنۇنلۇق ئەمەس كەلىمەيدۇ، قۇرئان پۈتۈن ئىنسانلار ۋە جىنلار ئۈچۈن ۋەز-نەسىھەتدۇر.

**مۇھىم نۇقتىلىرى:**

1. قۇرئاننى يالغانغا چىقارغۇچى مۇشرىكلار قورقۇتۇلىدۇ.
2. ئاللاتائالا سىناش يۈزىسىدىن بەزى بەندىلىرىگە كۆپ نېمەتلەرنى ئاتا قىلىدۇ.
3. ئاللانىڭ قازاسىغا ۋە تەقدىرىگە سەۋر قىلىش لازىم، سەۋرنىڭ ئاقىۋىتى غەلىبە ۋە بەخت بولىدۇ.
4. كۇففارلارنىڭ مۆمىنلەرگە بولغان ئاداۋىتى قاتتىق بولىدۇ.

بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيْمِ

اَلْحَاقَّةُ ۙ﴿١﴾ مَا الْحَاقَّةُ ۚ﴿٢﴾ وَمَآ اَدْرٰىكَ مَا الْحَاقَّةُ ﴿٣﴾
كَذَّبَتْ ثَمُوْدُ وَعَادٌ بِالْقَارِعَةِ ﴿٤﴾ فَاَمَّا ثَمُوْدُ
فَاُهْلِكُوْا بِالطَّاغِيَةِ ﴿٥﴾ وَاَمَّا عَادٌ فَاُهْلِكُوْا بِرِيْحٍ
صَرْصَرٍ عَاتِيَةٍ ۙ﴿٦﴾ سَخَّرَهَا عَلَيْهِمْ سَبْعَ لَيَالٍ وَّثَمٰنِيَةَ
اَيَّامٍ ۙ حُسُوْمًا فَتَرَى الْقَوْمَ فِيْهَا صَرْعٰى ۙ كَاَنَّهُمْ
اَعْجَازُ نَخْلٍ خَاوِيَةٍ ۚ﴿٧﴾ فَهَلْ تَرٰى لَهُمْ مِّنْۢ
بَاقِيَةٍ ﴿٨﴾ وَجَآءَ فِرْعَوْنُ وَمَنْ قَبْلَهٗ وَالْمُؤْتَفِكٰتُ
بِالْخَاطِئَةِ ۚ﴿٩﴾ فَعَصَوْا رَسُوْلَ رَبِّهِمْ فَاَخَذَهُمْ اَخْذَةً
رَّابِيَةً ﴿١٠﴾ اِنَّا لَمَّا طَغَا الْمَآءُ حَمَلْنٰكُمْ فِي الْجَارِيَةِ ۙ﴿١١﴾
لِنَجْعَلَهَا لَكُمْ تَذْكِرَةً وَّتَعِيَهَآ اُذُنٌ وَّاعِيَةٌ ﴿١٢﴾
فَاِذَا نُفِخَ فِي الصُّوْرِ نَفْخَةٌ وَّاحِدَةٌ ۙ﴿١٣﴾ وَّحُمِلَتِ
الْاَرْضُ وَالْجِبَالُ فَدُكَّتَا دَكَّةً وَّاحِدَةً ۙ﴿١٤﴾
فَيَوْمَئِذٍ وَّقَعَتِ الْوَاقِعَةُ ۙ﴿١٥﴾ وَانْشَقَّتِ السَّمَآءُ فَهِيَ
يَوْمَئِذٍ وَّاهِيَةٌ ۙ﴿١٦﴾ وَّالْمَلَكُ عَلٰٓى اَرْجَآئِهَا ۚ وَيَحْمِلُ
عَرْشَ رَبِّكَ فَوْقَهُمْ يَوْمَئِذٍ ثَمٰنِيَةٌ ۗ﴿١٧﴾ يَوْمَئِذٍ
تُعْرَضُوْنَ لَا تَخْفٰى مِنْكُمْ خَافِيَةٌ ﴿١٨﴾

## تەرجىمىسى:

### 69. سۈرە ھاققە

مەككىدە نازىل بولغان، 52 ئايەت.

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللانىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن.

(بولۇشى ئېنىق) قىيامەت[1]. قىيامەت نېمىدۇر؟[2] قىيامەتنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى قانداق بىلەلەيسەن؟[3] سەمۇد ۋە ئاد (قەبىلىلىرى) قىيامەتنى ئىنكار قىلدى[4]. سەمۇد بولسا ئادەتتىن تاشقىرى قاتتىق ئاۋاز بىلەن ھالاك قىلىندى[5]. ئاد بولسا ھەددىدىن زىيادە قاتتىق ۋە سوغۇق بوران بىلەن ھالاك قىلىندى[6]. ئاللا ئۇلارغا بوراننى يەتتە كېچە، سەككىز كۈندۈز ئۈزۈلدۈرمەي ئاپىرىدە قىلدى، (ئاد) قەۋمىنىڭ (ئۆز ماكانلىرىدا ھالاك بولۇپ) خورما دەرىخىنىڭ پور كۆتەكلىرىدەك ياتقانلىقىنى كۆرىسەن[7]. ئۇلاردىن بىرەر ئادەمنىڭ قالغانلىقىنى كۆرەلەمسەن؟[8] پىرئەۋن ھەم ئۇنىڭدىن ئىلگىرىكىلەر ۋە شەھەرلىرى دۈم كۆمتۈرۈۋېتىلگەنلەر (يەنى لۇت قەۋمى) خاتا ئىشلارنى قىلدى[9]. ئۇلار پەرۋەردىگارىنىڭ پەيغەمبىرىگە ئاسىيلىق قىلدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنى ئاللا قاتتىق جازالىدى[10]. شۈبھىسىزكى، (نۇھنىڭ زامانىدا) چوڭ سۇ يامراپ كەتكەن چاغدا سىلەرنى (يەنى ئەجدادىڭلارنى) بىز كېمىگە سالدۇق، سىلەرگە ئۇنى ئىبرەت قىلىش ئۈچۈن، ئۇتۇۋالىدىغان قۇلاقلارنىڭ ئۇنى ئۇتۇۋېلىشى ئۈچۈن (بىز

شۇنداق قىلدۇق) [11—12]. بىرىنچى ئېتىملىق سۇر چېلىنغان چاغدا[13]، زېمىن ۋە تاغلار ئورۇنلىرىدىن كۆتۈرۈلۈپ بىر-بىرىگە ئۇرۇلۇپ ئۇۋۇلۇپ كەتكەن چاغدا[14]، بۇ كۈندە چوڭ ئىش يەنى قىيامەت يۈز بېرىدۇ[15]. ئاسمان يېرىلىدۇ، بۇ كۈندە ئاسمان (قالايمىقانلىشىپ) ئاجىزلىشىپ كېتىدۇ[16]. پەرىشتىلەر ئاسماننىڭ ئەتراپىدا تۇرىدۇ، بۇ كۈندە پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئەرشىنى سەككىز پەرىشتە (باشلىرى) ئۈستىدە كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ[17]. ئۇ كۈندە سىلەر (ئاللاغا ھېساب بېرىش ئۈچۈن) توغرىلىنىسىلەر*، سىلەر ھېچقانداق بىر سىرنى يوشۇرۇپ قالالمايسىلەر[18].

## يۇقىرىقى ئايەتلەرنىڭ ئومۇمىي مەزمۇنى:

بۇ سۈرىنىڭ نۇرغۇن ئايەتلىرىدە ئاخىرەت ۋە قىيامەتنىڭ

---

* جابىر ئىبنى ئابدۇللادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەرشنى كۆتۈرۈپ تۇرغان پەرىشتىلەرنىڭ چوڭلۇقىنى تەسۋىرلەپ مۇنداق دېگەن: "ئاللانىڭ ئەرشىنى كۆتۈرۈپ تۇرغان پەرىشتىلەرنىڭ بىرى توغرۇلۇق سۆزلەشكە ماڭا ئىزنى بېرىلدىكى، ئۇنىڭ قۇلىقىنىڭ يۇمشىقى بىلەن بويىنى ئارىسىدىكى مۇساپە 7 يۈز يىللىق كېلىدۇ." بۇ ھەدىسنى ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان.

ھەزرىتى ئۆمەر مۇنداق دېگەن: قىيامەت كۈنى سىلەردىن ھېساب ئېلىنىشتىن بۇرۇن ئۆزەڭلاردىن ئۆزەڭلار ھېساب ئېلىڭلار، سىلەرنىڭ نامە-ئەماللىرىڭلار تارتىلىشتىن بۇرۇن ئۆزەڭلارنى تارازىغا سېلىپ بېقىڭلار، مۇشۇنداق قىلساڭلار تاڭلا قىيامەت كۈنى سىلەردىن ئېلىنىدىغان ھېساب سىلەرگە يېنىك توختايدۇ، (قىيامەتتىكى) چوڭ توغرىلىنىش ئۈچۈن (ئەمەللىرىڭلارنى) بېزەڭلار.

دەھشەتى توغرۇلۇق سۆزلىنىدۇ. سۈرىنىڭ بېشى "ھاققە" يەنى ھەممە نەرسىدە ھەقىقەتنى ۋە پەرۋەردىگارنىڭ قۇدرىتىنى كۆرسەتكۈچى قىيامەت سۆزى بىلەن باشلىنىدۇ، قىيامەتتە ئاللاتائالانىڭ مۆمىنلەرگە ۋەدە قىلغان جەننەتكە كىرىش ۋە كاپىرلارغا ۋەدە قىلغان دوزاخقا كىرىش ئىشى ئىشقا ئاشىدۇ، قىيامەتنىڭ شەنىنىڭ چوڭلۇقى ئۈچۈن ئايەتتە قىيامەت سۆزى تەكرارلىنىدۇ.

ئاندىن ئاللاتائالا سەمۇد، ئاد قەۋملىرىگە ئوخشاش قىيامەتنى يالغانغا چىقارغۇچى بەزى ئۈممەتلەرنى زىكرى قىلىدۇ. ئاللاتائالا ئۇلارنىڭ ھالاك بولۇش يوللىرىنىمۇ بايان قىلىدۇ. شۇنىڭدەك ئاللاتائالا سەمۇد قەۋمىنىڭ چەكتىن ئاشقانلىرى ۋە گۇناھلىرى تۈپەيلىدىن ئۇلارنىڭ قاتتىق ئاۋاز بىلەن ھالاك قىلىنغانلىقىنى زىكرى قىلىدۇ. ئاد قەۋمىنىڭ ھەددىدىن زىيادە قاتتىق ۋە سوغۇق بوران بىلەن ھالاك قىلىنغانلىقى، ئاللانىڭ ئۇلارغا بوراننى يەتتە كېچە، سەككىز كۈندۈز ئۈزۈلدۈرمەي ئاپىرىدە قىلغانلىقى، بوران ئۇلارنى تەلتۆكۈس ھالاك قىلىش بىلەن ئۇلارنىڭ خورمىنىڭ پور كۆتەكلىرىدەك ياتقانلىقى، بىرىنىڭمۇ قۇتۇلۇپ قالالمىغانلىقى زىكرى قىلىنىدۇ.

ئاندىن ئاللاتائالا پىرئەۋننى، ئۇنىڭدىن بۇرۇن ئۆتكەن قەۋملەرنى، گۇناھلارغا چۆمگەن، ئاللانىڭ پەيغەمبەرلىرىگە ئاسىيلىق قىلغان لۇت قەۋمىنىمۇ قاتتىق جازالىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ. شۇنىڭدەك، ئاللاتائالا بەندىلىرىگە توپان بالاسى كەلگەن چاغدا ئۇلارنىڭ ئەجدادىنى نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ كېمىسىگە چىقىرىپ قۇتقۇزغانلىقىنى ئەسلىتىپ ئۆتىدۇ. ئاللاتائالا ئىبرەت قىلىش ۋە ئۆزىنىڭ قۇدرەت كامالىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن، مۆمىنلەرنى غەرق

بولۇشتىن قۇتۇلدۇردى، كۇففارلارنى غەرق قىلدى.

ئاندىن كېيىن ئاللاتائالا قىيامەتنىڭ ئەھۋالىنى ۋە ئۇنىڭ دەھشىتىنى تەسۋىرلەپ، سۇر چېلىنىدىغانلىقىنى، زېمىننىڭ ۋە تاغلارنىڭ ئورنىدىن قوزغىلىپ ۋە يىمىرىلىپ، بىر-بىرىگە ئۇرۇلۇپ بىر دۆۋە بولۇپ قالىدىغانلىقىنى، بۇ چاغدا پەرىشتىلەرنىڭ ئەتراپلاردا تۇرۇپ كېتىدىغانلىقىنى، ئاللاتائالانىڭ ئەرشىنى سەككىز پەرىشتىنىڭ كۆتۈرۈپ تۇرىدىغانلىقىنى*، ئاللاتائالاغا بەندىلەرنىڭ ھېچقانداق ئىشى مەخپىي قالمىغان ھالدا، كىشىلەرنىڭ ھېساب بېرىش ئۈچۈن ئاللاغا توغرىلىنىدىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ.

**مۇھىم نۇقتىلىرى:**

1. قىيامەت كۈنى ۋە ئۇنىڭ دەھشىتى بايان قىلىنىدۇ.

2. پەيغەمبەرلىرىنى يالغانغا چىقارغۇچى ئۈممەتلەرنىڭ ئاقىۋىتى بايان قىلىنىدۇ.

3. پەرىشتىلەرگە ۋە ئۇلارنىڭ ئاللانىڭ ئەمرىگە ئاسىيلىق قىلمايدىغان مەخلۇقاتى ئىكەنلىكىگە ئىمان ئېيتىش سۆزلىنىدۇ.

4. ئەرشكە ۋە ئاللاتائالانىڭ ئۇزىنىڭ كاتتىلىقىغا لايىق رەۋىشتە ئەرش ئۈستىدە بەرقارار ئىكەنلىكىگە ئىمان ئېيتىش بايان قىلىنىدۇ.

* ئىبنى ئاببا‍س: ئەرشنى سانىنى ئاللادىن باشقا ھېچ ئەھەدى بىلمەيدىغان سەككىز سەپ پەرىشتە كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ، دەيدۇ. لېكىن ئەرشنى سەككىز پەرىشتىنىڭ كۆتۈرۈپ تۇرىدىغانلىقى ئىشەنچلىك رىۋايەتتۇر. بۇ سۆزنىڭ راستلىقىنى بۇ ھەدىس ئىسپاتلاپ بېرىدۇ: "بۈگۈنكى كۈندە ئەرشنى كۆتۈرۈپ تۇرغان پەرىشتىنىڭ سانى تۆتتۇر. قىيامەت كۈنى بولغاندا ئاللا ئۇلارنى يەنە تۆت پەرىشتە بىلەن كۈچەيتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار سەككىز بولىدۇ."

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

5. ئاللاتائالا قىيامەت كۈنى ئىنساننىڭ سىرلىرى ۋە مەخپىي ئىشلىرىنى بىلىپ تۇرىدۇ.

فَأَمَّا مَنْ أُوتِيَ
كِتَٰبَهُۥ بِيَمِينِهِۦ فَيَقُولُ هَآؤُمُ ٱقْرَءُوا۟ كِتَٰبِيَهْ ﴿١٩﴾
إِنِّي ظَنَنتُ أَنِّي مُلَٰقٍ حِسَابِيَهْ ﴿٢٠﴾ فَهُوَ فِي عِيشَةٍ
رَّاضِيَةٍ ﴿٢١﴾ فِي جَنَّةٍ عَالِيَةٍ ﴿٢٢﴾ قُطُوفُهَا دَانِيَةٌ ﴿٢٣﴾
كُلُوا۟ وَٱشْرَبُوا۟ هَنِيٓـًٔا بِمَآ أَسْلَفْتُمْ فِي ٱلْأَيَّامِ
ٱلْخَالِيَةِ ﴿٢٤﴾ وَأَمَّا مَنْ أُوتِيَ كِتَٰبَهُۥ بِشِمَالِهِۦ
فَيَقُولُ يَٰلَيْتَنِي لَمْ أُوتَ كِتَٰبِيَهْ ﴿٢٥﴾ وَلَمْ أَدْرِ مَا
حِسَابِيَهْ ﴿٢٦﴾ يَٰلَيْتَهَا كَانَتِ ٱلْقَاضِيَةَ ﴿٢٧﴾ مَآ
أَغْنَىٰ عَنِّي مَالِيَهْ ﴿٢٨﴾ هَلَكَ عَنِّي سُلْطَٰنِيَهْ ﴿٢٩﴾
خُذُوهُ فَغُلُّوهُ ﴿٣٠﴾ ثُمَّ ٱلْجَحِيمَ صَلُّوهُ ﴿٣١﴾ ثُمَّ فِي
سِلْسِلَةٍ ذَرْعُهَا سَبْعُونَ ذِرَاعًا فَٱسْلُكُوهُ ﴿٣٢﴾
إِنَّهُۥ كَانَ لَا يُؤْمِنُ بِٱللَّهِ ٱلْعَظِيمِ ﴿٣٣﴾ وَلَا يَحُضُّ
عَلَىٰ طَعَامِ ٱلْمِسْكِينِ ﴿٣٤﴾ فَلَيْسَ لَهُ ٱلْيَوْمَ هَٰهُنَا
حَمِيمٌ ﴿٣٥﴾ وَلَا طَعَامٌ إِلَّا مِنْ غِسْلِينٍ ﴿٣٦﴾ لَّا يَأْكُلُهُۥٓ إِلَّا
ٱلْخَٰطِـُٔونَ ﴿٣٧﴾

تەرجىمىسى:

نامە-ئەمالى ئوڭ قولىغا بېرىلگەن ئادەم * (خۇشاللىقتىن) "بۇ مېنىڭ نامە-ئەمالىمنى ئېلىپ ئوقۇڭلار، مەن ھېساباتىمغا مۇلاقات بولىدىغانلىقىمغا مۇقەررەر ئىشەنگەن ئىدىم" دەيدۇ[19-20]. ئۇ كۆڭۈللۈك تۇرمۇشتا بولىدۇ[21]. ئېسىل جەننەتتە بولىدۇ[22]. ئۇنىڭ مېۋىلىرى (ئۆرە تۇرغانمۇ، ئولتۇرغانمۇ، ياتقانمۇ قولىنى سوزۇپلا ئالالايدىغان دەرىجىدە) يېقىن بولىدۇ[23]. (ئۇلارغا): "ئۆتكەنكى كۈنلەردە (يەنى دۇنيادىكى چاغلاردا) ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلىقىڭلار ئۈچۈن، خۇشال-خۇرام يەڭلار، ئىچىڭلار" دېيىلىدۇ[24]. نامە-ئەمالى سول قولىغا بېرىلگەن ئادەم ئېيتىدۇكى، "ماڭا نامە-ئەمالىم بېرىلمىگەن بولسىچۇ![25] ھېسابىمنىڭ نېمە بولغانلىقىنى بىلمىسەم ئىدىم[26]: دۇنيادا ئۆلۈمۈم ھاياتىمنى (ئاخىرەتتە قايتا تىرىلمەس قىلىپ) ئاخىرلاشتۇرسىچۇ![27] مېنىڭ مال-مۈلكۈم ماڭا ھېچ نەرسىگە ئەسقاتمىدى[28]. مېنىڭ ھوقۇقۇم قولۇمدىن كەتتى"

* ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم دەيدۇ: "قىيامەت كۈنى ئاللاتائالا بەندىنى يېقىن ئەكىلىپ گۇناھلىرىنىڭ ھەممىسىگە ئىقرار قىلدۇرىدۇ، بەندە ئەمدى تۈگەشتىم دەپ تۇرغاندا، ئاللاتائالا ئۇنىڭغا: گۇناھلىرىڭنى دۇنيادىكى چېغىڭدا ئاشكارىلىمىغان ئىدىم. بۈگۈن بولسا گۇناھلىرىڭنى كەچۈردۈم دەيدۇ. ئاندىن ئۇنىڭ نامە-ئەمالىنى ئوڭ قولىغا بېرىدۇ، كۇففارلار بىلەن مۇناپىقلارغا كېلىدىغان بولساق، گۇۋاھچىلار (ئۇلارنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ): مانا بۇلار پەرۋەردىگارىنى يالغانغا چىقارغانلاردۇر، ئاگاھ بولۇڭلاركى، ئاللاھنىڭ لەنىتى زالىملارغا بولسۇن، دەيدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

(ئاللا دوزاخقا مۇئەككەل پەرىشتىلەرگە) ئېيتىدۇ: "ئۇنى تۇتۇڭلار، ئۇنىڭغا تاقاق سېلىڭلار[30]، ئاندىن ئۇنى دوزاخقا تاشلاڭلار[31]، ئاندىن ئۇنى ئۇزۇنلۇقى 70 گەز كېلىدىغان زەنجىر بىلەن باغلاڭلار"[32]. (ئۇنىڭ بۇنداق ئازابلىنىشى شۇنىڭ ئۈچۈندۇركى)، ئۇ ھەقىقەتەن ئۇلۇغ ئاللاغا ئىمان ئېيتمىغان ئىدى[33]. مىسكىنگە تاماق بېرىشنى تەرغىب قىلمايتتى[34]. بۈگۈن ئۇنىڭغا بۇ يەردە (ئۇنىڭدىن ئازابنى كۆتۈرۈۋېتىدىغان) دوست يوقتۇر[35]. ئۇنىڭغا يىرىڭدىن باشقا تاماق يوقتۇر[36]. ئۇنى پەقەت ئازغان ئادەملەرلا (يەنى كاپىرلارلا) يەيدۇ[37].

## يۇقىرىقى ئايەتلەرنىڭ ئومۇمىي مەزمۇنى:

ئاللاتائالا ئەرەساتتىكى سائادەتمەنلەرنىڭ خۇشاللىق ھالىدىن خەۋەر بېرىدۇ، ئۇلار نامە-ئەماللىرىنى ئالغاندا ناھايىتى خۇشاللانغانلىقىدىن، ئۇچرىغانلارغا تەگلەپ ئۇنى ئوقۇپ بېقىشنى تەلەپ قىلىدۇ، ئۇلار: بىز بۇ ھېساب ئېلىنىدىغان كۈنگە ئىشىنەتتۇق، دەيدۇ، ئاندىن ئاللاتائالا ئۇلارنىڭ ئىشىنىڭ ئاقىۋىتىنى، كۆڭۈللۈك تۇرمۇشتا بولىدىغانلىقىنى، تۈرلۈك نازۇنېمەتلەر بىلەن ھۇزۇرلىنىدىغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ ئالىي دەرىجىلىك * جەننەتلەردە بولۇپ،

* بىر ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن جەننەتتىكىلەر ئۆزئارا يوقلىشامدۇ؟ دەپ سورىغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ھەئە، يۇقىرى دەرىجىدىكىلەر تۆۋەن دەرىجىدىكىلەرنىڭ يېنىغا چۈشۈپ ئۇلارغا سالام بېرىدۇ، تۆۋەن دەرىجىدىكىلەرنىڭ ياخشى ئەمەللىرى يېتەرلىك بولمىغانلىقتىن، ئۇلار يۇقىرى دەرىجىدىكىلەرنىڭ يېنىغا چىقىشقا قادىر بولالمايدۇ، دەپ جاۋاب بەرگەن.

كۆڭۈل ئارتقان مېۋىلەردىن ھېچقانداق جاپا چەكمەي قولىنى سوزۇپلا ئالالايدىغانلىقىنى، پەرۋەردىگارى ئاللاتائالا ئۇلارغا: "دۇنيادىكى چېغىڭلاردا ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلىقىڭلار ئۈچۈن جەننەتنىڭ مېۋىلىرىدىن خۇشال-خۇرام يەڭلار، ئۇنىڭ شارابىدىن ئىچىڭلار" دەيدىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسىدە كۆرسىتىلگەندەك، ئۇلارغا مەرھەمەت قىلىش يۈزىسىدىن شۇنداق دېيىلىدۇ.

ئاندىن ئاللاتائالا شەقىيلەرنىڭ ھالىدىن خەۋەر بېرىدۇكى، ئۇلار ئەرەساتتا ھەسرەت چەككەن، پۇشايمان قىلغان ھالدا تۇرىدۇ، ئۇلارنىڭ نامە-ئەمالى ئۇلارنىڭ سول قولىغا بېرىلىدۇ، ئۇلار غەم-قايغۇدىن نامە-ئەمالىم ماڭا بېرىلمىگەن بولسا بوپتىكەن دەپ ئارزۇ قىلىدۇ، شۇنداقلا قايتا تىرىلمىگەن بولسام بوپتىكەن دەپ ئارزۇ قىلىدۇ، ئۇلار ئۆز-ئۆزىگە مېلىنىڭ ھېچ نەرسىگە ئەسقاتمىغانلىقىنى، ھوقۇقىنىڭ قولىدىن كەتكەنلىكىنى ئېيتىدۇ، ئاللاتائالا جەھەننەمگە مۇئەككەل پەرىشتىلەرگە ئۇلارنى تۇتۇپ قوللىرىغا تاقاق سېلىشقا، ئۇلارنى ئۇزۇنلۇقى 70 گەز كېلىدىغان زەنجىر بىلەن باغلاشقا بۇيرۇيدۇ، چۈنكى ئۇلار ئۇلۇغ ئاللانى ئىنكار قىلاتتى، ئاللاتائالانىڭ ئۇلارنىڭ ئۈستىگە يۈكلىگەن پەرزلىرىنى ئادا قىلمايتتى، ئاللاتائالا ئۇلارنىڭ مېلىدا بېرىشكە تېگىشلىك قىلغان كەمبەغەللەرنىڭ ھەققىنى بەرمەيتتى، ياخشىلىق ئىشلىرىغا ياردەم قىلمايتتى.

### مۇھىم نۇقتىلىرى:

1. ئەرەساتتا سائادەتمەنلەرنىڭ نامە-ئەمالى ئۇلارنىڭ ئوڭ قولىغا بېرىلىشى بىلەن خۇشال بولىدىغانلىقلىرى بايان قىلىنىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

2. جەننەتتە ئىنسانىنىڭ كۆزى كۆرمىگەن، قۇلىقى ئاڭلىمىغان، كۆڭلىگە كەچمىگەن تۈرلۈك نازۇنېمەتلەر بولىدۇ.

3. شەقىيلەرنىڭ ئەھۋالى، ئۇلارنىڭ نامە-ئەمالى سول قولىغا بېرىلىدىغانلىقى ئېيتىلىدۇ.

4. پەرۋەردىگارنىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشمىغان، چەكلىگەن نەرسىلەرنى قىلغان، ئەمرىگە خىلاپلىق قىلغان كىشىلەرگە تەييارلانغان ئازاب-ئوقۇبەتلەر بايان قىلىنىدۇ.

5. پېقىرلەرنىڭ ۋە مىسكىنلەرنىڭ ھەققىنى ئىسلام دىنى چوڭ بىلىدۇ.

6. قىيامەت كۈنى ياخشىلىققا ياخشىلىقچە مۇكاپات بېرىلىدۇ، يامانلىققا يامانلىقچە جازا بېرىلىدۇ.

فَلَآ أُقْسِمُ بِمَا تُبْصِرُونَ ﴿٣٨﴾ وَمَا لَا
تُبْصِرُونَ ﴿٣٩﴾ إِنَّهُۥ لَقَوْلُ رَسُولٍ كَرِيمٍ ﴿٤٠﴾ وَمَا هُوَ
بِقَوْلِ شَاعِرٍ ۚ قَلِيلًا مَّا تُؤْمِنُونَ ﴿٤١﴾ وَلَا بِقَوْلِ
كَاهِنٍ ۚ قَلِيلًا مَّا تَذَكَّرُونَ ﴿٤٢﴾ تَنزِيلٌ
مِّن رَّبِّ ٱلْعَٰلَمِينَ ﴿٤٣﴾ وَلَوْ تَقَوَّلَ عَلَيْنَا بَعْضَ
ٱلْأَقَاوِيلِ ﴿٤٤﴾ لَأَخَذْنَا مِنْهُ بِٱلْيَمِينِ ﴿٤٥﴾ ثُمَّ
لَقَطَعْنَا مِنْهُ ٱلْوَتِينَ ﴿٤٦﴾ فَمَا مِنكُم مِّنْ أَحَدٍ
عَنْهُ حَٰجِزِينَ ﴿٤٧﴾ وَإِنَّهُۥ لَتَذْكِرَةٌ لِّلْمُتَّقِينَ ﴿٤٨﴾
وَإِنَّا لَنَعْلَمُ أَنَّ مِنكُم مُّكَذِّبِينَ ﴿٤٩﴾ وَإِنَّهُۥ
لَحَسْرَةٌ عَلَى ٱلْكَٰفِرِينَ ﴿٥٠﴾ وَإِنَّهُۥ لَحَقُّ ٱلْيَقِينِ ﴿٥١﴾
فَسَبِّحْ بِٱسْمِ رَبِّكَ ٱلْعَظِيمِ ﴿٥٢﴾

**تەرجىمىسى:**

مەن سىلەر كۆرۈپ تۇرىدىغان نەرسىلەر بىلەن قەسەم قىلىمەن، سىلەر كۆرمەيدىغان نەرسىلەر بىلەنمۇ قەسەم قىلىمەن (يەنى بارلىق مەخلۇقات بىلەن قەسەم قىلىمەن) (39—38). بۇ قۇرئان ئەلچىلىك ھۆرمەتلىك پەيغەمبەرنىڭ (ئاللا تەرىپىدىن يەتكۈزگەن) سۆزىدۇر (40). ئۇ شائىرنىڭ سۆزى ئەمەستۇر، سىلەر ناھايىتى ئاز ئىشىنىسى-

لەر[41]. ئۇ كاھىننىڭ سۆزىمۇ ئەمەس، سىلەر ئاز ۋەز-نەسىھەت ئالىسىلەر[42]. (ئۇ) ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن نازىل قىلىنغاندۇر[43]. ئەگەر ئۇ بىزنىڭ نامىمىزدىن يالغاننى توقۇيدىغان بولسا[44]، ئەلۋەتتە ئۇنى قۇدرىتىمىز بىلەن جازالايتتۇق[45]. ئاندىن ئۇنىڭ ئاساسىي قىزىل تومۇرىنى كېسىپ تاشلايتتۇق[46]. سىلەردىن ھېچبىر ئادەم ئۇنى قوغداپ قالالمايتتى[47]. شەك-شۈبھىسىزكى، بۇ قۇرئان تەقۋادارلار ئۈچۈن ۋەز-نەسىھەتتۇر[48]. بىز شەك-شۈبھىسىز بىلىمىزكى، سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا (قۇرئان ئايەتلىرى شۇنچە روشەن تۇرۇقلۇق) ئۇنى ئىنكار قىلغۇچىلار بار[49]. قۇرئان كاپىرلارغا (ئۇلار قۇرئاننى تەستىق قىلغۇچىلارغا بېرىلىدىغان ساۋابنى ۋە ئىنكار قىلغۇچىلارغا بېرىلىدىغان ئازابنى كۆرگەن چاغدا) ئەلۋەتتە ھەسرەت بولىدۇ[50]. قۇرئان، مۇقەررەركى، شەكسىز ھەقىقەتتۇر[51]. ئۇلۇغ پەرۋەردىگارىڭنى (مۇشرىكلارنىڭ ئېيتىرالىرىدىن) پاك دەپ ئېتىقاد قىلغىن[52].

## يۇقىرىقى ئايەتلەرنىڭ نازىل بولۇش سەۋەبى:

قەتادە: "ۋەلىد ئىبنى مۇغىرە، مۇھەممەد سېھىرگەر دېگەن، ئەبۇ جەھىل ئۇ شائىر دېگەن، ئۇقبە ئۇ كاھىن دېگەن، شۇنىڭ بىلەن بۇ ئايەتلەر نازىل بولغان" دەيدۇ.

## يۇقىرىقى ئايەتلەرنىڭ ئومۇمىي مەزمۇنى:

ئاللاتائالا بۇ ئايەتلەردە كىشىلەر كۆرۈپ تۇرىدىغان ۋە كۆرەلمەيدىغان كائىناتتىكى نەرسىلەر بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ

دەۋىتىنىڭ راستلىقىغا قەسەم قىلىدۇ، ئۇ ئېسىل پەيغەمبەردۇر، شائىر ئەمەستۇر، كاھىن ئەمەستۇر، بۇ چوقۇم پىكىر قىلىدىغان ئادەم ئۈچۈن روشەن ھەقىقەتتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قەلبى ناچارلىقلاردىن پاك ئىدى، ھىدايەتكە ۋە ھەققە قىزىققۇچى ئىدى. پەيغەمبەرنىڭ ئېيتقانلىرى، شائىرلارنىڭ ۋە كاھىنلارنىڭ سۆزلىرىدىن ناھايىتى ئۈستۈن ئىدى، قۇرئان ۋەز-نەسىھەتتىن ئىبارەت، ياخشى كۆڭۈللۈك ئادەملەر، ئاللانىڭ غەزىپىدىن قورققۇچىلار، ئاللانىڭ رازىلىقىغا قىزىققۇچىلار ئۇنىڭدىن پايدىلىنىدۇ، بۇ قۇرئان باتىل ئارىلاشمىغان شەكسىز ھەقىقەتتۇر، ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن نازىل قىلىنغاندۇر. مۇبادا پەيغەمبەر بەزى ئايەتلەرنى يالغاندىن ئاللاغا چاپلايدىغان بولسا، ئاللا ئۇنى ھالاك قىلىشقا ئەلۋەتتە قادىردۇر. ھېچ كىشى ئۇنى قۇتقۇزۇشقا قادىر ئەمەستۇر، ئاللاتائالا كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا ئۇنى ۋە پەيغەمبەرلىرىنى ئىنكار قىلىدىغانلارنىڭ بارلىقىنى بىلىدۇ، لېكىن ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئىنكار قىلغانلىقلىرىغا ھەسرەت-نادامەت چېكىدۇ.

بۇ سۈرە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئاللا مۇشرىكلارنىڭ چاپلىغان ئېپتىرالىرىدىن پاك دەپ ئېتىقاد قىلىشقا بۇيرۇش بىلەن ئاياغلىشىدۇ.

### مۇھىم نۇقتىلىرى:

1. ئاللاتائالانىڭ ئۆزى خالىغان مەخلۇقاتى بىلەن قەسەم قىلىشقا بولىدىغانلىقى، مەخلۇقاتلارنىڭ ئاللادىن باشقا بىلەن قەسەم قىلىشقا بولمايدىغانلىقى بايان قىلىنىدۇ.

2. قۇرئان ئاللاتائالانىڭ سۆزى بولسىمۇ، بۇ يەردە "ئۇ ھۆرمەتلىك پەيغەمبەرنىڭ سۆزىدۇر" دېيىلىشىدىكى سەۋەب شۇكى، پەيغەم-

بەر ئاللا تەرىپىدىن كەلگەن قۇرئاننى يەتكۈزگۈچىدۇر. ھەقىقەتتە قۇرئان ۋاستە بولۇپ، يەتكۈزگۈچىگە ئەمەس، بەلكى ئۇنى نازىل قىلغۇچى ئاللاغا خاستۇر.

3. ئاللاتائالانىڭ: "قۇرئان ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى تەرىپى-دىن نازىل قىلىنغاندۇر" دېگەن سۆزى ئاللاتائالانىڭ مەخلۇقاتتىن يۇقىرى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

4. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىك دەۋىتى ئىشەنچلىك بولۇپ، ھېچ نەرسىنى ئاشۇرۇۋەتمىگەن، ھېچ نەرسىنى كېمەيتىۋەتمىگەن.

5. ئاللا ۋە ئاللانىڭ ئازابى توغرۇلۇق ھەربىر ئىنسانغا ۋەز-نەسىھەت قىلىش قۇرئاننىڭ مەقسىتىدۇر.

6. ئاللاتائالانى پاك دەپ ئېتىقاد قىلىش ۋە ئاللاتائالانىڭ شەنىنى ئۇلۇغلاش بايان قىلىنىدۇ.

7. ئاللاتائالاغا ئېپتىرا قىلغۇچى يالغانچىلارغا رەددىيە بېرىلىدۇ.

اٰیَاتُهَا ٤٤ (٧٠) سُوْرَةُ الْمَعَارِجِ مَكِّيَّةٌ (٧٩) رُكُوْعَاتُهَا ٢

بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيْمِ

سَاَلَ سَآئِلٌۢ بِعَذَابٍ وَّاقِعٍ ۙ﴿١﴾ لِّلْكٰفِرِيْنَ لَيْسَ
لَهٗ دَافِعٌ ۙ﴿٢﴾ مِّنَ اللّٰهِ ذِى الْمَعَارِجِ ؕ﴿٣﴾ تَعْرُجُ
الْمَلٰٓئِكَةُ وَالرُّوْحُ اِلَيْهِ فِىْ يَوْمٍ كَانَ مِقْدَارُهٗ
خَمْسِيْنَ اَلْفَ سَنَةٍ ۚ﴿٤﴾ فَاصْبِرْ صَبْرًا جَمِيْلًا ﴿٥﴾
اِنَّهُمْ يَرَوْنَهٗ بَعِيْدًا ۙ﴿٦﴾ وَّنَرٰىهُ قَرِيْبًا ؕ﴿٧﴾ يَوْمَ
تَكُوْنُ السَّمَآءُ كَالْمُهْلِ ۙ﴿٨﴾ وَتَكُوْنُ الْجِبَالُ كَالْعِهْنِ ﴿٩﴾
وَلَا يَسْئَلُ حَمِيْمٌ حَمِيْمًا ﴿١٠﴾ يُّبَصَّرُوْنَهُمْ ؕ يَوَدُّ
الْمُجْرِمُ لَوْ يَفْتَدِىْ مِنْ عَذَابِ يَوْمِئِذٍۭ بِبَنِيْهِ ۙ﴿١١﴾
وَصَاحِبَتِهٖ وَاَخِيْهِ ۙ﴿١٢﴾ وَفَصِيْلَتِهِ الَّتِىْ تُـْٔوِيْهِ ۙ﴿١٣﴾
وَمَنْ فِى الْاَرْضِ جَمِيْعًا ۙ ثُمَّ يُنْجِيْهِ ۙ﴿١٤﴾ كَلَّا ؕ
اِنَّهَا لَظٰى ۙ﴿١٥﴾ نَزَّاعَةً لِّلشَّوٰى ۚ﴿١٦﴾ تَدْعُوْا مَنْ اَدْبَرَ
وَتَوَلّٰى ۙ﴿١٧﴾ وَجَمَعَ فَاَوْعٰى ﴿١٨﴾

**تەرجىمىسى:**

## 70. سۈرە مەئارىج

مەككىدە نازىل بولغان، 44 ئايەت.

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللانىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن.

بىر تىلىگۈچى* (يەنى نەزر ئىبنى ھارىس) كاپىرلارغا چوقۇم بولىدىغان ئازابنىڭ (چۈشۈشىنى) تىلىدى [1]. ئۇ (ئازاب)نى ھېچ ئادەم قايتۇرالمايدۇ [2]. ئۇ (ئازاب) ئاسمان شوتىلىرىنىڭ ئىگىسى ئاللا تەرىپىدىن بولغان [3]. پەرىشتىلەر ۋە روھ** (يەنى جىبرىئىل) ئاللانىڭ ھۇزۇرىغا شۇنداق بىر كۈندە ئۆرلەيدۇكى، ئۇ ئۇزۇنلۇقى ئەللىك مىڭ يىللىق كېلىدۇ [4]. (ئى مۇھەممەد! قەۋمىڭنىڭ يەتكۈزگەن ئەزىيەتلىرىگە) چىرايلىقچە سەۋر قىلغىن

---

* نەزر ئىبنى ھارىس قۇرەيشنىڭ كاتتىباشلىرىدىن ئىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى ئاللانىڭ ئازابىدىن قورقۇتقان چاغدا، ئۇ مەسخىرە قىلىش يۈزىسىدىن: "ئى ئاللا، بۇ قۇرئاننىڭ ئەگەر سېنىڭ تەرىپىڭدىن نازىل بولغانلىقى ھەقىقەت بولىدىغان بولسا، ئاسماندىن بىزنىڭ ئۈستىمىزگە تاش ياغدۇرغىن، ياكى بىزنى قاتتىق ئازاب بىلەن جازالىغىن" دېگەنىدى. ئاللا ئۇنى بەدرى جېڭىدە ھالاك قىلدى. ئۇ ئەڭ قەبىھ ئەلەملىك رەۋىشتە ئۆلدى.

** جىبرىئىل پەرىشتىلەرنىڭ قاتارىدا بار بولسىمۇ، بۇ يەردە يەنە ئالاھىدە تىلغا ئېلىش ئۇنىڭ ئورنىنىڭ يۇقىرىلىقىنى ۋە ئۇنىڭ شاراپىتىنى كۆرسىتىش ئۈچۈندۇر.

[5]. ئۇلار ئۇ ئازابنى يىراق دەپ قارايدۇ [6]. بىز ئۇنى يېقىن دەپ قارايمىز [7]. ئۇ كۈندە ئاسمان ئېرىتىلگەن مىستەك بولۇپ قالىدۇ[8]. تاغلار ئېتىلغان رەڭلىك يۇڭدەك بولۇپ قالىدۇ [9]. (ھەر ئادەم ئۆز ھالى بىلەن بولۇپ قالىدىغانلىقى ئۈچۈن) دوست دوستىدىن كۆرۈپ تۇرۇپ (ھال) سورىمايدۇ، گۇناھكار ئادەم ئۆز ئورنىغا ئوغۇللىرىنى، ئايالىنى، قېرىندىشىنى ۋە ئۆزى مەنسۇپ بولغان قەۋم-قېرىنداشلىرىنى ۋە يەر يۈزىدىكى جىمى ئادەمنى بېرىپ بولسىمۇ بۇ كۈندىكى ئازابتىن قۇتۇلۇشنى ئارزۇ قىلىدۇ[10—14] ياق، ئۇ مۇقەررەر دوزاختۇر[15]. (يەنى بۇ گۇناھكار كاپىر مۇنداق ئارزۇدىن يانسۇن، پەيدا قىلىنغان ھېچقانداق نەرسە ئۇنى ئازابتىن قۇتقۇزالمايدۇ، ئۇنىڭ ئالدىدا دوزاخ يېنىپ تۇرىدۇ). (ئۇ ھارارىتىنىڭ قاتتىقلىقىدىن) باشنىڭ تېرىسىنى شىلىدۇ [16]. ئۇ (ھەقتىن) يۈز ئۆرۈپ بۇرالغان ۋە پۇل-مال يىغىپ ساقلىغان (ئۇنىڭدىن ئاللاھنىڭ ۋە مىسكىنلەرنىڭ ھەققىنى ئادا قىلمىغان)لارنى چاقىرىدۇ [17—18].

### يۇقىرىقى ئايەتلەرنىڭ ئومۇمىي مەزمۇنى:

ئاخىرەت ئەرەب مۇشرىكلىرىنىڭ چۈشىنىشى تەس بولغان ھەقىقەت ئىدى، ئاخىرەتكە ئۇلار قاتتىق قارشى تۇردى، ئۇلار ۋەدە قىلىنغان ئاخىرەت كۈنىنى كەلتۈرۈش توغرۇلۇق پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن تۈرلۈك شەكىلدە مۇنازىرىلەشتى. ئۇلارغا بۇ سۈرىدە ئۇلارغا كېلىدىغان ئازابنىڭ قاچان يۈز بېرىشىنى سورىغانلىقى، ئازابنىڭ كېلىشىنى ئالدىراتقانلىقى، شۇنىڭدەك ئازابنىڭ چوقۇم بولىدىغانلىقى ۋە ھېچ ئادەمنىڭ ئۇنى قايتۇرۇشقا قادىر

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئەمەسلىكى، چۈنكى ئۇنىڭ قۇدرەتلىك ئالىي زات ئاللاتائالا تەرىپىدىن چۈشۈرۈلىدىغانلىقى كۆرسىتىلىدۇ.

شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئاللاتائالا پەرىشتىلەر بىلەن جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاللانىڭ دەرگاھىغا ئۆرلەيدىغانلىقىنى، كاپىرلارغا چۈشىدىغان ئازابنىڭ ئۇزاقلىقى 50 مىڭ يىللىق كېلىدىغان بىر كۈندە چۈشىدىغانلىقىنى خەۋەر قىلىدۇ*.

ئاندىن ئاللاتائالا پەيغەمبەرنى ئۆز قەۋمىدىن كېلىۋاتقان ئەزىيەتلەرگە، ئۇلارنىڭ ئازابنىڭ چۈشۈشىنى ئالدىرىتىۋاتقانلىقىغا، ئازابنىڭ يۈز بېرىشىنى يىراق ساناۋاتقانلىقىغا سەۋر قىلىشقا بۇيرۇيدۇ. كۇففارلار ئازابنىڭ يۈز بېرىشىنى مۇمكىن ئەمەس، دەپ قارايدۇ، ئاللاتائالا ئازابنىڭ چۈشۈشىنى يىراق ئەمەس، دەپ قارايدۇ.

ئاندىن كېيىن ئاللاتائالا قىيامەتنىڭ دەھشىتىنى بايان قىلىپ، ئاسماننىڭ ئۆزگىرىپ ئېرىتىلگەن مىستەك بولۇپ قالىدىغانلىقىنى، تاغلارنىڭ پارچىلىنىپ، ئېتىلغان رەڭلىك يۇڭدەك بولۇپ قالىدىغانلىقىنى، ھەربىر ئادەم ئۆز ھالى بىلەن بولۇپ قالىدىغانلىقىنى، كىشى يېقىنىنى كۆرۈپ تۇرۇپ، دوست دوستىنى كۆرۈپ تۇرۇپ ئۇنىڭدىن ھال-ئەھۋال سورىيالمايدىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ.

---

* بۇ كۈن قىيامەت كۈنىدىن ئىبارەت، ئاللاتائالا ئۇ كۈنتى كۇففارلار ئۈچۈن شۇنداق ئۇزاق قىلغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بۇ كۈن نېمانچە ئۇزۇن دېيىلگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ئاللا بىلەن قەسەمكى، بۇ كۈن مۆمىن ئۈچۈن ئەڭ يېنىكتۇر، ھەتتا مۆمىن كىشى بۇ دۇنيادا ئوقۇيدىغان پەرز نامازدىن يېنىك تۇيۇلىدۇ، دېگەن.

شۇنىڭدەك، كۇففارلارغا قىيامەت كۈنىنىڭ ۋەھىمىسى قاتتىق بولىدىغانلىقى، ھەتتا ئۇلارنىڭ ھەربىرى ئۆزىنىڭ ئەڭ سۆيۈملۈك بالىسىنى، جورىسىنى، قېرىندىشىنى، جەمەتىنى ۋە زېمىندىكى ھەممە ئادەمنى بېرىپ بولسىمۇ ئۆزىنى ئازابتىن قۇتۇلدۇرۇشنى ئارزۇ قىلىدىغانلىقى، لېكىن مۇنداق بولۇشى مۇمكىن ئەمەسلىكى، ئاللا-تائالانىڭ ئايەتلىرىنى ئاڭلاشتىن يۈز ئۆرۈگەن، پەيغەمبەرنىڭ دەۋىتىنى قوبۇل قىلمىغان ۋە ئەس - يادى پۇل - مال توپلاش بىلەن بولۇپ كەتكەنلەرگە قاتتىق يېنىپ تۇرغان دوزاخنىڭ تەييارلانغانلىقى بايان قىلىنىدۇ.

مۇھىم نۇقتىلىرى:

1. مۇشرىكلارنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قارشى تۇرغانلىقى ۋە قىيامەت كۈنىنى يىراق سانىغانلىقى بايان قىلىنىدۇ.

2. قىيامەت كۈنىنىڭ كۆرۈنۈشى، شۇ كۈندە يۈز بېرىدىغان ۋەقەلەر ۋە دەھشەتلىك ئەھۋاللار تەسۋىرلىنىدۇ.

3. قىيامەت كۈنى ئازابىنىڭ بولۇشى ئېنىق ئىكەنلىكى بايان قىلىنىدۇ.

4. ئاللاتائالانىڭ يۇقىرىدا ئىكەنلىكىنى مۇقىملاشتۇرۇش ئەھلى سۈننە ۋەلجامائەنىڭ مەزھىپىدۇر.

5. ئاللاتائالانىڭ قازاسى ۋە تەقدىرىنىڭ چوقۇم ئىشقا ئاشىدىغانلىقى بايان قىلىنىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

إِنَّ الْإِنسَانَ خُلِقَ
هَلُوعًا ﴿١٩﴾ إِذَا مَسَّهُ الشَّرُّ جَزُوعًا ﴿٢٠﴾ وَإِذَا مَسَّهُ
الْخَيْرُ مَنُوعًا ﴿٢١﴾ إِلَّا الْمُصَلِّينَ ﴿٢٢﴾ الَّذِينَ هُمْ عَلَىٰ
صَلَاتِهِمْ دَائِمُونَ ﴿٢٣﴾ وَالَّذِينَ فِي أَمْوَالِهِمْ حَقٌّ
مَّعْلُومٌ ﴿٢٤﴾ لِّلسَّائِلِ وَالْمَحْرُومِ ﴿٢٥﴾ وَالَّذِينَ يُصَدِّقُونَ
بِيَوْمِ الدِّينِ ﴿٢٦﴾ وَالَّذِينَ هُم مِّنْ عَذَابِ رَبِّهِم
مُّشْفِقُونَ ﴿٢٧﴾ إِنَّ عَذَابَ رَبِّهِمْ غَيْرُ مَأْمُونٍ ﴿٢٨﴾
وَالَّذِينَ هُمْ لِفُرُوجِهِمْ حَافِظُونَ ﴿٢٩﴾ إِلَّا عَلَىٰ
أَزْوَاجِهِمْ أَوْ مَا مَلَكَتْ أَيْمَانُهُمْ فَإِنَّهُمْ غَيْرُ
مَلُومِينَ ﴿٣٠﴾ فَمَنِ ابْتَغَىٰ وَرَاءَ ذَٰلِكَ فَأُولَٰئِكَ هُمُ
الْعَادُونَ ﴿٣١﴾ وَالَّذِينَ هُمْ لِأَمَانَاتِهِمْ وَعَهْدِهِمْ
رَاعُونَ ﴿٣٢﴾ وَالَّذِينَ هُم بِشَهَادَاتِهِمْ قَائِمُونَ ﴿٣٣﴾
وَالَّذِينَ هُمْ عَلَىٰ صَلَاتِهِمْ يُحَافِظُونَ ﴿٣٤﴾ أُولَٰئِكَ
فِي جَنَّاتٍ مُّكْرَمُونَ ﴿٣٥﴾

**تەرجىمىسى:**

ئىنسان ھەقىقەتەن چىدامسىز يارىتىلدى (19). ئۇنىڭغا (يوقسۇزلۇق، ياكى كېسەللىك، يا قورقۇنچتەك) بىرەر كۆڭۈلسىزلىك

يەتكەن چاغدا، زارلانغۇچىدۇر [20]. بىرەر ياخشىلىق يەتكەن چاغدا، بېخىللىق قىلغۇچىدۇر [21]. پەقەت (تۆۋەندىكىلەر بۇنىڭدىن) مۇستەسنادۇر، ئۇلار نامازغا ھەمىشە رىئايە قىلغۇچىلاردۇر [22—23]. ئۇلار ماللىرىدىن تىلەيدىغان پېقىرغا ۋە تىلىمەيدىغان پېقىرغا مۇئەييەن ھەق (يەنى زاكات) بېرىدۇ [24—25]. ئۇلار قىيامەت كۈنىگە تەستىق قىلىدىغانلاردۇر [26]. ئۇلار پەرۋەردىگارىنىڭ ئازابىدىن قورققۇچىلاردۇر [27]. شۈبھىسىزكى، ئۇلارنىڭ پەرۋەردىگارىنىڭ ئازابى (ئاللا ئەمىن قىلغاندىن باشقا ھېچبىر ئادەم ئۈچۈن) ئەمىن بولغىلى بولمايدىغان نەرسىدۇر [28]. ئۇلار ئەۋرەتلىرىنى (ھارامدىن) ساقلىغۇچىلاردۇر [29]. پەقەت خوتۇنلىرى ۋە چۆرىلىرى بۇنىڭدىن مۇستەسنادۇر، (ئۆزلىرىنىڭ خوتۇنلىرى ۋە چۆرىلىرى بىلەن يېقىنچىلىق قىلغانلار) مالامەت قىلىنمايدۇ [30]. (جىنسىي تەلەپنى قاندۇرۇشنى) بۇنىڭ سىرتىدىن تىلىگۈچىلەر ھەددىدىن ئاشقۇچىلاردۇر [31]. ئۇلار ئۆزلىرىگە تاپشۇرۇلغان ئامانەتلەرگە ۋە بەرگەن ئەھدىگە رىئايە قىلغۇچىلاردۇر [32]. ئۇلار توغرا گۇۋاھلىق بەرگۈچىلەردۇر [33]. ئۇلار نامىزىنى ئادا قىلغۇچىلاردۇر [34]. ئەنە شۇلار جەننەتلەردە ھۆرمەت قىلىنغۇچىلاردۇر [35].

## يۇقىرىقى ئايەتلەرنىڭ ئومۇمىي مەزمۇنى:

دىلى ئىماندىن خالىي بولغان ئادەم خاتىرجەملىكنى يوقىتىدۇ، ئۇنىڭغا كېسەللىك ياكى نامراتلىق ۋە بىرەر كۆڭۈلسىزلىك يەتسە، ئۇ ئۈمىدسىزلىنىپ قايغۇرۇپ كېتىدۇ، ئاللاتائالا ئۇنىڭغا پاراۋان تۇرمۇش، ساقلىق، نوپۇز قاتارلىق نەرسىلەرنى مۇيەسسەر قىلسا، ئۇ

ئارتۇق ھېلىنى خەير-ئېھسان قىلىشقا بېخىللىق قىلىدۇ، ئاللانىڭ مالدىكى ھەققىنى ئادا قىلمايدۇ، ھەددىدىن ئاشىدۇ. ياخشى خىسلەتلەرگە ۋە پەزىلەتلەرگە ئىگە بولۇپ، يامان خىسلەتلەردىن خالىي بولغان كىشىلەرنى ئاللاتائالا بۇلاردىن مۇستەسنا قىلىدۇ. بۇنداق كىشىلەر پەرز نامازلىرىنى ناھايىتى خۇشۇئ ۋە خۇزۇئ بىلەن داۋاملىق ئادا قىلىدۇ، * ئۇلارنىڭ پەرۋەردىگارى بىلەن بولغان ئالاقىسى ئۈزۈلمەيدۇ. ئاللاتائالانىڭ پۇل-مال نېمىتىگە ئېرىشكەنلەر پەرز بولغان زاكاتىنى تىلەيدىغان ۋە تىلىمەيدىغان پېقىرلەرگە بېرىدۇ. ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىشكە ئىشىنىدىغانلار ئاللادىن قورقىدۇ، ھېچ كىشى ئەمىن بولالمايدىغان ئاللانىڭ ئازابىدىن قورقىدۇ، جىنسىي ئالاقىدە شەرىئەتنىڭ يولىدىن چىقمايدۇ، ئەۋرەتلىرىنى ھارامدىن ساقلايدۇ، ئۆزىنىڭ خوتۇنلىرى ۋە چۆرىلىرىدىن باشقىلار بىلەن بىللە بولمايدۇ. بۇنىڭدىن ھالقىپ كەتكەنلەر تاجاۋۇز قىلغۇچىلار ۋە ھەددىدىن ئاشقۇچىلاردۇر.

ئامانەتلەرنى ئۆز ئىگىلىرىگە قايتۇرۇش، ئەھدىگە ۋاپا قىلىش، ئاللانىڭ ھەقلىرىگە رىئايە قىلىش، ئاللانىڭ شەرئىي بويىچە ئىش قىلىش، توغرا گۇۋاھلىق بېرىش مۆمىنلەردە بولۇشقا تېگىشلىك بولغان ئاللا مەدھىيىلىگەن سۈپەتلەردۇر.

ئالدىدا مۆمىنلەر نامازنى داۋاملاشتۇرىدۇ دەپ سۈپەتلىگەن

* ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: "ئاللا ئۈچۈن ئەمەللەرنىڭ ئەڭ ياخشىسى ئاز بولسىمۇ دائىملىق بولغۇنىدۇر." ھەزرىتى ئائىشە يەنە مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىرەر ئىشنى قىلسىلا ئۇنى داۋاملاشتۇراتتى.

بولسا، ئاخىرىدا نامازنى ئادا قىلىدۇ دەپ سۈپەتلىشى نامازنىڭ شەرىپىنىڭ چوڭلۇقىنى كۆرسىتىش ئۈچۈندۇر. ئاندىن ئاللاتائالا يۇقىرىقى سۈپەتكە ئىگە مۆمىنلەرنى جەننەتتە، كۆزى كۆرمىگەن، قۇلاق ئاڭلىمىغان، ئىنساننىڭ خىيالىغا كەلمىگەن نازۇنېمەتلەر بىلەن ھۆرمەتلەيدىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ.

**دۇھىم نۇقتىلىرى:**

1. ئىنساننىڭ تەبىئىتىگە چىدامسىزلىق ۋە زارلىنىش سىڭىپ كەتكەن بولىدۇ.

2. ئاللاغا ئىمان ئېيتىش دىلىغا ئارام بەخش ئېتىدىغانلىقى، ئاللاغا بولغان ئىشەنچنى كۈچەيتىدىغانلىقى بايان قىلىنىدۇ.

3. نامازغا ۋە نامازنى ئادا قىلىشقا تەرغىب قىلىنىدۇ.

4. مۇسۇلمانلار ئۆزلەشتۈرۈشكە تېگىشلىك ياخشى سۈپەتلەر سۆزلىنىدۇ.

5. زاكاتنىڭ ۋە ئۇنى تېگىشلىك ئادەمگە بېرىشنىڭ پەرزلىكى بايان قىلىنىدۇ.

6. ئاللادىن قورقۇش مۆمىنلەرنىڭ سۈپىتى ھېسابلىنىدۇ.

7. قىيامەت كۈنى ئازاب چوقۇم يۈز بېرىدۇ.

8. ئەھدىگە ۋاپا قىلىشنىڭ لازىم.

9. ئاللانىڭ كۆرسەتكىنى بويىچە گۇۋاھلىق بېرىشنىڭ لازىم.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

فَمَالِ الَّذِيْنَ كَفَرُوْا
قِبَلَكَ مُهْطِعِيْنَ ﴿٣٦﴾ عَنِ الْيَمِيْنِ وَعَنِ الشِّمَالِ
عِزِيْنَ ﴿٣٧﴾ اَيَطْمَعُ كُلُّ امْرِئٍ مِّنْهُمْ اَنْ يُّدْخَلَ جَنَّةَ
نَعِيْمٍ ﴿٣٨﴾ كَلَّا ۭ اِنَّا خَلَقْنٰهُمْ مِّمَّا يَعْلَمُوْنَ ﴿٣٩﴾ فَلَآ
اُقْسِمُ بِرَبِّ الْمَشٰرِقِ وَالْمَغٰرِبِ اِنَّا لَقٰدِرُوْنَ ﴿٤٠﴾ عَلٰٓى
اَنْ نُّبَدِّلَ خَيْرًا مِّنْهُمْ ۙ وَمَا نَحْنُ بِمَسْبُوْقِيْنَ ﴿٤١﴾
فَذَرْهُمْ يَخُوْضُوْا وَيَلْعَبُوْا حَتّٰى يُلٰقُوْا يَوْمَهُمُ
الَّذِيْ يُوْعَدُوْنَ ﴿٤٢﴾ يَوْمَ يَخْرُجُوْنَ مِنَ الْاَجْدَاثِ
سِرَاعًا كَاَنَّهُمْ اِلٰى نُصُبٍ يُّوْفِضُوْنَ ﴿٤٣﴾ خَاشِعَةً
اَبْصَارُهُمْ تَرْهَقُهُمْ ذِلَّةٌ ۭ ذٰلِكَ الْيَوْمُ الَّذِيْ
كَانُوْا يُوْعَدُوْنَ ﴿٤٤﴾

تەرجىمىسى:

(ئى مۇھەممەد) كاپىرلارغا نېمە بولدىكىن، ئۇلار سەن تەرەپكە تېز كېلىشىپ، ئوڭ ـ سول تەرىپىڭدە توپ ـ توپ بولۇپ ئولتۇرۇشىدۇ (37—36). ئۇلاردىن ھەربىر ئادەم نازۇنېمەتلىك جەننەتكە كىرگۈزۈلۈشنى تەمە قىلامدۇ؟ (38) ياق (يانى ئۇلار جەننەتكە مەڭگۈ كىرەلمەيدۇ). شۈبھىسىزكى، بىز ئۇلارنى ئۇلار بىلىدىغان نەرسىلەردىن ياراتتۇق (39). مەشرىقلارنىڭ ۋە مەغرىبلەرنىڭ

پەرۋەردىگارى بىلەن قەسەمكى، ئۆلارنى ئۆلاردىن ياخشىراق ئادەملەر بىلەن ئالماشتۇرۇشقا (يەنى ئۆلارنى هالاك قىلىپ ئورنىغا ئۆلاردىن ئارتۇق ۋە ئاللاغا ئىتائەتچان بىر قەۋمنى كەلتۇرۇشكە) بىز ئەلۋەتتە قادىرمىز، بىز (بۇنىڭدىن) ئاجىز ئەمەسمىز [40—41].

(ئى مۇھەممەد) ئۆلارنى قويۇۋەتكىن، تاكى ئۆلار ۋەدە قىلىنغان كۈنگە مۇلاقات بولغانغاقەدەر (باتىلغا) چۆمسۇن، (دۇنياسىدا) ئوينىسۇن [42]. ئۇ كۈندە ئۆلار قەبرىلىرىدىن چىقىپ، خۇددى تىكلەپ قويغان بۇتلىرىغا قاراپ يۈگۈرگەندەك (مەھشەرگاھقا) يۈگۈرىدۇ [43]. ئۆلار (ئاللادىن ئۇيىلىپ) يۇقىرى قارىيالمايدۇ، ئۆلارنى خورلۇق ئورىۋالىدۇ، ئەنە شۇ ئۆلارغا ۋەدە قىلىنغان كۈندۇر [44].

## يۇقىرىقى ئايەتلەرنىڭ ئومۇمىي مەزمۇنى:

بۇ ئايەتلەردە كۇففارلارنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام بىلەن بولغان ئەهۋالى بايان قىلىنىدۇ. كۇففارلارنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ ئالدىغا ئالدىراپ بىرىپ، ئوڭ ۋە سول تەرىپىدە توپ ـ توپ بولۇپ تۇرۇشى ئەيىبلىنىدۇ. ئاللاتائالا ئۆلارنىڭ كاپىر تۇرۇپ جەننەتنىڭ نېمەتلىرىنى ئۈمىد قىلىشتىن ئىبارەت خاتالىقلىرىنى ئەيىبلەيدۇ، ئۆلارنى خۇددى ئادەم بالىلىرىنى ئابىي مەنىدىن خەلق ئەتكەندەك خەلق ئەتكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ، ئەسلى يارىتىلىشتا ئۆلارنىڭ مۆمىنلەر بىلەن ئوخشاش يارىتىلغانلىقى ئۈچۈنلا مۆمىنلەردىن بۇرۇن جەننەتكە كىرىش توغرىسىدىكى دەۋاسى رەت قىلىنىدۇ. چۈنكى ئارتۇقلۇق پەقەت ئىمان بىلەن بولىدۇ، هالبۇكى ئۆلار مۆمىن ئەمەستۇر.

ئاندىن زېمىننىڭ شەرقىنىڭ ۋە غەربىنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئاللاتائالا ئۇلارنى هالاك قىلىشقا، ئۆزىنىڭ ئەمر ـ پەرمانلىرىنى ئېخمۇ ئوبدان بەجا كەلتۈرىدىغان، پەيغەمبىرىنىڭ دەۋىتىگە ئاۋاز قوشىدىغان باشقا بىر جامائەنى ئۇلارنىڭ ئورنىغا كەلتۈرۈشكە قادىر ئىكەنلىكىگە ئۆزى بىلەن قەسەم ئىچىدۇ، بۇنداق قىلىشتىن ئاللا ئاجىز ئەمەس. چۈنكى ئاللانىڭ ئەمرى ئىجرا قىلىنىدۇ "ئاللا خالىغان نەرسە بولىدۇ، خالىمىغان نەرسە بولمايدۇ."

ئاندىن كېيىن ئاللاتائالا پەيغەمبىرىنى كۇففارلارغا ۋەدە قىلىنغان قىيامەتكە مۇلاقات بولغانغا قەدەر، ئۇلارنىڭ سۆزلىرىگە پەسەنت قىلماسلىققا، ئۇلارنى ئويۇن ـ كۈلكە ۋە قايمۇقۇش ھالىتىدە قويۇپ بېرىشكە ئەمر قىلدى. كۇففارلار قىيامەتتە ھېساب ـ كىتاب قىلىنىپ جازاغا تارتىلىدۇ، ئۇلار گويا بۇت بار تەرەپكە كېتىپ بارغاندەك، يەرگە قاراپ خارلانغان ھالدا قەبرىلىرىدىن تېزلىك بىلەن كېلىدۇ.

**ەۋھىم نۇقتىلىرى:**

1. كۇففارلارنىڭ مۆمىنلەرنى كۈتۈپ تۇرۇشى ۋە ئۇلارنىڭ ھىيلە ـ نەيرەڭ ئىشلىتىشى بايان قىلىنىدۇ.

2. كىشىلەرنىڭ بىر ـ بىرىدىن ئارتۇق بولۇشى ئابروي، ھوقۇق بىلەن ئەمەس، بەلكى پەقەت ئىمان بىلەنلا بولىدۇ.

3. ئاللاتائالانىڭ ئۆز ۋەدىسىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا قادىر ئىكەنلىكى ئەسكە سېلىنىدۇ.

4. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئۇنىڭ ۋەزىپىسىنىڭ تەبلىغ ئىكەنلىكى بىلەن تەسەللىي بېرىلىدۇ ۋە ئۇ خاتىرجەم قىلىنىدۇ.

5. كۇففارلارنىڭ ھىيلە ـ مىكىر ئىشلىتىشىنىڭ ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى كۆزگە ئىلماسلىقلىرىنىڭ شەكلى بايان قىلىنىدۇ.

بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيْمِ ○

اِنَّآ اَرْسَلْنَا نُوْحًا اِلٰى قَوْمِهٖٓ اَنْ اَنْذِرْ قَوْمَكَ مِنْ
قَبْلِ اَنْ يَّاْتِيَهُمْ عَذَابٌ اَلِيْمٌ ۝۱ قَالَ يٰقَوْمِ
اِنِّيْ لَكُمْ نَذِيْرٌ مُّبِيْنٌ ۝۲ اَنِ اعْبُدُوا اللّٰهَ وَاتَّقُوْهُ
وَاَطِيْعُوْنِ ۝۳ يَغْفِرْ لَكُمْ مِّنْ ذُنُوْبِكُمْ وَيُؤَخِّرْكُمْ اِلٰٓى
اَجَلٍ مُّسَمًّى ؕ اِنَّ اَجَلَ اللّٰهِ اِذَا جَآءَ لَا يُؤَخَّرُ ۘ
لَوْ كُنْتُمْ تَعْلَمُوْنَ ۝۴ قَالَ رَبِّ اِنِّيْ دَعَوْتُ قَوْمِيْ
لَيْلًا وَّنَهَارًا ۝۵ فَلَمْ يَزِدْهُمْ دُعَآءِيْٓ اِلَّا فِرَارًا ۝۶
وَاِنِّيْ كُلَّمَا دَعَوْتُهُمْ لِتَغْفِرَ لَهُمْ جَعَلُوْٓا اَصَابِعَهُمْ
فِيْٓ اٰذَانِهِمْ وَاسْتَغْشَوْا ثِيَابَهُمْ وَاَصَرُّوْا وَاسْتَكْبَرُوا
اسْتِكْبَارًا ۝۷ ثُمَّ اِنِّيْ دَعَوْتُهُمْ جِهَارًا ۝۸ ثُمَّ اِنِّيْٓ
اَعْلَنْتُ لَهُمْ وَاَسْرَرْتُ لَهُمْ اِسْرَارًا ۝۹ فَقُلْتُ
اسْتَغْفِرُوْا رَبَّكُمْ ؕ اِنَّهٗ كَانَ غَفَّارًا ۝۱۰ يُّرْسِلِ السَّمَآءَ
عَلَيْكُمْ مِّدْرَارًا ۝۱۱ وَّيُمْدِدْكُمْ بِاَمْوَالٍ وَّبَنِيْنَ وَ
يَجْعَلْ لَّكُمْ جَنّٰتٍ وَّيَجْعَلْ لَّكُمْ اَنْهٰرًا ۝۱۲ مَا لَكُمْ
لَا تَرْجُوْنَ لِلّٰهِ وَقَارًا ۝۱۳ وَقَدْ خَلَقَكُمْ اَطْوَارًا ۝۱۴

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

أَلَمْ تَرَوْا كَيْفَ خَلَقَ اللَّهُ سَبْعَ سَمَٰوَٰتٍ طِبَاقًا ﴿١٥﴾
وَجَعَلَ الْقَمَرَ فِيهِنَّ نُورًا وَجَعَلَ الشَّمْسَ سِرَاجًا ﴿١٦﴾
وَاللَّهُ أَنْبَتَكُمْ مِنَ الْأَرْضِ نَبَاتًا ﴿١٧﴾ ثُمَّ يُعِيدُكُمْ
فِيهَا وَيُخْرِجُكُمْ إِخْرَاجًا ﴿١٨﴾ وَاللَّهُ جَعَلَ لَكُمُ
الْأَرْضَ بِسَاطًا ﴿١٩﴾ لِتَسْلُكُوا مِنْهَا سُبُلًا فِجَاجًا ﴿٢٠﴾

تەرجىمىسى:

71. سۈرە نۇھ

مەككىدە نازىل بولغان، 28 ئايەت.

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن.

بىز ھەقىقەتەن نۇھنى قەۋمىگە: "قەۋمىڭگە قاتتىق ئازاب (يەنى دۇنيادىكى چاغلىرىدا توپان بالاسى، ئاخىرەتتە دوزاخ ئازابى) كېلىشتىن بۇرۇن ئاگاھلاندۇرغىن" دەپ ئەۋەتتۇق[1]. نۇھ ئېيتتى: "ئى قەۋمىم! مەن ھەقىقەتەن سىلەرگە (ئەۋەتىلگەن) ئاشكارا ئاگاھلاندۇرغۇچىمەن[2]. ئاللاغا ئىبادەت قىلىڭلار، ئۇنىڭدىن قورقۇڭلار ۋە ئاللاغا ئىتائەت قىلىڭلار[3]. ئۇ بەزى گۇناھىڭلارنى مەغپىرەت قىلىدۇ، سىلەرنى مۇئەييەن مۇددەتكىچە كېچىكتۈرىدۇ (يەنى ئۆمرۈڭلارنى ئۇزۇن قىلىدۇ)، شۈبھىسىزكى، ئەگەر بىلسەڭلار، ئاللاھنىڭ (ئىنسانغا بېكىتكەن) ئەجىلى كەلگەن چاغدا (ئەجەل)

كېچىكتۈرۈلمەيدۇ"[4]. ئۇھ ئېيتتى: "پەرۋەردىگارىم! مەن ھەقىقەت-
تەن قەۋمىمنى كېچە-كۈندۈز (ئىمانغا) دەۋەت قىلدىم[5]. مېنىڭ
دەۋىتىم ئۇلارنى تېخىمۇ قاچۇرۇۋەتتى[6]. مەن ئۇلارنى سېنىڭ
مەغپىرىتىڭگە ئېرىشسۇن دەپ، ھەرقاچان دەۋەت قىلسام، (دەۋىتىمنى
ئاڭلىماسلىق ئۈچۈن) بارماقلىرىنى قۇلاقلىرىغا تىقىۋالدى، (سۆزۈمنى
ئاڭلىماسلىق ياكى مېنى كۆرمەسلىك ئۈچۈن) كىيىملىرى بىلەن
باشلىرىنى چۈمكىۋالدى، كۇفرىدا چىڭ تۇردى، چوڭچىلىق قىلىپ
(ئىماندىن) تېخىمۇ باش تارتتى[7]. ئاندىن مەن ئۇلارنى توۋلاپ
دەۋەت قىلدىم[8]. ئاندىن ئۇلارنى ئاشكارا دەۋەت قىلدىم ۋە
يوشۇرۇن دەۋەت قىلدىم[9]. (ئۇلارغا) ئېيتتىم: "پەرۋەردىگارىڭ-
لاردىن مەغپىرەت تىلەڭلار، ئۇ ھەقىقەتەن مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر
[10]. ئۇ سىلەرگە مول يامغۇر ياغدۇرۇپ بېرىدۇ[11]. سىلەرنىڭ
ماللىرىڭلارنى ۋە ئوغۇللىرىڭلارنى كۆپەيتىپ بېرىدۇ، سىلەرگە
باغلارنى، ئۆستەڭلارنى ئاتا قىلىدۇ[12]. نېمە ئۈچۈن سىلەر ئاللا-
نىڭ بۈيۈكلۈكىدىن قورقمايسىلەر؟[13]. ھالبۇكى، ئاللا سىلەرنى
بىرقانچە باسقۇچقا بۆلۈپ ياراتتى[14].. سىلەر كۆرمىدىڭلارمىكىن،
ئاللا قانداق قىلىپ يەتتە ئاسماننى بىرىنىڭ ئۈستىدە بىرىنى قىلىپ
ياراتتى[15]. ئاينى* ئۇلاردا (يەنى دۇنيانىڭ ئاسمىنىدا) نۇر

* «سەفۋەتۇتتە فاسىر»دا مۇنداق دېيىلىدۇ: ئاي يەر شارىغا ئەڭ يېقىن پلانېتا ئىكەن، ئاللاتائالا قۇرئان كەرىمدە پلانېتىلارنى ئاسماننىڭ زىننىتى قىلغانلىقىنى بايان قىلغان ئىكەن. ئىنسانلارنىڭ ئاي شارىغا چىقالىشى يىراق سانالمىدىغان ئىش ئەمەس. يەنىمۇ بۇنىڭ مۇمكىن-لىكىنى ئىسپاتلىدى. ئەمەلدىمۇ سۈنئىي ھەمراھ ئاي شارىغا يېتىپ باردى. پلانېتىلارنى ۋە ھاۋا بوشلۇقىنى بويسۇندۇرۇشتا دىنىي جەھەتتىن ھېچقانداق توسقۇنلۇق يوق.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قىلدى، كۈننى (نۇر چاچقۇچى) چىراغ قىلدى[16]. ئاللا سىلەرنى زېمىندىن ياراتتى (چۈنكى ئاتاڭلار ئادەمنى تۇپراقتىن ياراتقانىدى) [17]. ئاندىن ئاللا سىلەرنى (ئۆلگەندىن كېيىن) زېمىنغا قايتۇرىدۇ، (يەنى زېمىندا دەپنە قىلىنىسىلەر) ئاندىن سىلەرنى (قىيامەت كۈنى) زېمىندىن چىقىرىدۇ[18]. زېمىندا كەڭ يوللاردا مېڭىشىڭلار ئۈچۈن، ئاللا سىلەرگە زېمىننى بىسات قىلىپ بەردى" [19–20].

**يۇقىرىقى ئايەتلەرنىڭ ئومۇمىي مەزمۇنى:**

ئاللانىڭ ئىنسانلارنى ۋە جىنلارنى يارىتىشتىكى مەقسىتى ئۇلارغا ئاللانىڭ بىرلىكىنى تونۇتۇش ئۈچۈندۇر. ئاللاتائالا ئۆزىگە بولغان ئېتىقادنى تۇرغۇزۇش ئۈچۈن ھەربىر ئۈممەتكە پەيغەمبەر ئەۋەتىش بىلەن، بەندىلىرىدە شۇ ئەقىدىنىڭ بولۇشىنى لازىم تاپقان. نۇھ ئەلەيھىسسالام قەۋمى توغرا يولدىن ئېزىپ كەتكەندىن كېيىن، ئاللا ئۇنى قەۋمىگە ئەۋەتكەن تۇنجى پەيغەمبەردۇر. ئاللاتائالا نۇھ ئەلەيھىسسالامنى ئاللانىڭ ئازابى قەۋمىگە چۈشۈشتىن بۇرۇن ئۇلارنى ئاگاھلاندۇرۇشقا ۋە قورقۇتۇشقا بۇيرۇغان، ئاندىن نۇھ ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا يالغۇز ئاللاغا ئىبادەت قىلىش، ئاللاغا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەسلىك، ئاللاغا تەقۋادار بولۇش، توغرا يولدا مېڭىش ۋە پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىشتىن ئىبارەت دەۋىتىنىڭ ھەقىقىتىنى يەتكۈزگەن. ئاللاتائالا بۇ دەۋەتكە ئاۋاز قوشقانلارغا ئۇلارنى مەغپىرەت قىلىشنى، ئۆتكەن گۇناھلىرىنى كەچۈرۈشنى، ئۇلاردىن ئېلىنىدىغان ھېسابنى ئاخىرەتتىن ئىبارەت مەلۇم مۇددەتكىچە كېچىكتۈرۈشنى، بۇ دۇنيادا ئۇلارنى يىلتىزى بىلەن قۇرۇتىدىغان ئازاب بىلەن جازالىماسلىقنى ۋەدە قىلغان،

شۇنىڭدەك ئاندىن ئاللاتائالا ئۇلارغا ۋەدە قىلىنغان مۇددەتنىڭ چوقۇم يېتىپ كېلىدىغانلىقىنى، دۇنيانىڭ ئازابىغا ئوخشاش كېچىكمەيدىغانلىقىنى بايان قىلغان.

ئاندىن نۇھ ئەلەيھىسسالام پەرۋەردىگارىنىڭ ئەمرىگە ئاۋاز قوشۇش يۈزىسىدىن، قەۋمىنى ئىمانغا ھىدايەت قىلىشقا ھېرىس بولغانلىقىدىن، دىنغا دەۋەت قىلىش يولىدا كېچە-كۈندۈز چىداملىق كۆرسىتىپ، ئۈزۈلدۈرمەي شانلىق تىرىشچانلىقلار كۆرسەتتى، لېكىن ئۇنىڭ تىرىشچانلىقلىرى قەۋمىنى ھەقتىن تېخىمۇ يىراقلاشتۇردى، ئىماندىن تېخىمۇ ئۈركۈتتى، ھەتتا ئۇلار نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزىنى ئاڭلىماسلىق ئۈچۈن بارماقلىرى بىلەن قۇلاقلىرىنى ئېتىۋالدى، نۇھ ئەلەيھىسسالامنى كۆرمەسلىك ئۈچۈن كىيىملىرى بىلەن يۈزلىرىنى چۈمكىۋالدى. كۇفرىدا چىڭ تۇردى، ھەققە ئەگىشىشتىن باش تارتتى. نۇھ ئەلەيھىسسالام ھارماي-تالماي مۇشۇنداق دەۋەت قىلىش بىلەن شۇغۇللاندى، تۈرلۈك دەۋەت ئۇسۇللىرىنى قوللاندى، گاھى ئاشكارا دەۋەت قىلسا، گاھى يوشۇرۇن دەۋەت قىلدى، ئۇلارنىڭ ھەربىرىنى ئايرىم دەۋەت قىلدى، ئاندىن ئۇلارغا دەۋەتنى قوبۇل قىلسا دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ ياخشىلىقلىرىغا ئېرىشىدىغانلىقلىرىنى ئېيتىپ، ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى يۇمشاتماقچى بولدى، يالغۇز ئاللاغا ئىبادەت قىلىشقا ئۈندەش، ئۆتكەنكى گۇناھلىرىغا مەغپىرەت تەلەپ قىلىشتىن ئىبارەت بولغان دەۋىتىگە ئۇلارنىڭ ئىتائەت قىلىشىنى تەلەپ قىلدى. ئۇلارغا ئاللاتائالانىڭ مەغپىرەت قىلىدىغانلىقىنى، مول يامغۇر ياغدۇرۇپ بېرىدىغانلىقىنى، كۆپ مال-مۈلۈك ۋە نۇرغۇن بالا-چاقا ئاتا قىلىدىغانلىقىنى، ئۇلارغا باغلارنى بەرپا قىلىپ بېرىدىغانلىقىنى،

www.uyghurkitap.com

ئۈستەڭلارنى ئاققۇزۇپ بېرىدىغانلىقىنى ۋەدە قىلدى.

شۇنىڭ بىلەن بىرۋاقىتتا نۇھ ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ دىققىتىنى ئاللانىڭ بۈيۈكلۈكىنى ۋە ئۇلارنى يوقتىن بار قىلىپ تۆرلۈك باسقۇچلارغا بۆلۈپ بىجىرىم ئىنسان قىلىپ ياراتقانلىقىدىن ئىبارەت كامال قۇدرىتىنى كۆزىتىشكە قاراتتى. شۇنىڭدەك ئۇلارنى ئاللاتائالانىڭ ئاسمانلارنى بىر-بىرىنىڭ ئۈستىدە قىلىپ ياراتقانلىقىنى، ئاينى ئاسماندا نۇر قىلىپ، كۈننى ھەممىنى يورۇتىدىغان چىراغ قىلىپ ياراتقانلىقىنى تەپەككۇر قىلىشقا، شۇنىڭدەك يۇقىرىقىلارغا ئاللانىڭ كامال قۇدرىتىنى ۋە ھۈنىرىنىڭ ئۈستۈنلۈكىنى، ئاللانىڭ ئىبادەت قىلىنىشقا تېگىشلىك ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدىغان دەلىل سۈپىتىدە قاراشقا ئۈندىدى.

ئاندىن كېيىن نۇھ ئەلەيھىسسالام ئۆز قەۋمىنىڭ دىققىتىنى ئۆزلىرىنىڭ زېمىندىن پەيدا بولغانلىقىغا*، ئۆلگەندىن كېيىن يەنە شۇ زېمىنغا قايتىدىغانلىقىنى چۈشىنىشكە قاراتتى، بۇ ئۇلارنىڭ قىيامەتتە قايتا تىرىلىش بىلەن زېمىننىڭ قوينىدىن چىقىدىغانلىقلىرىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن ئىدى. نۇھ ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا ئاللانىڭ ئۇلارغا بەرگەن نېمىتىنى، زېمىن ئۈستىدە ئۇلارغا ياشاشنى ئاسانلاشتۇرۇپ بەرگەنلىكىنى، زېمىننى ئۇلارنىڭ مېڭىشىغا، ئۇلارنىڭ تىرىكچىلىك قىلىشىغا ۋە ئۇلارنىڭ يۆتكىلىپ يۈرۈشىگە بويسۇندۇرۇپ بەرگەنلىكىنى ئەسلىتىپ ئۆتتى.

* يەنى سىلەرنىڭ ئاتاڭلار ئادەم ئەلەيھىسسالامنى تۇپراقتىن ياراتتى، سىلەر ئوزۇقلىنىدىغان ئۆسۈملۈكلەر تۇپراقتىن ئۈنۈپ چىقىدۇ ۋە ئۇنى تۇپراق يېتىشتۈرىدۇ، ۋاپات بولغىنىڭلاردىن كېيىن تۇپراق ئاستىغا كۆمۈلىسىلەر.

مۇھىم نۇقتىلىرى:

1. پەيغەمبەرلەرنى ئىبەرتىشتىن مەقسەت ئاللانى بىر دەپ بىلىش ۋە ئاللاغا قىلىنىدىغان تائەت-ئىبادەتنى كۆرسىتىپ بېرىشتىن ئىبارەت ئىكەنلىكى بايان قىلىنىدۇ.

2. ياخشى ئەمەل ئۆمۈرنى ئۇزۇن قىلىدۇ.

3. ئاللاغا دەۋەت قىلىش ئۇسۇللىرىنىڭ خىلمۇخىل بولۇشىنىڭ دەۋەتنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىغا ۋە قوبۇل قىلىنىشىغا سەۋەب بولغانلىقى بايان قىلىنىدۇ.

4. نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى بىلەن بولغان قىسسىسى ئاللاغا، ئاللانىڭ يولىغا شۇ بويىچە دەۋەت قىلماقچى بولغان ئادەمگە ئۇنىڭ روشەن سۈرىتىنى سىزىپ بېرىدۇ.

5. ئاللانىڭ شەرىئىتى بىلەن ئىش قىلىش كىشىنى زېمىندا بەرقارارلىققا، پاراۋانلىققا ئىگە قىلىدۇ.

6. رىزىق تەلەپ قىلىش يولىدا زېمىندا سەير قىلىشقا تەرغىب قىلىنىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

قَالَ نُوحٌ رَّبِّ إِنَّهُمْ عَصَوْنِي وَاتَّبَعُوا مَن لَّمْ
يَزِدْهُ مَالُهُ وَوَلَدُهُ إِلَّا خَسَارًا ﴿٢١﴾ وَمَكَرُوا
مَكْرًا كُبَّارًا ﴿٢٢﴾ وَقَالُوا لَا تَذَرُنَّ آلِهَتَكُمْ وَلَا
تَذَرُنَّ وَدًّا وَلَا سُوَاعًا وَلَا يَغُوثَ وَيَعُوقَ
وَنَسْرًا ﴿٢٣﴾ وَقَدْ أَضَلُّوا كَثِيرًا وَلَا تَزِدِ
الظَّالِمِينَ إِلَّا ضَلَالًا ﴿٢٤﴾ مِّمَّا خَطِيئَاتِهِمْ أُغْرِقُوا
فَأُدْخِلُوا نَارًا فَلَمْ يَجِدُوا لَهُم مِّن دُونِ
اللَّهِ أَنصَارًا ﴿٢٥﴾ وَقَالَ نُوحٌ رَّبِّ لَا تَذَرْ عَلَى
الْأَرْضِ مِنَ الْكَافِرِينَ دَيَّارًا ﴿٢٦﴾ إِنَّكَ إِن
تَذَرْهُمْ يُضِلُّوا عِبَادَكَ وَلَا يَلِدُوا إِلَّا فَاجِرًا
كَفَّارًا ﴿٢٧﴾ رَّبِّ اغْفِرْ لِي وَلِوَالِدَيَّ وَلِمَن دَخَلَ
بَيْتِيَ مُؤْمِنًا وَلِلْمُؤْمِنِينَ وَالْمُؤْمِنَاتِ وَلَا تَزِدِ
الظَّالِمِينَ إِلَّا تَبَارًا ﴿٢٨﴾

**تەرجىمىسى:**

نۇھ ئېيتتى: "پەرۋەردىگارىم! ئۇلار ھەقىقەتەن ماڭا ئاسىيلىق قىلدى، مېلىغا، بالىسىغا ۋە ئۆزلىرىگە زىياندىن باشقىنى زىيادە قىلمىغان كىشىلەرگە (يەنى بايلىرىغا، كاتتىباشلىرىغا) ئەگەشتى[21].

ئۇلار (يەنى كاتتىباشلار ماڭا چىنپۇتمىدى، ماڭا ۋە ماڭا ئەگەشكەنلەرگە ئەزىيەت يەتكۈزۈپ) چوڭ ھىيلە تۈزدى [22]. ئۇلار: 'مەبۇدلىرىڭلارنى ھەرگىز تەرك ئەتمەڭلار، ۋەددنى، سۇۋائىنى، يەغۇسنى، يەئۇقنى ۋە نەسرىنى ھەرگىز تەرك ئەتمەڭلار' دېدى[23]. ئۇلار ھەقىقەتەن نۇرغۇن كىشىلەرنى ئازدۇردى، زالىملارنى تېخىمۇ گۇمراھ قىلغىن"[24]. ئۇلار گۇناھلىرى تۈپەيلىدىن (توپان بىلەن) غەرق قىلىندى، دوزاخقا كىرگۈزۈلدى، ئۇلار ئۆزلىرى ئۈچۈن ئاللادىن باشقا ھېچقانداق ياردەمچى تاپالمىدى [25]. نۇھ ئېيتتى: "پەرۋەردىگارىم! يەر يۈزىدە كاپىرلارنىڭ بىرىنىمۇ قويمىغىن[26]. ئەگەر ئۇلارنى قويساڭ، شۈبھىسىزكى، بەندىلىرىڭنى ئازدۇرىدۇ، ئۇلارنىڭ تاپقان بالىلىرىمۇ پەقەت فاجىر، كاپىر بولىدۇ*[27]. پەرۋەردىگارىم! ماڭا، ئاتا-ئانامغا، مېنىڭ ئۆيۈمگە مۆمىن بولۇپ كىرگەن كىشىگە ۋە مۆمىن ئەرلەرگە، مۆمىن ئاياللارغا مەغپىرەت قىلغىن، زالىملارغا پەقەت ھالاكەتنى زىيادە قىلغىن"[28].

---

* نۇھ ئەلەيھىسسالام، قەۋمى ئارىسىدا 950 يىل ياشاش جەريانىدا ئۇلارنىڭ مىجەزى ۋە خاراكتېرىنى ئوبدان ئىگەللىگەن ۋە تەجرىبە قىلىپ كۆرگەنىدى. ئۇنىڭ قەۋمىدىكىلەر ئۆز بالىلىرىنى نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بېرىپ: "بالام، بۇ ئادەم كەززاپ، دادام ماڭا مۇشۇنداق تەۋسىيە قىلغان" دەيتتى. ئۇلارنىڭ چوڭلىرى ئۆلۈپ، كىچىكلىرى مۇشۇ ئەقىدە بويىچە چوڭ بولاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن نۇھ ئەلەيھىسسالام: "ئۇلارنىڭ تاپقان بالىلىرىمۇ پەقەت فاجىر، كاپىر بولىدۇ" دېگەن.

### بۇ ئايەتلەرنىڭ يۇقىرىقى ئايەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى:

نۇھ ئەلەيھىسسالام قەۋمىنى تەۋھىدكە دەۋەت قىلدۇ ۋە دەۋەتتە تۈرلۈك ئۇسۇللارنى قوللاندۇ. قەۋمى ئاسىيلىق قىلغاندىن كېيىن، نۇھ ئەلەيھىسسالام پەرۋەردىگارىغا ئۇلارنىڭ ئاسىيلىق قىلىش سەۋەبىنى بايان قىلىپ شىكايەت قىلدۇ.

### يۇقىرىقى ئايەتلەرنىڭ ئۇمۇمىي مەزمۇنى:

نۇھ ئەلەيھىسسالام قەۋمىنى تەۋھىدكە دەۋەت قىلىش يولىدا بارلىق چارە ـ تەدبىرلەرنى قوللانسىمۇ ھېچ ئۈنۈم بەرمىگەندىن كېيىن، ئاللاغا يۈزلىنىپ، قەۋمىنىڭ قىلمىشلىرىنى، ئاسىيلىقىنى، قەۋمىنىڭ پۇل ـ مېلى، بالا ـ چاقىلىرى كۆپ بولغان، ئابرويى، ھوقۇقى ئۈستۈن بولغان، ئەگەشكۈچىلىرىنى ئالدايدىغان گۇمراھ يېتەكچىلىرىنىڭ ئارقىسىغا كىرىپ كەتكەنلىكىنى، يۇقىرىقى نېمەتلەر مەزكۇر يېتەكچىلەرنىڭ پەقەت دۇنيادا تېخىمۇ ئېزىپ كېتىشىگە، ئاخىرەتتە زىيانكار بولىدىغانلىقلىرىغا سەۋەب بولىدىغانلىقىنى شىكايەت قىلدۇ.

بۇ يېتەكچىلەر ئۆزلىرىنىڭ ئازغۇنلۇقلىرى بىلەنلا قالماستىن، تېخى نۇھ ئەلەيھىسسالامغا چوڭ سۇيىقەست ئىشلىتىپ، ئۇنىڭ دەۋىتىنى بىكار قىلىشقا، ئۇنى ھەممە جەھەتتىن ئامالسىز قالدۇرۇشقا، كىشىلەرنى ئۆزلىرى مەبۇد دەپ تونۇغان بۇتلارغا ئىبادەت قىلىشتا چىڭ تۇرۇشقا كۈشكۈرتۈشكە ئۇرۇندى. ئۇلار بۇ بۇتلار ئىچىدىكى ۋەد، سۇۋائ، يەغۇس، يەئۇق ۋە نەسر* قاتارلىق بۇتلارغا مەخسۇس

* ئىبنى جەرىر مۇھەممەد ئىبنى قەيستىن مۇنداق رىۋايەت قىلىندۇكى،

چوقۇنۇشتى، بۇ بۇتلار جاھىلىيەت دەۋرىدىمۇ چوقۇنۇلىدىغان چوڭ بۇتلار بولۇپ، ئىسلام دىنى مەيدانغا كەلگەنگەقەدەر داۋاملاشتى. بۇ بۇتلارغا چوقۇنۇش بىلەن نۇرغۇن كىشىلەر ئازدى.

ئاندىن نۇھ ئەلەيھىسسالام ئۆز قەۋمىنىڭ بۇتلارغا چوقۇنغانلىقلىرى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ھالاك بولۇشىغا دۇئايىبەت قىلدى، ئاللاتائالا ئۇلارنىڭ گۇناھى تۈپەيلىدىن، ئۇلارنى توپان بالاسى بىلەن غەرق قىلغانلىقىنى، ئۇلارنى قەبرىلىرىدە ئازابقا دۇچار قىلىدىغانلىقىنى، ئۇلارنى ئاللانىڭ ئازابىدىن قۇتقۇلدۇرىدىغان ھېچقانداق ياردەمچى ۋە مەدەتكارنىڭ بولمايدىغانلىقىنى بايان قىلدۇ. نۇھ ئەلەيھىسسالام قەۋمىگە قىلغان بەد دۇئاسىنى داۋاملاشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئەۋلادىنىمۇ قويماي ھەممىسىنى ئاللانىڭ تەلتۆكۈس ھالاك قىلىۋېتىشىنى، ئۇلارنىڭ تۇغۇلغان بالىلىرىمۇ كاپىر ۋە ئاسىي بولىدىغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ ئامان قېلىشى ئاللانىڭ دەۋىتىنىڭ باشقىلارغا يەتكۈزۈلۈشىگە توسقۇن بولىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

ئاندىن كېيىن نۇھ ئەلەيھىسسالام پەرۋەردىگارىدىن ئۆزىگە، ئاتا - ئانىسىغا ۋە ئۇنىڭغا ئەگەشكەن ئەر - ئايال مۆمىنلەرگە مەغپىرەت تەلەپ قىلىپ دۇئا قىلدى. ئاندىن يەنە كۇففارلارنىڭ ھالاك بولۇشىغا دۇئايىبەت قىلدى.

---

بۇ ئادەم ئەلەيھىسسالام بىلەن نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئارىسىدا ئۆتكەن ياخشى ئادەملەرنىڭ ئىسىملىرى بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئەگەشكۈچى ئادەملىرى بولغان. بۇلار ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى ئۇلارنىڭ رەسىملىرىنى سىزىپ ئۇنىڭغا چوقۇنغان. زاماننىڭ ئۆتۈشى بىلەن، كېيىنكىلەر بارا-بارا ئۇلارنىڭ ھەيكەللىرىنى بۇت قىلىپ چوقۇنىدىغان بولغان.

www.uyghurkitap.com

**مۇھىم نۇقتىلىرى:**

1. ئىنسانلارنى ئاللانىڭ يولىدىن توسۇشتا گۇمراھ يېتەكچىلەرنىڭ رولى چوڭ بولىدۇ.

2. ياخشى بەندىلەرنى ھەددىدىن ئارتۇق ئۇلۇغلاش ئاللاغا شېرىك كەلتۈرۈشكە ئېلىپ بارىدۇ.

3. پەيغەمبەرنى يالغانغا چىقارغۇچى ئۈممەتلەرنى ئاللا جازالايدۇ.

4. كۇففارلارغا بەد دۇئا قىلىش ۋە ئاللانىڭ مۆمىن بەندىلىرىگە مەغپىرەت تەلەپ قىلىش دۇرۇس بولىدۇ.

بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيْمِ ○

قُلْ اُوْحِيَ اِلَيَّ اَنَّهُ اسْتَمَعَ نَفَرٌ مِّنَ الْجِنِّ فَقَالُوْٓا
اِنَّا سَمِعْنَا قُرْاٰنًا عَجَبًا ۙ﴿١﴾ يَّهْدِيْٓ اِلَى الرُّشْدِ
فَاٰمَنَّا بِهٖ ۭ وَلَنْ نُّشْرِكَ بِرَبِّنَآ اَحَدًا ۙ﴿٢﴾ وَّاَنَّهٗ
تَعٰلٰى جَدُّ رَبِّنَا مَا اتَّخَذَ صَاحِبَةً وَّلَا وَلَدًا ۙ﴿٣﴾
وَّاَنَّهٗ كَانَ يَقُوْلُ سَفِيْهُنَا عَلَى اللّٰهِ شَطَطًا ۙ﴿٤﴾ وَّ
اَنَّا ظَنَنَّآ اَنْ لَّنْ تَقُوْلَ الْاِنْسُ وَالْجِنُّ عَلَى اللّٰهِ
كَذِبًا ۙ﴿٥﴾ وَّاَنَّهٗ كَانَ رِجَالٌ مِّنَ الْاِنْسِ يَعُوْذُوْنَ
بِرِجَالٍ مِّنَ الْجِنِّ فَزَادُوْهُمْ رَهَقًا ۙ﴿٦﴾ وَّاَنَّهُمْ ظَنُّوْا
كَمَا ظَنَنْتُمْ اَنْ لَّنْ يَّبْعَثَ اللّٰهُ اَحَدًا ۙ﴿٧﴾ وَّاَنَّا
لَمَسْنَا السَّمَاۗءَ فَوَجَدْنٰهَا مُلِئَتْ حَرَسًا شَدِيْدًا وَّ
شُهُبًا ۙ﴿٨﴾ وَّاَنَّا كُنَّا نَقْعُدُ مِنْهَا مَقَاعِدَ لِلسَّمْعِ ۭ فَمَنْ
يَّسْتَمِعِ الْاٰنَ يَجِدْ لَهٗ شِهَابًا رَّصَدًا ۙ﴿٩﴾

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تەرجىمىسى:

## 72. سۈرە جىن

مەككىدە نازىل بولغان، 28 ئايەت.

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن.

(ئى مۇھەممەد! قەۋمىڭگە) ئېيتقىنكى، "بىرقانچە نەپەر جىننىڭ (مەندىن قۇرئان) تىڭشاپ (ئىمان ئېيتقانلىقى) ماڭا ۋەھيى قىلىندى*. ئۇلار (قەۋمىگە قايتىپ بارغاندىن كېيىن) ئېيتتى: 'بىز توغرا يولغا باشلايدىغان ئاجايىپ قۇرئاننى ھەقىقەتەن ئاڭلىدۇق[1]، ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتتۇق، پەرۋەردىگارىمىزغا ھېچكىمنى شېرىك كەلتۈرمەيمىز[2]. پەرۋەردىگارىمىزنىڭ ئەزىمىتى كاتتىدۇر، خوتۇنى ۋە بالىسى

* پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بامدات نامىزىدا قۇرئاننى تىلاۋەت قىلىۋاتقاندا، جىنلارنىڭ ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ قۇرئاننى ئاڭلىغانلىقىنى ئۇ تۇيمىغان، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنىڭدىن پەقەت ۋەھيى ئارقىلىقلا خەۋەر تاپقان، بۇنى "ئەھقاف" سۈرىسىدىكى مۇنۇ ئايەت ئىسپاتلايدۇ: "(ئى مۇھەممەد) ئۆز ۋاقتىدا بىر تۈركۈم جىنلارنى ساڭا قۇرئان تىڭشاشقا ئېۋەتتۇق". ئۇلار قۇرئان تىلاۋىتىگە ھازىر بولغانلىرىدا (بىر ـ بىرىگە): "جىم تۇرۇڭلار" دېيىشتى، قۇرئان تىلاۋەت قىلىنىپ بولغاندىن كېيىن ئۇلار ئۆز قەۋمىگە ئاگاھلاندۇرغۇچى بولۇپ قايتىشتى. يەنە "سەھىھۇلبۇخارى" ۋە "سەھىھۇلمۇسلىم"دا رىۋايەت قىلىنغان ئىبنى ئابباسنىڭ مۇنۇ سۆزىمۇ بۇنىڭغا دالالەت قىلىدۇ: "پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ جىنلارغا قۇرئان تىلاۋەت قىلىپ بەرگىنىمۇ يوق، جىنلارنى كۆرگىنىمۇ يوق."

يوقتۇر [3]. بىزنىڭ ئارىمىزدىكى ئەخمەق (يەنى ئىبلىس) ئاللاغا ۋە ئۇنىڭ كاتتىلىقىغا نالايىق سۆزلەرنى قىلدى[4]. بىز، ئىنسانلار ۋە جىنلار ئاللاغا يالغاننى چاپلىمايدۇ، دەپ ئويلىغانىدۇق[5]. ئىنسانلاردىن بەزى كىشىلەر جىنلاردىن بولغان بەزى كىشىلەرگە سىغىناتتى، شۇنىڭ بىلەن جىنلار تېخىمۇ تەكەببۇرلىشىپ كەتتى[6]. ئۇلار (يەنى ئىنسانلارنىڭ كۇففارلىرى) سىلەرگە ئوخشاش، ئاللا ھېچ ئادەمنى (ئۆلگەندىن كېيىن) تىرىلدۈرمەيدۇ، دەپ گۇمان قىلدى»[7]. (جىنلار ئېيتتى) «بىز (ئاسمان ئەھلىنىڭ سۆزلىرىنى تىڭشاش ئۈچۈن) ئاسمانغا (چىقىشنى) تىلىدۇق، ئاسماننىڭ كۈچلۈك مۇھاپىزەتچىلەر (يەنى پەرىشتىلەر) بىلەن ۋە (كۆيدۈرگۈچى) يۇلتۇزلار بىلەن تولۇپ كەتكەنلىكىنى بايقىدۇق [8]. بىز ھەمىشە (ئوغرىلىقچە تىڭشاش ئۈچۈن) ئاسماننىڭ ئولتۇرۇشقا بولىدىغان جايلىرىدا ئولتۇراتتۇق، كىمكى ئەمدى (ئوغرىلىقچە) ئاڭلاشقا ئۇرۇنىدىكەن، ئۇنى كۆزىتىپ تۇرغان كۆيدۈرگۈچى يۇلتۇزلارنى بايقايدۇ[9].

## يۇقىرىقى ئايەتلەرنىڭ نازىل بولۇش سەۋەبى:

ھەسەن ئىبنى زەيد ۋە باشقىلارنىڭ رىۋايەت قىلىشىچە، ئەرەبلەر قورقۇنچلۇق بىرەر ۋادىغا چۈشكەن چاغدا: "بۇ ۋادىنىڭ غوجىسىغا (يەنى باشلىقىغا) سىغىنىپ، قەۋمىنىڭ ئەقىلسىزلىرىنىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلەيمىز" دەيتتى، شۇنىڭ بىلەن "ئىنسانلاردىن بەزى كىشىلەر جىنلاردىن بولغان بەزى كىشىلەرگە سىغىناتتى، شۇنىڭ بىلەن جىنلارمۇ تەكەببۇرلىشىپ كەتتى،" دېگەن ئايەت نازىل بولدى.

## يۇقىرىقى ئايەتلەرنىڭ ئەۋۋەلقى مەزمۇنى:

ئى مۇھەممەد، ئۈممىتىڭگە ئېيتقىنكى، "بىر قانچە نەپەر جىننىڭ مەندىن قۇرئان تىڭشىغانلىقى ماڭا ۋەھيى قىلىندى". بۇ ۋەقە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سەقىپ قەبىلىسىنى ئىسلام دىنىغا دەۋەت قىلىپ تائىپتىن قايتقاندىن كېيىن، ياكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كېچىدە تەھەججۇد نامىزى ئوقۇپ قىيامدا تۇرغان ۋاقىتتا يۈز بەرگەنىدى، قۇرئان تىڭشىغان جىنلار قەۋمىگە قايتىپ بېرىپ: "بىز كىشىلەرنىڭ دېگىنىگە ئوخشىمايدىغان، تۈزۈلۈشى ناھايىتى گۈزەل، مەنىسى ئۇلۇغ، ئاللاغا ئىمان ئېيتىشقا بۇيرۇغان ئاجايىپ قۇرئاننى تىڭشىدۇق، قۇرئاننىڭ مەزمۇنىغا ئىمان ئېيتتۇق، ئەمدى بىز پەرۋەردىگارىمىزغا ھېچ ئەھەدىنى شېرىك كەلتۈرمەيمىز، پەرۋەردىگارىمىز كۇففارلارنىڭ بوھتانلىرىدىن ۋە ئۇلار ئاللاغا بالا چاپلىغان خوتۇن ۋە بالىدىن پاكتۇر، بىز ھېچقانداق ئىنسان ۋە جىن ئاللاغا يالغاننى چاپلىيالمايدۇ دەپ ئويلاپتىكەنمىز، بىز نادانلارنىڭ ۋە ئەخمەقلەرنىڭ ئەقىدىسىگە ئەگىشىپتۇق، ھازىر راست-يالغان ئايرىلدى، بىز يالغاننى تەرك ئېتىپ، ھەقىقەتكە ئەگەشتۇق ۋە ئۇنىڭغا ئىشەندۇق" دېدى. مۆمىن جىنلاردىن بىر جامائە مۇنداق دېدى: "ئىسلام دىنى مەيدانغا كېلىشتىن بۇرۇن، ئىنسانلارنىڭ بەزىلىرى بەزى جىنلارغا سىغىنىپ ئۇلاردىن پاناھ تىلەيتتى، شۇنىڭ بىلەن جىنلار تېخىمۇ ھەددىدىن ئېشىپ سەركەشلىشىپ كەتتى. دىمىغى ئۆسۈپ تەكەببۇرلىشىپ كەتتى، ئىسلام دىنى كەلگەندىن كېيىن، كىشىلەر ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتىپ، ئاللاغا سىغىنىشتى، ئاللا ئۇلارغا پاناھ بەردى ۋە ئۇلارنى قوغدىدى. بۇ ئايەتلەردە ئاللاتائالا جىنلارنىڭ خۇددى

ئىنسانلارغا ئوخشاش، ئاللا ھېچ پەيغەمبەر ئەۋەتمەيدۇ دەپ ئويلىغانلىقلىرىنى، ياكى جىنلارنىڭمۇ ئىنسانلارنىڭ ئويلىغىنىغا ئوخشاش، "ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىش، ھېساب ئېلىش ئىشلىرى بولمايدۇ" دەپ ئويلىغانلىقلىرىنى، لېكىن جىنلارنىڭ قۇرئاننى تىڭشىغاندىن كېيىن، ھىدايەت تېپىپ ئۆلگەندىن كېيىن قايتا تىرىلىشكە ئىشەنگەنلىكىنى بايان قىلىدۇ.

يەنە ئاللاتائالا جىنلار ئاسمان ئەھلىنىڭ سۆزلىرىنى ئوغرىلىقچە تىڭشاش ئۈچۈن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام كېلىشتىن بۇرۇنقى ۋاقىتتىكىگە ئوخشاش ئاسمانغا چىقالمايدىغان بولغانلىقلىرىدا ئاسماننىڭ كۈچلۈك مۇھاپىزەتچى پەرىشتىلەر ۋە كۆيدۈرگۈچى يۇلتۇزلار بىلەن تولۇپ كەتكەنلىكىنى بايقىغانلىقىدىن خەۋەر بېرىدۇ.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام كېلىشتىن بۇرۇن، جىنلارنىڭ ئاسمان ئەھلىنىڭ سۆزلىرىنى ئوغرىلىقچە تىڭشاش ئۈچۈن مەخسۇس ئولتۇرىدىغان جايلىرى بار ئىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كەلگەندىن كېيىن ئۇلار چەكلەندى، شۇنىڭدىن كېيىن كىمكى ئاسمان ئەھلىنىڭ سۆزلىرىنى ئوغرىلىقچە تىڭشاشقا ئۇرۇنىدىكەن، ئۇنى كۆزىتىپ تۇرغان يۇلتۇز بولىدۇ، ئۇ قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ، يۇلتۇز ئۇنى كۆيدۈرۈپ تاشلايدۇ.

### مۇھىم نۇقتىلىرى:

1. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىنىڭ ئىنسانلارغا ۋە جىنلارغا ئومۇمىي ئىكەنلىكى.
2. جىنلارنىڭ ئىماننى قوبۇل قىلىش، قوبۇل قىلماسلىقتا ئىنسانلارغا ئوخشايدىغانلىقى.
3. جىنلارنىڭ بارلىقىغا ئىشىنىشنىڭ لازىملىقى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

4. قۇرئان كەرىمنىڭ نازىل بولۇشى بىلەن، ئاسمان ئەھلىنىڭ سۆزلىرىنى ئوغرىلىقچە تىڭشاش ئارقىلىق بولىدىغان كاھىنلىق، رەمچىلىك ۋە خۇراپاتلىقلارنىڭ تۈگىگەنلىكى.

5. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كەلگەندىن كېيىن ئاسمان ئەھلىنىڭ سۆزلىرىنى ئوغرىلىقچە ئاڭلاشنىڭ مەنئى قىلىنغانلىقى.

وَّأَنَّا لَا
نَدْرِيٓ أَشَرٌّ أُرِيدَ بِمَن فِي ٱلْأَرْضِ أَمْ أَرَادَ بِهِمْ
رَبُّهُمْ رَشَدًا ﴿١٠﴾ وَأَنَّا مِنَّا ٱلصَّٰلِحُونَ وَمِنَّا دُونَ
ذَٰلِكَ كُنَّا طَرَآئِقَ قِدَدًا ﴿١١﴾ وَأَنَّا ظَنَنَّآ أَن لَّن
نُّعْجِزَ ٱللَّهَ فِي ٱلْأَرْضِ وَلَن نُّعْجِزَهُۥ هَرَبًا ﴿١٢﴾ وَأَنَّا
لَمَّا سَمِعْنَا ٱلْهُدَىٰٓ ءَامَنَّا بِهِۦ فَمَن يُؤْمِنۢ بِرَبِّهِۦ
فَلَا يَخَافُ بَخْسًا وَلَا رَهَقًا ﴿١٣﴾ وَأَنَّا مِنَّا ٱلْمُسْلِمُونَ
وَمِنَّا ٱلْقَٰسِطُونَ فَمَنْ أَسْلَمَ فَأُوْلَٰٓئِكَ تَحَرَّوْاْ
رَشَدًا ﴿١٤﴾ وَأَمَّا ٱلْقَٰسِطُونَ فَكَانُواْ لِجَهَنَّمَ حَطَبًا ﴿١٥﴾
وَأَلَّوِ ٱسْتَقَٰمُواْ عَلَى ٱلطَّرِيقَةِ لَأَسْقَيْنَٰهُم مَّآءً
غَدَقًا ﴿١٦﴾ لِّنَفْتِنَهُمْ فِيهِ وَمَن يُعْرِضْ عَن ذِكْرِ
رَبِّهِۦ يَسْلُكْهُ عَذَابًا صَعَدًا ﴿١٧﴾ وَأَنَّ ٱلْمَسَٰجِدَ لِلَّهِ فَلَا
تَدْعُواْ مَعَ ٱللَّهِ أَحَدًا ﴿١٨﴾ وَأَنَّهُۥ لَمَّا قَامَ عَبْدُ ٱللَّهِ
يَدْعُوهُ كَادُواْ يَكُونُونَ عَلَيْهِ لِبَدًا ﴿١٩﴾

**تەرجىمىسى:**

بىز (جىنلار جامائەسى) زېمىندىكىلەرگە يامانلىق ئىرادە قىلىنىدىمۇ ياكى پەرۋەردىگارى ئۇلارغا ياخشىلىق ئىرادە قىلدىمۇ؟ بىلمەيمىز[10]. بىزنىڭ ئىچىمىزدە ياخشىلارمۇ ۋە ئۇنىڭدىن تۆۋەن تۇرىدىغانلارمۇ بار، بىز تۈرلۈك يوللارغا بۆلۈنىدۇق[11]. بىز جەزمەن ئىشەندۇقكى، ئاللانى (ئۆز ئىرادىسىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىن) ھەرگىز ئاجىز قىلالمايمىز، ئۇنىڭ (ئازابى)دىنمۇ قېچىپ قۇتۇلالمايمىز[12]. بىز ھىدايەتنى (يەنى قۇرئاننى) ئاڭلىغان چېغىمىزدا ئۇنىڭغا ئىمان كەلتۈردۇق، كىمكى پەرۋەردىگارىغا ئىمان ئېيتىدىكەن (ياخشىلىقلىرىنىڭ) كېمىيىپ كېتىشىدىن ۋە (يامانلىقلىرىنىڭ ئارتتۇرۇلۇپ) زۇلۇم قىلىنىشتىن قورقمايدۇ[13]. بىزدىن مۇسۇلمانلار ۋە ھەق يولدىن چىققۇچىلارمۇ بار، مۇسۇلمان بولغانلار توغرا يولنى ئىزدىگەن بولىدۇ[14]. توغرا يولدىن چىققۇچىلار جەھەننەمگە ئوتۇن بولىدۇ''"[15]. ئەگەر ئۇلار (يەنى مەككە كۇففارلىرى) توغرا يولدا بولسا ئىدى، ئۇلارنى سىناش ئۈچۈن مول يامغۇر ياغدۇرۇپ بېرەتتۇق (يەنى رىزقىنى كەڭ قىلىپ بېرەتتۇق)، كىمكى پەرۋەردىگارىنىڭ زىكرىدىن (يەنى ئاللانىڭ تائەت ـ ئىبادىتىدىن) يۈز ئۆرۈيدىكەن، ئاللا ئۇنى قاتتىق ئازابقا دۇچار قىلىدۇ، [16—17]. مەسجىتلەر ئاللاغا خاستۇر*، ئاللاغا قوشۇپ ھېچ كىمگە ئىبادەت قىلماڭلار [18]. ئاللانىڭ بەندىسى (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام)

---

* ئىبنى ئابباس مۇنداق دەيدۇ: "جىنلار: ئى روسۇلۇللا، بىزگە رۇخسەت قىلساڭ، مەسجىتىڭدە سەن بىلەن بىللە نامازغا ھازىر بولساق" دېگەن، شۇنىڭ بىلەن ئاللا بۇ ئايەتنى نازىل قىلغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئاللاغا ئىبادەت قىلىشقا تۇرغاندا (قۇرئان تىڭشاش ئۈچۈن) جىنلار (تۇۋلىشىپ) ئۇنى بېسىۋېلىشقا تاس قالدۇ[19].

بۇ ئايەتلەرنىڭ يۇقىرىقى ئايەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى:

جىنلار ئاسمان ئەھلىنىڭ سۆزلىرىنى ئوغرىلىقچە تىڭشاشتىن مەنئى قىلىنىپ، ئەھلى زېمىن ئۈستىدىكى ئاللانىڭ ئىرادىسىنى بىلەلمەيدىغان بولدى.

يۇقىرىقى ئايەتلەرنىڭ ئومۇمىي مەزمۇنى:

ئاسمان خەۋەرلىرىنى ئوغرىلىقچە ئاڭلاشقا ئۇرۇنغۇچىلار مۇھاپىزەتچىلەر ۋە يۇلتۇزلار بىلەن مەنئى قىلىنغان چاغدا، جىنلار ئاسماندا يۈز بەرگەن ئىشتىن ئەجەبلەندى، ئۇلار "بۇنداق مەنئى قىلىنىشنىڭ سەۋەبىنى ئۇقمايمىز، ئاللاتائالا ئەھلى زېمىنغا يامانلىقنى ئىرادە قىلدىمۇ؟ ياكى ئۇلارغا ياخشىلىقنى ئىرادە قىلدىمۇ؟..." دېيىشتى.

جىنلاردىن بىر جامائە ئۆز قەۋمى توغرۇلۇق سۆزلەپ: "ئارىمىزدا مۆمىن ياخشى كىشىلەرمۇ بار، مۆمىن ئەمەسلەرمۇ بار" دېدى. ئۇلار تۈرلۈك بۆلۈكلەرگە ۋە مەزھەپلەرگە بۆلۈنگەن بولۇپ، ئۇلار بىر بايراق ئاستىغا ئۇيۇشقان ئەمەس، ئۇلار قانچە قاچقان بىلەنمۇ ئاللا ئۇلارنى تەلەپ قىلىدىغان بولسا، ئۇلار زادى قېچىپ قۇتۇلالمايدىغانلىقىنى بىلدۇ. ئاللانىڭ ئازابىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدىغانلىقىنىمۇ بىلىدۇ، ئۇلار قۇرئاننى ئاڭلىغان چاغلىرىدا ئاللاغا ۋە پەيغەمبەرگە ئىمان ئېيتتى، كىمكى ئاللاغا ۋە ئاللانىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان ئېيتىدىكەن، ئۇ قىلغان ئەمەلىگە بېرىلىدىغان ساۋابنىڭ كېمە-

يىپ كېتىشىدىن ۋە گۇناھلىرىنىڭ ئېشىپ كېتىشىدىن ئەنسىرىمەيدۇ، كىمكى ئاللانى ۋە ئاللانىڭ پەيغەمبىرىنى ئىنكار قىلىدىكەن، ئۇ ئۆزىگە زۇلۇم قىلغان بولىدۇ، گۇناھلارنى ئۆزىگە جەلپ قىلغان بولىدۇ ۋە ياخشىلىقلاردىن مەھرۇم بولغان بولىدۇ. جىنلار بىلەن ئىنسانلارنىڭ ئارىسىدا مۇسۇلمانلارمۇ بار، ئادالەت ۋە ياخشىلىقتىن چەتنىگەن كۇففارلارمۇ بار، مۇسۇلمانلار بولسا ھەقىقەتكە يېتىشنى كۆزلىگۈچىلەر بولۇپ، ئۇلار ئىسلام دىنىنى تاللاش بىلەن ھەقى-قەتكە يەتكەن بولىدۇ، ئاللاتائالا كۇففارلارنى جەھەننەمگە يېقىلغۇ قىلىشنى ۋەدە قىلدى. ئۇلار بىلەن جەھەننەم خۇددى ئوتۇن بىلەن يانغاندەك يانىدۇ، بۇ ئۇلارنىڭ ھىدايەتتىن يۈز ئۆرۈگەنلىكىنىڭ جازاسىدۇر. ئاندىن، ئاللاتائالا كۇففارلار ئىمان ئېيتىپ ۋە توغرا يولدا مېڭىپ مۆمىن بولسا، ئۇلارنى ئۇلارنىڭ رىزقىنىڭ كەڭ بولۇشىغا ۋە پاراۋانلىققا ئېرىشىشكە سەۋەب بولىدىغان مول يامغۇر بىلەن تەمىن-لەيدىغانلىقىنى، ئۇلارنى شۈكۈر قىلامدۇ ياكى كۇفرىلىك قىلامدۇ دەپ سىنايدىغانلىقىنى خەۋەر قىلىدۇ.

كىمكى كاپىر بولسا، ئاللانىڭ زىكرىدىن ياكى ئاللانىڭ ۋەھيى-دىن يۈز ئۆرۈسە، ئاللاتائالا ئۇنى پۈتۈن ئەتراپتىن ئوراپ تۇرى-دىغان قاتتىق ئازابقا دۇچار قىلىدۇ، ئاللاتائالا پەيغەمبىرىگە مەسچىت-لەرنىڭ ئىبادەتتە پەقەت ئاللاغا خاس بولۇشىنى، شۇنداق بولغان-دىلا مەسچىتلەردە خالىس تەۋھىد بولىدىغانلىقىنى، ئاللاتائالاغا سەممىي ئىبادەت قىلغىلى بولىدىغانلىقىنى ۋەھيى قىلىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام "بىر ئاللادىن باشقا ھېچ مەبۇد بەر-ھەق يوق" دەپ كىشىلەرنى پەرۋەردىگارىنىڭ ئىبادىتىگە دەۋەت قىلغان. ئۇ ھېچ ئەھەدىنى شېرىك كەلتۈرمەي بىر ئاللا ئۇچۈن

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ناماز ئوقۇغان چاغدا، ئاللانىڭ نۇرىنى ئۆچۈرمەكچى بولۇپ، ئۇنىڭغا قارشى ئىنسانلار ۋە جىنلار جەم بولدى، ئاللاتائالا پەقەت پەيغەمبىرىگە نۇسرەت ئاتا قىلدى، ئۆزىنىڭ دىنىنى قارشى تۇرغۇچىلارنىڭ ئۇنىمىغىنىغا قارىماي ھامان ھەممىدىن ئۈستۈن قىلدى.

## مۇھىم نۇقتىلىرى:

1. جىنلارمۇ ئىنسانلارغا ئوخشاش بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ياخشىلارنىڭمۇ ۋە يامانلارنىڭمۇ بارلىقى، ئۇلارغىمۇ شەرىئەتنىڭ ئەھكاملىرىنى ئىجرا قىلىش يۈكلەنگەنلىكى، ئۇلاردىن ھېساب ئېلىنىدىغانلىقى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىنسانلار بىلەن جىنلارغا ئورتاق ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەر ئىكەنلىكى.

2. ئاللانىڭ قۇدرىتىنىڭ ئالدىدا ھېچ نەرسىنىڭ ئۇنىڭغا توسالغۇ بولالمايدىغانلىقىغا، ئاللانىڭ ئىرادىسىنىڭ جىنلارنىڭ ئارىسىدا ئەمەلگە ئاشىدىغانلىقىغا جىنلارنىڭ ئىمان ئېيتقانلىقى.

3. ھىدايەتتىن چەتنىگەنلەرنى پەرۋەردىگارىنىڭ يولغا قايتسۇن دەپ جەھەننەمگە يېقىلغۇ بولىدىغانلىقى بىلەن قورقۇتۇش.

4. توغرا يولدا بولۇش بىلەن پاراۋانلىقنىڭ سەۋەبلىرىنىڭ ھازىرلاپ بېرىلىشى ئارىسىدا كۈچلۈك باغلىنىش بارلىقى.

5. پاراۋانلىق ۋە رىزقىنىڭ كەڭ بولۇشى، شۈكۈر قىلغانلارغا ساۋاب بېرىش، ئاللانىڭ نېمەتلىرىگە ناشۈكۈرلۈك قىلغانلارنى مەغلۇپ قىلىش ئاللاتائالانىڭ بەندىلىرىگە قاراتقان سىنىقى ئىكەنلىكى.

6. ئاللانى ياد ئېتىشتىن يۈز ئۆرۈشنىڭ كىشىنى ئازابقا ئېلىپ بارىدىغانلىقى.

قُلْ إِنَّمَآ
أَدْعُوا رَبِّي وَلَآ أُشْرِكُ بِهِۦٓ أَحَدًا ﴿٢٠﴾ قُلْ إِنِّي
لَآ أَمْلِكُ لَكُمْ ضَرًّا وَلَا رَشَدًا ﴿٢١﴾ قُلْ إِنِّي لَن
يُجِيرَنِي مِنَ ٱللَّهِ أَحَدٌ ۙ وَلَنْ أَجِدَ مِن دُونِهِۦ
مُلْتَحَدًا ﴿٢٢﴾ إِلَّا بَلَٰغًا مِّنَ ٱللَّهِ وَرِسَٰلَٰتِهِۦ ۚ وَمَن
يَعْصِ ٱللَّهَ وَرَسُولَهُۥ فَإِنَّ لَهُۥ نَارَ جَهَنَّمَ خَٰلِدِينَ
فِيهَآ أَبَدًا ﴿٢٣﴾ حَتَّىٰٓ إِذَا رَأَوْا مَا يُوعَدُونَ فَسَيَعْلَمُونَ
مَنْ أَضْعَفُ نَاصِرًا وَأَقَلُّ عَدَدًا ﴿٢٤﴾ قُلْ إِنْ
أَدْرِىٓ أَقَرِيبٌ مَّا تُوعَدُونَ أَمْ يَجْعَلُ لَهُۥ
رَبِّىٓ أَمَدًا ﴿٢٥﴾ عَٰلِمُ ٱلْغَيْبِ فَلَا يُظْهِرُ عَلَىٰ غَيْبِهِۦٓ
أَحَدًا ﴿٢٦﴾ إِلَّا مَنِ ٱرْتَضَىٰ مِن رَّسُولٍ فَإِنَّهُۥ
يَسْلُكُ مِنۢ بَيْنِ يَدَيْهِ وَمِنْ خَلْفِهِۦ رَصَدًا ﴿٢٧﴾
لِّيَعْلَمَ أَن قَدْ أَبْلَغُوا رِسَٰلَٰتِ رَبِّهِمْ وَأَحَاطَ
بِمَا لَدَيْهِمْ وَأَحْصَىٰ كُلَّ شَىْءٍ عَدَدًۢا ﴿٢٨﴾

تەرجىمىسى:

ئېيتقىنكى، "پەرۋەردىگارىمغا ئىبادەت قىلىمەن، ئۇنىڭغا ھېچ ئەھەدىنى شېرىك كەلتۈرمەيمەن"(20). ئېيتقىنكى، "مەن سىلەرگە پايدا ـ زىيان يەتكۈزۈشكە قادىر بولالمايمەن، (بۇنىڭغا پەقەت ئاللا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قادىر بولالايدۇ)" [21]. ئېيتقىنىكى، "(ئەگەر مەن ئاللاغا ئاسىي بولسام) مېنى ئاللانىڭ ئازابىدىن ھېچ كىشى قۇتقۇزالمايدۇ، ئاللادىن باشقا ھېچ پاناھگاھمۇ تاپالمايمەن (شۇنداق تۇرۇقلۇق، مەن سىلەرنىڭ تەلىپىڭلارنى قانداق قوبۇل قىلالايمەن) [22]*. مەن پەقەت (سىلەرگە) ئاللانىڭ ئەلچىلىكىنى يەتكۈزۈشكە قادىرمەن، كىمكى ئاللاغا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئاسىيلىق قىلىدىكەن (يەنى كىمكى ئاللانى ۋە ئاللانىڭ پەيغەمبىرىنى ئىنكار قىلىدىكەن، ئاللاغا مۇلاقات بولۇشقا ئىشەنمەيدىكەن، ئاللانىڭ ئايەتلىرىگە قۇلاق سېلىشتىن يۈز ئۆرۈيدىكەن)، ئۇ دوزاخ ئازابىغا دۇچار بولىدۇ، دوزاختا مەڭگۈ قالىدۇ [23]. ئۇلار (يەنى مۇشرىكلار) ئاگاھلاندۇرۇلغان ئازابنى كۆرگەن چاغدا كىمنىڭ ياردەمچىسى ئاجىز ۋە سانى ئاز ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ" [24]. (ئى مۇھەممەد! ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، "سىلەرگە ئاگاھلاندۇرۇلغان ئازاب يېقىنمۇ؟ ياكى پەرۋەردىگارىم ئۇنىڭغا (ئۇزاق) ۋاقىت تەيىن قىلامدۇ؟ ئۇقمايمەن" [25]. ئاللا غەيبنى

---

* ئىبنى جەرىرنىڭ رىۋايەت قىلىشىچە، جىنلارنىڭ چوڭلىرىدىن بىرى مۇھەممەد ئاللانىڭ پاناھگاھ بولۇشنى تىلەيدۇ، مەن ئۇنىڭغا پاناھگاھ بولالايمەن دېگەن، شۇنىڭ بىلەن بۇ ئايەت نازىل بولغان.

** مۇفەسسىرلەرنىڭ ئېيتىشىچە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كۇففارلارنى ھەر قېتىم دوزاخ ئازابى بىلەن قورقۇتسا، قىيامەتنىڭ دەھشىتى بىلەن ئاگاھلاندۇرسا، ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزىنى مەنسىتمەستىن: بۇ ئازاب قاچان يۈز بېرىدۇ؟ قىيامەت قاچان بولىدۇ؟ دەپ سورايتتى. شۇنىڭ بىلەن ئاللا ئۇنى: "سىلەر ئاگاھلاندۇرۇلغان ئازاب يېقىنمۇ ياكى ئۇنىڭغا پەرۋەردىگارىم ئۇزاق ۋاقىت تەيىن قىلامدۇ، ئۇقمايمەن" دەپ جاۋاب بېرىشكە بۇيرۇدى.

بىلگۈچىدۇر. ئۆزىنىڭ غەيبىدىن ھېچبىر ئادەمنى خەۋەردار قىلمايدۇ [26]. پەقەت ئاللا ئۆزى مەمنۇن بولغان پەيغەمبىرىگىلا (بەزى غەيبنى بىلدۈرىدۇ)، ئۇنىڭ ئالدىغا ۋە ئارقىسىغا كۆزەتچى (پەرىشتە) سېلىپ قويىدۇ [27]. (بۇ ئاللانىڭ) ئۇنىڭ (پەيغەمبەرنىڭ) ئاللانىڭ ئەلچىلىكىنى يەتكۈزگەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇشى ئۈچۈندۇر. ئاللا ئۇلارنىڭ سۆز ـ ھەرىكەتلىرىنى تولۇق بىلگۈچىدۇر، ھەر شەيئىنىڭ سانىنى تولۇق ئىگەللىگۈچىدۇر" [28].

### بۇ ئايەتلەرنىڭ يۇقىرىدىكى ئايەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى:

ئاللاتائالا جىنلار بىلەن ئىنسانلارنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بىردەك قارشى ئىكەنلىكىنى تىلغا ئالغاندىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى تەۋھىدگە داۋاملىق دەۋەت قىلىشنى بۇيرۇدى.

### يۇقىرىقى ئايەتلەرنىڭ ئومۇمىي مەزمۇنى:

ئاللاتائالا پەيغەمبەرنى ئۇنى يالغانغا چىقارغان، ئۇنى دۈشمەن كۆرۈش يۈزىسىدىن ئۇنىڭغا قارشى بىرلەشكەنلەرگە: "مەن پەقەت شېرىكى يوق يالغۇز پەرۋەردىگارىمغا ئىبادەت قىلىمەن، ھەممە ئىشىمدا ئۇنىڭغا يۆلىنىمەن، ئۇنىڭغا ھېچ ئەھەدىنى شېرىك كەلتۈرمەيمەن، مەنمۇ سىلەرگە ئوخشاشلا بىر ئىنسانمەن. ماڭا ۋەھيى قىلىنىدۇ. سىلەرنى توغرا يولغا باشلاش ۋە ئازدۇرۇش مېنىڭ قولۇمدىن كەلمەيدۇ. زىيان يەتكۈزۈش ۋە ياخشىلىق بېرىش پەقەت بىر ئاللانىڭلا قولىدىن كېلىدۇ" دەپ ئېيتىشقا بۇيرۇدى، شۇنىداقلا ئاللاتائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى: "ئەگەر ئاللاغا ئاسىيلىق قىلىدىغان بولسام، ئاللانىڭ ئالدىدا ماڭا ھېچ كىشى ئارا

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

تۇرالمايدۇ، مەن پەيغەمبەرلىكنى يەتكۈزمىسەم، ماڭا ھېچ قانداق پاناھگاھ ۋە مەدەتكارمۇ بولمايدۇ" دەپ ئېيتىشقا بۇيرۇدى. شۇنىڭدىن كېيىن، كىم ئاللاغا ۋە پەيغەمبەرگە ئاسىيلىق قىلسا، ئۇنىڭ جازاسى دوزاخ بولۇپ، ئۇنىڭ دوزاختا ئەبەدىي قالىدىغانلىقىنى، جىنلاردىن ۋە ئىنسانلاردىن بولغان مۇشرىكلار قىيامەت كۈنى ئاللانىڭ ئۇلارغا ۋەدە قىلغان ئازابىنى كۆرگەن چاغلىرىدا، ئۇلارنىڭ كىمنىڭ ياردەمچىسىنىڭ ئەڭ ئاجىز ئىكەنلىكىنى ۋە سانى ئەڭ ئاز ئىكەنلىكىنى بىلىدىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ ۋە ئى مۇھەممەد، ئۇلارغا: "سىلەرگە ۋەدە قىلىنغان ئازابنىڭ ۋاقتى يېقىنمۇ، ياكى يىراقمۇ؟ ياكى پەرۋەردىگارىم ئۇنىڭ ۋاقتىنى ئۇزۇنغا سوزامدۇ؟ بۇ غەيب ئىشلاردىن بولۇپ، بۇنى پەقەت ئاللا بىلىدۇ. مەن ئاللانىڭ بەندىسى، ئاللانىڭ غەيب ئىشلىرىنى جاھان ئەھلى ئەمەس، يالغۇز ئاللانىڭ ئۆزىلا بىلىدۇ" دېگىن دەيدۇ. ئاللاتائالا پەيغەمبەرلىككە تاللىغانلارغا پەيغەمبەرلىك دەۋىتىنى يەتكۈزۈشكە ياردىمى بولىدىغان دائىرە ئىچىدىلا ئۆز غەيبىدىن خالىغان نەرسىلەرنىلا بىلدۈرىدۇ.

پەيغەمبەرلەر شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىسىدىن قوغدىلىشى ۋە ئۇنتۇشتىن ئەمىن بولۇشى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ئەتراپى ئۇلارنى ساقلايدىغان پەرىشتىلەر بىلەن ئورالغان بولىدۇ، بۇ پەرىشتىلەر ئاللاتائالا ئۇلارغا نازىل قىلغان ۋەھيىنى ساقلايدۇ. ئاللاتائالا پەيغەمبەرلەر بارلىققا كېلىشتىن بۇرۇنلا ئۇلارنىڭ پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن تاپشۇرۇلغان پەيغەمبەرلىك دەۋىتىنى يەتكۈزىدىغانلىقلىرىنى ئالدىنئالا بىلىدۇ، ئاللاتائالا ئۇلارنىڭ ھەممە ئەھۋالىنى تولۇق بىلگۈچىدۇر، پۈتۈن شەيئىلەرنىڭ سانىنى تولۇق ئىگىلىگۈچىدۇر.

**مۇھىم نۇقتىلىرى:**

1. ھەقىقىي ئىبادەت ئاللاغا خاس بولۇشى، ھېچ نەرسىنىڭ ئۇنىڭغا شېرىك كەلتۈرۈلمەسلىكى كېرەك.

2. پەيغەمبەر ئىنسان بولۇپ، ھېچبىر كىشىنى ھىدايەت قىلىش ۋە ئازدۇرۇش ئۇنىڭ قولىدىن كەلمەيدىغانلىقى، بۇنىڭ ئاللانىڭ ئىلكىدىكى ئىش ئىكەنلىكى.

3. مەيلى پەيغەمبەر بولسۇن ياكى باشقىلار بولسۇن، ئەگەر ئاللاغا ئاسىيلىق قىلىدىكەن، ئۇنىڭ ئاللانىڭ ئازابىدىن قۇتۇلالمايدىغانلىقى، پەيغەمبەرلەرنىڭ پەيغەمبەرلىك دەۋىتىنى يەتكۈزۈشكە ئاللا تەرىپىدىن تەكلىپ قىلىنىدىغانلىقى.

4. غەيبنى بىلىش ئاللانىڭ ئۆزىگە خاس ئىكەنلىكى، پەيغەمبەرلەرنى بولسا، پەيغەمبەرلىك دەۋىتىگە ياردىمى بولىدىغان مەلۇم غەيبلەردىن خەۋەردار قىلىدىغانلىقى.

5. ئاللاتائالانىڭ ئىلمىنىڭ كائىناتتىكى چوڭ-كىچىك ھەممە نەرسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقى، پۈتۈن شەيئىلەرنىڭ سانىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقى.

آيَاتُهَا ٢٠ (٧٣) سُورَةُ الْمُزَّمِّلِ مَكِّيَّةٌ (٣) رُكُوعَاتُهَا ٢

بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيْمِ

يَاَيُّهَا الْمُزَّمِّلُ ۙ﴿١﴾ قُمِ الَّيْلَ اِلَّا قَلِيْلًا ۙ﴿٢﴾ نِّصْفَهٗ
اَوِ انْقُصْ مِنْهُ قَلِيْلًا ۙ﴿٣﴾ اَوْ زِدْ عَلَيْهِ وَرَتِّلِ
الْقُرْاٰنَ تَرْتِيْلًا ؕ﴿٤﴾ اِنَّا سَنُلْقِيْ عَلَيْكَ قَوْلًا ثَقِيْلًا ﴿٥﴾
اِنَّ نَاشِئَةَ الَّيْلِ هِيَ اَشَدُّ وَطْاً وَّاَقْوَمُ قِيْلًا ؕ﴿٦﴾
اِنَّ لَكَ فِي النَّهَارِ سَبْحًا طَوِيْلًا ؕ﴿٧﴾ وَاذْكُرِ اسْمَ رَبِّكَ
وَتَبَتَّلْ اِلَيْهِ تَبْتِيْلًا ؕ﴿٨﴾ رَبُّ الْمَشْرِقِ وَالْمَغْرِبِ
لَآ اِلٰهَ اِلَّا هُوَ فَاتَّخِذْهُ وَكِيْلًا ﴿٩﴾

**تەرجىمىسى:**

## 73. سۈرە مۇززەممىل

مەككىدە نازىل بولغان، 20 ئايەت.

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللانىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن.

ئى كىيىمگە يۆگىنىۋالغۇچى (پەيغەمبەر!*) (1) كېچىنىڭ

---

* جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: قۇرەيشنىڭ نوپۇزلۇق كىشىلىرى دارۇننەدۋە (بۇ قۇسەي ئىبنى كىلابنىڭ ھويلىسى بولۇپ، قۇرەيش خەلقى ھەرقانداق ئىشنى شۇ يەردە كېڭىشەتتى)

ئازغىنىسىدىن باشقىسىدا، يېرىمىدا ياكى يېرىمىدىنمۇ ئازراقىدا ياكى يېرىمىدىن كۆپرەكىدە ناماز ئوقۇغىن*، قۇرئاننى تەرتىل بىلەن (يەنى دانە-دانە ئوچۇق) ئوقۇغىن [2—4]. ساڭا ھەقىقەتەن تەنتەنىلىك قۇرئاننى نازىل قىلىمىز [5]. شۈبھىسىزكى، كېچىنىڭ قىيامى (يەنى كېچىدە كىشىنىڭ ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن ئۇيقۇدىن ئويغىنىپ تۇرۇشى ئەڭ مۇۋاپىقتۇر (تىنچ بولغانلىقى ئۈچۈن) كېچىنىڭ قىرائەتى ئەڭ توغرا بولىدۇ [6]. ھەقىقەتەن كۈندۈزى ئىش بىلەن ئالدىراش بولىسەن، (شۇڭا ئىبادەتكە كېچىسى بېرىلگىن [7]. پەرۋەردىگارىڭنىڭ نامىنى ياد ئەتكىن، (ئىبادىتىڭدە) ئۇنىڭغا تولۇق يۈزلەنگىن [8]. ئۇ مەشرىقنىڭ ۋە مەغرىبنىڭ پەرۋەردىگارىدۇر. ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر،

---

دە توپلىنىپ، بۇ ئادەمگە (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى دېمەكچى) كىشىلەرنى ئۇنىڭدىن تەزدۇرىدىغان بىر ئىسىم قويايلى دېيىشتى. بەزىلەر ئۇنى كاھىن دەيلى دېسە، بەزىلەر ئۇ كاھىن ئەمەس دېيىشتى. بەزىلەر ئۇنى مەجنۇن دەيلى دېسە، بەزىلەر ئۇ مەجنۇن ئەمەس دېيىشتى، بەزىلەر ئۇنى سېھىرگەر دەيلى دېسە، بەزىلەر ئۇ سېھىرگەر ئەمەس دېيىشتى، شۇنىڭ بىلەن مۇشرىكلار بىرلىككە كېلەلمەي تارقاپ كېتىشتى. بۇ خەۋەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا يەتكەندە ئۇ كىيىمگە يۆگىنىۋالدى. جىبرىل ئەلەيھىسسالام كېلىپ ئۇنىڭغا "ئى كىيىمگە يۆگىنىۋالغۇچى (پەيغەمبەر)" دېدى.

* ئىبنى ئابباس مۇنداق دەيدۇ: تەھەججۇد نامىزى ئوقۇش بۇ ئايەت ئارقىلىق پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا پەرز قىلىنغانىدى. كېيىن: تەھەججۇد نامىزىدىن قولاي بولغانلىرىنى ئوقۇڭلار، دېگەن ئايەت بىلەن يۇقىرىقى ئايەت مەنسۇخ قىلىندى. تەھەججۇد نامىزى پەرز قىلىنىپ ئەمەلدىن قالدۇرۇلغۇچە بولغان ۋاقىت بىر يىل ئىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئۇنى ھامىي قىلىۋالغىن (يەنى ھەممە ئىشىڭنى ئۇنىڭغا تاپشۇرغىن) [9] .

**يۇقىرىقى ئايەتلەرنىڭ ئومۇمىي مەزمۇنى:**

ئاللاتائالا پەيغەمبىرىنى كېچىسى پەۋەردىگارىنىڭ ئىبادىتى بىلەن بولۇشقا، كىيىمى بىلەن يۆگىنىۋالماسلىققا ئەمرى قىلدى. ئۇنىڭغا كېچىنىڭ يېرىمىدە ياكى ئازراقىدا ۋە ياكى كۆپرەكىدە ئىبادەت قىلىشقا ئىختىيار بەردى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇنىڭ ساھابىلىرى ئاللانىڭ بۇ ئۇلۇغ ئەمرىگە ئاۋاز قوشتى، شۇنىڭدەك ئاللاتائالا ئۇنى قۇرئاننى ئالدىرىماي تەرتىپلىك، تەپەككۇر بىلەن ۋە ئاللادىن قورققان ھالدا ئوقۇشقا بۇيرۇدى، شۇنىڭدەك ئاللاتائالانىڭ ئۇنىڭغا تەنتەنىلىك قۇرئاننى نازىل قىلغانلىقىنى بايان قىلدى، ئاللاتائالا ئۇنى كېچىسى تەھەججۇد نامىزى ئوقۇشقا بۇيرۇدى، چۈنكى كېچىسى قۇرئان ئوقۇش جەھەتتە بولسۇن ۋە ئۇنى چۈشىنىش جەھەتتە بولسۇن، كۈندۈزگە قارىغاندا كىشىنىڭ دىققىتى مەركەزلىشىدۇ، كۈندۈزى سەئيى ـ ھەرىكەت، تىرىكچىلىك ئۈچۈن مېڭىشقا توغرا كەلگەنلىكتىن، كېچىدىكىدەك تىنچ بولمايدۇ، بەندە كېچىسى پەرۋەردىگارىغا ئىخلاس بىلەن ئىبادەت قىلىدۇ، ناماز ئوقۇيدۇ، ئاللاتائالانىڭ ئۇلۇغ ئىسمىنى ياد ئېتىدۇ، قۇرئان ئوقۇيدۇ، دۇنيانىڭ مەشغۇلاتىدىن پۈتۈنلەي ئۈزۈلۈپ، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئاللاغا بېرىلىدۇ، چۈنكى ئاللا ھەر شەيئىنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئۇلۇغ ياراتقۇچىدۇر، مەشرىق بىلەن مەغرىبنىڭ پەرۋەردىگارىدۇر. ئاللاغا تەۋەككۇل قىلىش ئاللانىڭ بىرلىكىگە ۋە ئاللانىڭ پۈتۈن كائىناتقا تولۇق ھۆكۈمران ئىكەنلىكىگە ئېتىقاد قىلىشنىڭ نەتىجىسىدۇر.

مۇھىم نۇقتىلىرى:

1. ئاللاتائالانىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئاللانىڭ دىنىغا دەۋەت قىلىش يولىدىكى جاپا-مۇشەققەتلەرنى كۆتۈرۈش ئۈچۈن كېچىسى تەھەججۇد نامىزى ئوقۇشقا ۋە قۇرئان ئوقۇشقا بىرلىشكە يۈزلەندۈرگەنلىكى.

2. كېچە دىلغا تىنچلىق بېغىشلايدىغانلىقى ئۈچۈن، ئىنسان رىزق تەلەپ قىلىش يولىدا ھەرىكەتلىنىدىغان كۈندۈزدىن ئىبادەت جەھەتتە كېچە ئارتۇقتۇر.

3. ھەممە ئىشنى ئاللاغا تاپشۇرۇش تەۋھىد ئەقىدىسىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمىدۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

وَاصْبِرْ عَلٰى مَا
يَقُولُونَ وَاهْجُرْهُمْ هَجْرًا جَمِيلًا ﴿١٠﴾ وَذَرْنِي
وَالْمُكَذِّبِينَ أُولِي النَّعْمَةِ وَمَهِّلْهُمْ قَلِيلًا ﴿١١﴾ إِنَّ لَدَيْنَآ
أَنْكَالًا وَّجَحِيمًا ﴿١٢﴾ وَّطَعَامًا ذَا غُصَّةٍ وَّعَذَابًا
أَلِيمًا ﴿١٣﴾ يَوْمَ تَرْجُفُ الْأَرْضُ وَالْجِبَالُ وَكَانَتِ
الْجِبَالُ كَثِيبًا مَّهِيلًا ﴿١٤﴾ إِنَّآ أَرْسَلْنَآ إِلَيْكُمْ
رَسُولًا ۙ شَاهِدًا عَلَيْكُمْ كَمَآ أَرْسَلْنَآ إِلٰى فِرْعَوْنَ
رَسُولًا ﴿١٥﴾ فَعَصٰى فِرْعَوْنُ الرَّسُولَ فَأَخَذْنٰهُ أَخْذًا
وَّبِيلًا ﴿١٦﴾ فَكَيْفَ تَتَّقُونَ إِنْ كَفَرْتُمْ يَوْمًا
يَّجْعَلُ الْوِلْدَانَ شِيبًا ﴿١٧﴾ السَّمَآءُ مُنْفَطِرٌۢ بِهٖ
كَانَ وَعْدُهٗ مَفْعُولًا ﴿١٨﴾ إِنَّ هٰذِهٖ تَذْكِرَةٌ ۚ فَمَنْ
شَآءَ اتَّخَذَ إِلٰى رَبِّهٖ سَبِيلًا ﴿١٩﴾

تەرجىمىسى:

ئۇلارنىڭ (يەنى مەككە كۇففارلىرىنىڭ) سېنى سېھىرگەر، شائىر، مەجنۇن دېگەن) سۆزلىرىگە سەۋر قىلغىن، ئۇلارنى چىرايلىقچە تەرك ئەتكىن (10). (ئى مۇھەممەد! مېنىڭ ئايەتلىرىمنى) ئىنكار قىلغۇچى دۆلەتمەنلەرنى ماڭا قويۇۋەتكىن (يەنى ئۇلارنىڭ جازاسىنى ئۆزەم بېرىمەن)، ئۇلارغا ئازغىنا مۆھلەت بەرگىن (11). شۈبھىسىزكى،

بىزنىڭ دەرگاھىمىزدا (ئۇلارغا) ئېغىر ئىشكەللەر ۋە (كۆيدۈرگۈچى) دوزاخ بار [12]. (زەققۇم، زەرىنىدىن ئىبارەت) گالدىن ئۆتمەيدىغان تاماق ۋە قاتتىق ئازاب بار [13]. ئۇ كۈندە زېمىن ۋە تاغلار قاتتىق تەۋرەيدۇ، تاغلار بىر دۆۋە تارقاق قۇمغا ئايلىنىدۇ [14]. شۈبھىسىزكى، بىز پىرئەۋنگە بىر پەيغەمبەرنى ئەۋەتكەندەك، سىلەرگە (ئەمەلىڭلارغا) گۇۋاھلىق بەرگۈچى بىر پەيغەمبەرنى ئەۋەتتۇق [15]. پىرئەۋن پەيغەمبەرگە (يەنى مۇسا ئەلەيھىسسالامغا) ئاسىيلىق قىلدى (يەنى پىرئەۋن مۇسا ئەلەيھىسسالامغا ئىمان ئېيتماي، ئۇنى يالغانغا چىقاردى، ئى قۇرەيش جامائەسى! سىلەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئاسىيلىق قىلغاندەك، پىرئەۋنمۇ مۇسا ئەلەيھىسسالامغا ئاسىيلىق قىلغاندى)، شۇنىڭ بىلەن ئۇنى قاتتىق جازالىدۇق [16]. (ئى قۇرەيش جامائەسى!) ئەگەر ئىمان ئېيتمىساڭلار، (دەھشىتىدىن) بالىلارنىڭ بېشىنى ئاقارتىۋېتىدىغان كۈندىن قانداق ساقلىنىسىلەر [17]. ئۇ كۈننىڭ (دەھشىتىدىن) ئاسمان يېرىلىدۇ، ئاللانىڭ ۋەدىسى چوقۇم ئەمەلگە ئاشىدۇ (چۈنكى ئاللا ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلمايدۇ) [18]. بۇ ئايەتلەر ھەقىقەتەن ۋەز-نەسىھەتتۇر، (بۇ ۋەز-نەسىھەتتىن پايدىلىنىشنى) خالىغان ئادەم پەرۋەردىگارىغا يەتكۈزىدىغان يولنى تۇتسۇن [19].

**بۇ ئايەتلەرنىڭ يۇقىرىقى ئايەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى:**

قۇرەيشلەر يىغىلىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ۋە ئۇنىڭ دەۋىتىگە قارشى سۇيىقەست پىلانلىدى، بۇنىڭ ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قايغۇردى، ئاللاتائالا ئۇنى ئۇلارنىڭ سۆزلىرىگە سەۋر قىلىشقا ۋە ئۇلارنى چىرايلىقچە تەرك ئېتىشكە بۇيرۇدى.

www.uyghurkitap.com

## يۇقىرىقى ئايەتلەرنىڭ ئومۇمىي مەزمۇنى:

ئاللاتائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئۆز قەۋمىدىكى ئەخمەق ئادەملەردىن بولغان ئىنكار قىلغۇچىلارنىڭ سۆزىگە سەۋر قىلىشقا، ئۇلارنى چىرايلىقچە تەرك ئېتىشكە بۇيرۇدى، ئاللاتائالانىڭ پۇل-مال ۋە ئەھلى-ئەۋلادتىن ئىبارەت نېمەتلىرىگە ئېرىشكەن، بۇ نېمەتلەرگە شۈكۈر قىلمىغان بۇ يالغانچىلارنى تەرك ئېتىشكە، ئۇلارغا قارىتا سەۋرچان بولۇشقا بۇيرۇدى، كۇفرىلىك قىلغانلىقى تۈپەيلىدىن ئۇلارنىڭ جازاغا تارتىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى، ئاللاتائالا ۋەدىسىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، بەدرى كۈنى مۇشرىكلارنىڭ بېشىغا كەلگەن مۇسىبەتنى پەيغەمبىرىگە ۋە مۆمىنلەرگە كۆرسەتتى، ئاللاتائالا ئاخىرەتتە ئۇلارنى ئازابلاش ئۈچۈن ئېغىر ئىشكەللەرنى، يالقۇنلاپ تۇرغان دوزاخنى، ئاچچىقلىقىدىن يېگۈچىلەرنىڭ گېلىدىن ئۆتمەيدىغان يېمەكلىكلەرنى ۋە قاتتىق ئازابنى تەييارلىدى، ئەنە شۇلار نېمەت بەرگۈچى ئاللاغا شۈكۈر قىلمىغانلارغا بېرىلىدىغان مۇناسىپ جازادۇر، بۇ جازا زېمىن ۋە تاغلار قاتتىق تەۋرىتىلىدىغان، تاغلار ئۇۋۇلۇپ، شامالدا سورۇلىدىغان يۇمشاق قۇمدەك بولۇپ كېتىدىغان قورقۇنچلۇق قىيامەت كۈنىدە بېرىلىدۇ.

ئاللاتائالا مەككە كۇففارلىرىنى مۇنداق قورقىتىدۇ، ئاللاتائالا مۇسا ئەلەيھىسسالامنى پىرئەۋنگە ئەۋەتكەندەك، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى شاھىد بولۇش ئۈچۈن مەككە كۇففارلىرىغا ئەۋەتكەنلىكىنى، پىرئەۋن ئاسىيلىق قىلىپ ئاللاغا ئىمان ئېيتمىغانلىقى ئۈچۈن، ئاللانىڭ ئۇنى قاتتىق جازالىغانلىقىنى، ئاللا كاپىرلارنى ئەنە شۇنداق قاتتىق جازالايدىغانلىقىنى ئەسلىتىدۇ، ئۇلارغا قارىتا

ئاللانىڭ ئازابى مۇشۇنداق بولىدۇ، ئۇلارغا: "سىلەر كاپىر بولساڭلار، ئاللانىڭ ئازابىدىن قانداق قۇتۇلىسىلەر، سىلەرگە دەھشىتىدىن كىچىك باللارنىڭ چاچلىرى ئاقىرىپ كېتىدىغان، زېمىن ۋە تاغلار تەۋرىنىلگەندىن كېيىن، ئاسمان يېرىلىپ كېتىدىغان كۈندە قانداق ئامانلىق بولىدۇ؟" دېيىلىدۇ.

ئاللانىڭ قىلغان ۋەدىسى چوقۇم ئىشقا ئاشىدۇ، بۇ ئاللاتائالادىن ھىدايەت تېپىشنى خالىغان، ئاللاغا ئىمان ئېيتىش يولىدا ماڭغان، ئاللاغا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلغان ئادەم پەند ـ نەسىھەت ئالىدىغان ۋەزدۇر.

**مۇھىم نۇقتىلىرى:**

1. ئاللاتائالا پەيغەمبىرىگە دىنىي دەۋەتنى تارقىتىش ئۈچۈن مۇشرىكلارنىڭ ئەزىيەتلىرىگە سەۋر قىلىشنى بۇيرۇدى، بۇ پەيغەمبەرلەر ئۆزلەشتۈرۈشكە تېگىشلىك مۇھىم سۈپەتلەردىندۇر.

2. نېمەتكە شۈكۈر قىلىش ئۇنى زىيادە قىلىدۇ، نېمەتنى ئىنكار قىلىش ئىنكار قىلغۇچىنى ئازابقا دۇچار قىلىدۇ.

3. كۇففارلارغا ۋەز ـ نەسىھەت، ئىبرەت، پەيغەمبەرگە تەسەللى بولۇشى ئۈچۈن، ئاللانىڭ ئۆزىنىڭ دوستلىرىغا ياردەم بېرىدىغانلىقىغا، بىرمەزگىل كېچىكتۈرۈپ بولسىمۇ دۈشمەنلەرنى خور قىلىدىغانلىقىغا جەزمەن ئىشىنىدىغان مۆمىنلەرنىڭ ئىشەنچىسىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، ئاللاتائالا قىيامەت كۈنىنىڭ قورقۇنچلۇق ئەھۋاللىرىنى تىلغا ئېلىپ ئۆتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

إِنَّ رَبَّكَ يَعْلَمُ أَنَّكَ
تَقُومُ أَدْنَىٰ مِن ثُلُثَيِ اللَّيْلِ وَنِصْفَهُ وَثُلُثَهُ وَ
طَائِفَةٌ مِّنَ الَّذِينَ مَعَكَ ۚ وَاللَّهُ يُقَدِّرُ اللَّيْلَ
وَالنَّهَارَ ۚ عَلِمَ أَن لَّن تُحْصُوهُ فَتَابَ عَلَيْكُمْ
فَاقْرَءُوا مَا تَيَسَّرَ مِنَ الْقُرْآنِ ۚ عَلِمَ أَن سَيَكُونُ
مِنكُم مَّرْضَىٰ ۙ وَآخَرُونَ يَضْرِبُونَ فِي الْأَرْضِ
يَبْتَغُونَ مِن فَضْلِ اللَّهِ ۙ وَآخَرُونَ يُقَاتِلُونَ
فِي سَبِيلِ اللَّهِ ۖ فَاقْرَءُوا مَا تَيَسَّرَ مِنْهُ ۙ وَأَقِيمُوا
الصَّلَاةَ وَآتُوا الزَّكَاةَ وَأَقْرِضُوا اللَّهَ قَرْضًا حَسَنًا ۚ
وَمَا تُقَدِّمُوا لِأَنفُسِكُم مِّنْ خَيْرٍ تَجِدُوهُ عِندَ
اللَّهِ هُوَ خَيْرًا وَأَعْظَمَ أَجْرًا ۚ وَاسْتَغْفِرُوا اللَّهَ ۚ
إِنَّ اللَّهَ غَفُورٌ رَّحِيمٌ ﴿٢٠﴾

تەرجىمىسى:

(ئى مۇھەممەد!) شۈبھىسىزكى، پەرۋەردىگارىڭ سېنىڭ ۋە سەن بىلەن بولغانلار (يەنى ساھابىلەر)دىن بىر توپ ئادەمنىڭ (تەھەججۇد نامىزى ئۈچۈن) كېچىنىڭ ئۈچتىن ئىككى ھەسسىدە، يېرىمىدا ۋە ئۈچتىن بىر ھەسسىدە تۇرىدىغانلىقىڭلارنى بىلىدۇ. كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ (ئۇزۇنلۇقى)نى ئاللا ئالدىنئالا

بەلگىلەيدۇ، سىلەرنىڭ ئۇنى ھېسابلاپ بولالمايدىغانلىقىڭلارنى ئاللا بىلىدۇ، ئاللا سىلەرگە رەھىم قىلدى (يەنى كېچىدە تەھەججۇد نامىزى ئوقۇشنىڭ پەرزلىكىنى) ئەمەلدىن قالدۇردى، تەھەججۇد نامىزىدىن سىلەرگە قولاي بولغاننى ئوقۇڭلار، ئاللا بىلىدۇكى، بەزىڭلار كېسەل بولۇپ قالىسىلەر، بەزىلەر ئاللانىڭ پەزلىنى تىلەپ (يەنى تىجارەت قىلىپ) يەر يۈزىدە سەپەر قىلىدۇ، يەنە بەزىلەر ئاللانىڭ يولىدا جىھاد قىلىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭدىن (يەنى تەھەججۇد نامىزىدىن) قولاي بولغاننى ئوقۇڭلار، (پەرز) نامازنى ئادا قىلىڭلار، زاكاتنى بېرىڭلار، ئاللاغا قەرزىي ھەسەنە بېرىڭلار (يەنى ئاللانىڭ رازىلىقى ئۈچۈن ياخشىلىق يوللىرىغا پۇل - مال سەرپ قىلىڭلار) ئۆزۈڭلار ئۈچۈن (دۇنيادا) قايسى بىر ياخشى ئىشنى قىلساڭلار، ئاللانىڭ دەرگاھىدا تېخىمۇ ياخشى، تېخىمۇ كاتتا ساۋابقا ئېرىشىسىلەر (دۇنيا بولسا پانىيدۇر، ئاخىرەت بولسا باقىيدۇر، ياخشى بەندىلەر ئۈچۈن ئاللانىڭ دەرگاھىدىكى ساۋاب ھەممىدىن ئارتۇقتۇر). ئاللادىن مەغپىرەت تىلەڭلار. ئاللا ھەقىقەتەن ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر. ناھايىتى مېھرىباندۇر[20].

## بۇ ئايەتنىڭ مۇشۇ سۈرىنىڭ بېشىدىكى ئايەت بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى:

ئاللاتائالا پەيغەمبىرىنى كېچىنىڭ ئۈچتىن بىرىدە ئىبادەت قىلىشقا ياكى يېرىمىدە ئىبادەت قىلىشقا ياكى ئۈچتىن ئىككى قىسمىدا ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇغان ھەمدە بۇنىڭدا جاپا بولىدىغانلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، بۇ ئايەت بىلەن پەيغەمبەرگە ۋە مۆمىنلەرگە ئىبادەتنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

يېنىكلەتكەن.

**يۇقىرىقى ئايەتنىڭ ئومۇمىي مەزمۇنى:**

ئاللاتائالا پەيغەمبىرىگە مۇنداق دەپ خىتاب قىلىدۇ: "پەرۋەردىگارىڭ سېنىڭ ۋە سەن بىلەن بىللە بولغان مۆمىنلەردىن بىر جامائەنىڭ كېچىلىك تەھەججۇد نامىزىغا بېرىلىدىغانلىقىڭلارنى بىلىدۇ، سېنىڭ ۋە ئۇلارنىڭ ئىخلاسىنىمۇ بىلىدۇ، سىلەرنىڭ تارتقان جاپايىڭلارنىمۇ بىلىدۇ، ئاللاتائالا ساڭا كۆيۈنۈپ سەندىن ۋە ساھابىلىرىڭدىن كېچىلىك ئىبادەتنى يېنىكلىتىشنى ئىرادە قىلىدۇ، ئاللاتائالا كېچىنى ئۇزارتىدۇ، كۈندۈزنى قىسقارتىدۇ، كۈندۈزنى ئۇزارتىدۇ، كېچىنى قىسقارتىدۇ، ئۇلارنى باراۋەر قىلىدۇ، سەن بىلەن بىللە بولغانلار كېچىنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمىدا، كېچىنىڭ يېرىمىدا ۋە كېچىنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمىدا ئىبادەتكە تۇرىسىلەر، سىلەر ۋاقىتنى دەل ھېسابلاشقا ــ ئىبادەتكە تۇرۇشقا تېگىشلىك ۋاقىتنى ھېسابلاشقا قادىر بولالمايسىلەر، ئاللاتائالا بۇ جەھەتتىكى ئاجىزلىقىڭلارنى بىلىدۇ، سىلەرگە مۇشەققەت تىلىمەيدۇ، "كېچىلىك تەھەججۇد نامىزىنى يېنىكلىتىڭلار، ئىشىنىڭ ئوڭىيىنى قىلىڭلار" دەيدۇ، ئاللاتائالا كېچىلىك تەھەججۇد نامىزىغا ۋاقىت بەلگىلىمەي، ئۇلارغا كېچىنىڭ خالىغان ۋاقىتلىرىدا ئىبادەت قىلىش ئىختىيارىنى بەردى.

**كېچىلىك تەھەججۇد نامىزىنى يېنىكلاتىشنىڭ سەۋەبلىرى:**

مۇسۇلمانلارنىڭ ئارىسىدا كېسەللىك ياكى سەپەرگە چىقىش ياكى جىھادقا چىقىش سەۋەبى بىلەن تەھەججۇد نامىزىنى ئادا قىلالماي-

دىغانلار بار ئىدى. ئاللا ئۇلاردىن بۇنى يېنىكلەتتى، ئىش بىلەن ئىبادەتنى بىرلەشتۈرۈشى ئۈچۈن ئۇلارغا ئۆزلىرى قىلالايدىغان ئىبادەتنى بەلگىلىدى، كېسەل كىشى ئۆزىنىڭ سالامەتلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن تەھەججۇد نامىزىنى يېنىكلىتىش پۇرسىتىگە ئېرىشتى. تىرىكچىلىك يولىدا سەئيى قىلغۇچى ئادەم ئىشلەپچىقىرىشنى ئاشۇرىدىغان يېتەرلىك ۋاقىتقا ئېرىشتى، جىھاد قىلغۇچى ئادەم قورالىنى راسلاش ۋە دەم ئېلىش ئۈچۈن يېتەرلىك ۋاقىتقا ئېرىشتى، تەھەججۇد نامىزى مۇشۇنداق يېنىكلىتىلگەندىن كېيىن، پەرز نامازنى ئادا قىلماسلىقتا، قۇرئان ئوقۇماسلىقتا، زاكات بەرمەسلىككە ھېچ ئادەمگە ئۆزرى قالمىدى، مۇسۇلمان ئادەم زاكات بېرىشتىن تاشقىرى سەدىقە بېرىشكە دەۋەت قىلىنغان، ئىنسان ئىلگىرى قىلغان ياخشى ئەمەللىرى ئۈچۈن ئاللانىڭ دەرگاھىدا چوڭ ساۋابقا ئېرىشىدۇ. سەمىمىي نىيەت بىلەن مەغپىرەت تەلەپ قىلغان ئادەمنى ئاللا مەغپىرەت قىلىدۇ.

**مۇھىم نۇقتىلىرى:**

**1. ئاللاتائالا پەيغەمبىرىگە ۋە مۆمىنلەرگە رەھىم قىلىش يۈزىسىدىن، تەھەججۇد نامىزى ئوقۇشنى يېنىكلەتتى، ئۇنى پەرز قىلمىدى.**

**2. بۇ سۈرە مەككىدە نازىل بولغان بولۇپ، ئاللانىڭ يولىدا جىھاد قىلغۇچىلارنىڭ تەھەججۇد نامىزىنى تەرك ئېتىشىنى ئۆزرە ھېسابلىدى، بۇ چاغدا تېخى جىھاد پەرز قىلىنمىغانىدى،**

**3. پەرز نامازلارنى ئادا قىلىشقا، زاكات بېرىشكە ۋە ئاللا ئۈچۈن قەرزىي ھەسەنە تەرىقىسىدە سەدىقە بېرىشكە بۇيرۇش مۆمىن**

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئادەمنىڭ ئالدىنىئالا قىلغان ھەرقانداق ياخشى ئەمىلى ئۈچۈن چوڭ ساۋابقا ئېرىشىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

4. ئاللاتائالانىڭ مەغپىرەت تەلەپ قىلىشقا ئەمرى قىلغانلىقى، گۇناھلارنى مەغپىرەت قىلىشقا ۋەدە قىلغانلىقىدۇر.

اٰيَاتُهَا ٥٦ — سُورَةُ الْمُدَّثِّرِ مَكِّيَّةٌ (٧٤) (٢) — رُكُوعَاتُهَا ٢

بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيْمِ

يٰٓاَيُّهَا الْمُدَّثِّرُ ﴿١﴾ قُمْ فَاَنْذِرْ ﴿٢﴾ وَرَبَّكَ فَكَبِّرْ ﴿٣﴾
وَثِيَابَكَ فَطَهِّرْ ﴿٤﴾ وَالرُّجْزَ فَاهْجُرْ ﴿٥﴾ وَلَا تَمْنُنْ
تَسْتَكْثِرُ ﴿٦﴾ وَلِرَبِّكَ فَاصْبِرْ ﴿٧﴾ فَاِذَا نُقِرَ فِي النَّاقُوْرِ ﴿٨﴾
فَذٰلِكَ يَوْمَئِذٍ يَّوْمٌ عَسِيْرٌ ﴿٩﴾ عَلَى الْكٰفِرِيْنَ غَيْرُ
يَسِيْرٍ ﴿١٠﴾ ذَرْنِيْ وَمَنْ خَلَقْتُ وَحِيْدًا ﴿١١﴾ وَّجَعَلْتُ
لَهٗ مَالًا مَّمْدُوْدًا ﴿١٢﴾ وَّبَنِيْنَ شُهُوْدًا ﴿١٣﴾ وَّمَهَّدْتُّ
لَهٗ تَمْهِيْدًا ﴿١٤﴾ ثُمَّ يَطْمَعُ اَنْ اَزِيْدَ ﴿١٥﴾ كَلَّا ۗ اِنَّهٗ
كَانَ لِاٰيٰتِنَا عَنِيْدًا ﴿١٦﴾ سَاُرْهِقُهٗ صَعُوْدًا ﴿١٧﴾

تەرجىمىسى:

## 74. سۈرە مۇددەسسىر

مەككىدە نازىل بولغان، 56 ئايەت.

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللانىڭ ئىسمى بىلەن

باشلايمەن.

ئى (ۋەھيى نازىل بولغان چاغدا) كىيىمگە چۈمكىلىۋالغۇچى (پەيغەمبەر!) [1]. تۇر! (ئىنسانلارنى) ئاللاھنىڭ ئازابىدىن ئاگاھلاندۇر [2]. پەرۋەردىگارىڭنى ئۇلۇغلا [3]. كىيىمىڭنى پاك تۇت [4]. ئازابتىن (يەنى ئازابقا قالدۇرىدىغان ئىشلاردىن) يىراق بول [5]. كۆپ ئېلىش نىيىتىدە بەرمە (يەنى بىر كىشىگە بىرەر سوۋغا بەرسەڭ، ئۇنىڭدىن بەرگەن نەرسەڭدىن كۆپرەك نەرسە ئېلىشنى تەمە قىلما) [6]. پەرۋەردىگارىڭنىڭ (رازىلىقى) ئۈچۈن (قەۋمىڭدىن يەتكەن ئەزىيەتكە) سەۋر قىل [7]. سۇر چېلىنغان ۋاقىت — ئۇ كۈن قىيىن كۈندۇر [8–9]. كاپىرلارغا ئاسان ئەمەستۇر [10]. (ئى مۇھەممەد!) مەن تەنھا ياراتقان كىشىنى (يەنى ۋەلىد ئىبنى مۇغىرەنى) ماڭا قويۇۋەت [11]. ئۇنىڭغا نۇرغۇن مال بەردىم [12]. ئۇنىڭغا كۆز ئالدىدا تۇرىدىغان ئوغۇللارنى بەردىم [13]. ئۇنىڭ ئابرويىنى ئۆستۈردۈم [14]. ئاندىن ئۇ يەنە كۆپ بېرىشىمنى تەمە قىلىدۇ [15]. ياق*، (يەنى ئۇنىڭ خالىغىنى بولمايدۇ) چۈنكى ئۇ بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزگە قارشى چىقتى [16]. ئۇنىڭغا قاتتىق ئازابنى تېتىتىمەن [17].

## يۇقىرىقى ئايەتلەرنىڭ نازىل بولۇش سەۋەبى:

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋەھيىنىڭ ئۈزۈلۈپ قېلىپ ئەسلىگە كېلىشىنى سۆزلەپ

* مۇپەسسىرلەرنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ ئايەتلەر نازىل بولغاندىن كېيىن، ۋەلىدنىڭ مال-مۈلكى كېمىيىشكە باشلىغان، ئۇنىڭ دۆلىتى ئاستا-ئاستا قولىدىن كېتىپ، ئۇ خار-زەبۇن ھالدا ئۆلگەن.

مۇنداق دەيدۇ: "مەن كېتىپ بېرىپ ئاسمان تەرەپتىن بىر تۇرلۇك ئاۋاز ئاڭلىدىم، قارىسام ماڭا ھىرا غارىدا كەلگەن پەرىشتە ئاسمان بىلەن زېمىننىڭ ئارىسىدا بىر كۇرسى ئۈستىدە ئولتۇرۇپتۇ، ئۇنىڭدىن قورقۇپ كېتىپ يەرگە يىقىلىپ چۈشتۈم، ئائىلەمگە قايتىپ كېلىپ مېنى يۆگەپ قويۇڭلار" دېدىم، شۇنىڭ بىلەن ئاللاتائالا بۇ ئايەتلەرنى نازىل قىلدى: "ئى (ۋەھيى نازىل بولغان چاغدا) كىيىمىگە چۈمكىلىۋالغۇچى پەيغەمبەر، [1] تۇر! (ئىنسانلارنى) ئاللانىڭ ئازابىدىن ئاگاھلاندۇر [2]. پەرۋەردىگارىڭنى ئۇلۇغلا [3]. كىيىمىڭنى پاك تۇت [4]. ئازابتىن (يەنى ئازابقا دۇچار قىلىدىغان ئىشلاردىن) يىراق بول [5].

## يۇقىرىقى ئايەتلەرنىڭ ئومۇمىي مەزمۇنى:

ئاللاتائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا خىتاب قىلىپ: ئۇنى كىيىمىگە چۈمكىلىۋالماي، كاپىرلارنى ۋە مۇشرىكلارنى ئاگاھلاندۇرۇشقا، ئۇلارنى كۇفرىنى داۋاملاشتۇرسا ئاخىرەتتە قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدىغانلىقى بىلەن قورقۇتۇشقا، ئۇلارنى ھېچقانداق شېرىكى يوق بىر ئاللاغا ئىبادەت قىلىشقا دەۋەت قىلىشقا بۇيرۇيدۇ. شۇنىڭدەك، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى شېرىكى يوق يالغۇز پەرۋەردىگارىنى ئۇلۇغلاشقا، كىيىمىنى پاك تۇتۇشقا بۇيرۇيدۇ، كىيىمنىڭ پاكلىقى دېگەن سۆز دىلنىڭ، ئەخلاقنىڭ، ئەمەلنىڭ پاكلىقى دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. دېمەك، كىيىم ئوراپ تۇرغان ۋۇجۇدنى پاك تۇتۇشتىن كىنايىدۇر، شۇنىڭدە ئاللاتائالا پەيغەمبەرگە خىتاب قىلىپ: "بۇتلارغا چوقۇنۇشنى ياكى ھەممە گۇناھلارنى داۋاملىق تەرك ئەتكىن، بىرەر ئادەمگە بەرگەن نەرسەڭنى كۆپ سانىما، ياكى

بەرگەن نەرسەڭدىن كۆپرەك نەرسىنى ئۈندۈرۈۋېلىشنى تەمە قىلما. بۇ ئاللانىڭ ساڭا بەرگەن پەرزىدۇر، ساڭا ئىختىيار قىلىپ ئاتىغىنىدۇر. بۇ ئاللاغا مىننەت قىلماي، شۈكۈر قىلىشقا تېگىشلىك نەرسىدۇر" دەيدۇ، يەنە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا خىتاب قىلىپ: "پەرۋەر- دىگارىڭنىڭ تائەتلىرىنى ئورۇنلاشتا، بۇيرۇقلىرىنى بەجا كەلتۈرۈشتە ۋە نەھى قىلغان نەرسىلىرىدىن چەكلىنىشتە چىدامىلىق كۆرسەتكىن، ئاللاغا دەۋەت قىلىش يولىدا دۇچ كەلگەن قىيىنچىلىقلارغىمۇ چىدامىلىق بولغىن، ساڭا ئەزىيەت يەتكۈزىدىغانلار سۇر چېلىنىدىغان قىيامەت كۈنىدە جازاسىنى تارتىدۇ" دەيدۇ، بۇ كۈننى كاپىرلار ئۈچۈن قىيىن كۈن دەپ تەسۋىرلەيدۇ. بۇ قىيىن كۈننى ھېچقانداق ئاسانلىقنىڭ بولمايدىغانلىقى بىلەن تەكىتلەيدۇ، كۇففارلارنىڭ بۇ قىيىن كۈنگە مۇلاقات بولۇشلىرىدىن ئىلگىرى، ئاگاھلاندۇرغۇچى پەيغەمبەرنىڭ سۆزلىرىگە قۇلاق سېلىشى تولىمۇ تېگىشلىك ئىدى.

ئاندىن ئايەت كۇففارلارنى قورقۇتۇشتىن ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ۋەلىد* ئىبنى مۇغىرەدىن ئىبارەت بىر شەخسنى قورقۇتۇشقا يۆتكە- لىدۇ، چۈنكى ۋەلىد ئىبنى مۇغىرەنىڭ روسۇلۇللانى ئىنكار قىلىشتا

* قۇرەيشنىڭ كاتتىباشلىرى روسۇلۇللانىڭ دەۋىتىدىن يۈرەكلىرى سىقىلىپ، بۇنىڭغا قارشى چارە-تەدبىرلەردىن ئىلاجسىز قېلىپ، ۋەلىدنىڭ ئالدىغا ئىلتىجا قىلىپ بارغان. ۋەلىد ئۇلارغا، روسۇلۇللانى سېھىرگەر دەپ ئاتاشنى، ئۇلارنىڭ قۇللىرى ۋە كىچىك باللىرىغا مەككىدە شۇنداق دەپ تۇۋلاشنى ئۆگىتىش مەسلىھىتىنى بەرگەن. روسۇلۇللا بۇنىڭدىن قايغۇرغان. شۇنىڭ بىلەن ۋەلىدنىڭ چوڭچىلىقىنى سۇندۇرۇش ۋە ئۇنى قورقۇتۇش يۈزىسىدىن بۇ ئايەتلەر نازىل بولغان.

www.uyghurkitap.com

قەۋمى ئىچىدە رولى بار ئىدى، روسۇلۇللاغا مۇنداق دېيىلىدۇ: "ۋەلىدنى جازالاشنى ماڭا قويۇۋەتكىن، مەن شۇنداق قىلىشقا كەپىل ۋە قادىرمەن. مەن ئۇنى ئېلىدىن ۋە بالىلىرىدىن تەنھا ياراتقان تۇرسام، ئۇنىڭغا كۆپ مال ۋە ئالدىدا ھازىر تۇرىدىغان ئوغۇللارنى بەرگەن تۇرسام، ئۇنىڭغا ھاياتنى ئاسانلاشتۇرغان تۇرسام، ئۇ يەنە ئۇنىڭ مال ـ مۈلكىنى، بالىلىرىنى كۆپەيتىپ بېرىشىمنى، ئابرويىنى ئاشۇرۇپ بېرىشىمنى تەمە قىلامدۇ؟ "كەللا" دېگەن سۆز ئۇنىڭ يۇقىرىقى جەھەتلەردە ئاللانىڭ كۆپرەك بېرىشىنى تەمە قىلىشنى رەت قىلىشتۇر، ئۇ پەيغەمبەرنىڭ دەۋىتىگە قارشى كۈرەش قىلدى، ئۇنىڭدىن ئۆزىنى ۋە باشقىلارنى توستى، شۇ دەۋەت توغرىسىدا تۈرلۈك پىتنە ـ پاساتلارنى تارقاتتى، ئۇنىڭدىن كېيىنلا ئايەتتە ۋەلىدكە شۇنداق بىر قاتتىق ئازابنىڭ يۈكلىنىدىغانلىقى، ۋەلىدنىڭ ئۇنى كۆتۈرۈشكە قادىر بولالمايدىغانلىقى بايان قىلىنىدۇ. ھەدىستە ئېيتىلىشىچە، بىر ئوت تاغ بولۇپ، ئۇنىڭغا چىققۇچى يەتمىش يىلدا چىقىپ بولالايدۇ، ئاندىن ئۇنىڭ ئۈستىدىن تاشلىنىدۇ، ئاندىن يەنە چىقىرىلىپ، يەنە تاشلىنىپ داۋاملىق مۇشۇنداق ئازابلىنىدۇ.

**مۇھىم نۇقتىلىرى:**

1. ئاللاتائالانىڭ بەندىلىرىگە بولغان رەھمىتى كىشىلەرنى ھالاك بولۇشتىن يىراق قىلىش ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن ئۇلارنى ئاگاھلاندۇرىدىغان پەيغەمبەرلەرنى ئىختىيار قىلىشنى تەقەززا قىلىدۇ.
2. ئاللاتائالا پەيغەمبەرلەرنى ئاللانى ھەممىدىن بۈيۈك دەپ

ئېتىقاد قىلىشقا بۇيرۇيدۇ، شۇنداقلا ئۇلارنى دىلىنى، ئەمەلىنى، ئەخلاقىنى پاك تۇتۇشقا، بۇتلارنى، بارلىق گۇناھلارنى داۋاملىق تاشلاشقا، مىننەت قىلماسلىققا بۇيرۇيدۇ، چۈنكى ئۇلار بەرگەن نەرسە ئاللاتائالا تەرىپىدىن بېرىلگەن پەزلىدۇر، ئاللا ئۇلارنى تائەت ئىبادەتكە ۋە پەيغەمبەرلىك دەۋىتىنى تەبلىغ قىلىش يولىدا تارتقان جاپا ـ مۇشەققەتلەرگە چىداشقا بۇيرۇيدۇ.

3. كاپىرلارنى ھوشىنى تاپسۇن دەپ، ئۇلارنى قىيامەت كۈنى ئۇلارنىڭ قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدىغانلىقى بىلەن قورقۇتىدۇ.

4. ئاللانىڭ بەرگەن نېمىتىنى ئىنكار قىلىپ قاتتىق ئازابقا تېگىشلىك بولغان ۋەلىد ئىبنى مۇغىرەنىڭ قىسسىدىن ئىبرەت ئېلىش لازىملىقى، ھەر زامان، ھەر ماكاندا ئاللانىڭ نېمىتىنى ئىنكار قىلغان كۇففارلارنىڭ مۇشۇنداق جازالىنىدىغانلىقى بايان قىلىنىدۇ.

إِنَّهُ
فَكَّرَ وَقَدَّرَ ﴿١٨﴾ فَقُتِلَ كَيْفَ قَدَّرَ ﴿١٩﴾ ثُمَّ قُتِلَ كَيْفَ
قَدَّرَ ﴿٢٠﴾ ثُمَّ نَظَرَ ﴿٢١﴾ ثُمَّ عَبَسَ وَبَسَرَ ﴿٢٢﴾ ثُمَّ أَدْبَرَ
وَاسْتَكْبَرَ ﴿٢٣﴾ فَقَالَ إِنْ هَٰذَا إِلَّا سِحْرٌ يُؤْثَرُ ﴿٢٤﴾ إِنْ
هَٰذَا إِلَّا قَوْلُ الْبَشَرِ ﴿٢٥﴾ سَأُصْلِيهِ سَقَرَ ﴿٢٦﴾ وَمَا
أَدْرَاكَ مَا سَقَرُ ﴿٢٧﴾ لَا تُبْقِي وَلَا تَذَرُ ﴿٢٨﴾ لَوَّاحَةٌ
لِلْبَشَرِ ﴿٢٩﴾ عَلَيْهَا تِسْعَةَ عَشَرَ ﴿٣٠﴾

**تەرجىمىسى:**

ئۇ (پەيغەمبەر ۋە قۇرئان ھەققىدە) ئويلاندى، (قۇرئان توغرۇلۇق نېمە دېيىشنى ۋە قانداق بوھتان قىلىشنى) پىلانلىدى [18]. لەنەت بولسۇنكى، ئۇ، قانداق پىلانلىدى [19]. يەنە لەنەت بولسۇنكى، ئۇ قانداق پىلانلىدى [20]. ئاندىن ئۇ قارىدى [21]. ئاندىن قوشۇمىسىنى تۈردى ۋە چىرايىنى پۈرۈشتۈردى [22]. ئاندىن (ئىماندىن) يۈز ئۆرۈدى (پەيغەمبەرگە ئەگىشىشتىن) تەكەببۇرلۇق بىلەن باش تارتتى [23]. "بۇ (كالامۇللا ئەمەس.) پەقەت ئۆگىنىلگەن سېھىردۇر. بۇ پەقەت ئىنسان سۆزىدۇر" دېدى [24-25]. ئۇنى مەن سەقەرگە (يەنى دوزاخقا) سالىمەن [26]. سەقەرنىڭ نېمىلىكىنى قانداق بىلەلەيسەن؟ [27]. ئۇ ھېچ نەرسىنى قالدۇرمايدۇ، قويمايدۇ، (بەلكى كۆيدۈرۈپ تاشلايدۇ) [28]. ئۇ (چوڭلۇقىدىن) ئىنسانلارنىڭ (كۆزلىرىگە يىراق مۇساپىلەردىن) كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ [29]. ئۇنىڭغا ئون توققۇز پەرىشتە مۇئەككەلدۇر [30].

**بۇ ئايەتلەرنىڭ يۇقىرىدىكى ئايەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى:**

ئاللاتائالا ۋەلىد ئىبنى مۇغىرەگە بەرگەن نېمەتلىرىنى ۋە ئۇنىڭ تەرسالىقىنى زىكرى قىلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ قۇرئاننى ئىنكار قىلغانلىقى، قۇرئانغا قارشى تۇرغانلىق رەۋىشىنى ۋە ئۇنىڭ قۇرئاننى سېھىردۇر دېگەن سۆزىنى بايان قىلدى.

## يۇقىرىقى ئايەتلەرنىڭ نازىل بولۇش سەۋەبى:

ۋەلىد ئىبنى مۇغىرە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قۇرئاندىن سۈرە «ھامىم»نى يەنى «سۈرە غافىر»نىڭ باش تەرىپىنى ئوقۇغانلىقىغا قۇلاق سالدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ قىرائىتىدە ۋەلىدنىڭ قۇلاق سېلىپ تۇرغانلىقىنى تۇيۇپ، قىرائەتنى قايتىلىدى، ۋەلىد ئۆزىنىڭ قەۋمى بەنى مەخزۇمنىڭ سورۇنىغا كېلىپ، "ئاللا بىلەن قەسەمكى، بايا مۇھەممەددىن شۇنداق بىر سۆزنى ئاڭلىدىم، ئۇ سۆز ئىنسانلارنىڭ سۆزىگىمۇ ئوخشىمايدۇ، جىنلارنىڭ سۆزىگىمۇ ئوخشىمايدۇ، ئۇ سۆز شۇ قەدەر شېرىن ۋە گۈزەل، باشتىن-ئاخىرغىچە چىرايلىق بولۇپ، ھەرقانداق سۆزنى بېسىپ چۈشىدۇ، ئۇنىڭ ئالدىغا سۆز ئۆتمەيدۇ" دېدى، ئاندىن ۋەلىد ئۆيىگە قايتتى، قۇرەيش مۇشرىكلىرى: "ئەزبىرايى خۇدا، ۋەلىد دىنىنى ئۆزگەرتىپتۇ، ئەمدى پۈتۈن قۇرەيش خەلقى دىنىنى ئۆزگەرتىدىغان بولدى" دېيىشتى، ئەبۇ جەھل ئۇلارغا سىلەر ئۈچۈن ۋەلىدكە مەن تېتىمەن دېدى-دە، ۋەلىدنىڭ قېشىغا بېرىپ غەمكىن قىياپەتتە ئولتۇردى، ۋەلىد ئۇنىڭغا، ئى قېرىندىشىمنىڭ ئوغلى، سەن غەمكىن كۆرۈنىسەنغۇ، دېدى. ئەبۇ جەھل ئۇنىڭغا، مەن نېمىشقىمۇ غەم قىلماي، بۇ قۇرەيش جامائەسى سېنى يېشى چوڭىيىپ قالدى دەپ، ساڭا پۇل يىغىش قىلىپ بەرمەكچى بولۇۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ گۇمانىچە، سەن مۇھەممەدنىڭ سۆزلىرىنى چىرايلىق دەپسەن، سەن مۇھەممەدنىڭ يېنىغا مۇسۇلمانلارنىڭ ئاشقان تاۋىقىدىن بەھرىمەن بولۇش ئۈچۈن كىرىدىكەنسەن، دېدى. ۋەلىد ئاچچىقلىنىپ: "قۇرەيشلەر ئۇلارنىڭ ئىچىدە مېنىڭ مېلىمنىڭ، بالىلىرىمنىڭ ئەڭ

كۆپ ئىكەنلىكىنى بىلمەمدىكەن؟ مۇھەممەد ۋە ئۇنىڭ ساھابىلىرىنىڭ تامىقى ئېشىپ قالغۇدەك دەرىجىدە تويغانلىرى بارمىكەن؟" دېدى. ئۇ ئەبۇ جەھىل بىلەن بىللە قەۋمىنىڭ سورۇنىغا كەلدى، ۋەلىد ئۇلاردىن: "سىلەر مۇھەممەدنى ساراڭ دەيسىلەر، ئۇنىڭ قالايمىقان سۆزلىگىنىنى كۆردۈڭلارمۇ؟ ئۇنى پالچى دەيسىلەر، ئۇنىڭ پال سالغىنىنى كۆردۈڭلارمۇ؟ ئۇنى شائىر دەيسىلەر، ئۇنىڭ شائىرلىق بىلەن شۇغۇللانغانلىقىنى كۆردۈڭلەرمۇ؟ ئۇنى يالغانچى دەيسىلەر، ئۇنىڭ بىرەر يالغانچىلىقى ئالدىڭلاردىن ئۆتتىمۇ؟" دەپ سورىدى، ئۇلار ياق دەپ جاۋاب بېرىشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر بولۇپ كېلىشتىن بۇرۇن راستچىل بولغانلىقى ئۈچۈن ئەمىن دەپ ئاتىلاتتى، قۇرەيشلەر ۋەلىدتىن ئۇنداق بولسا ئۇ نېمە؟ دەپ سورىدى، ۋەلىد بىرئاز ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن، مۇھەممەد سېھىرگەر، قارىمامسىلەر، ئۇنىڭ كىشىلەرنى ئاياللىرىدىن، بالىلىرىدىن، قۇللىرىدىن ئايرىۋېتىپ بارغىنىنى، ئۇنىڭ ئېيتقانلىرى پەقەت مۇسەيلىمە ۋە بابىللىقلاردىن ئېپقالغان سېھىردۇر، دېدى. سورۇندا خۇشاللىق سادالىرى ياڭراپ كەتتى، ئۇلار ۋەلىدنىڭ سۆزىگە ھەيران قېلىپ تارقىلىپ كېتىشتى.

**يۇقىرىقى ئايەتلەرنىڭ ئومۇمىي مەزمۇنى:**

ۋەلىد قۇرئان ۋە پەيغەمبەر ھەققىدە ئويلىنىپ، نېمە دەيدىغانلىقىنى پىلانلىدى، لەنەت بولسۇنكى، ئۇ قانداق پىلانلىدى؟ ئايەتنىڭ تەكرارلىنىشى ۋەلىدنى ئەيىبلەش ۋە ئىستېھزا قىلىش ئۈچۈندۇر، ئاندىن كېيىن، ئۇ قۇرئانغا رەددىيە بېرىدىغان نەرسىلەرنى ئىزدەش يۈزىسىدىن قارىدى، ئاندىن قوشۇمىسىنى تۈرۈپ چىرايىنى پۈرۈشتۈردى، ئاندىن ئىمانغا دەۋەت قىلىنغان چاغدا ئىماندىن

بويۇنتاۋلۇق قىلىپ، ئىماندىن يۈز ئۆرۈدى، ئۇ "مۇھەممەدنىڭ ئوقۇغانلىرى پەقەت ئىلگىرىكىلەردىن رىۋايەت قىلىنغان سېھىردۇر، ئىنساننىڭ سۆزىدۇر" دېدى، ۋەلىدنىڭ مۇنداق بوھتان قىلىشى سەركەشلىك قىلىپ قۇرئانغا بويسۇنماسلىق، ئاللانىڭ نۇرى بىلەن ھىدايەت تاپماسلىق ئۈچۈن ئىدى. شۇڭا ئاللاتائالا ئاخىرەتتە ئۇنىڭغا تەييارلانغان ئازابلارنى تىلغا ئېلىپ، ئۇنىڭ دوزاختا كىرىدىغانلىقىنى بايان قىلدى. ئاندىن ئاللاتائالا دوزاخنىڭ دەھشەتلىك ئىكەنلىكىنى تەكرار تىلغا ئالدى. ئاللا دوزاخنىڭ دەھشىتىنى بايان قىلىپ، دوزاخنىڭ ئۆزىگە تاشلانغانلارنىڭ گۆش-لىرىنى، تومۇرلىرىنى، پەيلىرىنى، تېرىلىرىنى يەپ كېتىدىغانلىقىنى، ئۇلاردىن ھېچ نەرسىنى قويمايدىغانلىقىنى زىكرى قىلدى. ئاندىن يەنە ئادەم بەدىنىنىڭ ئەسلىگە كېلىپ قايتا ئازابلىنىدىغانلىقىنى ئېيتىلدى، دوزاختا تاشلانغان كۇففارلارنىڭ دوزاختا ھەمىشە تېلىپ، جېنى چىقماي داۋاملىق ئازابلىنىدىغانلىقى بايان قىلىندى. ئاللا-تائالا يەنە ئەھلى دوزاخلارنىڭ تېرىلىرىنىڭ كۆيۈپ قاراڭغۇ كېچىدىنمۇ بەتتەر قارىداپ كېتىدىغانلىقىدىن، دوزاختا 19 پەرىشتىنىڭ مۇئەككەل ئىكەنلىكىدىن خەۋەر بەردى.

### دۇھىم نۇقتىلىرى:

1. قۇرئاننىڭ بالاغىتىنىڭ يۇقىرىلىقى، مەنىسىنىڭ يۈكسەكلىكى، ئىنساننىڭ سۆزى ئەمەسلىكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەڭگۈ داۋاملىشىدىغان مۆجىزىسى ئىكەنلىكى بايان قىلىندۇ.

2. قۇرئاننىڭ مەنىسى ۋە ئۇنىڭ گۈزەل تۈزۈلۈشىدىن كۇففار-لارنىڭ تەسىرلەنگەنلىكى، ئېكىن ئۇلارنىڭ قۇرئاننىڭ ئالەملەرنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

پەرۋەردىگارى ئاللا تەرىپىدىن نازىل قىلىنغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ بويۇنتاۋلۇق قىلىپ ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈگەنلىكى زىكرى قىلىنىدۇ.

3. دوزاخنىڭ قاتتىق ئازابىنىڭ ھەقتىن يۈز ئۆرۈگەن ۋە ھىدايەتنى تەرك ئەتكەنلەرگە تەييارلانغانلىقى، پەند ـ نەسىھەت ئېلىشنى خالىغان ئادەم ئۈچۈن بۇنىڭ ۋەز ـ نەسىھەت ۋە ئىبرەت بولىدىغانلىقى بايان قىلىنىدۇ.

وَمَا جَعَلْنَآ أَصْحٰبَ
النَّارِ إِلَّا مَلٰٓئِكَةً ۙ وَّمَا جَعَلْنَا عِدَّتَهُمْ إِلَّا
فِتْنَةً لِّلَّذِينَ كَفَرُوا ۙ لِيَسْتَيْقِنَ الَّذِينَ أُوتُوا
الْكِتٰبَ وَيَزْدَادَ الَّذِينَ ءَامَنُوٓا إِيمٰنًا ۙ وَّلَا يَرْتَابَ
الَّذِينَ أُوتُوا الْكِتٰبَ وَالْمُؤْمِنُونَ ۙ وَلِيَقُولَ الَّذِينَ
فِي قُلُوبِهِم مَّرَضٌ وَّالْكٰفِرُونَ مَاذَآ أَرَادَ اللّٰهُ
بِهٰذَا مَثَلًا ۚ كَذٰلِكَ يُضِلُّ اللّٰهُ مَن يَّشَآءُ وَ
يَهْدِي مَن يَّشَآءُ ۚ وَمَا يَعْلَمُ جُنُودَ رَبِّكَ إِلَّا
هُوَ ۚ وَمَا هِيَ إِلَّا ذِكْرٰى لِلْبَشَرِ ﴿٣١﴾ كَلَّا وَالْقَمَرِ ﴿٣٢﴾
وَالَّيْلِ إِذْ أَدْبَرَ ﴿٣٣﴾ وَالصُّبْحِ إِذَآ أَسْفَرَ ﴿٣٤﴾ إِنَّهَا لَإِحْدَى
الْكُبَرِ ﴿٣٥﴾ نَذِيرًا لِّلْبَشَرِ ﴿٣٦﴾ لِمَن شَآءَ مِنكُمْ أَن
يَتَقَدَّمَ أَوْ يَتَأَخَّرَ ﴿٣٧﴾ كُلُّ نَفْسٍ بِمَا كَسَبَتْ رَهِينَةٌ ﴿٣٨﴾

تەرجىمىسى:

بىز دوزاخ مۇئەككەللىرىنى پەقەت پەرىشتىلەردىن قىلدۇق. بىز ئۇلارنىڭ سانىنى بىلەن پەقەت كاپىرلارنى سىنىدۇق، تاكى ئەھلى كىتاب (ئۆزلىرىنىڭ ساماۋى كىتابلىرىدىكى بۇ سانىنى كۆرۈپ قۇرئاننىڭ ھەق ئىكەنلىكىگە) ئىمان ئېيتقاي، مۆمىنلەرنىڭ (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بەرگەن خەۋىرىگە ئىشەنگەنلىكلىرىدىن ۋە ئەھلى كىتابنىڭ قۇرئان خەۋەرلىرىنىڭ تەۋرات، ئىنجىلدىكى خەۋەرلەرگە ئۇيغۇن ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلغانلىقىدىن) ئىمانى كۈچەيگەي، ئەھلى كىتاب ۋە مۆمىنلەر (بۇنىڭدىن) شەكلەنمەيدۇ، دىللىرىدا كېسەل بارلار (يەنى مۇناپىقلار)، كاپىرلار: "بۇ مىسالدىن ئاللا نېمىنى ئىرادە قىلىدۇ" دەيدۇ، ئاللا مۇشۇنداق خالىغان ئادەمنى گۇمران قىلىدۇ، خالىغان ئادەمنى ھىدايەت قىلىدۇ. پەرۋەردىگارىڭنىڭ قوشۇنىنى (يەنى پەرىشتىلەرنىڭ سانىنىڭ كۆپلۈكىنى، ئۇلارنىڭ كۈچ-قۇۋۋىتىنى ۋە ئۇلارنىڭ يارىتىلىشتىكى چوڭلۇقىنى) پەقەت ئۇ ئۆزى بىلىدۇ، بۇ (يەنى ئاللا بايان قىلغان دوزاخ) پەقەت ئىنسانلار ئۈچۈن ۋەز-نەسىھەتتۇر[31]. ياق (يەنى ئۇ مەسخىرە قىلغۇچىلار قەبىھ قىلمىشىدىن يانسۇن)، ئاي بىلەن قەسەمكى[32]، ئۆتۈپ كەتكەن كېچە بىلەن قەسەمكى[33]، يورۇغان سۈبھى بىلەن قەسەمكى[34]. شۈبھىسىزكى، دوزاخ بالالاردىن بىرىدۇر (ئۇنى قانداقمۇ مەسخىرە قىلىسىلەر ۋە ئۇنىڭغا چىنپۇتمەيسىلەر؟)[35]. ئۇ ئىنسانلارنى ئاگاھلاندۇرغۇچىدۇر[36]. سىلەردىن (جەننەتكە) ئىلگىرىلەشنى خالىغان ياكى (دوزاختىن) چېكىنىشنى خالىغان ئادەمنى ئاگاھلاندۇرغۇچىدۇر[37].

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ھەر ئىنسان قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن (دوزاختا) مەھبۇستۇر [38].

بۇ ئايەتنىڭ يۇقىرىدىكى ئايەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى:

دوزاختا مۇئەككەل پەرىشتىلەرنىڭ 19 ئىكەنلىكى بايان قىلىنغاندىن كېيىن، بۇ ئايەتتە يۇقىرىقى سانىنىڭ پەقەت كۇففارلار ئۈچۈن سىناق بولىدىغانلىقى، ئەھلى كىتابنىڭ قۇرئانغا ئىشىنىشىگە سەۋەب بولىدىغانلىقى ۋە مۆمىنلەرنىڭ ئىمانىنى كۈچەيتىدىغانلىقى بايان قىلىنغان.

يۇقىرىقى ئايەتلەرنىڭ نازىل بولۇش سەۋەبى:

"دوزاختا 19 پەرىشتە مۇئەككەلدۇر" دېگەن ئايەت نازىل بولغان چاغدا ئەبۇ جەھىل: "ئى قۇرەيش جامائەسى، سىلەردىن ئون ئادەم ئۇ پەرىشتىلەردىن بىرىگە تاقابىل تۇرالامدۇ؟ شۇنداق قىلالىساڭلار، ئۇلارنى يېڭىۋېتىسىلەر" دېدى، ئەبۇلئەشەد جۇمەھى: "سىلەر ئۇ پەرىشتىلەردىن پەقەت ئىككىگىلا يېتىشساڭلار بولىدى، قالغان ھەممىسىگە ئۆزەم يېتىمەن" دېدى. مانا بۇ چاغدا ئاللاھ تائالانىڭ يۇقىرىقى سانىنى بېكىتىشتىكى ھېكمىتىنى بايان قىلىش يۈزىسىدىن مەزكۇر ئايەتلەر نازىل بولغان.

يۇقىرىقى ئايەتلەرنىڭ ئومۇمىي مەزمۇنى:

ئاللاھ تائالا دوزاخ مۇئەككەللىرىنى ئىنسانلاردىن قىلغىنى يوق، ئاللاھ تائالا ئۇلارنى ھېچ كىشى تاقابىل تۇرالمايدىغان كۈچلۈك، قاتتىق قول پەرىشتىلەردىن قىلدى، ئاللاھ تائالانىڭ ئۇلارنىڭ سانىنىڭ 19 ئىكەنلىكىنى زىكرى قىلىشى كۇففارلارنى سىناش

ئۈچۈندۇر، يەھۇدىي ۋە ناسارالارنىڭ قۇرئاندا زىكرى قىلىنغان
نەرسىلەرنىڭ ئۇلارنىڭ كىتابىدا زىكرى قىلىنغان نەرسىلەرگە
ئۇيغۇن كېلىدىغانلىقىنى بىلىپ، قۇرئاننىڭ تەۋرات ۋە ئىنجىلنى
نازىل قىلغان ئاللا تەرىپىدىن نازىل قىلىنغانلىقىغا ئىشىنىشى
ئۈچۈندۇر، ئەھلى كىتابتىن بولغان مۆمىنلەرنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىس-
سالامنىڭ ھەق پەيغەمبەر ئىكەنلىكىگە ئىمان ئېيتىشلىرى ئۈچۈندۇر.
كۇففارلارنى ۋە مۇناپىقلارنى گۇمراھ قىلىش ۋە مۆمىنلەرنى ھىدايەت
قىلىشنىڭ يۇقىرىقى مىسالى ئاللاتائالانىڭ بەندىلىرىدىن خالىغان-
لارنى ھىدايەت قىلىدىغانلىقىنى، خالىغانلارنى گۇمراھ قىلىدىغانلىقىنى
كۆرسىتىدۇ*. پەرۋەردىگارىڭنىڭ قوشۇنىنىڭ سانىنى ۋە ھەقىقىتىنى

* تەۋھىد ئۆلىمالىرىنىڭ ئېيتىشىچە، ئاللاتائالانىڭ خالىغانلارنى ھىدا-
يەت قىلىشى ۋە خالىغانلارنى گۇمراھ قىلىشى ئۇلارنى ھىدايەتكە ياكى
گۇمراھلىققا مەجبۇر قىلىدىغانلىقىدىن دېرەك بەرمەيدۇ. بۇنداق
زورلاش ئاللانىڭ ئادالىتى ۋە ئىسلام شەرىئىتىنىڭ ھېكمىتىگە ۋە ئۇنىڭ
پرىنسىپلىرىغا ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. بىرەر ئىشنى قىلىشتا بەندىنىڭ
ئىرادىسى، ئىختىيارى ۋە تاللىشى بولىدۇ. ئاللانىڭ دەرگاھىدا
كىشىنىڭ قىلمىشىغا قاراپ بېرىلىدىغان ساۋاب ياكى ئازاب شۇنىڭغا
ئاساسلىنىپ بېرىلىدۇ. رەسۇلۇللانىڭ ساھابىلىرى ۋە سەلەف سالىھلار
قازا ۋە قەدەر مەسىلىسىنى مۇشۇنداق چۈشەنگەن. ھەزرىتى ئەلىدىن
بىر كىشى: سېنىڭ شامغا سەپەر قىلىشىڭغا ۋاي! سەن قازا ۋە قەدەرنى
زورلاش دەپ ئويلامسەن؟ مۇنداق بولىدىغان بولسا، ئاللانىڭ
بەندىلەرنى جازالىشى ياكى مۇكاپاتلىشى يوققا چىقامدۇ؟ ئاللاتائالا
بەندىلەرنى بىرەر ئىشنى قىلىشقا بۇيرۇيدىغان بولسا، ئۆز ئىختىيارى
بىلەن قىلىشقا بۇيرۇغان، ئۇلارنى بىرەر ئىشتىن چەكلىگەن بولسا،
ئۇلارنى ئاگاھلاندۇرۇش يۈزىسىدىن چەكلىگەن. ئاللا قىيىن ئىشلارغا

پەقەت ئاللانىڭ ئۆزىلا بىلىدۇ، 19 پەرىشتە مۇئەككەل پەرىشتىلەر-دۇر، ئۇلارنىڭ ياردەمچىلىرىنى ۋە قوشۇنلىرىنىڭ سانىنى ۋە ئۇلارنىڭ كۈچىنى پەقەت ئاللانىڭ ئۆزىلا بىلىدۇ، دوزاخ پۈتۈن ئىنسانلار ئۈچۈن ھەقىقەتەن ۋەز-نەسىھەتتۇر. پەرۋەردىگارىمىز ئاي بىلەن، ئۆتۈپ كەتكەن كېچە بىلەن ۋە يورۇغان سۈبھى بىلەن قەسەم قىلىدۇ. ئاللاتائالا مەخلۇقاتلىرىنى ھۆرمەتلەش ۋە ئۇلاردىكى ۋەز-نەسىھەت، ئىبرەتلەرنى بايان قىلىش يۈزىسىدىن ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى خالىغان نەرسىلەر بىلەن قەسەم قىلىدۇ، ئاللانىڭ غەيرىيگە پەقەت ئاللا بىلەنلا قەسەم قىلىشقا بولىدۇ، قەسەم قىلىنغان نەرسە دوزاخ، ئۇ چوڭ بالالارنىڭ ۋە كاتتا مۇسىبەتلەرنىڭ بىرى بولۇپ، ئىنسانلارنىڭ ئارىسىدا ئاللاغا ئىتائەت قىلىپ جەننەتكە ئىلگىرىلىگەن ياكى يامان ئىشلاردىن توسۇلۇپ دوزاختىن تەخىر قىلىنغان كىشى ئۈچۈن ئاگاھلاندۇرۇشتۇر. دېمەك، بۇ يەردە مۆمىن بولسۇن ياكى كاپىر بولسۇن، ھەممە ئادەم ئاگاھلاندۇرۇلىدۇ.

### مۇھىم نۇقتىلىرى:

1. ئاللاتائالانىڭ دوزاخ مۇئەككەللىرىنىڭ سانىنى بايان قىلىشى كۇففارلارنى گۇمراھلىققا چۈشۈرۈش، ئەھلى كىتابتىن ئىمان ئېيتقانلارنى ئىشەندۈرۈش ۋە ئۇلارنىڭ ئىمانىنى كۈچەيتىش ئۈچۈندۇر.

---

بۇيرۇمىغان، مۇقەددەس كىتابلارنى بىكارغا نازىل قىلمىغان. ئاسمان-زېمىننى ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى نەرسىلەرنىمۇ بىكارغا ياراتمىغان. ھىدايەت قىلىش ۋە گۇمراھ قىلىش دېگەن سۆزلەرنى مانا مۇشۇنداق چۈشىنىش لازىم. (ھەسەن ئۇقۇبۇ تەپسىرىدىن)

2. ئاللا ھىدايەت قىلغان ئادەمنى ھېچ ئادەم گۇمراھ قىلالمايدۇ، ئاللا گۇمراھ قىلغان ئادەمنى ھېچ ئادەم ھىدايەت قىلالمايدۇ.
3. غەيبىنى پەقەت ئاللاتائالا بىلىدۇ، ئاللاتائالانىڭ قوشۇنىنى پەقەت ئاللاتائالانىڭ ئۆزىلا بىلىدۇ.
4. دوزاخنىڭ چوڭ بالالارنىڭ بىرى ئىكەنلىكى ۋە ئۇنىڭ ئىنسانلارنى ئاگاھلاندۇرغۇچى ئىكەنلىكى.
5. ھەر ئادەمنىڭ ئەمەلگە يارىشا مۇئامىلە قىلىنىدىغانلىقى، ياخشى ئىش قىلسا مۇكاپاتلىنىدىغانلىقى، يامان ئىش قىلسا جازالىنىدىغانلىقى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

إِلَّآ أَصْحٰبَ الْيَمِيْنِ ﴿٣٩﴾ فِيْ جَنّٰتٍ ۛ يَتَسَآءَلُوْنَ ﴿٤٠﴾ عَنِ
الْمُجْرِمِيْنَ ﴿٤١﴾ مَا سَلَكَكُمْ فِيْ سَقَرَ ﴿٤٢﴾ قَالُوْا لَمْ
نَكُ مِنَ الْمُصَلِّيْنَ ﴿٤٣﴾ وَلَمْ نَكُ نُطْعِمُ الْمِسْكِيْنَ ﴿٤٤﴾
وَكُنَّا نَخُوْضُ مَعَ الْخَآئِضِيْنَ ﴿٤٥﴾ وَكُنَّا نُكَذِّبُ
بِيَوْمِ الدِّيْنِ ﴿٤٦﴾ حَتّٰى أَتٰىنَا الْيَقِيْنُ ﴿٤٧﴾ فَمَا
تَنْفَعُهُمْ شَفَاعَةُ الشّٰفِعِيْنَ ﴿٤٨﴾ فَمَا لَهُمْ عَنِ
التَّذْكِرَةِ مُعْرِضِيْنَ ﴿٤٩﴾ كَأَنَّهُمْ حُمُرٌ مُّسْتَنْفِرَةٌ ﴿٥٠﴾ فَرَّتْ
مِنْ قَسْوَرَةٍ ﴿٥١﴾ بَلْ يُرِيْدُ كُلُّ امْرِئٍ مِّنْهُمْ أَنْ
يُّؤْتٰى صُحُفًا مُّنَشَّرَةً ﴿٥٢﴾ كَلَّا ۖ بَلْ لَّا يَخَافُوْنَ
الْأٰخِرَةَ ﴿٥٣﴾ كَلَّآ إِنَّهٗ تَذْكِرَةٌ ﴿٥٤﴾ فَمَنْ شَآءَ ذَكَرَهٗ ﴿٥٥﴾
وَمَا يَذْكُرُوْنَ إِلَّآ أَنْ يَّشَآءَ اللّٰهُ ۚ هُوَ أَهْلُ التَّقْوٰى
وَأَهْلُ الْمَغْفِرَةِ ﴿٥٦﴾

**تەرجىمىسى:**

پەقەت ئەسھابى يەمىن (يەنى سائادەتمەن مۆمىنلەر) بۇنىڭدىن مۇستەسنا (39). ئۇلار جەننەتلەردە بولۇپ، گۇناھكارلاردىن: "سىلەرنى دوزاخقا كىرگۈزگەن نېمە؟" دەپ سورايدۇ (40—42). ئۇلار (جاۋابەن) ئېيتىدۇ: "بىز ناماز ئوقۇمىدۇق (43). مىسكىنلەرگە تائام بەرمىدۇق (44). بىز بىھۇدە سۆز قىلغۇچىلار بىلەن بىھۇدە

سۆز قىلاتتۇق[45]. قىيامەت كۈنىنى ئىنكار قىلاتتۇق[46]. تاكى بىز ئۆلگۈچە (شۇنداق قىلدۇق)"[47]. شاپائەت قىلغۇچىلارنىڭ شاپائىتى ئۇلارغا پايدا بەرمەيدۇ (يەنى ئۇلارنى ئاللانىڭ ئازابىدىن قۇتقۇزىدىغان شاپائەتچى بولمايدۇ، ئۇلارغا پۈتۈن ئەھلى زېمىن شاپائەت قىلغان تەقدىردىمۇ، ئۇلارنىڭ شاپائىتى قوبۇل قىلىنمايدۇ)[48]. ئۇلار نېمىشقا ۋەز (يەنى قۇرئان)دىن يۈز ئۆرۈيدۇ[49]. گويا ئۇلار يولۋاستىن قاچقان ياۋايى ئېشەكلەردۇر (يەنى بۇ مۇشرىكلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى كۆرگەندە، ئۇنىڭدىن خۇددى يولۋاسنى كۆرۈپ قاچقان ياۋا ئېشەكلەردەك قاچىدۇ)[50–51]. بەلكى ئۇلاردىن ھەر كىشى ئۆزىگە ئوچۇق سەھىپىلەر بېرىلىشىنى خالايدۇ (يەنى ئۇلار ئاللانىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا نازىل قىلىنغان كىتابىدەك كىتابىنىڭ نازىل قىلىنىشىنى تەمە قىلىدۇ)[52]. ياق (يەنى ئۇلار مۇنداق تەمەدىن يانسۇن). بەلكى ئۇلار (ئاخىرەتتىن) قورقمايدۇ[53]. ياق، مۇقەررەركى ئۇ (يەنى قۇرئان) ۋەز-نەسىھەتتۇر (ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ بەختىيار بولۇشىنى كۆزلەيدىغان بولسا، قۇرئان ئۇلارنىڭ ۋەز-نەسىھەت قىلىشىغا يېتەرلىكتۇر)[54]. خالىغان ئادەم ئۇنىڭدىن ۋەز-نەسىھەت ئالىدۇ[55]. ئۇلار پەقەت خالىسا ئاندىن ۋەز-نەسىھەت ئالىدۇ، ئاللا (بەندىلىرى) قورقۇشقا تېگىشلىك زاتتۇر، (بەندىلىرىنى) مەغپىرەت قىلىشقا لايىق زاتتۇر[56].

**بۇ ئايەتلەرنىڭ يۇقىرىقى ئايەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى:**

ئاللاتائالا دوزاخنى ۋە ھەر ئادەمنىڭ ئۆزىنىڭ ئەمەلىگە قاراپ مۇئامىلە قىلىنىدىغانلىقىنى بايان قىلغاندىن كېيىن، مۆمىنلەرنىڭ قانداق مۇكاپاتلىنىدىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## يۇقىرىقى ئايەتلەرنىڭ ئومۇمىي مەزمۇنى:

سائادەتمەن بەندىلەر گۇناھلىرى تۈپەيلىدىن دوزاختا قېلىپ قالمايدۇ. چۈنكى ئاللا ئۇلارغا مەغپىرەت قىلىدۇ، ئۇلار جەننەتلەردىكى نېمەتلەردىن ھۇزۇرلىنىدۇ، ئۇلار كۇففارلاردىن ئۇلارنىڭ دوزاخقا كىرگەنلىك سەۋەبىنى سورايدۇ، كۇففارلار: "بىز ناماز ئوقۇمايتتۇق، مىسكىنلەرگە ئاش-نان بەرمەيتتۇق، مالغا ھېرىس بولۇپ، بېخىللىق قىلاتتۇق، زاكات بەرمەيتتۇق، ناشايان سۆزلىگۈچىلەر بىلەن ناشايان سۆزلەرنى قىلاتتۇق. ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىشنى، ئاللانىڭ دەرگاھىدا ھېساب بېرىدىغانلىقىمىزنى ئىنكار قىلاتتۇق، شۇنىڭ بىلەن بىزگە ھېچقانداق شەك-شۈبھە بولمىغان ئۆلۈم كەلدى. پۇشايمانغا ۋە تەۋبىگە ھېچقانداق ئىمكانىيەت قالمىدى، ئىش تۈگىدى، ئاقىۋىتىمىزنىڭ قانداق بولىدىغانلىقى بەلگىلىنىپ بولدى" دەيدۇ.

بۇ چاغدا كۇففارلارغا ھېچقانداق شاپائەت قىلغۇچى بولمايدۇ، مۇبادا شاپائەت قىلغۇچى بار دەپ پەرەز قىلىنغان تەقدىردىمۇ، شاپائەت قىلغۇچىلارنىڭ شاپائىتى پايدا بەرمەيدۇ. بۇ يەردە ئاللا تائالا كۇففارلارنىڭ قۇرئاننىڭ ۋەز-نەسىھەتىدىن، ئاللاغا ئاللانىڭ پەرىشتىلىرىگە، كىتابلىرىغا، پەيغەمبەرلىرىگە، ئاخىرەتكە ئىمان ئېيتىشتىن يۈز ئۆرۈگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ، ئۇلارنى ئوۋچىدىن ياكى يولۋاستىن ئۈركۈپ قاچقان ياۋايى ئېشەكلەرگە ئوخشىتىدۇ.

كۇففارلار ھەسەد قىلىش يۈزىسىدىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئۇلاردىن ھەربىرىگە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەگىشىش ئەمر قىلىنغان ئوچۇق خەت نازىل قىلىنىشىنى تەلەپ قىلىدۇ، ئاللا-

لائاتا ئۇلارنىڭ تەلىپىنىڭ ھەرگىز ئورۇنلانمايدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ، ئۇلارنىڭ مۇنداق تەلەپنى قويۇشى ئۇلارنىڭ ئاخىرەتكە ۋە ئاخىرەتنىڭ ئازابىغا ئىمان ئېيتماسلىقى ئۈچۈن ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ، ئۇلارنىڭ ھىدايەت تېپىشى مۇمكىنلىكىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۇلارنى يولسىز تەلەپتىن مەنئى قىلغانلىقىنى تەكرارلايدۇ. ئۇلارنىڭ قۇرئانغا قۇلاق سېلىشتىن يۈز ئۆرۈگەن ۋە ياۋايى ئېشەكلەردەك ئۇنىڭدىن ئۈركۈپ قاچقانلىقىنى، قۇرئاننىڭ ۋەز-نەسىھەت ئىكەنلىكىنى، خالىغانلارنىڭ ئۇنىڭدىن ۋەز-نەسىھەت ئالىدىغانلىقىنى، خالىمىغانلارنىڭ ئۆز يولىغا كېتىۋېرىدىغانلىقىنى يەنى ۋەز-نەسىھەت ئالغانلارنىڭ جەننەتكە كىرىدىغانلىقىنى، ۋەز-نەسىھەت ئالمىغانلارنىڭ دوزاخقا كىرىدىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ، ۋەز-نەسىھەت ئېلىش ئاللا تەرىپىدىن بېرىلگەن تەۋپىق بولۇپ، ئۇنى ئۆزىنىڭ تەۋپىق تېپىشقا لايىق ئىكەنلىكىنى بىلگەن ئادەمگە مۇيەسسەر قىلىپ بېرىدۇ، بەندىنىڭ نىيىتى توغرا بولسا ئاللاتائالا ئۇنى تائەت-ئىبادەتكە يۈزلەندۈرىدۇ، ئاللاتائالا بەندىلەرنىڭ قورقۇشىغا لايىقتۇر، تەۋبە قىلغانلارنىڭ گۇناھىنى مەغپىرەت قىلىشقا لايىقتۇر.

مۇھىم نۇقتىلىرى:

1. سائادەتمەن بەندىلەر گۇناھلىرى تۈپەيلىدىن دوزاختا قېلىپ قالمايدۇ، چۈنكى ئاللا ئۇلارنى مەغپىرەت قىلىدۇ.

2. نامازنى، زاكاتنى ۋە سەدىقىلەرنى تەرك ئېتىش، ناشايان سۆزلەر قىلىش كۇففارلارنى دوزاخقا ئېلىپ كىرىدۇ.

3. كۇففارلارنىڭ ئاخىرەتكە ۋە ئاخىرەتتىكى ئازابقا ئىمان ئېيتماسلىقى ئۇلارنى ۋەز-نەسىھەتتىن قېچىشقا ۋە تەرسالىق قىلىپ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئاللا تەرىپىدىن ئۇلارغا ئوچۇق خەت نازىل قىلىنىشىنى تەلەپ قىلىشقا ئىلىپ كەلگەن.

4. قۇرئاننىڭ ۋەز ـ نەسىھەت ئالغۇچىلارغا ۋەز ـ نەسىھەت ئىكەنلىكى، ۋەز ـ نەسىھەت ئىلىش ئاللاتائالا تەرىپىدىن بېرىلىدىغان تەۋپىق بولۇپ، ئۇنىڭ نىيىتى خالىس، تائەت ـ ئىبادەتنى سۆيىدىغان ئادەمگە مۇيەسسەر قىلىنىدىغانلىقى بايان قىلىنىدۇ.

5. ئاللاتائالانىڭ ئۆز بەندىلىرىنىڭ قورقۇشىغا ۋە ئاللاتائالانىڭ ئۆز بەندىلىرىنى مەغپىرەت قىلىشقا لايىق ئىكەنلىكى تەكىتلىنىدۇ.

آياتها ٤٠ (٧٥) سورة القيامة مكية (٣١) ركوعاتها ٢

بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيمِ

لَآ أُقْسِمُ بِيَوْمِ الْقِيٰمَةِ ﴿١﴾ وَلَآ أُقْسِمُ بِالنَّفْسِ
اللَّوَّامَةِ ﴿٢﴾ أَيَحْسَبُ الْإِنْسَانُ أَلَّنْ نَّجْمَعَ عِظَامَهُ ﴿٣﴾
بَلٰى قٰدِرِينَ عَلٰٓى أَنْ نُّسَوِّيَ بَنَانَهُ ﴿٤﴾ بَلْ يُرِيدُ
الْإِنْسَانُ لِيَفْجُرَ أَمَامَهُ ﴿٥﴾ يَسْئَلُ أَيَّانَ يَوْمُ الْقِيٰمَةِ ﴿٦﴾
فَإِذَا بَرِقَ الْبَصَرُ ﴿٧﴾ وَخَسَفَ الْقَمَرُ ﴿٨﴾ وَجُمِعَ الشَّمْسُ
وَالْقَمَرُ ﴿٩﴾ يَقُولُ الْإِنْسَانُ يَوْمَئِذٍ أَيْنَ الْمَفَرُّ ﴿١٠﴾
كَلَّا لَا وَزَرَ ﴿١١﴾ إِلٰى رَبِّكَ يَوْمَئِذٍ الْمُسْتَقَرُّ ﴿١٢﴾
يُنَبَّؤُا الْإِنْسَانُ يَوْمَئِذٍ بِمَا قَدَّمَ وَأَخَّرَ ﴿١٣﴾ بَلِ
الْإِنْسَانُ عَلٰى نَفْسِهِ بَصِيرَةٌ ﴿١٤﴾ وَلَوْ أَلْقٰى مَعَاذِيرَهُ ﴿١٥﴾

**تەرجىمىسى:**

## 75. سۈرە قىيامەت

مەككىدە نازىل بولغان، 40 ئايەت.

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللانىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن.

قىيامەت كۈنى بىلەن قەسەمكى[1]، ئۆزىنى مالامەت قىلغۇچى نەپس بىلەن قەسەمكى (سىلەر چوقۇم تىرىلدۈرۈلىسىلەر، چوقۇم سىلەردىن ھېساب ئېلىنىدۇ)[2]. ئىنسان (يەنى كاپىر) بىزنى ئۆزىنىڭ سۆڭەكلىرىنى جەمئىي قىلالمايدۇ دەپ گۇمان قىلامدۇ؟[3]. ئۇنداق ئەمەس (يەنى ئۇنىڭ سۆڭەكلىرىنى جەمئىي قىلىمىز)، ئۇنىڭ (ئەڭ ئىنچىكە، ئەڭ نازۇك) بارماقلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرەلەيمىز*[4]. بەلكى ئىنسان كەلگۈسى ھاياتىدا گۇناھتا ئەزۋەيلىمەكچى بولىدۇ[5]. ئۇ (مەسخىرە قىلىش يۈزىسىدىن) "قىيامەت كۈنى قاچان بولىدۇ" دەپ سورايدۇ[6]. كۆزلەر تورلاشقان، ئاينىڭ نۇرى ئۆچكەن، كۈن بىلەن ئاي بىرلەشتۈرۈلگەن چاغدا، ئىنسان بۇ كۈندە "قاچىدىغان

---

* ئىنسانلارنىڭ بارماقلىرىنىڭ تېرىسىنىڭ سىرتى ناھايىتى ئىنچىكە سىزىقچىلار بىلەن قاپلانغانلىقى، بىر ئىنساننىڭ بارمىقىدىكى سىزىقچىلارنىڭ ئىككىنچى بىر ئىنساننىڭ بارمىقىدىكى سىزىقچىلارغا ئوخشىمايدىغانلىقى پەننىي ئاساستا ئىسپاتلاندى، بارماق ئىزى ئارقىلىق كىشىلەرنى بىر-بىرىدىن پەرقلەندۈرۈش، جىنايى ئىشلار ئەنزىلىرىنى بارماق ئىزى ئارقىلىق پاش قىلىش ئىشلىرى يولغا قويۇلماقتا. مانا بۇ ئايەتنى ئىسلام ئالىملىرى قۇرئاننىڭ ئىلمىي مۆجىزىلىرى قاتارىدا سانىماقتا.

جايقەيەردە؟" دەيدۇ[7-10]. ياق، (ئاللانىڭ ئازابىدىن) قاچىدىغان پاناگاھ يوقتۇر[11]. بۇ كۈندە قاراركاھ پەرۋەردىگارىڭنىڭ تەرىپىدۇر[12]. بۇ كۈندە ئىنسانغا (چوڭ بولسۇن، كىچىك بولسۇن، ياخشىلىق بولسۇن، يامانلىق بولسۇن) ئىلگىرى-ئاخىر قىلغان ئەمەللىرى ئۇقتۇرۇلىدۇ[13]. بەلكى ئىنسان ئۆزىگە (يەنى قىلغان يامان ئىشلىرىغا) ئۆزى گۇۋاھتۇر[14]. ئۇ ئۆزىنى ئاقلاش ئۈچۈن قانچە ئۆزرە ئېيتقان تەقدىردىمۇ، ئۆزرىسى قوبۇل قىلىنمايدۇ[15].

### يۇقىرىقى ئايەتلەرنىڭ نازىل بولۇش سەۋەبى:

بۇ ئايەتلەر ئەدى ئىبنى رەبىئە توغرىسىدا نازىل بولغان، ئەدى رەسۇلۇللاغا كېلىپ: "ئى مۇھەممەد، ماڭا قىيامەتنىڭ قاچان بولىدىغانلىقى ۋە قىيامەتنىڭ ئەھۋالى توغرىسىدا سۆزلەپ بەرگىن" دېدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا قىيامەت توغرۇلۇق سۆزلەپ بەردى. ئۇ: "شۇ كۈننى كۆرىدىغان بولسام، ساڭا ئىشەنمەيمەن ۋە ساڭا ئىمان ئېيتمايمەن. ئاللاتائالا سۆڭەكلەرنى جەمئىي قىلالامدۇ؟" دېدى، بۇ چاغدا ئاللاتائالا: "ئىنسان يەنى كاپىر بىزنى ئۆزىنىڭ سۆڭەكلىرىنى جەمئىي قىلالمايدۇ دەپ گۇمان قىلامدۇ" دېگەن ئايەتنى نازىل قىلغان.

### يۇقىرىقى ئايەتلەرنىڭ ئومۇمىي مەزمۇنى:

ئاللاتائالا قىيامەت كۈنى بىلەن قاتتىق قەسەم قىلدى، يامانلىقنى قىلغانلىقىغا ۋە ياخشىلىقنى كۆپ قىلمىغانلىقىغا پۇشايمان قىلىدىغان نەپس بىلەن قەسەم قىلدى، بۇ مۆمىننىڭ نەپسىدۇر، ئاللاتائالا

ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلدۈرىدىغان قۇدرىتىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن ئۇلار بىلەن قەسەم قىلدى. ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىشنى ئىنكار قىلىپ، "ئاللاتائالا سۆڭەكلەر چىرىپ توپىغا ئايلىنىپ كەتكەندىن كېيىن ئۇنى چېچىلىپ كەتكەن يەرلىرىدىن يىغىپ قايتا تىرىلدۈرۈشكە قادىرمۇ" دېگەن ئادەمگە رەددىيە بەردى، بەلكى ئاللاتائالا بۇندىن چوڭراق ئىشقىمۇ قادىردۇر، ئاللاتائالا ئىنساننىڭ بارماقلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرەلەيدۇ، شۇنچە ئىنچىكە، شۇنچە نازۇك تۇرغان بارماقنى ئەسلىگە كەلتۈرەلىگەن زات چوڭ سۆڭەكلەرنى قانداقمۇ ئەسلىگە كەلتۈرەلمىسۇن؟ ئادەم بالىسى پەرۋەردىگارىنىڭ قايتا تىرىلدۈرۈشتەك قۇدرىتىنى بىلمەي قالمايدۇ، لېكىن ئۇ گۇناھلارنى قىلىپ تەۋبىنى كېچىكتۈرىدۇر، تا ئۇنىڭ ئەجىلى كەلگەنگە قەدەر مانا تەۋبە قىلىمەن دەپ ۋاقىتنى ئۆتكۈزىدۇ.

كاپىر قىيامەتنى يىراق ساناپ، قاچان بولىدۇ؟ دەيدۇ، قىيامەت چوقۇم بولىدۇ، قىيامەتنىڭ دەھشىتىدىن قورقۇپ كۆزلەر چەكچىيىپ قالىدۇ، ئاينىڭ نۇرى ئۆچىدۇ، ئاي بىلەن كۈننىڭ نۇرى ئۆچۈپ ئىككىسى بىرلىشىپ قاپقارا بولۇپ قالىدۇ، بۇ كۈندە ئىنسان شۇ كۈننىڭ دەھشىتىدىن قاچىدىغان جاي قەيەردە دەپ سورايدۇ، ئاللاتائالا جاۋاب بېرىپ: "ئاللاتائالانىڭ دەرگاھىدىن باشقا ھېچقانداق ئىلتىجاگاھ بولمايدۇ. پۈتۈن خالايىق ئاللاتائالانىڭ دەرگاھىغا يىغىلىدۇ" دەيدۇ.

مۇشۇ قورقۇنچلۇق كۈندە ئىنساننىڭ ئىلگىرى قىلغان ئىشلىرى ئۇقتۇرۇلىدۇ، ئىنسان قىلمىشلىرىغا قانچە ئۆزرە ئېيتسىمۇ، ئۇنىڭ ئۆزرىسى قوبۇل قىلىنمايدۇ، ئاللاتائالا ھېچ ئادەمنىڭ گۇۋاھلىقىغا موھتاج بولمايدۇ، ئۇلۇغ ياراتقۇچى ئاللاتائالانىڭ دەرگاھىدا

ئىنساننىڭ قۇلاقلىرى، كۆزلىرى، ئىككى قولى، ئىككى پۇتى ۋە بارلىق ئەزالىرى ئىنساننىڭ زىيىنىغا گۇۋاھلىق بېرىدۇ.

**مۇھىم نۇقتىلىرى:**

1. ئۆلگەندىن كېيىنكى تىرىلىش ئىسپاتلاپ كۆرسىتىلىدۇ.

2. ئاللانىڭ قىيامەت كۈنى سۆڭەكلەرنى جەملەپ قايتا تىرىلدۈرىدىغان قۇدرىتىنى كۇففارلار ئىنكار قىلغاچقا، ئاللاتائالا ئۇلارغا سۆڭەكلەرنى جەمئىي قىلىشتىنمۇ چوڭراق ئىشلارنى قىلىدىغانلىقى بىلەن رەددىيە بېرىدۇ.

3. كۆزنىڭ تورلىشىپ قالىدىغانلىقى، ئاينىڭ نۇرىنىڭ ئۆچىدىغانلىقى، كۈن بىلەن ئاينىڭ بىرلەشتۈرۈلىدىغانلىقى قاتارلىق ئىشلارنىڭ قىيامەتنىڭ دەھشەتلىك ئەھۋاللىرىدىن سانىلىدىغانلىقى، بۇ چاغدا كاپىر ئادەمنىڭ قاچىدىغان، يا پاناھلىنىدىغان جاي ئىزدەيدىغانلىقى، بۇ چاغدا ئاللانىڭ دەرگاھىدىن باشقا بارىدىغان ھېچقانداق جاينىڭ بولمايدىغانلىقى زىكرى قىلىنىدۇ.

4. ئىنسانغا ئۇنىڭ ئىلگىرى-كېيىن قىلغان ئەمەللىرىنىڭ ھەممىسى ئېيتىپ بېرىلىدىغانلىقى، ئۇنىڭ ئەزالىرىنىڭ بۇنىڭغا گۇۋاھ بولىدىغانلىقى، ھەقىقەت ئاشكارىلىنىپ ئۇنىڭ ئۆزرىسىنىڭ قوبۇل بولمايدىغانلىقى، ياخشىلىققا ياخشىلىقچە مۇكاپات بېرىلىدىغانلىقى، يامانلىققا يامانلىقچە جازا بېرىلىدىغانلىقى بايان قىلىنىدۇ.

لَا تُحَرِّكْ بِهِۦ لِسَانَكَ لِتَعْجَلَ بِهِۦٓ ﴿١٦﴾ إِنَّ عَلَيْنَا جَمْعَهُۥ
وَقُرْءَانَهُۥ ﴿١٧﴾ فَإِذَا قَرَأْنَٰهُ فَٱتَّبِعْ قُرْءَانَهُۥ ﴿١٨﴾ ثُمَّ إِنَّ
عَلَيْنَا بَيَانَهُۥ ﴿١٩﴾ كَلَّا بَلْ تُحِبُّونَ ٱلْعَاجِلَةَ ﴿٢٠﴾ وَتَذَرُونَ
ٱلْءَاخِرَةَ ﴿٢١﴾ وُجُوهٌ يَوْمَئِذٍ نَّاضِرَةٌ ﴿٢٢﴾ إِلَىٰ رَبِّهَا
نَاظِرَةٌ ﴿٢٣﴾ وَوُجُوهٌ يَوْمَئِذٍۭ بَاسِرَةٌ ﴿٢٤﴾ تَظُنُّ أَن
يُفْعَلَ بِهَا فَاقِرَةٌ ﴿٢٥﴾

تەرجىمىسى:

(ساڭا جىبرىئىل ئارقىلىق ۋەھيى نازىل بولۇۋاتقاندا، ئۇنى ئېسىڭگە ئېلىۋېلىش ئۈچۈن) ئالدىراپ تىلىڭنى مىدىرلاتما[16]. ئۇنى توپلاش ۋە ئوقۇپ بېرىش بىزنىڭ مەسئۇلىيىتىمىزدۇر[17]. ساڭا ئۇنى ئوقۇپ بەرگىنىمىزدە (يەنى جىبرىئىل ساڭا ئوقۇپ بەرگەندە)، ئۇنىڭ ئوقۇشىغا ئەگەشكىن[18] ئاندىن ئۇنى چۈشەندۈرۈپ بېرىش بىزنىڭ مەسئۇلىيىتىمىزدۇر[19]. (ئى مۇشرىكلار جامائەسى!) ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس (يەنى ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىش، ھېساب بېرىش سىلەر گۇمان قىلغاندەك يوق ئىش ئەمەس)، بەلكى سىلەر بۇ دۇنيانى دوست تۇتىسىلەر[20]. ئاخىرەتكە كۆڭۈل بۆلمەيسىلەر[21]. بۇ كۈندە (سائادەتمەنلەرنىڭ) يۈزلىرى نۇرلۇق بولىدۇ[22]. (ئۇلار) پەرۋەردىگارىغا قاراپ تۇرىدۇ*[23]. بۇ كۈندە، نۇرغۇن يۈزلەر

* ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: بىز ئاللانى كۆرۈش توغرۇلۇق، ئى روسۇلۇللا، قىيامەت كۈنى رەببىمىزنى كۆ-

تۈتۈق بولىدۇ[24]. ئۆزلىرىنىڭ چوڭ مۈشكۈللۈككە دۇچار بولىدىغان-لىقىغا ئۇلار جەزمەن ئىشىنىدۇ[25].

## يۇقىرىقى ئايەتلەرنىڭ نازىل بولۇش سەۋەبى:

جىبرىئىل ۋەھيى ئېلىپ كەلگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋەھيىنى ئېسىگە ئېلىۋېلىشقا ھېرىس ئىدى، ۋەھيى چۈشۈۋاتقان

---

رەمدۇق؟ دەپ سورىغاندۇق، رەسۇلۇللا: ھاۋا ئوچۇق ۋاقىتتا كۈن بىلەن ئاينى كۆرۈش ئۈستىدە دەتالاش قىلامسىلەر؟ دېدى. بىز ياق دېدۇق. رەسۇلۇللا: بۇ چاغدا سىلەر رەببىڭلارنى كۆرۈشتە، خۇددى ئاي بىلەن كۈننى ئوچۇق كۆرۈشتە دەتالاش قىلمىغاندەك، دەتالاش قىلمايسىلەر، دېدى

«سەھىھۇلبۇخارى» بىلەن «سەھىھۇلمۇسلىم»دا جابىردىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تولۇن ئاي چىققان ئايدىڭ كېچىدە ئايغا قاراپ: شۈبھىسىزكى، سىلەر پەرۋەردىگارىڭلارنى مۇشۇ ئاينى كۆرگەندەك كۆرىسىلەر، دېدى، دېيىلگەن.

«سەھىھۇلمۇسلىم»دا سۇھەيب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىشىچە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: جەننەتتى بەن-دىلەر جەننەتكە كىرىپ بولغاندا، ئاللاتائالا ئۇلارغا "يەنىمۇ زىيادى-رەك نەرسە بېرىشىمنى خالامسىلەر؟" دەيدۇ. ئۇلار، چىھرىمىزنى نۇرانە قىلدىڭ ئەمەسمۇ؟ بىزنى دوزاختىن قۇتقۇزۇپ، جەننەتكە كىرگۈزدۈڭ ئەمەسمۇ؟ دەيدۇ. پەردە-ھىجاپ كۆتۈرۈلىدۇ، ئۇلارغا ئاتا قىلىنغان شەيئىلەر ئىچىدە ئۇلارنىڭ پەرۋەردىگارىنىڭ جامالىغا قاراشتىن ئارتۇق سۆيۈملۈك نەرسە بولمايدۇ. مانا بۇ ئۇلارغا زىيادە بېرىلگەن نېمەتتۇر. ئاندىن رەسۇلۇللا مۇنۇ ئايەتنى ئوقۇدى: "ياخشى ئىش قىلغانلار جەننەتكە ۋە ئاللانىڭ جامالىنى كۆرۈشكە نائىل بولىدۇ."

يۇقىرىقى ھەدىسلەردىن مۆمىنلەرنىڭ ئەرەساتتا ۋە جەننەتنىڭ باغچىلىرىدا ئاللانىڭ جامالىنى كۆرىدىغانلىقى چىقىدۇ.

چاغدا ئۇنى يادلىۋېلىش ئۈچۈن لەبلىرىنى ۋە تىلىنى مىدىرلىتاتتى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ۋەھيىنى قوبۇل قىلىش رەۋىشىنى تەلىم بېرىش ئۈچۈن ۋە ئۇنىڭ كۆڭلىنى خاتىرجەم قىلىش ئۈچۈن بۇ ئايەتلەر نازىل بولغان.

## يۇقىرىقى ئايەتلەرنىڭ ئومۇمىي مەزمۇنى:

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پەرىشتىدىن ۋەھيىنى قوبۇل قىلىشقا ئالدىراپ كېتەتتى ۋە ئۇنى ئوقۇشتا پەرىشتىنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كېتەتتى، ئاللاتائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى بۇنىڭدىن مەنئى قىلدى. ئۇنى ۋەھيىگە قۇلاق سېلىشقا ئەمر قىلدى، ئاللاتائالا ئۇنىڭغا ۋەھيىنى دىلىغا ئورنىتىشقا، ئۇنى ۋەھيى قانداق نازىل بولغان بولسا شۇنداق رەۋىشتە ئادا قىلىشقا مۇيەسسەر قىلىشقا ۋە ئۇنىڭغا ۋەھيىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىشكە، ئىزاھلاپ بېرىشكە كېپىل بولغانلىقىنى خەۋەر قىلدى ھەمدە پەيغەمبەرنىڭ مەسئۇلىيىتىنىڭ پەقەت ۋەھيىنى قوبۇل قىلىش ۋە ئۇنى يەتكۈزۈشتىنلا ئىبارەت ئىكەنلىكىنى خەۋەر قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جىبرىئىل كەلگەن چاغدا ئۇنىڭغا جىم قۇلاق سالاتتى، جىبرىئىل كەتكەندىن كېيىن، ۋەھيىنى ئاللا ئۇنىڭغا ۋەدە قىلغاندەك ئوقۇيتتى.

ئاندىن ئاللاتائالا بەختسىزلىكنىڭ سەۋەبلىرىنى چۈشەنمەيدىغان ۋە كۆرمەيدىغان ئىنسانغا تەنبىھ بېرىدۇ. بەختسىزلىكنىڭ سەۋەبىنى دۇنياغا بېرىلىپ كېتىش، دۇنيا بىلەن بولۇپ كېتىپ ئاخىرەتتىن غەپلەتتە قېلىش دەپ بايان قىلىدۇ، ھاۋايى ـ ھەۋەسكە ۋە دۇنيانىڭ لەززەتلىرىگە مۇشۇنداق چۆمۈپ كېتىش كۇففارلارنى قىيامەتكە ئىشەنمەسلىككە ئېلىپ كەلگەن. قىيامەت كۈنى مۆمىنلەرنىڭ چىراي-

لىرى نۇرلۇق بولۇپ، خۇشاللىق جىلۋە قىلىپ تۇرىدۇ. چۈنكى چىرايلار ئاللانىڭ جامالىغا قاراش بىلەن ھۇزۇرلىنىدۇ. بۇنىڭدىكى بەختنى تەسۋىرلەپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ، بۇ بەختنىڭ ئىگىلىرى مۆمىنلەرنىڭ چىرايلىرىدا نۇر ۋە گۈزەللىك بولۇپ قالىدۇ.

كۇففارلارنىڭ چىرايلىرى بولسا تۇتۇق بولۇپ، ئۇنىڭدىن خارلىقنىڭ ئەسەرلىرى چىقىپ تۇرىدۇ، بۇ چىرايلار بېشىغا كېلىدىغان قاتتىق بىر دەھشەتنى كۈتۈپ تۇرىدۇ، دۇنيا لەززەتلىرىگە چۆمۈپ كەتكەن، ئاخىرەتنى ئۇنتۇغان ئادەملەر بىلەن پۇل-مال، بالا-چاقا ئەسقاتمايدىغان قىيامەت كۈنى ئۈچۈن ئىشلىگەن ئادەملەر ئارىسىدىكى پەرق ناھايىتى زوردۇر.

مۇھىم نۇقتىلىرى:

1. ئاللاتائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ۋەھيىنى قوبۇل قىلىشتا نەمۇنىلىك ئۇسۇلنى تەلىم بەردى، ئاللاتائالا ۋەھيىنى رەسۇلۇللانىڭ كۆڭلىگە سېلىشقا، ئوقۇشنى ئاسانلاشتۇرۇپ بېرىشكە ۋە ئۇنى چۈشەندۈرۈپ بېرىشكە كېپىللىك قىلدى.

2. نۇرغۇن كىشىلەر دۇنياغا بېرىلىپ ئۇنىڭ شەھۋەتلىرىگە چۆمۈپ كېتىدۇ، بۇ ھال ئۇنى ئاخىرەتكە ئىشەنمەسلىككە ئېلىپ بارىدۇ.

3. ئاخىرەتتە مۆمىنلەرنىڭ ئاللاتائالانى كۆرىدىغانلىقى ئىسپاتلاپ بېرىلىدۇ ۋە بۇنىڭ ئەسەرى ئۇلارنىڭ يۈزىدە جىلۋىلىنىپ تۇرىدىغانلىقى كۆرسىتىلىدۇ.

4. ئاخىرەت ئۈچۈن ئىشلىمىگەنلەر ۋە ئاخىرەتكە چىن پۈتمىگەنلەر ئۆزلىرىنىڭ بېشىغا چوڭ قورقۇنچنىڭ كېلىدىغانلىقىغا جەزمى

قىلىپ تۇرىدىغانلىقى، ئۇلارنىڭ چىرايى تۇتۇق بولۇپ، خار-
زارچىلىققا يۈزلىنىپ تۇرىدىغانلىقى، ئىنسان گۇناھلاردىن يىراق
بولۇپ، پەرۋەردىگارىغا ئىتائەت قىلسا ياخشى بولىدىغانلىقى بايان
قىلىندۇ.

كَلَّآ إِذَا بَلَغَتِ التَّرَاقِيَ ﴿٢٦﴾
وَقِيلَ مَنْ ۜ رَاقٍ ﴿٢٧﴾ وَظَنَّ أَنَّهُ الْفِرَاقُ ﴿٢٨﴾
وَالْتَفَّتِ السَّاقُ بِالسَّاقِ ﴿٢٩﴾ إِلَىٰ رَبِّكَ يَوْمَئِذٍ
الْمَسَاقُ ﴿٣٠﴾ فَلَا صَدَّقَ وَلَا صَلَّىٰ ﴿٣١﴾ وَلَٰكِن كَذَّبَ وَتَوَلَّىٰ ﴿٣٢﴾
ثُمَّ ذَهَبَ إِلَىٰ أَهْلِهِ يَتَمَطَّىٰ ﴿٣٣﴾ أَوْلَىٰ لَكَ فَأَوْلَىٰ ﴿٣٤﴾ ثُمَّ أَوْلَىٰ
لَكَ فَأَوْلَىٰ ﴿٣٥﴾ أَيَحْسَبُ الْإِنسَانُ أَن يُتْرَكَ سُدًى ﴿٣٦﴾
أَلَمْ يَكُ نُطْفَةً مِّن مَّنِيٍّ يُمْنَىٰ ﴿٣٧﴾ ثُمَّ كَانَ عَلَقَةً
فَخَلَقَ فَسَوَّىٰ ﴿٣٨﴾ فَجَعَلَ مِنْهُ الزَّوْجَيْنِ الذَّكَرَ
وَالْأُنثَىٰ ﴿٣٩﴾ أَلَيْسَ ذَٰلِكَ بِقَادِرٍ عَلَىٰ أَن يُحْيِيَ الْمَوْتَىٰ ﴿٤٠﴾

تەرجىمىسى:

راستىنلا جان ھەلقۇمغا يەتكەندە، "(بۇ كېسەلگە) كىم ئىلاج قىلالايدۇ" دېيىلىدۇ(26—27). (سەكراتتا ياتقان ئادەم) بۇنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

(دۇنيادىن) ئايرىلىش ئىكەنلىكىنى جەزمەن بىلىدۇ[28]. (سەكراتنىڭ قاتتىقلىقىدىن) پاچاق ـ پاچاققا كىرىشىپ كېتىدۇ[29]. بۇ كۈندە ھەيدەپ بېرىلىدىغان جاي پەرۋەردىگارىڭنىڭ دەرگاھىدۇر[30]. (كاپىر قۇرئانغا) ئىشەنمىدى، ناماز ئوقۇمىدى[31]. لېكىن ئۇ (قۇرئاننى) ئىنكار قىلدى ۋە ئىماندىن يۈز ئۆرۈدى[32]. ئاندىن كېرىلگەن ھالدا ئۆيىگە قايتتى[33]. ۋاي سېنىڭ ھالىڭغا! ۋاي سېنىڭ ھالىڭغا![34] يەنە ۋاي سېنىڭ ھالىڭغا! ۋاي سېنىڭ ھالىڭغا[35] ئىنسان ئۆزىنى بىكار قويۇپ بېرىلىدۇ (يەنى شەرىئەت ئىشلىرىغا تەكلىپ قىلىنماي، مەيلىگە قويۇۋېتىلگەن ھايۋانغا ئوخشاش) دەپ ئويلامدۇ؟[36] ئۇ (بەچچىدانلارغا) تۆكۈلىدىغان (ئاجىز مەنى) ئەمەسمىدى؟[37] ئاندىن ئۇ لەختە قان بولدى، ئاندىن ئاللا ئۇنى چىرايلىق شەكىلدە ياراتتى[38]. ئۇ مەندىن ئەر ـ ئايال (ئىككى تىپنى) ياراتتى[39]. ئۇ (يەنى يۇقىرىقىدەك ئىشلارنى قىلالىغان ئاللا) ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرۈشكە قادىر ئەمەسمۇ؟[40]*

**بۇ ئايەتلەرنىڭ يۇقىرىدىكى ئايەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى:**

ئاللاتائالا قىيامەتنى، مۆمىنلەرنىڭ ۋە كاپىرلارنىڭ قىيامەتتىكى

---

* قەتادەدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «لائۇقسىمۇ» سۈرىسىنى باشلاپ، بۇ سۈرىنىڭ "ئاللا ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرۈشكە قادىر ئەمەسمۇ؟" دېگەن ئەڭ ئاخىرقى ئايىتىنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن: "سۇبھا نەكە ۋە بەلا" (ئى ئاللا، سېنى پاك دەپ تونۇيمەنكى، شۇنداق سەن ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرەلەيسەن) دەيتتى.

ئەھۋالنى تىلغا ئالغاندىن كېيىن، بۇ يەردە قىيامەتنىڭ ئالدىدا ئۆلۈمنىڭ بارلىقىدىن ئىبارەت ئەھۋال زىكرى قىلىنىدۇ.

**يۇقىرىقى ئايەتلەرنىڭ ئومۇمىي مەزمۇنى:**

ئاللاتائالا ئىنساننىڭ ئۆلۈش ئالدىدىكى كۆرۈنۈشىنى بايان قىلىدۇ، جان ھەلقۇمغا يەتكەن ۋاقىت جان ئۈزۈشنىڭ ئاخىرقى مىنۇتلىرى بولىدۇ، بۇ چاغدا مېيىتنىڭ كۆزى چەكچىيىپ قالىدىغان قىيىن ئەھۋال يۈز بېرىدۇ، مېيىت ئىگىلىرى پاراكەندە ھالەتتە بولىدۇ، بۇ چاغدا مېيىتنىڭ بېشىغا كەلگەن ئېغىرچىلىقنى كۆتۈرۈۋې-تىش ئۈچۈن، ئەتراپتىكى ئادەملەر ھەرقانچە چارە ئىزدىسىمۇ، ھېچقانداق دورا ۋە ئىلاج تېپىلمايدۇ. قىلىنغان چارە - تەدبىرلەرنىڭ ھەممىسى پايدىسىز بولىدۇ، سەكراتتىكى ئادەم دۇنيادىن ئايرىلىدىغان-لىقىغا جەزمىي قىلىدۇ، ئۇ ھاياتلىق بىلەن ئۆلۈمنىڭ ئارىسىدا بولىدۇ، ئۇ ئۆزىنىڭ دۇنيانىڭ ئاخىرقى بىر كۈنىدە ۋە ئاخىرەتنىڭ دەسلەپكى كۈنىدە تۇرغانلىقىنى بىلىدۇ، ئاخىر بارىدىغان جايى بولغان ئاللانىڭ دەرگاھىغا كېتىپ بارغانلىقىنى ئۇقىدۇ. ئاللاتائالا كاپىر توغرۇلۇق ئېيتىدۇ: "كاپىر* ئادەم دۇنيادىكى چاغدا ئاللاغا ئىشەنمەيتتى، پەرزنى ئادا قىلمايتتى، ئاندىن ئۇ گۇمراھلىقىدا ئېخىمۇ ئەزۋەيلەپ، مەنمەنلىك قىلىپ تەكەببۇرانە ھالدا ئائىلە-

---

* رىۋايەت قىلىنىشىچە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەبۇ جەھىلنىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ ۋاي سېنىڭ ھالىڭغا دەيدۇ. ئەبۇ جەھىل: ئى مۇھەم-مەد: "سەن مېنى قورقۇتامسەن؟ ماڭا تەھدىت سالامسەن؟ خۇدا ھەققى،

www.uyghurkitap.com

سىگە قايىتاتتى، ئاللاتائالا ئۇنى قورقۇتۇپ: "ۋاي سېنىڭ ھالىڭغا" دەيدۇ. بۇ ئۇنى مەسخىرە قىلىش يۈزىسىدىن تەكىتلەنگەن قورقۇتۇشتۇر. بۇ شۈبھىسىزكى، بۇ كاپىر ۋە ئۇنىڭغا ئوخشاشلار ئاللاتائالا تەرىپىدىن بەزى ئىشلارغا بۇيرۇلماستىن، بەزى ئىشلاردىن توسۇلماستىن، ئۇلارغا قايتا تىرىلىش ۋە ئۇلاردىن ھېساب ئېلىش بولماستىن، بىكارغا قويۇپ بېرىلگىنى يوق، قايتا تىرىلىشنى ئىنكار قىلغۇچى بۇ كاپىر بەچچىدانغا تۆكۈلگەن مەنى ئەمەسمىدى، بۇ مەنى بىر كىچىك ئورگانىزمىدىن تەرەققىي قىلىپ، بەچچىداندا بىر پارچە ئۇيۇل قانغا ئايلانمىدىمۇ؟ ئۇنى بەچچىداندا ئەتراپقا ئېسىلىپ، ياشاش ئۈچۈن ئوزۇق ئىزدەيدىغان قىلمىدۇقمۇ؟ ئۇنىڭغا مۇنداق ھەرىكەتنى بىلدۈرگەن كىم؟ شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ كىچىك بوۋاق قىلىپ ياراتقان كىم؟ ئۇنىڭ جىسمى مىليونلىغان تىرىك ئورگانىزملاردىن قۇراشتۇرۇلغان بولۇپ، ئەسلىدە ئۇ بىر ئورگانىزىم ئەمەسمىدى؟ ئۇنىڭغا جان كىرگۈزۈپ، چىرايلىق ئەر ياكى ئايال مەخلۇق قىلىپ ياراتقان كىم؟ دەسلەپتە ئىنساننى مۇشۇنداق ياراتقان زات ئۇنى قەبرىدىن چىقىرىپ قايتا تىرىلدۈرۈشكە قادىر ئەمەسمۇ؟ دۇرۇس، ئاللاتائالا ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرۈشكە ئەلۋەتتە قادىردۇر.

---

سەن بىلەن رەببىڭ ئىككىڭلا مېنى ھېچقانداق قىلالمايسىلەر، خۇدا ھەققى، مەن پۈتۈن مەككىنىڭ ئەڭ ئەزىز ئادىمىمەن" دېدى. ئۇزۇنغا قالماي، ئۇ بەدرى جېڭىدە دەھشەتلىك رەۋىشتە ئۆلتۈرۈلدى.

ەۇھىم نۇقتىلىرى:

1. ئۆلۈم قورقۇنچلۇق دەھشەتلىك نەرسە بولۇپ، ھەربىر جاندار ئۇنىڭغا دۇچ كېلىدۇ، ھېچقانداق جاندار ئۆلۈمنى ئۆزىدىن قايتۇرالمايدۇ، ئۆلۈم ئالدىدا كۈچلۈك ـ ئاجىز، چوڭ ـ كىچىك ھەممە باراۋەر، ئۇلار ئۆلۈمدىن ساقلىنىشقا ھېچقانداق چارە ـ تەدبىر تاپالمايدۇ، ئۆلۈم ئاللا تەرىپىدىن كەلگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇنىڭغا تەسلىم بولۇشتىن، ئىمان ئېيتىشتىن، ھاكاۋۇرلۇقنى، ئاللاغا بويۇن ـ تاۋلىق قىلىشنى تەرك ئېتىشتىن باشقا چارە يوق.

2. ئىنساننىڭ دۇنياغا كېلىشى تەقدىر بىلەن بولىدىغانلىقى، ھاياتلىق ئاللا تەرىپىدىن بولغان سىناق ئىكەنلىكى كۆرسىتىلىدۇ.

3. دەسلەپتە يارىتىشتىن ئىبارەت ھەقىقەتنىڭ قايتا تىرىلدۈرۈش توغرىسىدىكى خەۋەرنىڭ راستلىقىغا دەلىل بولىدىغانلىقى، بىزنى دەسلەپتە يارىتىشقا قادىر بولغان زاتنىڭ قايتا تىرىلدۈرۈشكە قادىر ئىكەنلىكى بايان قىلىنىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

آياتها ٣١ (٧٦) سُورَةُ الدَّهْرِ مَكِّيَّةٌ (٩٨) رُكُوعَاتُهَا ٢

بِسْمِ اللَّهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيمِ

هَلْ أَتٰى عَلَى الْإِنسَانِ حِينٌ مِّنَ الدَّهْرِ لَمْ يَكُن
شَيْئًا مَّذْكُورًا ﴿١﴾ إِنَّا خَلَقْنَا الْإِنسَانَ مِن نُّطْفَةٍ
أَمْشَاجٍ نَّبْتَلِيهِ فَجَعَلْنَاهُ سَمِيعًا بَصِيرًا ﴿٢﴾ إِنَّا هَدَيْنَاهُ
السَّبِيلَ إِمَّا شَاكِرًا وَإِمَّا كَفُورًا ﴿٣﴾ إِنَّا أَعْتَدْنَا
لِلْكَافِرِينَ سَلَاسِلَا وَأَغْلَالًا وَسَعِيرًا ﴿٤﴾ إِنَّ الْأَبْرَارَ
يَشْرَبُونَ مِن كَأْسٍ كَانَ مِزَاجُهَا كَافُورًا ﴿٥﴾ عَيْنًا يَشْرَبُ
بِهَا عِبَادُ اللَّهِ يُفَجِّرُونَهَا تَفْجِيرًا ﴿٦﴾ يُوفُونَ
بِالنَّذْرِ وَيَخَافُونَ يَوْمًا كَانَ شَرُّهُ مُسْتَطِيرًا ﴿٧﴾ وَ
يُطْعِمُونَ الطَّعَامَ عَلَىٰ حُبِّهِ مِسْكِينًا وَيَتِيمًا
وَأَسِيرًا ﴿٨﴾ إِنَّمَا نُطْعِمُكُمْ لِوَجْهِ اللَّهِ لَا نُرِيدُ مِنكُمْ
جَزَاءً وَلَا شُكُورًا ﴿٩﴾ إِنَّا نَخَافُ مِن رَّبِّنَا يَوْمًا
عَبُوسًا قَمْطَرِيرًا ﴿١٠﴾

تەرجىمىسى:

## 76. سۈرە ئىنسان*

مەدىنىدە نازىل بولغان، 31 ئايەت.

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللانىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن.

ئىنسان (ئانىسىنىڭ قورسىقىدا) بىر مۇددەتنى ئۆتكۈزدى، ئۇ، (ئەرزىمىگەنلىكتىن) تىلغا ئېلىنىدىغان نەرسە بولمىدى[1]. شۈبھىسىزكى، بىز ئىنساننى ئارىلاشما مەنى (يەنى ئەر بىلەن ئايالنىڭ مەنىيسى)دىن ياراتتۇق، ئۇنى بىز (شەرىئەت تەكلىپلىرى بىلەن) سىنايمىز، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنى بىز (نازىل قىلىنغان ئايەتلىرىمىزنى ئاڭلىسۇن، كائىناتنى ياراتقۇچىنىڭ بىرلىكىگە دەلالەت قىلىدىغان دەلىللەرنى كۆرسۇن دەپ) ئاڭلايدىغان، كۆرىدىغان قىلىپ ياراتتۇق[2]. شۈبھىسىزكى، ئۇنىڭغا بىز (پەيغەمبەر ئەۋەتىش بىلەن ياخشى ـ يامان) يولنى كۆرسەتتۇق، ئۇ مۆمىن بولۇپ ياخشى يولدا مېڭىپ، (ئاللانىڭ نېمىتىگە) شۈكۈر قىلغۇچىدۇر. ياكى فاجىر بولۇپ يامان يولدا مېڭىپ كۇفرىلىق قىلغۇچىدۇر**[3]. شۈبھە-

---

* ئىبنى ئابباستىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جۈمە كۈنى بامدات نامىزىدا «سەجدە» سۈرىسى بىلەن «ئىنسان» سۈرىسىنى ئوقۇيتتى.

** ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: "سىرتقا چىققانلىقى ئادەمنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

سىزكى، بىز كاپىرلارغا (پۇتلىرىغا سېلىنىدىغان) زەنجىرلەرنى، (بويۇنلىرىغا سېلىنىدىغان) تاقاقلارنى ۋە يېنىپ تۇرغان دوزاخنى تەييارلىدۇق[4]. ھەقىقەتەن، ياخشىلار كافۇر** ئارىلاشتۇرۇلغان (مەي بىلەن تولدۇرۇلغان) جاملاردىن ئىچىدۇ[5]. (ئۇ كافۇر جەننەتتىكى بىر) بۇلاقتىن (ئېتىلىپ چىقىدىغان بولۇپ)، ئۇنىڭدىن ئاللانىڭ (ياخشى) بەندىلىرى ئىچىدۇ، ئۇ بۇلاقنى ئۇلار (خالىغان جايلىرىغا) ئېقىتىپ بارالايدۇ[6]. ئۇلار ئۆز ئۈستىگە قەسەم ئىچىپ ئالغان ئىشنى*** ئورۇنلايدۇ ۋە دەھشىتى كەڭ دائىرىلىق بولغان (كۈندىن يەنى قىيامەت كۈنىدىن) قورقىدۇ[7]. ئۆزى موھتاج تۇرۇقلۇق، مىسكىنگە، يېتىمگە ۋە ئەسىرگە تائام بېرىدۇ****[8]. ئۇلار ئېيتىدۇ: "سىلەرگە بىز ئاللانىڭ رازىلىقى ئۈچۈن تائام

---

دەرۋازىسى ئالدىدا ئىككى بايراق بولىدۇ، يەنى پەرىشتىنىڭ قولىدا بىر بايراق، شەيتاننىڭ قولىدا بىر بايراق بولىدۇ. ئاللا مەمنۇن بولىدىغان ئىش ئۈچۈن چىققان ئادەمگە بايراقلىق پەرىشتە ئەگىشىدۇ، ئۇ ئادەم تاكى ئۆيىگە قايتقۇچە پەرىشتىنىڭ بايرىقى ئاستىدا بولىدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم ئاللانى نارازى قىلىدىغان ئىش ئۈچۈن چىققان بولسا، ئۇنىڭغا بايراقلىق شەيتان ئەگىشىدۇ، ئۇ ئۆيىگە قايتقۇچە شەيتاننىڭ بايرىقى ئاستىدا بولىدۇ."

** كافۇر — ھىندى خۇش بۇي، ئەرەبلەر ياخشى كۆرىدىغان بىر خىل ئۆسۈملۈك.

*** رەسۇلۇللانىڭ ھەدىسىدە مۇندىق دېيىلگەن: "كىمكى ئاللاغا ئىتائەت قىلىشقا قەسەم ئىچكەن بولسا، ئاللاغا ئىتائەت قىلسۇن؛ كىمكى ئاللاغا ئاسىيلىق قىلىشقا قەسەم ئىچكەن بولسا، ئاللاغا ئاسىيلىق قىلمىسۇن."

**** ھەزرىتى ئەلىنىڭ ئوغلى ھەزرىتى ھەسەن بىلەن ھەزرىتى ھۈسەيىن كېسەل بولۇپ قالغاندا، رەسۇلۇللا ساھابىلىرىدىن بىر توپ

بىرىمىز، سىلەردىن (بۇنىڭ بەدىلىگە) ھېچقانداق مۇكاپات ۋە تەشەككۈر تەلەپ قىلمايمىز[9]. شۈبھىسىزكى، بىز پەرۋەردىگارىمىز تەرىپىدىن مەيدانغا كەلتۈرۈلگەن ئېغىر، قاتتىق كۈندىن قورقىمىز"[10].

## يۇقىرىقى ئايەتلەرنىڭ ئومۇمىي مەزمۇنى:

ئاللاتائالا بىزگە ئىنساننىڭ قورسىقىدا بىر مۇددەتنى ئۆتكۈزگەنلىكىنى، ئەرزىمىگەنلىكتىن تىلغا ئېلىشقا بولمىغانلىقىنى، ئۆزىنىڭ ئىنساننى يوقتىن بار قىلغانلىقىنى خەۋەر قىلىدۇ ھەمدە ئىنساننى ئەر-ئايالنىڭ ئابىمەنىسى قىلىپ، ئاندىن بىر پارچە ئۇيۇل قان قىلىپ، ئاندىن بىر پارچە گۆش قىلىپ ياراتقانلىقىنى، ئاندىن ئۇنى سۆڭەك قىلىپ، ئۇنىڭغا گۆش قوندۇرغانلىقىنى، ئۇنى بىكار ياراتمىغانلىقىنى، بۇ دۇنيادا ئۇنى سىناش ئۈچۈن ياراتقانلىقىنى بايان قىلىدۇ، شۇنىڭدەك ئىنساننى قۇلاق، كۆزگە ئوخشاش سېزىش ۋاسىتىلىرى بىلەن تەمىنلىگەنلىكىنى، ئۇنى ئاڭلايدىغان، كۆرىدىغان

---

ئادەمنى ئەگەشتۈرۈپ بېرىپ ئۇلارنى يوقلىدى. ئۇلار ھەزرىتى
* ئەلىگە: ئى ئەبۇلھەسەن (يەنى ھەسەننىڭ ئاتىسى) قەسەم قىلىپ بىرەر ياخشى ئىش قىلىشنى ئۈستۈڭگە ئالساڭچۇ، دېدى. ھەزرىتى ئەلى بىلەن ھەزرىتى فاتىمە ۋە ئۇلارنىڭ دېدىكى فىززە ھەسەن بىلەن ھۈسەيىن ساقايسا، ئۈچ كۈن روزا تۇتۇشقا قەسەم قىلىپ ۋەدە بەردى. ھەسەن بىلەن ھۈسەيىن ساقايدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار روزا تۇتتى ۋە بىرىنچى كۈنى ئىپتارلىقىنى بىر مىسكىنگە سەدىقە قىلدى، ئىككىنچى كۈنى بىر يېتىمگە سەدىقە قىلدى، ئۈچىنچى كۈنى بىر ئەسىرگە سەدىقە قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئايەتلەر نازىل بولدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قىلغانلىقىنى، ئۇنىڭغا ياخشىلىق بىلەن يامانلىقنىڭ يوللىرىنى ئېنىق كۆرسەتكەنلىكىنى، ئىنسانىنىڭ پەرۋەردىگارىنىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇپ ھىدايەت يولىنى تاللىشىغا ئىختىيار بېرىلگەنلىكىنى، ياكى پەرۋەردىگارغا ئاسىيلىق قىلىپ، بەختسىز بولۇپ، ھالاك بولغۇچىلارنىڭ يولىنى تاللاشقا ئىختىيار بېرىلگەنلىكىنى بايان قىلىدۇ، كاپىرلارنىڭ پۇتلىرىغا زەنجىر، بويۇنلىرىغا تاقاق سېلىپ جازالىنىدىغانلىقىنى، دوزاخنىڭ قاتتىق يېنىپ تۇرىدىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ.

ياخشىلارغا بېرىلىدىغان مۇكاپات مول بولۇپ، ئۇلار ئىنسانىنىڭ كۆزى كۆرمىگەن، قۇلىقى ئاڭلىمىغان، خىيالىغا كەلمىگەن تۈرلۈك نېمەتلەردىن بەھرىمەن بولىدۇ. لەززەتلىك شارابلار، كافۇر ئارىلاشتۇرۇلغان مەيلەر شۇ نېمەتلەر جۈملىسىدىندۇر. بۇ شاراب جەننەتتىكى بىر بۇلاقتىن ئېتىلىپ چىققان بولۇپ، بۇنى ياخشى بەندىلەر خالىغانچە تەسەررۇپ قىلىدۇ، ئەرەبلەرنىڭ ئادىتىدە مەي جاملىرىغا گاھ كافۇر ئارىلاشتۇرۇلسا، گاھ زەنجىۋىل ئارىلاشتۇرۇلاتتى. ئاللاتائالا ياخشى بەندىلەر ئۈچۈن دۇنيانىڭ شارابىدىن ئارتۇق بولغان شاراب تەييارلىغانلىقىنى ئېيتىدۇ، بۇ شارابتا دۇنيانىڭ ھارىقىنى ئىچكەندە كېلىپ چىقىدىغان مەست بولۇش، خۇدىنى بىلمەي قالايمىقان سۆزلەش، بۇنىڭدىن كېلىپ چىقىدىغان تۈرلۈك كېسەللىكلەر، ماددىي ۋە ئىجتىمائىي زىيانلار بولمايدۇ.

ياخشى بەندىلەر بۇ نېمەتلەرگە دۇنيادا قىلغان ياخشى ئەمەللىرىنىڭ مۇكاپاتى سۈپىتىدە ئېرىشىدۇ. بۇنداق ياخشى بەندىلەر ئاللا ئۆزلىرىگە يۈكلىگەن ۋەزىپىلەرنى ۋە ئۆزلىرى ئۈستىگە ئالغان ۋەزىپىلەرنى ئادا قىلىدۇ، ئاللا ھارام قىلغان نەرسىلەرنى تەرك ئېتىدۇ، چۈنكى ئۇلار ئازابى قاتتىق، خەتەرى چوڭ، ئوتلىرى

يېنىپ تۇرغان قىيامەت كۈنى ئېلىنىدىغان قاتتىق ھېسابتىن قورقىدۇ.

ئۇلار ئۆزى موھتاج تۇرۇقلۇق، مىسكىن ـ يېتىملەرگە ئاش ـ نان بېرىدۇ، يېتىملەرگە، ئەسىرلەرگە سەدىقە بېرىدۇ. ئۇلار ياخشىلىق قىلغان كىشىلەرگە مۇئامىلىسى ياكى سۆزى ئارقىلىق: "بىز سىلەردىن بۇ بەرگەن نەرسىمىز بەدىلىگە ھېچقانداق مۇكاپات ياكى تەشەككۈر كۈتمەيمىز، سىلەرگە پەقەت ئاللانىڭ رازىلىقى ئۈچۈنلا ئاش ـ نان بېردىمىز، چىراي ـ لار قاتتىق تۈتۈلۈپ كېتىدىغان قىيامەت كۈنىدىن پەرۋەردىگارىمىز ئالدىدا قورقىمىز" دەيدۇ.

**مۇھىم نۇقتىلىرى:**

1. ئىنساننى يوقتىن بار قىلغانلىقى ئاللاتائالانىڭ تىرىلدۈرۈشكە قادىر ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

2. ھاياتنى دۇنيانىڭ سىناق دۇنياسى ئىكەنلىكى كۆرسىتىلىدۇ.

3. ئاللاتائالانىڭ پەيغەمبەرلەرنىڭ تىللىرى ئارقىلىق كىشىلەرگە ياخشىلىق يولى بىلەن يامانلىق يولىنى ئېنىق كۆرسەتكەنلىكى، ھەققە ئەگەشكەن كىشىلەرنىڭ بەختىيار بولىدىغانلىقى، باتىل يولدا ماڭغانلارنىڭ زىيان تارتىدىغانلىقى ۋە بەختسىز بولىدىغانلىقى بايان قىلىنىدۇ.

4. ئاللاتائالانىڭ كۇففارلار ئۈچۈن زەنجىرلەرنى، تاقاقلارنى ۋە دوزاخلارنى تەييارلىغانلىقى، ياخشى بەندىلەرگە جەننەتنى ۋە تەسۋىرلەش مۇمكىن بولمايدىغان نېمەتلەرنى تەييارلىغانلىقى زىكرى قىلىنىدۇ.

5. ئۆز ئۈستىگە ئالغان ۋەدىسىنى ئورۇنلاش، قىيامەت كۈنىنىڭ قاتتىقچىلىقلىرىدىن قورقۇش، ئاللاتائالانىڭ رازىلىقىنى كۆزلەپ،

www.uyghurkitap.com

ئۆزى موھتاج تۇرۇقلۇق مىسكىنگە، يېتىمگە، ئەسىرگە ئاش-نان بەرمەك ياخشى بەندىلەرنىڭ سۈپەتلىرى ئىكەنلىكى بايان قىلىنىدۇ.

فَوَقٰهُمُ اللّٰهُ شَرَّ ذٰلِكَ الْيَوْمِ
وَلَقّٰهُمْ نَضْرَةً وَّسُرُوْرًا ﴿١١﴾ وَجَزٰىهُمْ بِمَا صَبَرُوْا
جَنَّةً وَّحَرِيْرًا ﴿١٢﴾ مُّتَّكِـِٕيْنَ فِيْهَا عَلَى الْاَرَآئِكِ ج لَا
يَرَوْنَ فِيْهَا شَمْسًا وَّلَا زَمْهَرِيْرًا ﴿١٣﴾ وَدَانِيَةً
عَلَيْهِمْ ظِلٰلُهَا وَذُلِّلَتْ قُطُوْفُهَا تَذْلِيْلًا ﴿١٤﴾ وَ
يُطَافُ عَلَيْهِمْ بِاٰنِيَةٍ مِّنْ فِضَّةٍ وَّاَكْوَابٍ
كَانَتْ قَوَارِيْرَا ﴿١٥﴾ قَوَارِيْرَا مِنْ فِضَّةٍ قَدَّرُوْهَا
تَقْدِيْرًا ﴿١٦﴾ وَيُسْقَوْنَ فِيْهَا كَاْسًا كَانَ مِزَاجُهَا
زَنْجَبِيْلًا ﴿١٧﴾ عَيْنًا فِيْهَا تُسَمّٰى سَلْسَبِيْلًا ﴿١٨﴾ وَ
يَطُوْفُ عَلَيْهِمْ وِلْدَانٌ مُّخَلَّدُوْنَ ج اِذَا رَاَيْتَهُمْ
حَسِبْتَهُمْ لُؤْلُؤًا مَّنْثُوْرًا ﴿١٩﴾ وَاِذَا رَاَيْتَ ثَمَّ رَاَيْتَ
نَعِيْمًا وَّمُلْكًا كَبِيْرًا ﴿٢٠﴾ عٰلِيَهُمْ ثِيَابُ سُنْدُسٍ
خُضْرٌ وَّاِسْتَبْرَقٌ ز وَّحُلُّوْا اَسَاوِرَ مِنْ فِضَّةٍ ج وَسَقٰهُمْ
رَبُّهُمْ شَرَابًا طَهُوْرًا ﴿٢١﴾ اِنَّ هٰذَا كَانَ لَكُمْ جَزَآءً وَّ
كَانَ سَعْيُكُمْ مَّشْكُوْرًا ﴿٢٢﴾

تەرجىمىسى:

ئاللا ئۇلارنى شۇ كۈنىنىڭ شەررىدىن ساقلايدۇ، ئۇلارنىڭ يۈزلىرىگە نۇر، دىللىرىغا خۇشاللىق ئاتا قىلىدۇ[11]. ئۇلارنىڭ سەۋر-تاقەتلىرى ئۈچۈن ئاللا ئۇلارنى جەننەت بىلەن ۋە (ئۇ يەردىكى) يىپەك (لىباسلار) بىلەن مۇكاپاتلايدۇ[12]. ئۇلار جەننەتتە تەختلەرگە يۆلىنىپ ئولتۇرىدۇ، ئۇلار جەننەتتە قاتتىق ئىسسىقنىمۇ، قاتتىق سوغۇقنىمۇ كۆرمەيدۇ[13]. جەننەتتىكى (دەرەخلەرنىڭ) سايىلىرى ئۇلارغا يېقىندۇر، جەننەتنىڭ مېۋىلىرىنى ئۈزۈش ئۇلارغا ئاسان قىلىنىدۇ[14]. ئۇلارغا (تاماق قاچىلانغان) كۈمۈش تەخسىلەر، (مەي تولدۇرۇلغان) كۈمۈشتىن ياسالغان (ئېينەكتەك سۈزۈك) جاملار ئايلاندۇرۇپ سۇنۇلۇپ تۇرىدۇ، (ساقىيلار ئۇلارنىڭ ئېھتىياجىغا قاراپ) لايىق ئۆلچەيدۇ (يەنى ئىچكۈچىلەرنىڭ ئېھتىياجىدىن ئېشىپمۇ قالمايدۇ، كېمىيىپمۇ قالمايدۇ)[15–16]. ئۇلار يەنە جەننەتتە زەنجىۋىل ئارىلاشتۇرۇلغان جام بىلەن (يەنى جامدىكى مەي بىلەن) سۇغىرىلىدۇ[17]. جەننەتتە "سەلسەبىل" دەپ ئاتىلىدىغان بىر بۇلاقمۇ بار[18]. قېرىماي ھەمىشە ياش تۇرىدىغان غىلمانلار نۆۋەت بىلەن ئۇلارنىڭ خىزمىتىنى قىلىپ تۇرىدۇ، ئۇلارنى كۆرگەن چېغىڭدا (ئۇلارنىڭ گۈزەللىكى، سۈزۈكلۈكى ۋە نۇرلۇقلۇقىغا قاراپ) ئۇلارنى چېچىلىپ كەتكەن مەرۋايىتمىكىن دەپ قالىسەن[19]. قاچانكى سەن قارايدىغان بولساڭ، بۇ يەردە (تەسۋىرلەپ تۈگەتكىلى بولمايدىغان) نېمەتلەرنى ۋە كاتتا پادىشاھلىقنى كۆرىسەن*[20].

* ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھوزۇرىغا

ئۇلارنىڭ ئۈچىسىدا يۇپقا يىپەك ۋە قېلىن يىپەكتىن (تەييارلانغان) يېشىل كىيىملەر بولىدۇ، (ئۇلار) كۈمۈش بىلەيزۈكلەرنى تاقايدۇ، پەرۋەردىگارى ئۇلارنى پاك شاراب بىلەن سۇغىرىدۇ[21]. شۈبھىسىزكى، بۇ سىلەرگە بېرىلگەن مۇكاپاتتۇر، سىلەرنىڭ مېھنىتىڭلار مەقبۇل بولدى[22].

### بۇ ئايەتنىڭ يۇقىرىدىكى ئايەتلەر بىلەن مۇناسىۋىتى:

ئاللاتائالا ئۆزى مۇھتاج تۇرۇقلۇق مىسكىنگە، يېتىمگە ۋە ئەسىرگە ئاش ـ نان بېرىدىغان مۆمىنلەرنىڭ قىيامەتتىن قورقىدىغانلىقىنى بايان قىلغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ قىيامەتتىكى مۈشكۈل ئەھۋاللاردىن قۇتۇلىدىغانلىقى بىلەن خۇش خەۋەر بېرىدۇ، ئۇلارغا جەننەتنى ۋەدە قىلىدۇ.

### يۇقىرىدىكى ئايەتلەرنىڭ ئومۇمىي مەزمۇنى:

ئاللاتائالا ياخشى بەندىلەرگە مەرھەمەت قىلىپ، ئۇلارنى

---

كىرگەن ئىدى. بۇ چاغدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خورمىنىڭ شېخىدىن توقۇلغان بورا ئۈستىدە ئۇخلاۋاتاتتى. بورا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بىقىنىغا پېتىپ كەتكەن ئىدى. ھەزرىتى ئۆمەر بۇ ھالنى كۆرۈپ يىغلاپ كەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەزرىتى ئۆمەرگە نېمىشقا يىغلايسەن دېدى. ھەزرىتى ئۆمەر: مەن كىسرانى ۋە ئۇنىڭ پادىشاھلىقىنى، ھورمۇزنى ۋە ئۇنىڭ پادىشاھلىقىنى، ھەبەشىستان پادىشاھىنى ۋە ئۇنىڭ پادىشاھلىقىنى ئەسلىدىم. سەن ئاللانىڭ پەيغەمبىرى تۇرۇپ، خورمىنىڭ شېخىدىن توقۇلغان بورىنىڭ ئۈستىدە ئۇخلامسەن؟ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: ئۇلارغا دۇنيا، بىزگە ئاخىرەت بېرىلگەنلىكىدىن مەمنۇن بولمامسەن؟ دېدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئايەت نازىل بولدى.

قىيامەت كۈنىدىكى بەختسىزلىكتىن قۇتۇلدۇردى، ئۇلارنىڭ
چىرايىنى نۇرانە دىللىرىنى خۇشال قىلدى، ئۇلار ئاللاتائالانىڭ
تائەت-ئىبادىتى ئالدىدا گۇناھلاردىن ساقلىنىشتا چىداملىق
بولغانلىقى ئۈچۈن، ئاللا ئۇلارنى جەننەت بىلەن، چىرايلىق يىپەك
كىيىملەر بىلەن مۇكاپاتلايدۇ. ئۇلار جەننەتتە نورمال ھاۋا ئاستىدا
پەردىلىك تەختلەرگە يۆلىنىپ ئولتۇرىدۇ، ئۇلار بۇ يەردە ھاۋانىڭ
ئىسسىقلىقىنىمۇ، سوغۇقلۇقىنىمۇ سەزمەيدۇ، جەننەتتىكى دەرەخلەرنىڭ
سايىلىرى ياخشى بەندىلەرگە يېقىن بولىدۇ، ئۇلارنىڭ ئۈستىگە
سايە تاشلاپ تۇرىدۇ، جەننەتنىڭ مېۋىلىرى ئۇلار قولىنى ئۇزاتسىلا
ئالالايدىغان دەرىجىدە يېقىن بولىدۇ، جەننەتتىكى خىزمەتچىلەر
شېشىدەك سۈزۈك كۈمۈش قاچىلاردا ۋە كۈمۈش جاملاردا شارابلارنى
ئۇلارغا ئايلاندۇرۇپ تۇتۇپ تۇرىدۇ، بۇ كۈمۈش جاملار ئىچكۈچىنىڭ
ھاجىتىگە يارىشا تولدۇرۇلغان بولىدۇ، ياخشى بەندىلەرنىڭ
ئىچىدىغان شارابىغا زەنجىۋىل ئارىلاشتۇرۇلغان بولىدۇ، ناھايىتى
شېرىنلىكىدىن ئىچكۈچىلەرنىڭ گېلىدىن راۋان ئۆتىدىغانلىقى
ئۈچۈن، بۇ جاملار سەلسەبىل دەپ ئاتىلىدىغان بىر بۇلاقتىن
تولدۇرۇلىدۇ، بۇ قاچىلارنى ۋە شاراب جاملىرىنى ياخشى بەندىلەرگە
ئايلاندۇرۇپ تۇتۇپ تۇرىدىغان چىرايلىق غىلمانلار بولۇپ، زامانىنىڭ
ئۆتۈشى ئۇلارغا تەسىر قىلمايدۇ، ئۇلار ئۆلمەيدۇ، ئۇلار گۈزەللىكتە،
ياخشى بەندىلەرنىڭ خىزمىتىنى قىلىشتا، تارىلىپ تۇرۇشلىرىدا
چېچىلىپ تۇرغان چىرايلىق مەرۋايىتلارغا ئوخشايدۇ. ئاندىن ئاللا،
تائالا ئۆزىنىڭ مۈلكىنىڭ بۈيۈكلۈكىنى، سەلتەنىتىنىڭ كەڭلىكىنى
چۈشەندۈرۈش يۈزىسىدىن روسۇلۇللاغا مۇنداق دەيدۇ: "ئى
مۇھەممەد، بۇ يەردە جەننەتكە، جەننەتنىڭ كەڭلىكىگە، جەننەتتىكى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تۈرلۈك نازۇنېمەتلەرگە قارايدىغان بولساق، ئاللاتائالا ياخشى بەندىلىرىگە بەرپا قىلغان ئاللانىڭ چوڭ بىر مەملىكىتىنى، تەسۋىرلەپ بولغىلى بولمايدىغان ھەددى - ھېسابسىز نېمەتلەرنى كۆرىسەن." بۇ نېمەتلەرنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشلىرى شۇنداقكى، ئەھلى جەننەتنىڭ ئۈچىسىدا يۇپقا يىپەكتىن تىكىلگەن، بەدەنگە تېگىپ تۇرىدىغان كۆڭلەكتەك كىيىملەر، ئۈستىدىن كىيىۋالىدىغان قېلىن يىپەكتىن تىكىلگەن تاشقى كىيىملەر بولىدۇ، ئۇلار كۈمۈش بىلەيزۈكلەرنى تاقايدۇ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىغان شارابى پاك شاراب بولۇپ، دۇنيانىڭ ھاراقلىرىغا ئوخشاش كىشىلەرنىڭ قوللىرى تەگكەن ئەمەستۇر. ئۇلار پەرىشتىلەرنىڭ ھۆرمەت سۆزلىرىنى ئاڭلاپ تۇرىدۇ، ئۇلار ئاللاتائالانىڭ: "شۈبھىسىزكى، بۇ سىلەرگە بېرىلگەن مۇكاپاتتۇر، سىلەرنىڭ مېھنىتىڭلار قوبۇل بولدى" دېگەن سۆزىنى ئاڭلايدۇ، ئۇلار ئاللاتائالانىڭ ئۆزلىرى ئۈچۈن تەييارلىغان تۈرلۈك نازۇنېمەتلىرىنى كۆرۈۋاتقان چاغلىرىدا، مەزكۇر سۆز ئۇلارغا ئېيتىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ دىللىرى خۇشاللىق بىلەن تولىدۇ، خۇشاللىق ئۇلارنىڭ چىرايلىرىدىن جىلۋىلىنىپ تۇرىدۇ، ئۇلار ئۇلۇغ پەرۋەردىگارىنىڭ ئاتاسىدىن بەھرىمەن بولىدۇ.

## مۇھىم نۇقتىلىرى:

1. جەننەتتە كۆز كۆرمىگەن، قۇلاق ئاڭلىمىغان، ئىنساننىڭ خىيالىغا كەلمىگەن تۈرلۈك نازۇنېمەتلەرنىڭ بولىدىغانلىقى بايان قىلىنىدۇ.

2. جەننەتتىكى تۈرلۈك نازۇنېمەتلەرنى بايان قىلىشتىكى مەقسەت ئاللا ھىدايەت قىلماقچى بولغان ئادەمنى ئىمانغا تەرغىپ

قىلىشتۇر.

3. باقاسى يوق دۇنيانىڭ نەرسىلىرى بىلەن جەننەتنىڭ مەڭگۈلۈك نېمەتلىرى ئارىسىدىكى پەرقنىڭ زورلۇقى كۆرسىتىلىدۇ.

4. ئاخىرەت مۇكاپاتلايدىغان ياكى جازالايدىغان يۇرتتۇر، ئاللاتائالا كۇففارلار ئۈچۈن دوزاخنى، زەنجىرلەرنى ۋە تاقاقلارنى تەييارلىغانغا ئوخشاش، ئۆزىنىڭ مۆمىن بەندىلىرى ئۈچۈن جەننەتنى ۋە نېمەتلەرنى تەييارلىغان.

إِنَّا نَحْنُ نَزَّلْنَا عَلَيْكَ
الْقُرْآنَ تَنْزِيلًا ﴿٢٣﴾ فَاصْبِرْ لِحُكْمِ رَبِّكَ وَلَا تُطِعْ
مِنْهُمْ آثِمًا أَوْ كَفُورًا ﴿٢٤﴾ وَاذْكُرِ اسْمَ رَبِّكَ بُكْرَةً
وَأَصِيلًا ﴿٢٥﴾ وَمِنَ اللَّيْلِ فَاسْجُدْ لَهُ وَسَبِّحْهُ
لَيْلًا طَوِيلًا ﴿٢٦﴾ إِنَّ هَٰؤُلَاءِ يُحِبُّونَ الْعَاجِلَةَ وَ
يَذَرُونَ وَرَاءَهُمْ يَوْمًا ثَقِيلًا ﴿٢٧﴾ نَحْنُ خَلَقْنَاهُمْ
وَشَدَدْنَا أَسْرَهُمْ ج وَإِذَا شِئْنَا بَدَّلْنَا أَمْثَالَهُمْ
تَبْدِيلًا ﴿٢٨﴾ إِنَّ هَٰذِهِ تَذْكِرَةٌ ج فَمَنْ شَاءَ
اتَّخَذَ إِلَىٰ رَبِّهِ سَبِيلًا ﴿٢٩﴾ وَمَا تَشَاءُونَ إِلَّا
أَنْ يَشَاءَ اللَّهُ ط إِنَّ اللَّهَ كَانَ عَلِيمًا حَكِيمًا ﴿٣٠﴾
يُدْخِلُ مَنْ يَشَاءُ فِي رَحْمَتِهِ ط وَالظَّالِمِينَ
أَعَدَّ لَهُمْ عَذَابًا أَلِيمًا ﴿٣١﴾

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تەرجىمىسى:

(ئى مۇھەممەد!) ھەقىقەتەن بىز ساڭا قۇرئاننى بۆلۈپ-بۆلۈپ نازىل قىلدۇق[23]. سەن پەرۋەردىگارىڭنىڭ ھۆكمىگە سەۋر قىلغىن، سەن ئۇلارنىڭ ئىچىدىن ھېچبىر گۇناھكارغا ياكى كۇفرىلىق قىلغۇچىغا بويسۇنمىغىن[24]. ئەتىگەن-ئاخشامدا پەرۋەردىگارىڭنىڭ نامىنى ياد قىلغىن (يەنى ناماز ئوقۇغىن، پەرۋەردىگارىڭغا كۆپ تائەت-ئىبادەت قىلغىن)[25]. كېچىنىڭ ئاز قىسمىدا ئۇنىڭغا سەجدە قىل، كۆپ قىسمىدا ئۇنىڭغا تەسبىھ ئېيت[26]. شۈبھىسىزكى، بۇلار (يەنى مۇشرىكلار) دۇنيانى (ئاخىرەتتىن) ئارتۇق بىلىدۇ، كەلگۈسىدىكى قىيىن بىر كۈنگە (يەنى قىيامەتكە) سەل قارايدۇ[27]. بىز ئۇلارنى ياراتتۇق، ئۇلارنىڭ بەدىنىنى مەزمۇت قىلدۇق، ئەگەر بىز خالىساق، (ئۇلارنى ھالاك قىلىپ) ئورنىغا ئۇلارغا ئوخشاش باشقا ئادەملەرنى دەسسىتەتتۇق[28]. شۈبھىسىزكى، بۇ (ئايەتلەر) ۋەز-نەسىھەتتۇر (بۇ ۋەز-نەسىھەتتىن پايدىلىنىشنى) خالىغان ئادەم پەرۋەردىگارىغا يەتكۈزىدىغان يولنى تۇتسۇن[29]. پەقەت ئاللا خالىغاندىلا، ئاندىن سىلەر خالايسىلەر (يەنى ھەممە ئىش ئاللانىڭ خاھىشىغا باغلىقتۇر). ئاللا ھەقىقەتەن ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر[30]. ئاللا خالىغان ئادەمنى رەھمىتىنىڭ دائىرىسىگە كىرگۈزىدۇ، ئاللا زالىملارغا قاتتىق ئازابنى تەييارلىدى[31].

**بۇ ئايەتنىڭ يۇقىرىدىكى ئايەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى:**

ئاللاتائالا ئەھلى جەننەتكە بەرگەن نېمەتلەرنى زىكرى قىلغاندىن

كېيىن، بۇ يەردە پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامغا قۇرئان كەرىمنى نازىل قىلىشتىن ئىبارەت مەرھەمىتىنى بايان قىلىدۇ.

## يۇقىرىقى ئايەتلەرنىڭ ئومۇمىي مەزمۇنى:

ئاللاتائالا قۇرئان كەرىمنى ئىنسانلارنىڭ ئېھتىياجى بويىچە ئايرىم ـ ئايرىم ۋە تەدرىجىي ھالدا نازىل قىلىش بىلەن، پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامغا مەرھەمەت قىلدى، قۇرئان كەرىمنىڭ ھەممىسىنى بىراقلا نازىل قىلمىدى، ئاللاتائالا پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنى پەيغەمبەرلىكنى يەتكۈزۈشتە، بۇ جەھەتتە يەتكەن جاپا ـ مۇشەققەت-لەرنى ۋە ئەزىيەتلەرنى كۆتۈرۈشتە ئاللانىڭ قازاسىغا سەۋر قىلىشقا بۇيرۇدى، ئاللاتائالا پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامغا خىتاب قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: "پەيغەمبەرلىكنى يەتكۈزۈشتىن سېنى توسىدىغان بولسا، كۇففارلارغا ۋە مۇناپىقلارغا ئىتائەت قىلمىغىن، ئۆز مەيدانىڭدا مۇستەھكەم تۇرغىن، ساڭا مال تەڭلەش ياكى ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ئېسىل بىر ئادەمنىڭ قىزىنى ئېلىپ بېرىش قاتارلىق نەرسىلەرگە قىزىقتۇرسا، ئۇلارغا ئىتائەت قىلمىغىن، ھەمىشە پەرۋەردىگارىڭنىڭ نامىنى ياد ئەتكىن، نامازنى كېچە ـ كۈندۈز ئوقۇغىن."

كۇففارلار بۇ پانى دۇنيانى ۋە ئۇنىڭ باقاسى يوق نېمەتلىرىنى سۆيىدۇ، ئاللاتائالا ئۇلارنىڭ مۇنداق قىلغانلىقىنى ئەيىبلەيدۇ، چۈنكى كۇففارلار ئۆزىنىڭ ئالدىدىكى قىيامەتنى، قىيامەتتە بولىدىغان ھېسابنى، قىيامەتنىڭ دەھشىتىنى ئويلاشنى تەرك ئەتكەن، ئۇلار قىيامەتكە ئىمان ئېيتمىغان، قىيامەت ئۈچۈن ئىشلىمىگەن.

ئاللاتائالا ئۇلارنى يوقتىن بار قىلغان، ئۇلارغا كۈچ بەرگەن،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئۇلارنى نېمەتلەر بىلەن تەمىنلىگەن، ئاللاتائالا ئۇلارنى ھالاك قىلىشنى ئىرادە قىلسا، ئۇلارنى ھالاك قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ ئورنىغا باشقىلارنى كەلتۈرىدۇ. ئاللاتائالا ھەر نەرسىگە قادىردۇر، ئۇلارغا مۆھلەت بەرسە، ئۇلارنىڭ ئورنىغا باشقىلارنى ئالماشتۇرمىسا، بۇ ئاللانىڭ مەرھەمىتىدۇر، قازاسىدۇر ۋە ھېكمىتىدۇر.

بۇ سۈرىدىكى تەرغىپ ۋە قورقۇتۇش، پەند ـ نەسىھەت ۋە ئىبرەتلەر ھەربىر تەپەككۇر ئىگىسىگە قارىتىلغان. كىمكى ئۆزىگە دۇنيادا ۋە ئاخىرەتتە ياخشىلىقنى ۋە نىجاتلىقنى تىلەيدىكەن، ئۇ ئاللاتائالاغا تائەت ـ ئىبادەت بىلەن يېقىنلاشسۇن، قۇرئانغا ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئىشەنسۇن، مانا بۇ ئاللاتائالاغا ئېلىپ بارىدىغان يولدۇر. ئىنسان ئىرادە قىلماقچى بولغان ھەرقانداق ئىش ئاللاتائالانىڭ خاھىشىغا باغلىقتۇر. ئاللا خالىمىسا، ھەرقانداق كىشى ئۆزىنى ھىدايەت قىلىشقا، ئىمانغا كىرگۈزۈشكە، ئۆزى ئۈچۈن پايدا قازىنىشقا قادىر بولالمايدۇ.

ئاللاتائالا ھىدايەت تېپىشقا تېگىشلىك بولغان ئادەمنى ئوبدان بىلىدۇ، ھىدايەتنى ئۇنىڭغا مۇيەسسەر قىلىدۇ، گۇمراھ بولۇشقا تېگىشلىك بولغان ئادەمنى ئاللاتائالا ئۆزىنىڭ ئىنچىكە ھېكمىتى بويىچە ھىدايەتتىن بۇرىۋېتىدۇ، پەرۋەردىگارىڭ ھېچ ئادەمگە زۇلۇم قىلمايدۇ. ئاللاتائالا خالىغان ئادەمنى ھىدايەت قىلىدۇ، خالىغان ئادەمنى گۇمراھ قىلىدۇ، ئاللا ھىدايەت قىلغان ئادەمنى ئازدۇرغۇچى بولمايدۇ، ئاللا ئازدۇرغان ئادەمنى ھىدايەت قىلغۇچى بولمايدۇ، ئاللاتائالا كۇففارلارغا مۆھلەت بېرىدۇ، ئۇلارغا قاتتىق ئازابنى تەييارلايدۇ.

## مۇھىم نۇقتىلىرى:

1. ئاللاتائالانىڭ قۇرئان كەرىمنى ئايرىم-ئايرىم تەدرىجىي نازىل قىلغانلىقى شۈكۈر قىلىشقا تېگىشلىك نېمەتتۇر.

2. سەۋرە گۈزەل سۈپەت بولۇپ، ئاللا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى پەرۋەردىگارى تاپشۇرغان پەيغەمبەرلىك ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىش يولىدا مۇشرىكلاردىن ۋە مۇناپىقلاردىن يەتكەن ئەزىيەتلەرگە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن سەۋر قىلىشقا ئەمر قىلغان، ھەممە ۋاقىت ئاللاغا ئىبادەت قىلىش پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىك ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىشتىكى ياخشى ياردەمچىسى ئىدى.

3. كۇففارلارنىڭ دۇنيانىڭ باقاسى يوق نېمەتلىرىنى سۆيۈپ، قىيامەت كۈنى ۋە قىيامەت كۈنىدە بولىدىغان ھېسابىنى، دەھشەتلىك ئەھۋاللارنى تەرك ئېتىدىغانلىقى، ئاللاتائالانىڭ ئۇلارنى ھالاك قىلىشقا ۋە باشقا بىر قەۋمنى ئۇلارنىڭ ئورنىغا ئېلىپ كېلىشكە قادىر ئىكەنلىكى، بۇنىڭ بىلەن ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىشنىڭ ئىسپاتلىنىدىغانلىقى بايان قىلىندۇ.

4. ئاللاتائالانىڭ خاھىشىنىڭ بەندىنىڭ خاھىشىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغانلىقى، ئاللا ھىدايەت قىلغان ئادەمنى ھېچ ئادەم گۇمراھ قىلالمايدىغانلىقى، ئاللا گۇمراھ قىلغان ئادەمنى ھېچ ئادەمنىڭ ھىدايەت قىلالمايدىغانلىقى ئېيتىلىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

اٰيَاتُهَا ٥٠ (٧٧) سُوْرَةُ الْمُرْسَلٰتِ مَكِّيَّةٌ (٣٣) رُكُوْعَاتُهَا ٢

بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيْمِ

وَالْمُرْسَلٰتِ عُرْفًا ﴿١﴾ فَالْعٰصِفٰتِ عَصْفًا ﴿٢﴾
وَّالنّٰشِرٰتِ نَشْرًا ﴿٣﴾ فَالْفٰرِقٰتِ فَرْقًا ﴿٤﴾
فَالْمُلْقِيٰتِ ذِكْرًا ﴿٥﴾ عُذْرًا اَوْ نُذْرًا ﴿٦﴾
اِنَّمَا تُوْعَدُوْنَ لَوَاقِعٌ ﴿٧﴾ فَاِذَا النُّجُوْمُ طُمِسَتْ ﴿٨﴾
وَاِذَا السَّمَآءُ فُرِجَتْ ﴿٩﴾ وَاِذَا الْجِبَالُ نُسِفَتْ ﴿١٠﴾
وَاِذَا الرُّسُلُ اُقِّتَتْ ﴿١١﴾ لِاَيِّ يَوْمٍ اُجِّلَتْ ﴿١٢﴾
لِيَوْمِ الْفَصْلِ ﴿١٣﴾ وَمَآ اَدْرٰىكَ مَا يَوْمُ الْفَصْلِ ﴿١٤﴾
وَيْلٌ يَّوْمَئِذٍ لِّلْمُكَذِّبِيْنَ ﴿١٥﴾ اَلَمْ نُهْلِكِ الْاَوَّلِيْنَ ﴿١٦﴾
ثُمَّ نُتْبِعُهُمُ الْاٰخِرِيْنَ ﴿١٧﴾ كَذٰلِكَ نَفْعَلُ
بِالْمُجْرِمِيْنَ ﴿١٨﴾ وَيْلٌ يَّوْمَئِذٍ لِّلْمُكَذِّبِيْنَ ﴿١٩﴾

تەرجىمىسى:

77. سۈرە مۇرسەلات

مەككىدە نازىل بولغان، 50 ئايەت.

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن.

ئارقىمۇئارقا چىققۇچى (لەرزان) شامالـلار بىلەن قەسەمكى [1]، قاتتىق چىققۇچى بورانلار بىلەن قەسەمكى [2]، (بۇلۇتلارنى ئالـلا خالىغان تەرەپلەرگە) تارقاتقۇچى شامالـلار بىلەن قەسەمكى [3]، (ھەق بىلەن باتىلنىڭ، ھارام بىلەن ھالالنىڭ) ئارىسىنى ئايرىغۇچى پەرىشتىلەر بىلەن قەسەمكى [4]، (بەندىلەرگە) ئۆزرە (قالدۇرماسلىق) ياكى (ئاللانىڭ ئازابىدىن) ئاگاھلاندۇرۇش ئۈچۈن ۋەھيىنى (پەيغەمبەرلەرگە) ئېلىپ چۈشكۈچى پەرىشتىلەر* بىلەن قەسەمكى [5—6]، (ئى مەككە كۇففارلىرى!) سىلەر ئاگاھلاندۇرۇلغان ئىش (يەنى قىيامەت، ھېساب ۋە جازا) چوقۇم مەيدانغا كەلگۈچىدۇر [7]، يۇلتۇزلار (نىڭ نۇرى) ئۆچۈرۈلگەن چاغدا [8]، ئاسمان يېرىلغان چاغدا [9]، تاغلار تىتىلىپ شامالدا (ئۇچۇپ يۈرگەن زەررىلەردەك) ئۇچۇپ يۈرگەن چاغدا [10]، پەيغەمبەرلەرگە (ئۇلار بىلەن ئۈممەتلىرى ئارىسىدا ھۆكۈم چىقىرىلىشقا) ۋاقىت بەلگىلەنگەن چاغدا (ۋەدە قىلىنغان) قىيامەت مەيدانغا كېلىدۇ [11]. (پەيغەمبەرلەرنىڭ قەۋملىرىگە ئائىت ئىشلار) قايسى بۈيۈك كۈنگە كېچىكتۈرۈلدى؟ [12] خالايىقنىڭ ئارىسىدا ھۆكۈم چىقىرىلىدىغان كۈن ئۈچۈن (تەخىر قىلىندى) [13]. ھۆكۈم چىقىرىلىدىغان كۈننىڭ نېمىلىكىنى (يەنى ئۇنىڭ دەھشىتىنى) قانداق بىلەلەيسەن؟ [14] بۇ كۈندە (ئۇ كۈننى) ئىنكار قىلغۇچىلارغا ۋاي! [15] (پەيغەمبەرلىرىنى ئىنكار قىلغانلىقلىرى

* تۆۋەندىكى بەش ئايەتنىڭ مەنىسى ئۈستىدە مۇفەسسىرلەر نۇرغۇن ئىختىلاپ قىلىشتى، بەزىلەر ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى شامال دەپ چۈشەندۈرسە، بەزىلەر ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى پەرىشتە دەپ ئىزاھلىدى. بىر قىسىم مۇفەسسىرلەرنىڭ قارىشىغا ئاساسەن، ئالدىنقى ئۈچ ئايەت شامال، كېيىنكى ئىككى ئايەت پەرىشتە مەنىسىدە ئېلىندى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۈچۈن) ئىلگىرىكىلەرنى ھالاك قىلمىدۇقمۇ؟[16] ئاندىن ئۇلارغا ئەگەشتۈرۈپ كېيىنكىلەرنى ھالاك قىلدۇق[17]. گۇناھكارلارنى مۇشۇنداق قىلىمىز (يەنى جازالايمىز)[18]. بۇ كۈندە (ئۇ كۈننى) ئىنكار قىلغۇچىلارغا ۋاي![19].

## يۇقىرىقى ئايەتلەرنىڭ ئومۇمىي مەزمۇنى:

ئاللاتائالا ياخشىلىق ۋە رىزىق بىلەن ئۆز دەرگاھىدىن ئەۋەتىلىدىغان ۋە ئۆزلۈكسىز چىقىپ تۇرغان شاماللار بىلەن قەسەم قىلدى، چۈنكى بۇ شاماللار يامغۇرنى، كېمىلەرنى ھەيدەيدۇ، ئاللاتائالا قاتتىق چىقىدىغان بورانلار بىلەن قەسەم قىلدى، بۇلۇتلارنى تارقاتقۇچى، ئۆسۈملۈكلەرنى چاڭلاشتۇرغۇچى شاماللار بىلەن قەسەم قىلدى، يەنە ئاللاتائالا ھەق بىلەن باتىلنى ئايرىيدىغان، بەندىلەرگە ئۆزرە قالدۇرمايدىغان، بەندىلەرنى ئاگاھلاندۇرىدىغان، ئاللاتائالانىڭ دەرگاھىدىن ۋەھيى ئېلىپ چۈشكۈچى پەرىشتىلەر بىلەن قەسەم قىلدى، قىيامەتنىڭ قايىم بولۇشى، قايتا تىرىلىش، ھەربىر ئىنساننىڭ ئۆز قىلمىشىغا يارىشا مۇكاپاتلىنىشى ياكى جازالىنىشى توغرىسىدىكى ئاللاتائالانىڭ ۋەدىلىرى شەكسىز رەۋىشتە چوقۇم ئىشقا ئاشىدىغانلىقى ئۈچۈن، ئاللاتائالا مەزكۇر شەيئىلەر بىلەن قەسەم قىلدى، يۇلتۇزلارنىڭ نۇرى ئۆچكەن، ئاسمان يېرىلغان، تاغلار ئورۇنلىرىدىن قوزغىتىلىپ ھېچقانداق ئىز قالمىغان ۋاقىتتا قىيامەت بولىدۇ. پەيغەمبەرلەرگە بەلگىلەنگەن ۋاقىت يېتىپ كەلگەن چاغدا، پەيغەمبەرلەر قەۋملىرىگە پەيغەمبەرلىكنى يەتكۈزگەنلىكىگە گۇۋاھ بولۇش ئۈچۈن يىغىلىدۇ، پەيغەمبەرلەر يىغىلىدىغان شۇ كۈن نېمىدېگەن بۈيۈك كۈن، ئۇ ھەممە ھازىر بولىدىغان كۈندۇر.

ئۇ ئاللاتائالا خالايىقلارنىڭ ئارىسىدا ھۆكۈم چىقىرىدىغان قورقۇنچ-لۇق مەيداندۇر. ئاندىن ئاللاتائالا قىيامەتنى يالغانغا چىقارغۇچى كاپىرلارنى: "بۇ كۈندە (ئۇ كۈننى) ئىنكار قىلغۇچىلارغا ۋاي" دېگەن سۆزى بىلەن قورقىتىدۇ.

ئاندىن كېيىن كۇففارلارنى ئاد قەۋمى، سەمۇد قەۋمى ۋە باش-قىلارغا ئوخشاش، پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلغان ئۆتكەنكى ئۈممەت-لەرگە كەلتۈرۈلگەن ئازابنىڭ چۈشۈشى بىلەن قورقىتىدۇ، كېيىنكى ئىنكار قىلغۇچىلارنىڭ ئىلگىرىكى ئىنكار قىلغۇچىلارغا ھالاك بولۇشتا ئەگىشىدىغانلىقىنى ئېنىق بايان قىلىدۇ. قۇرەيشتىن يا ئۇلارنىڭ غەيرىيدىن باشقا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋىتىنى ئىنكار قىلغان-لارنىڭ ھەممىسىگە بۇ ئۆيغۇن كېلىدۇ، مۇشۇنداق ھالاك قىلغۇچى ئازابقا ئوخشاش ئازابقا ھەربىر كاپىر مۇپتىلا بولىدۇ. بۇ ئاللاتا-ئالانىڭ مەخلۇقاتىغا قارىتا تۇتقان يولىدۇر. ئاللانىڭ تۇتقان يولىغا ھېچقانداق ئۆزگىرىش تاپالمايسەن. شۇنىڭدەك ئاللاتائالا بۇ قور-قۇتۇشنى: "بۇ كۈندە (ئۇ كۈننى) ئىنكار قىلغۇچىلارغا ۋاي" دېگەن سۆزى بىلەن ئاياغلاشتۇرىدۇ، بۇ ئىنكار قىلغۇچى گۇمراھلارنى ئۇلار-نىڭ ھالاك بولۇشى ۋە قاتتىق ئازابقا قېلىشى بىلەن قورقۇتۇشتۇر.

مۇھىم نۇقتىلىرى:

1. قايتا تىرىلىشكە ۋە ھېساب بېرىشكە ئىمان ئېيتىشنىڭ لازىم-لىقى تەكىتلىنىدۇ.

2. يۇلتۇزلارنىڭ نۇرىنىڭ ئۆچۈشى، ئاسماننىڭ يېرىلىشى، تاغلارنىڭ ئورۇنلىرىدىن قومۇرۇلۇشى قىيامەتنىڭ ئالامەتلىرىدىن ئىكەنلىكى كۆرسىتىلىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

3. قىيامەت كۈنى ھەربىر كىشىنىڭ ئۆز قىلمىشىغا يارىشا مۇكاپاتلىنىشى ياكى جازالىنىشى ئۈچۈن، پەيغەمبەرلەرنىڭ ئۈممەتلىرىگە تەبلىغ قىلغانلىقلىرىغا گۇۋاھ بولۇش ئۈچۈن يىغىلىدىغانلىقى بايان قىلىنىدۇ.

4. ئاللاتائالا دۇنيادا نۇھ قەۋمى، ئاد قەۋمىگە ئوخشاش پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلغانلارنى ئازابلىغان، ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋىتىنى ئىنكار قىلغان قۇرەيشتىن بولغانلارنىمۇ ھالاك قىلغان، قايسى ئەسىردە بولسۇن، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋىتىنى ئىنكار قىلغان كۇففارلارمۇ شۇنداق ھالاك قىلىنىدۇ، ئاللاتائالا ھۆرمەتلىك پەيغەمبەرگە تەسەللى بېرىش ۋە كۇففارلارنى قورقۇتۇش يۈزىسىدىن يۇقىرىقىلارنى تىلغا ئالغان.

أَلَمْ
نَخْلُقكُّم مِّن مَّآءٍ مَّهِينٍ ﴿٢٠﴾ فَجَعَلْنَٰهُ فِي قَرَارٍ
مَّكِينٍ ﴿٢١﴾ إِلَىٰ قَدَرٍ مَّعْلُومٍ ﴿٢٢﴾ فَقَدَرْنَا فَنِعْمَ
الْقَٰدِرُونَ ﴿٢٣﴾ وَيْلٌ يَوْمَئِذٍ لِّلْمُكَذِّبِينَ ﴿٢٤﴾ أَلَمْ
نَجْعَلِ الْأَرْضَ كِفَاتًا ﴿٢٥﴾ أَحْيَآءً وَأَمْوَٰتًا ﴿٢٦﴾
وَجَعَلْنَا فِيهَا رَوَٰسِيَ شَٰمِخَٰتٍ وَأَسْقَيْنَٰكُم مَّآءً
فُرَاتًا ﴿٢٧﴾ وَيْلٌ يَوْمَئِذٍ لِّلْمُكَذِّبِينَ ﴿٢٨﴾ انطَلِقُوٓا
إِلَىٰ مَا كُنتُم بِهِۦ تُكَذِّبُونَ ﴿٢٩﴾ انطَلِقُوٓا إِلَىٰ
ظِلٍّ ذِي ثَلَٰثِ شُعَبٍ ﴿٣٠﴾ لَّا ظَلِيلٍ وَلَا يُغْنِي
مِنَ اللَّهَبِ ﴿٣١﴾ إِنَّهَا تَرْمِي بِشَرَرٍ كَالْقَصْرِ ﴿٣٢﴾
كَأَنَّهُۥ جِمَٰلَتٌ صُفْرٌ ﴿٣٣﴾ وَيْلٌ يَوْمَئِذٍ لِّلْمُكَذِّبِينَ ﴿٣٤﴾
هَٰذَا يَوْمُ لَا يَنطِقُونَ ﴿٣٥﴾ وَلَا يُؤْذَنُ لَهُمْ فَيَعْتَذِرُونَ ﴿٣٦﴾
وَيْلٌ يَوْمَئِذٍ لِّلْمُكَذِّبِينَ ﴿٣٧﴾

تەرجىمىسى:

سىلەرنى بىز ئاجىز مەنىدىن يارىتىمىدۇقمۇ؟ (20) ئۇنى بىز مەلۇم ۋاقىتقىچە (يەنى تۇغۇلغۇچە) پۇختا ئارامگاھ (يەنى بەچچىدان)دا قىلدۇق (21—22). بىز ئۇنى (ئابىمەنىدىن يارىتىشقا) قادىر بولدۇق، بىز (ئۇنى ئەڭ چىرايلىق شەكىلدە يارىتىشقا) نېمىدېگەن

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

ياخشى قادىر بولغۇچىمىز![23] بۇ كۈندە ئۇ كۈننى ئىنكار قىلغۇ-چىلارغا ۋاي[24] زېمىننى بىز ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان قىلمىدۇقمۇ؟[25] (يەنى) تىرىكلەرنى ۋە ئۆلۈكلەرنى (ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان قىلمى-دۇقمۇ؟)[26]. بىز زېمىنغا ئېگىز تاغلارنى ئورناتتۇق، سىلەرنى تاتلىق سۇ بىلەن سۇغاردۇق[27]. بۇ كۈندە (ئۇ كۈننى) ئىنكار قىلغۇچىلارغا ۋاي![28] (ئۇلارغا دوزاخ مۇئەككەللىرى): "سىلەر (دۇنيادىكى چېغىڭلاردا) ئىنكار قىلغان (دوزاخ) ئازابىغا بېرىڭلار، ئۈچ شاخلىق سايىغا بېرىڭلار" (دەيدۇ). [29—30]. ئۇ سايە (جەھەننەمنىڭ تۈتۈنى بولۇپ، كىشىنى) سەگىدەتمەيدۇ، (جەھەن-نەمنىڭ) يالقۇنىنىمۇ توسمايدۇ[31]. ئۇ يالقۇن قەسىرىدەك (چوڭ) ئۇچقۇنلارنى چىقىرىدۇ[32]. ئۇ ئۇچقۇنلار قارا- سېرىق تۆگىلەرگە ئوخشايدۇ[33]. بۇ كۈندە (ئۇ كۈننى) ئىنكار قىلغۇچىلارغا ۋاي[34] بۇ كۈندە ئۇلار سۆز قىلالمايدۇ[35]. ئۇلارنىڭ ئۆزرە ئېيتىشىغا ئىزنى بېرىلمەيدۇ[36]. بۇ كۈندە (ئۇ كۈننى) ئىنكارقىلغۇچىلارغا ۋاي![37]

**بۇ ئايەتلەرنىڭ يۇقىرىقى ئايەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى:**

ئاللاتائالا كۇففارلارنىڭ قىيامەت كۈننى ئىنكار قىلغانلىقىنى زىكرى قىلغاندىن كېيىن، بۇ يەردە ئاللانىڭ ئىنسانلارنى ۋە ئىنسانلارنىڭ غەيرىينى يارىتىشقا قادىر ئىكەنلىكىنى، بۇنىڭغا قادىر بولغان زاتنىڭ ئۆلگەن-دىن كېيىن تىرىلدۈرۈشكىمۇ قادىر ئىكەنلىكىنى بايان قىلىدۇ.

**يۇقىرىقى ئايەتلەرنىڭ ئومۇمىي مەزمۇنى:**

بىزنى دەسلەپتە ياراتقان زاتنىڭ بىزنى قايتا يارىتىشقا قادىر ئىكەنلىكى مۇقەررەرلەشتۈرۈلىدۇ.

بىرىنچى قېتىم يارىتىشنىڭ باسقۇچلىرى ئومۇمىي رەۋىشتە بايان قىلىنىپ مۇنداق دېيىلىدۇ: "بىز سىلەرنى ئاجىز، خار مەنىدىن ياراتتۇق، بۇ مەنىنى بەچچىداندىن ئىبارەت پۇختا ئارامگاھتا مۇئەي-يەن مۇددەتكىچە يەنى تۇغۇلغان ۋاقىتقىچە قارارلاشتۇردۇق. بۇ تۇغۇ-لۇش ۋاقتىدۇر، ئۇنى بىز پۇختا رەۋىشتە پىچىم قىلدۇق." ئىنسانىنى ئەڭ چىرايلىق شەكىلدە يارىتىشتا ئاللانىڭ قۇدرىتى ئېنىقتۇر. ياراتقۇچى ئاللاتائالا ئۆزىنىڭ گۈزەل ھۈنىرىدە نېمىدېگەن بەلەن! ئىنكار قىلغۇچىلار ھالاكەتكە ۋە ئازابقا قالىدۇ. ئاللاتائالانىڭ تىرىك ۋاقتىمىزدا بىزنى زېمىننىڭ ئۈستىدە قىلىشى، ئۆلگەن ۋاقتىمىزدا بىزنى زېمىننىڭ ئاستىدا قىلىشى، تەۋرەپ كەتمىسۇن دەپ زېمىنغا ئېگىز تاغلارنى ئورنىتىشى، بىزنى بۇلاقلارنىڭ، قۇدۇقلارنىڭ، دەريا-ئۆستەڭلەرنىڭ، يامغۇرلارنىڭ تاتلىق سۈيى بىلەن سۇغى-رىشى ئاللاتائالانىڭ قۇدرىتىنىڭ ئالامەتلىرىدىندۇر. كۈچلۈك، ھەممىگە قادىر ئاللاتائالانىڭ بەرىكىتى بۈيۈكتۇر. قىيامەت كۈنى ئىنكار قىلغۇچى كۇففارلار ھالاك بولىدۇ، ئاللاتائالا ئىنكار قىلغۇ-چىلارغا شۇنداق نەرسىلەرنى تەييارلىدىكى، ئاللا قىيامەت كۈنى ئۇلارنى دۇنيادىكى چاغلىرىدا ئىنكار قىلغان ئازابقا بېرىشقا بۇيرۇيدۇ، ئۇلارنى ئۈچ شاخلىق سايىغا بېرىشقا بۇيرۇيدۇ، بۇ جەھەننەمنىڭ تۈتۈنىدىن ئىبارەت بولۇپ، جەھەننەمنىڭ تۈتۈنى كۆتۈرۈلگەندە ئۈچ شاخچىغا بۆلۈنۈپ كېتىدۇ، بۇ سايە ئىسسىقتا سەگىدەتمەيدۇ، جەھەننەمنىڭ يالقۇنىنىمۇ توسمايدۇ، ئۇ يالقۇن چوڭلۇقتا قەسىردەك چوڭ ئۇچقۇنلارنى چىقىرىدۇ، ئۇ ئۇچقۇنلار سېرىق تۆگىلەرگە ئوخشايدۇ. ئاندىن بۇ ئايەتلەرمۇ يۇقىرىدىكى ئايەتلەرگە ئوخشاشلا، ئىنكار قىلغۇچىلارنى ھېساب كۈنى بولىدىغان ئازاب ۋە ھالاكەتتىن

www.uyghurkitap.com

قورقۇتۇش بىلەن ئاياغلىشىدۇ، بۇ ئىنكار قىلغۇچىلار قىيامەت كۈنى ئۆزلىرىنى قۇتقۇزىدىغان پايدىلىق سۆزلەرنى قىلىشقا قادىر بولالمايدۇ، چۈنكى ئۇ كۈننىڭ دەھشىتى ئۇلارنى سۆزلىيەلمەس قىلىپ قويغان، ئۇلارنىڭ ئۆزرە ئېيتىشىغىمۇ رۇخسەت قىلىنمايدۇ، پەرۋەردىگارىدىن يۈز ئۆرۈگەن ۋە ئۇنىڭ نېمەتلىرىنى ئىنكار قىلغانلارنىڭ ئۆزرىسىمۇ بولمايدۇ. بۇ بىر مەيداندۇر. قىيامەتتە نۇرغۇن مەيدانلار بولىدۇ، ئۇ مەيدانلارنىڭ بەزىسىدە ئۇلار جېدەللىشىدۇ ۋە سۆزلىشىدۇ، بەزىسىدە ئاللا ئۇلارنىڭ ئېغىزلىرىنى پېچەتلىۋېتىدۇ، ئۇلار سۆزلىيەلمەيدۇ، بۇ كۈنى بۇ ئىنكار قىلغۇچىلارغا ۋاي!

**مۇھىم نۇقتىلىرى:**

1. ئاللاتائالانىڭ قايتا تىرىلدۈرۈشكە قادىر ئىكەنلىكىگە ئىمان ئېيتىشنىڭ لازىملىقى تەكىتلىنىدۇ.

2. ئاللاتائالانىڭ بىزنى يارىتىشى، تىرىك ۋاقتىمىزدا ئۈستىدە ياشىشىمىز، ئۆلگەندىن كېيىن ئاستىدا ياشىشىمىز ئۈچۈن زېمىننى يارىتىشى، زېمىننىڭ تەۋرەپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن تاغلارنى يارىتىشى، بىزگە بولمىسا ياشاش مۇمكىن بولمايدىغان تاتلىق سۇلارنى پەيدا قىلىپ بېرىشى ئاللاتائالانىڭ قۇدرىتىنىڭ كۆرۈنۈشلىرىدىندۇر.

3. ئاللاتائالاغا شۈكۈر قىلىشىمىز ۋە ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىشىمىز ئۈچۈن، ئاللانىڭ نېمەتلىرىنىڭ ئۇنىڭغا قىلىنىدىغان تائەت ئىبادەتكە يول ھازىرلاپ بېرىشى ئۈچۈن، ئاللاتائالا بىزگە نۇرغۇن نېمەتلەرنى ئاتا قىلىپ مەرھەمەت كۆرسەتكەن.

4. كۇففارلارنىڭ كۇفرىدىن قايتىپ پەرۋەردىگارىغا ئىمان

ئېيتىشى ئۈچۈن، ئۇلارنى كۈتۈپ تۇرغان قىيامەت كۈنىدىكى ئازاب بىلەن ئۇلار قورقۇتۇلىدۇ.

هٰذَا يَوْمُ الْفَصْلِ ۚ
جَمَعْنٰكُمْ وَالْأَوَّلِيْنَ ﴿٣٨﴾ فَإِنْ كَانَ لَكُمْ كَيْدٌ
فَكِيْدُوْنِ ﴿٣٩﴾ وَيْلٌ يَّوْمَئِذٍ لِّلْمُكَذِّبِيْنَ ﴿٤٠﴾ إِنَّ
الْمُتَّقِيْنَ فِيْ ظِلٰلٍ وَّعُيُوْنٍ ﴿٤١﴾ وَّفَوَاكِهَ مِمَّا
يَشْتَهُوْنَ ﴿٤٢﴾ كُلُوْا وَاشْرَبُوْا هَنِيْٓئًا بِمَا كُنْتُمْ
تَعْمَلُوْنَ ﴿٤٣﴾ إِنَّا كَذٰلِكَ نَجْزِي الْمُحْسِنِيْنَ ﴿٤٤﴾
وَيْلٌ يَّوْمَئِذٍ لِّلْمُكَذِّبِيْنَ ﴿٤٥﴾ كُلُوْا وَتَمَتَّعُوْا
قَلِيْلًا إِنَّكُمْ مُّجْرِمُوْنَ ﴿٤٦﴾ وَيْلٌ يَّوْمَئِذٍ
لِّلْمُكَذِّبِيْنَ ﴿٤٧﴾ وَإِذَا قِيْلَ لَهُمُ ارْكَعُوْا لَا
يَرْكَعُوْنَ ﴿٤٨﴾ وَيْلٌ يَّوْمَئِذٍ لِّلْمُكَذِّبِيْنَ ﴿٤٩﴾ فَبِأَيِّ
حَدِيْثٍ بَعْدَهٗ يُؤْمِنُوْنَ ﴿٥٠﴾

تەرجىمىسى:

بۇ (خالايىقنىڭ ئارىسىدا) ھۆكۈم چىقىرىلىدىغان كۈندۇر، (ئۇ كۈندە) سىلەرنى ۋە ئاۋۋالقىلارنى (يەنى ئۆتكەنكى ئۈممەتلەرنى)

(ئاراڭلاردا ھۆكۈم چىقىرىش ئۈچۈن) يىغىمىز[38]. ئەگەر ئازابتىن قۇتۇلۇشقا) بىرەر چارەڭلار بولسا، چارە قىلىپ بېقىڭلار[39]. بۇ كۈندە (ئۇ كۈنى) ئىنكارقىلغۇچىلارغا ۋاي![40] شۈبھىسىزكى، تەقۋادارلار سايىلاردىن، بۇلاقلاردىن ۋە كۆڭلى تارتقان مېۋىلەردىن بەھرىمەن بولىدۇ[41-42]. (ئۇلارغا): "دۇنيادا قىلغان (ياخشى) ئەمەللىرىڭلار ئۈچۈن خۇشال-خۇرام يەڭلار ۋە ئىچىڭلار" (دېيىلىدۇ)[43]. شۈبھىسىزكى، بىز ياخشى ئىش قىلغۇچىلارنى مۇشۇنداق مۇكاپاتلايمىز[44]. بۇ كۈندە (ئۇ كۈنى) ئىنكار قىلغۇچىلارغا ۋاي![45] (كۇففارلارغا): "(دۇنيانىڭ لەززەتلىرىدىن) ۋاقىتلىق يەڭلار ۋە بەھرىمەن بولۇڭلار، شۈبھىسىزكى، سىلەر گۇناھكار سىلەر" (دېيىلىدۇ)[46]. بۇ كۈندە (ئۇ كۈنى) ئىنكار قىلغۇچىلارغا ۋاي![47] ئۇلارغا: "رۇكۇ قىلىڭلار" دېيىلسە، ئۇلار رۇكۇ قىلمايدۇ[48]*. بۇ كۈندە (ئۇ كۈنى) ئىنكار قىلغۇچىلارغا ۋاي![49] ئۇلار (شانلىق دەلىللەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، پاساھەت-بالاغەتتە ئەڭ يۇقىرى بولغان بۇ قۇرئانغا ئىشەنمىسە) باشقا قايسى سۆزگە ئىشىنىدۇ[50].

### يۇقىرىقى ئايەتلەرنىڭ ئومۇمىي مەزمۇنى:

ئاللاتائالا قىيامەت كۈنى بۇ ئۈممەتنىڭ ئىنكار قىلغۇچىلىرى

* بۇ ئايەت سەقىفلىكلەر ھەققىدە نازىل بولغان. ئۇلار نامازدىن باش تارتىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: "نامازنى بىزدىن ئېلىپ تاشلىغىن، بىز ئېگىلمەيمىز، ئېگىلىش بىز ئۈچۈن ئەيىب" دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا رەددىيە بېرىپ: "نامازسىز دىندا خەيرىيەت بولمايدۇ" دېدى.

بىلەن ئۆتكەنكى ئۈممەتلەرنىڭ پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلغۇچىلىرىنى يىغىدىغانلىقى توغرىسىدا بەندىلىرىگە خىتاب قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: "بۇ قىيامەت كۈنى ھۆكۈم چىقىرىلىدىغان كۈندۇر، ئى ئىنكار قىلغۇچىلار، مېنىڭ چاڭگىلىمدىن قۇتۇلۇش ۋە قازايىمدىن خالاس تېپىش ئۈچۈن چارە-تەدبىرىڭلار بولسا قىلىپ بېقىڭلار، بىرەر نەرسىگە كۈچۈڭلار يەتسە ئۇنى قىلىپ بېقىڭلار، سىلەر بۇنىڭغا قادىر بولالمايسىلەر." بۇ كۈنى ئىنكار قىلغۇچىلار ھالاكەتكە ۋە ئازابقا قالىدۇ، بۇ ئۇلارغا نىسبەتەن قاتتىق قورقۇنۇشتۇر. ئاندىن ئاللاتائالا تەقۋادار بەندىلىرىنىڭ ئەھۋاللىرىنى بايان قىلىپ ئۇلارنىڭ جەننەتتە، دەرەخلەر ئاستىدا سايىدايدىغانلىقىنى، جەننەتنىڭ بۇلاقلىرىدىن ئىچىپ ھۇزۇرلىنىدىغانلىقىنى، كۆڭلى تارتقان تۈرلۈك مېۋىلەردىن يەيدىغانلىقىنى زىكرى قىلىدۇ، ئۇلارغا ھۆرمەت ۋە مەرھەمەت يۈزىسىدىن: "بۇ مېۋىلەردىن يەڭلار، بۇ بۇلاقلاردىن ئىچىڭلار، بۇ سىلەرنىڭ دۇنيادا قىلغان ياخشى ئەمەللىرىڭلارنىڭ مۇكاپاتىدۇر" دېيىلىدۇ.

بۇنداق ئېسىل مۇكاپات ئاللاتائالا تاپشۇرغان ۋەزىپىلەرنى ئوبدان ئادا قىلغان كىشىلەرگە بېرىلىدۇ.

ئاللاتائالا تەرىپىدىن بولغان بۇ مۇكاپات ۋە بۇ ھۆرمەتنى ئىنكار قىلغۇچىلار قىيامەت كۈنى ھالاكەتكە ۋە ئازابقا قالىدۇ. ئاندىن ئاللاتائالا كۇففارلارنى قورقۇتقان ھالدا ئۇلارغا خىتاب قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: "بۇ پانى دۇنيادا يەڭلار ۋە ۋاقىتلىق بەھرىمەن بولۇڭلار، سىلەر كۇفرىلىق قىلغانلىقىڭلار ۋە ئاللانى ئىنكار قىلغانلىقىڭلارنىڭ جازاسى ئۈچۈن ئاخىرەتتە ئازابقا ھەيدىلىسىلەر، بۇكۈندە سىلەرگە ۋە ئىنكار قىلغۇچى بارلىق كاپىرلارغا

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ۋاي! سىلەرنى ھىدايەتكە دەۋەت قىلدۇق، ھىدايەتنى قوبۇل قىلمىدىڭلار، نامازدىن ۋە ئاسمانلارنى، زېمىننى ياراتقۇچى ئاللاغا بويسۇنۇشتىن باش تارتتىڭلار، ئاللاتائالانىڭ قىل دېگىنىنى ۋە قىلما دېگىنىنى ئىنكار قىلدىڭلار، ھالاكەت ۋە ئازاب قىيامەت كۈنى ئىنكار قىلغۇچىلارغا بولىدۇ."

ئاندىن ئاللاتائالا قۇرئان كەرىمنى ئىنكار قىلغان مۇشرىكلارنىڭ ھالىدىن تەئەججۈپ قىلىدۇ. مۇشرىكلار ھەرقانداق تەرەپتىن باتىل تەسىر قىلمايدىغان، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى، مەدھىيىگە لايىق ئاللا تەرىپىدىن نازىل قىلىنغان، ۋەز-نەسىھەتلەر، ئىبرەتلەر، ئەھكاملار، ئەدەب-ئەخلاقلار ۋە روشەن دەلىللەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ساماۋى دەستۇر قۇرئان كەرىمدىن پايدىلانمىدى. ئىنكار قىلغۇچى زالىم مۇشرىكلار قۇرئان كەرىمگە ئىمان ئېيتمىسا، ئۇلار ئۇلۇغ قۇرئاندىن باشقا قايسى كىتابقا ئىمان ئېيتىدۇ؟

ئۇلار قۇرئان كەرىمگە ئىمان ئېيتمىغانىكەن، ئىمان ئۇلارنىڭ دىلىغا ھەرگىزمۇ يولىمايدۇ، چۈنكى قۇرئان كەرىمدىنمۇ ياخشى كىتاب تېپىلمايدۇ.

## مۇھىم نۇقتىلىرى:

1. ئاللاتائالا ئىنكار قىلغۇچىلارنىڭ ئاجىزلىقلىرىنى ئۇلارنى ياراتقۇچى زاتنىڭ ئالدىدا ئاشكارىلاش ئۈچۈن، قىيامەت كۈنى بۇ ئۇممەتتىكى ۋە ئۆتكەنكى ئۇممەتلەردىكى ئىنكار قىلغۇچىلارنى يىغىدۇ.

2. ئاللاتائالا تەقۋادارلارغا ئاخىرەتتە تەييارلىغان نېمەت ۋە ھۆرمەتلەرنى بايان قىلىش بىلەن ئۇلارنى ياخشى ئەمەللەرنى

قىلىشقا تەرغىب قىلىدۇ.

3. دۇنيادا بەھرىمەن بولۇشنىڭ ئازغىنا ۋاقىت ئىكەنلىكى، دۇنياغا بېرىلىپ ئاللاغا ئىمان ئېيتمىغان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلمىغانلار-نىڭ ئاخىرەتتە ئۆزلىرىنى ھالاكەتكە ۋە قاتتىق ئازابقا دۇچار قىلىدىغانلىقى كۆرسىتىلىدۇ.

4. قۇرئانغا ئىمان ئېيتمىغان مۇشرىكلارنىڭ ھالىدىن ئەجەب-لىنىش، ئاللانىڭ ھەممىدىن ئارتۇق بولغان ئۇلۇغ كىتابىغا ھەرگىز ئىمان ئېيتمايدىغانلىقى بايان قىلىنىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

آياتها ٤٠ (٧٨) سُورَةُ النَّبَإِ مَكِّيَّةٌ (٨٠) رُكُوعَاتُهَا ٢

بِسْمِ اللَّهِ الرَّحْمَٰنِ الرَّحِيمِ

عَمَّ يَتَسَآءَلُونَ ۝١ عَنِ النَّبَإِ الْعَظِيمِ ۝٢ الَّذِي هُمْ فِيهِ
مُخْتَلِفُونَ ۝٣ كَلَّا سَيَعْلَمُونَ ۝٤ ثُمَّ كَلَّا سَيَعْلَمُونَ ۝٥ أَلَمْ نَجْعَلِ
الْأَرْضَ مِهَادًا ۝٦ وَالْجِبَالَ أَوْتَادًا ۝٧ وَخَلَقْنَاكُمْ أَزْوَاجًا ۝٨
وَجَعَلْنَا نَوْمَكُمْ سُبَاتًا ۝٩ وَجَعَلْنَا اللَّيْلَ لِبَاسًا ۝١٠ وَجَعَلْنَا
النَّهَارَ مَعَاشًا ۝١١ وَبَنَيْنَا فَوْقَكُمْ سَبْعًا شِدَادًا ۝١٢ وَجَعَلْنَا
سِرَاجًا وَهَّاجًا ۝١٣ وَأَنْزَلْنَا مِنَ الْمُعْصِرَاتِ مَاءً ثَجَّاجًا ۝١٤
لِنُخْرِجَ بِهِ حَبًّا وَنَبَاتًا ۝١٥ وَجَنَّاتٍ أَلْفَافًا

تەرجىمىسى:

78. سۈرە نەبە

مەككىدە نازىل بولغان، 40 ئايەت.

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن.

(مۇشرىكلار) ئۆزئارا نېمە توغرۇلۇق سورىشىدۇ؟[1] ئۇلار چوڭ

بىر خەۋەر (يەنى قىيامەت توغرۇلۇق) سورىشىدۇ[2]. ئۇلار شۇ (يەنى قىيامەت) توغرىسىدا ئىختىلاپ قىلىشقۇچىلاردۇر[3]. ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس (يەنى قىيامەت ئۇلارنىڭ ئويلىغىنىدەك يالغان ئەمەس)، ئۇلار (ھەقىقىي ئەھۋالنى) كەلگۈسىدە بىلىدۇ[4]. ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس، ئۇلار (بېشىغا كەلگەن ئازابنى) كەلگۈسىدە بىلىدۇ[5]. (زېمىننىڭ ئۈستىدە مۇقىملىشىشىڭلار ۋە كەڭ تۈزلەڭلىكلەركە زىرائەت تېرىپ پايدىلىنىشىڭلار ئۈچۈن) زېمىننى بىسات قىلمىدۇقمۇ؟[6] (زېمىننىڭ تەۋرەپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن) تاغلارنى قوزۇق قىلمىدۇقمۇ؟*[7] سى-لەرنى ئەر - ئايال قىلىپ ياراتتۇق[8]. ئۇيقۇنى سىلەرنىڭ (بەدىنى-ڭلار ئۈچۈن) راھەت قىلدۇق[9]. كېچىنى لىباس قىلدۇق[10]. كۈندۈزنى (سىلەر) تىرىكچىلىك قىلىدىغان (ۋاقىت) قىلدۇق[11]. ئۈستۈڭلاردا مۇستەھكەم يەتتە ئاسماننى بىنا قىلدۇق[12]. (سى-

---

* تاغلار زېمىندا خۇددى زېمىنغا قېقىۋېتىلگەن قوزۇقلاردەك چوقچىيىپ تۇرىدۇ، تاغلار زېمىننى سىلكىنىش ۋە تەۋرىنىشتىن مۇقىم ساقلاشتا چېدىرنىڭ ئەتراپىغا قېقىلغان، چېدىرنى ئۆرە تۇرغۇزۇپ تۇرغان قوزۇقلارغا ئوخشايدۇ. ئەگەر تاغلار بولمىغان بولسا، زېمىن يەر قاتلاملىرىنىڭ ۋە ئۇنىڭدىكى ماددىلارنىڭ ئۆزگىرىپ تۇرۇشى ۋە ھەرىكىتى تۈپەيلىدىن داۋاملىق سىلكىنىپ ۋە تەۋرىنىپ تۇرغان بولاتتى.

بەزى مۇفەسسىرلەر: يەتتە ئاسمان مەشھۇر يەتتە پلانېتىدىن ئىبارەت، ئەينى زامان كىشىلىرىگە ئۇ مەلۇم بولغانلىقتىن، ئاللاتائالا قۇدرىتى ئىلاھىسىنى بايان قىلىش يۈزىسىدىن ئۇلارنى تىلغا ئالىدۇ، دەيدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

لەر ئۈچۈن) يېنىپ تۇرغان چىراغنى (يەنى كۈننى) ياراتتۇق[13]. ئاشلىقلارنى، ئوت-چۆپلەرنى، دەرەخلىرى قويۇق باغچىلارنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن بۇلۇتلاردىن مول يامغۇر ياغدۇرۇپ بەردۇق[14—16].

## يۇقىرىقى ئايەتلەرنىڭ ئومۇمىي مەزمۇنى:

ئاللاتائالا مۇشرىكلارنىڭ قىيامەت كۈنى ھەممىنىڭ قايتا تىرىلىدىغانلىقى توغرىسىدا ئۆزئارا سوراشقانلىقلىرىنى ئەيىبلەيدۇ. قىيامەتنىڭ بولىدىغانلىقىدىن ئىبارەت زور خەۋەر ئۈستىدە مۇشرىكلار ئۆزئارا ئىختىلاپ قىلىشتى، بەزىلىرى ئۇنى ئىنكار قىلسا، بەزىلىرى ئۇنىڭغا شەك كەلتۈردى. ئاللاتائالا قىيامەت كۈنى ئۇلارنىڭ بېشىغا كېلىدىغان ئازاب-ئوقۇبەت بىلەن ئۇلارنى قورقۇتىدۇ. بۇ يەردە ئايەتنىڭ تەكرارلىنىشى ئۇلار ئىنكار قىلغان قىيامەتنىڭ چوقۇم بولىدىغانلىقىنى تەكىتلەش ئۈچۈندۇر. بۇ ئايەتلەردە، ئاخىرەتتە پۈتۈن ئىشلار ئايان بولغاندا، ئۇلارنىڭ قىيامەتنى ئىنكار قىلغانلىقىنىڭ ئاقىۋىتى قانداق بولىدىغانلىقىنى بىلىدىغانلىقى ئېيتىلىدۇ. ئاندىن ئاللاتائالا ئۆزىنىڭ ئۇلۇغ قۇدرىتىنى بايان قىلىدۇ. بۇنىڭدىن مۇشۇنداق چوڭ ئىشلارنى ئىجاد قىلىشقا قادىر بولغان ئاللاتائالانىڭ ئىنسانلارنى قايتا تىرىلدۈرۈشكە تېخىمۇ قادىر ئىكەنلىكى چىقىدۇ. ئاندىن ئاللاتائالا يەر يۈزىنى ئىنسانلارغا تۇرالغۇ بولۇشقا لايىق قىلىپ ياراتقانلىقىنى، زېمىننى تەۋرەپ كەتمىسۇن دەپ مۇستەھكەم قىلغانلىقىنى، مەخلۇقاتلىرىنى ئەركەك-چىشى قىلىپ ياراتقانلىقىنى، ئۇيقۇنى تىرىكچىلىك يولىدا ھارغان-چارچىغان بەدەن ئۈچۈن راھەت قىلغانلىقىنى بايان قىلىدۇ ھەمدە كېچىنى كىشىلەرنى يوشۇرۇپ

تۇرسۇن دەپ قاراڭغۇ قىلغانلىقىنى*، ئەكسىچە كۈندۈزنى كىشىلەر تىرىكچىلىك قىلىۋالسۇن دەپ يورۇق قىلغانلىقىنى، يەتتە ئاسماننى ھېچقانداق يوچۇقسىز، نۇقسانسىز پۇختا ياراتقانلىقىنى، قۇياشنى نۇر چاچقۇچى قىلىپ ياراتقانلىقىنى، تۈرلۈك ئاشلىق، ئوت-چۆپلەرنى ئۆستۈرۈپ بېرىش ۋە ياپيېشىل باغۇبوستانلارنى، تۈرلۈك مېۋىلىك باغلارنى بەرپا قىلىپ بېرىش ئۈچۈن بۇلۇتتىن مول يامغۇرنى ياغدۇرۇپ بەرگەنلىكىنى بايان قىلىدۇ.

## مۇھىم نۇقتىلىرى:

1. قىيامەت كۈنى قايتا تىرىلىشكە ئىمان ئېيتىشنىڭ لازىملىقى بايان قىلىنىدۇ.
2. قايتا تىرىلىشنى ئىنكار قىلغان ياكى ئۇنىڭغا شەك كەلتۈرگەنلەر ئاگاھلاندۇرۇلىدۇ.
3. پاك ئاللانىڭ ئۇلۇغلۇقى، قۇدرىتى دەلىللەپ كۆرسىتىلىدۇ.
4. ئاللا بەندىلىرىنى يالغۇز پەرۋەردىگارىغا ئىبادەت قىلسۇن، ئۇنىڭ بەرگەن نېمەتلىرىگە قاراپ شۈكۈر قىلسۇن ۋە ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلسۇن دەپ، ئۆزىنىڭ بەندىلىرىگە بەرگەن بىر قىسىم نېمەتلىرىنى ساناپ كۆرسىتىدۇ.

* كېيىم-كېچەك ئىنساننى ئىسسىق-سوغۇقتىن ۋە ئەۋرەتلەرنىڭ ئېچىلىپ قېلىشىدىن ساقلىغاندەك، كېچىمۇ كىشىنى دۈشمەندىن ۋە يىرتقۇچ ھايۋانلارنىڭ زىيانداشلىقىدىن ئۆزىنىڭ قاراڭغۇلۇقى بىلەن يوشۇرۇپ تۇرۇپ ساقلايدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

إِنَّ يَوْمَ الْفَصْلِ
كَانَ مِيقَاتًا ﴿١٧﴾ يَوْمَ يُنفَخُ فِي الصُّورِ فَتَأْتُونَ أَفْوَاجًا ﴿١٨﴾ وَ
فُتِحَتِ السَّمَاءُ فَكَانَتْ أَبْوَابًا ﴿١٩﴾ وَسُيِّرَتِ الْجِبَالُ فَكَانَتْ
سَرَابًا ﴿٢٠﴾

**تەرجىمىسى:**

قىيامەت كۈنى ھەقىقەتەن (مۇكاپاتلاش ۋە جازالاش) ۋاقتىدۇر[17]. ئۇ كۈنى سۇر چېلىنىدۇ، سىلەر توپ-توپ بولۇپ كېلىسىلەر[18]. ئاسمان ئېچىلىپ نۇرغۇن ئىشىكلەر پەيدا بولىدۇ*[19]. تاغلار ھەرىكەتلەندۈرۈلۈپ سەراپتەك بولۇپ قالىدۇ (يەنى تاغلار توزۇپ، يىراقتىن قارىغۇچىغا سۇدەك تۇيۇلىدۇ)[20].

**يۇقىرىقى ئايەتلەرنىڭ ئومۇمىي مەزمۇنى:**

ئاللاتائالا بەندىلەرنىڭ دىققىتىنى قايتا تىرىلىشنىڭ ھەقىقەتىنى ئىسپاتلايدىغان شانلىق قۇدرىتىنىڭ دەلىللىرىگە قاراتقاندىن كېيىن،

---

* قىيامەت كۈنى كائىناتنىڭ تۈزۈلۈشىدىكى قانۇنىيەت ئۆزگىرىدۇ، يۇقىرىدا ئاسمان، تۆۋەندە زېمىن دېگەن نەرسە بولمايدۇ، روھلارغا نىسبەتەن ئۇلار قايسى تەرەپكە يۈزلەنسە توسالغۇ بولمايدۇ. ئاخىرەت باشقىچە بىر ئالەم بولۇپ، بىز ياشاۋاتقان دۇنياغا ئوخشىمايدۇ، ئاخىرەت توغرۇلۇق قۇرئان كەرىمدە ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرىدە قانداق دېيىلگەن بولسا شۇنداق ئېتىقاد قىلىشىمىز كېرەك.

ئىنكار قىلغانلار سوراشقان قىيامەت كۈنىنىڭ بۈيۈك كۈن ئىكەنلىكىدىن، ئۇنىڭ مۇئەييەن ۋاقتى بارلىقىدىن، شۇ كۈندە قايتا تىرىلىش ۋە كىشىلەرنىڭ ئۆز قەبرىلىرىدىن چىقىشى ئۈچۈن سۇر چېلىنىدىغانلىقىدىن *، بۇ چاغدا ھەر ئۇممەتكە تەۋە كىشىلەر ئۆزىنىڭ پەيغەمبىرى بىلەن توپ ـ توپ بولۇپ مەھشەرگاھقا كېلىدىغانلىقىدىن، ئاسمان يېرىلىپ پەرىشتىلەرنىڭ چۈشۈشى ئۈچۈن يوللاردا دەرۋازىلار پەيدا بولىدىغانلىقىدىن، تاغلار ئورنىدىن قوزغىلىپ، يىراقتىن قارىغۇچىلارغا سەرابقا ئوخشاش كۆرۈنىدىغان ئەمما يېقىن كەلسە ھېچ نەرسە كۆرۈنمەيدىغان بىر ھالەتكە كېلىدىغانلىقىدىن خەۋەر بېرىدۇ.

### مۇھىم نۇقتىلىرى:

1. قىيامەت كۈنى سۇر چېلىنىدىغانلىقىغا، ھېساب بېرىش ئۈچۈن كىشىلەرنىڭ قەبرىلىرىدىن تۇرغۇزۇلىدىغانلىقىغا ئىمان ئېيتىش بايان قىلىنىدۇ.
2. قىيامەت كۈنىنىڭ بۈيۈكلۈكى ۋە ئۇنىڭ بەكمۇ قورقۇنچلۇق ئىكەنلىكى كۆرسىتىلىدۇ.

* ئىمام مۇھەممەد ئەبدۇھ مۇنداق دەيدۇ: سۇر چېلىنىش قىيامەت كۈنى كىشىلەرنىڭ قايتا تىرىلىدىغانلىقىنىڭ تېزلىكىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن تەمسىلدۇر. سۇرنىڭ ماھىيىتىنى بىز بىلەلمەيمىز، مۇسۇلمان كىشىنىڭ بۇ ھەقتە ئىزدىنىشى پايدىسىز ئىشتۇر.

إِنَّ جَهَنَّمَ كَانَتْ مِرْصَادًا ﴿٢١﴾ لِّلطَّاغِينَ مَآبًا ﴿٢٢﴾
لَّابِثِينَ فِيهَآ أَحْقَابًا ﴿٢٣﴾ لَا يَذُوقُونَ فِيهَا بَرْدًا وَلَا شَرَابًا ﴿٢٤﴾
إِلَّا حَمِيمًا وَغَسَّاقًا ﴿٢٥﴾ جَزَآءً وِفَاقًا ﴿٢٦﴾ إِنَّهُمْ كَانُوا لَا يَرْجُونَ
حِسَابًا ﴿٢٧﴾ وَكَذَّبُوا بِآيَاتِنَا كِذَّابًا ﴿٢٨﴾ وَكُلَّ شَيْءٍ أَحْصَيْنَاهُ
كِتَابًا ﴿٢٩﴾ فَذُوقُوا فَلَنْ نَّزِيدَكُمْ إِلَّا عَذَابًا ﴿٣٠﴾ إِنَّ لِلْمُتَّقِينَ
مَفَازًا ﴿٣١﴾ حَدَآئِقَ وَأَعْنَابًا ﴿٣٢﴾ وَكَوَاعِبَ أَتْرَابًا ﴿٣٣﴾ وَكَأْسًا
دِهَاقًا ﴿٣٤﴾ لَا يَسْمَعُونَ فِيهَا لَغْوًا وَلَا كِذَّابًا ﴿٣٥﴾ جَزَآءً مِّن رَّبِّكَ عَطَآءً
حِسَابًا ﴿٣٦﴾

**تەرجىمىسى:**

جەھەننەم ھەقىقەتەن (كۇففارلارنى) كۈتۈپ تۇرىدۇ(21). جەھەننەم، شۈبھىسىزكى، گۇناھكارلارنىڭ جايىدۇر(22). ئۇلار جەھەننەمدە ئۇزاق مۇددەت قالىدۇ(23). ئۇلار جەھەننەمدە جەھەننەمنىڭ ھارارىتىنى يېنىكلىتىدىغان) بىرەر سوۋۇنلۇققا ۋە (تەشنالىقنى قاندۇرىدىغان) بىرەر ئىچىملىككە ئېرىشەلمەيدۇ(24). ئۇلارنىڭ ئېرىشىدىغىنى پەقەت يۇقىرى ھارارەتلىك قايناقسۇ ۋە يىرىڭدىنلا ئىبارەت بولىدۇ(25). بۇ (ئۇلارغا بېرىلىدىغان) مۇۋاپىق جازادۇر(26). چۈنكى ئۇلار (قىلمىشلىرىدىن) ھېساب ئېلىنىشتىن قورقمايتتى(27). ھەمدە بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى قاتتىق ئىنكار قىلاتتى(28). ھەر نەرسىنى تولۇق خاتىرىلەپ قويىمىز(29). (ئۇلارغا ئېيتىمىزكى): "تېتىڭلار! سىلەرگە پەقەت ئازابنىلا زىيادە

قىلمىز*" [30]. شۈبھىسىزكى، تەقۋادارلار نېمەتكە ئېرىشىدۇ [31].
(ئۇ نېمەت) باغلار، ئۈزۈملەردۇر [32]. تەڭتۇش قىزلاردۇر [33].
(شاراب بىلەن) تولدۇرۇلغان جاملاردۇر [34]. ئۇلار جەننەتتە يالغان سۆز، بىھۇدە سۆز ئاڭلىمايدۇ [35]. (ئەنە شۇلار) پەرۋەردىگارىڭ بەرگەن مۇكاپاتى، يېتەرلىك ئاتاسىدۇر [36].

## يۇقىرىقى ئايەتلەرنىڭ ئومۇمىي مەزمۇنى:

ئاللاتائالا قىيامەت كۈننى ۋە ئۇ كۈندە بولىدىغان قورقۇنچلۇق ئەھۋاللارنى بايان قىلغاندىن كېيىن، كىشىلەرنىڭ دوزاخ ئۈستىدىن ئۆتىدىغانلىقىنى، كاپىرلارغا تەييارلانغان ئازابلارنى، مۆتتەقىيلەرگە تەييارلانغان نېمەتلەرنى زىكرى قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: دوزاخ ئاللانىڭ پەيغەمبەرلىرىنى ئىنكار قىلغان كاپىرلارغا تەييارلانغاندۇر. ئۇلار دوزاختا ئۇزۇن زامانلار قالىدۇ. بىر زامان تۈگىسە، يەنە بىر زامان يېڭىلىنىپ تۇرىدۇ. ئۇلار ھامان ئازابتا قېلىۋېرىدۇ. مۇشۇ مۇددەت داۋامىدا ئۇلار جەھەننەمدە ئۆزىنى سەگىتىدىغان، تەشنالىقنى قاندۇرىدىغان بىرەر نەرسە تاپالمايدۇ، ئۇلار ئۇچۇن پەقەت يۈزلەرنى كۆيدۈرۈپ تاشلايدىغان قايناقسۇ ۋە ناھايىتى بەد بۇي، سېسىق يىرىڭلا بولىدۇ، ئۇلارغا بولىدىغان بۇ ئازاب كىشىلەرنىڭ دۇنيادا قىلغان ئەمەللىرىگە قاراپ بولىدۇ، چۈنكى ئۇلار ئاللانى ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىرىنى ئىنكار قىلاتتى، ئۇلار دۇنيادىكى چېغىدا قىلمىشلىرىدىن ھېساب ئېلىنىشىنى قورقمايتتى، قىلغان يامانلىقلىرى

* قەتادە مۇنداق دەيدۇ: دوزىخىيلەرگە قارىتا بۇنىڭدىنمۇ قاتتىق ئايەت نازىل بولغىنى يوق.

ئۈچۈن جازاغا تارتىلىدىغان ئاخىرەتنىڭ بارلىقىغا ئىشەنمەيتتى. ئۇلار ئاللانىڭ بىرلىكىنى، پەيغەمبەرلىكىنىڭ راستلىقىنى، ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىشنىڭ ھەقىقىيلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان دەلىللەرنى ۋە قۇرئاندا بايان قىلىنغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئىنكار قىلاتتى. ئاللاتائالا بەندىلەرنىڭ ھەممە ئەمەللىرىنى تولۇق ھېسابلاپ ۋە خاتىرىلەپ تۇرىدۇ، شۇنىڭغا قاراپ، ياخشى بولسا، ياخشىلىقچە مۇكاپات، يامان بولسا، يامانلىقچە جازا بېرىدۇ. دوزاخ ئەھلىنىڭ ئازابىنىڭ تۈگىشىدىن ئۈمىد كۈتۈپ قالماسلىقى ئۈچۈن، ئۇلارغا تۈرلۈك ئازابلارنىڭ كۆپەيتىلىدىغانلىقىنى خەۋەر قىلىش ئۈچۈن: "سىلەر كۆرۈۋاتقان، بېرىلىۋاتقان ئازابنى تېتىڭلار!" دېيىلىدۇ. ئۇلارغا بولىدىغان ئازاب ھەمىشە زىيادە قىلىنىپ تۇرىدۇ. بۇ قورقۇتۇش ۋە قاتتىق ۋەز ئاللانى ۋە ئاللانىڭ پەيغەمبەرلىرىنى ئىنكار قىلغانلارغا، شەرىئەتنىڭ ئەمرلىرىگە خىلاپلىق قىلغانلارغا قارىتىلغان. ئىتائەتمەن مۆمىنلەرگە تەييارلانغان نېمەتلەرگە ئېرىشىش ئۈچۈن، ئۆز دىنىدا چىڭ تۇرۇش، شەرىئەتنىڭ بۇيرۇقلىرىغا بويسۇنۇش مۇسۇلمان ئادەمنىڭ ئۆتەشكە تېگىشلىك ۋەزىپىسىدۇر. شۇنىڭدەك ئاللاتائالا بۇ ئايەتلەردە مۇتتەقىيلەرنىڭ ئاقىۋىتىنى بايان قىلىپ، ئۇلارنىڭ دوزاختىن نىجات تاپىدىغانلىقىنى، تۈرلۈك مېۋىلەرگە تولغان باغلاردىن بەھرىمەن بولىدىغانلىقىنى، ياش-قۇرامى ئوخشاش، ساھىبجامال قىزلاردىن جورىلىرى بولىدىغانلىقىنى شۇنىڭدەك ئۇلارنىڭ شاراب بىلەن تولدۇرۇلغان جاملاردىن بەھرىمەن بولىدىغانلىقىنى زىكرى قىلىدۇ. لېكىن بۇ شاراب ئۇلارنىڭ ئەس-ھوشىنى يوقاتمايدۇ. بۇ دۇنيادا شاراب ئىچكۈچىلەردىن سادىر بولىدىغان بىھۇدە سۆز-ھەرىكەتلەر ئۇلاردىن

سادىر بولـمايدۇ. ئالـلا ئۇلارغا تەۋپىق بېرىـش بىـلەن، قىـلغان ئەمەللىرىگە مۇكاپات بېرىـش يـۈزىـسىدىن ئـۆز پەزلـى مەرھەمىتى بىلەن بۇ مول ساۋابنى ئاتا قىلدى.

مۇھىم نۇقتىلىرى:

1. ھەددىدىن ئاشـقان، قىـيامەتـتىكى ھېسابنى ئىـنكار قىـلغان كىشىگە بولىدىغان ئازابنىڭ قاتتىقلىقى، ئۇنىڭ ئاقىۋەت بارار جايىنىڭ جەھەننەم بولىدىغانلىقى بايان قىلىنىدۇ.

2. ئىنساننىڭ قىلمىشىغا قاراپ جازا بېرىلىدىغانلىقى كۆرسىتىلىدۇ.

3. ئاللانىڭ ئىـلمى كەڭ بولۇپ، ئۇنىڭ بەنـدىـلەرنىڭ قىـلغان ھەممە ئەمەللىرىنى تولۇق بىلىپ تۇرىدىغانلىقى زىكرى قىلىنىدۇ.

4. مۇتتەقىيلەرگە ئۇلارنىڭ دوزاختىن نىـجات تاپـىدىغانـلىقى، مەقسىتىگە يېتىدىغانلىقى ۋە نېمەتلەرگە ئېرىشىدىغانلىقى بىـلەن ۋەدە قىلىنىدۇ.

5. بۇ دۇنيادا مەي ئىـچكـۈچىلەردە بولـىدىغان ئەس-ھوشـىنى يوقىتىش، بىھۇدە سۆز- ھەرىكەتلەرنى قىلىش ئەھۋاللىرى ئاخىرەتتە مەي ئىچكۈچىلەردىن سادىر بولمايدىغانلىقى بايان قىلىنىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

رَبِّ السَّمٰوٰتِ وَالْأَرْضِ وَمَا بَيْنَهُمَا الرَّحْمٰنِ لَا يَمْلِكُونَ
مِنْهُ خِطَابًا ﴿٣٧﴾ يَوْمَ يَقُومُ الرُّوحُ وَالْمَلٰٓئِكَةُ صَفًّا لَا يَتَكَلَّمُونَ
إِلَّا مَنْ أَذِنَ لَهُ الرَّحْمٰنُ وَقَالَ صَوَابًا ﴿٣٨﴾ ذٰلِكَ الْيَوْمُ الْحَقُّ فَمَنْ
شَآءَ اتَّخَذَ إِلٰى رَبِّهِ مَآبًا ﴿٣٩﴾ إِنَّآ أَنْذَرْنٰكُمْ عَذَابًا قَرِيبًا يَوْمَ يَنْظُرُ
الْمَرْءُ مَا قَدَّمَتْ يَدَاهُ وَيَقُولُ الْكٰفِرُ يٰلَيْتَنِي كُنْتُ تُرٰبًا ﴿٤٠﴾

تەرجىمىسى:

ئۇ ئاسمانلارنىڭ، زېمىننىڭ ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى شەيئىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىدۇر. ناھايىتى شەپقەتلىكتۇر (ئۇ كۈندە ھېچ كىشى) ئۇنىڭغا سۆز قىلىشقا قادىر بولالمايدۇ[37]. جىبرىئىل ۋە پەرىشتىلەر سەپ بولۇپ تۇرۇپ كېتىدىغان كۈندە (يەنى قىيامەتتە). ئۇلار (نىڭ ئارىسىدا) مېھرىبان ئاللانىڭ ئىزنىگە ئېرىشكەن ۋە توغرا سۆزنى قىلغانلاردىن باشقا ھېچ ئەھەدىنىڭ سۆز قىلىشىغا بولمايدۇ[38]. ئەنە شۇ چوقۇم بولىدىغان كۈندۇر. كىمكى (ئىمان بىلەن، ياخشى ئەمەل بىلەن) پەرۋەردىگارىغا قايتىدىغان يولنى تۇتۇشنى خالىسا (تۇتسۇن)[39]. بىز سىلەرنى ھەقىقەتەن (يۈز بېرىشى) يېقىن ئازابتىن (يەنى ئاخىرەت ئازابىدىن) ئاگاھلاندۇردۇق، ئۇ كۈندە كىشى ئىلگىرى قىلغان ئەمەللىرىنى كۆرىدۇ، كاپىر: "كاشكى مەن تۇپراق بولۇپ كەتكەن بولسامچۇ!" دەيدۇ[40].

يۇقىرىقى ئايەتلەرنىڭ ئومۇمىي مەزمۇنى:

ئاللاتائالا مۇتتەقىيلەر ئۈچۈن ئاتا قىلغان ۋە ئۇلارغا تەييارلىغان

بۈيۈك نېمەتلىرىنى زىكرى قىلغاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى ،
ئاسمان - زېمىننىڭ ۋە ئۇلاردىكى شەيئىلەرنىڭ ياراتقۇچىسى ئىكەنلە-
كىنى، ئۇلارنىڭ ئىشلىرىنى ئىدارە قىلىپ تۇرغۇچى ئىكەنلىكىنى بايان
قىلىدۇ، شۇنىڭدەك ئۆزىنىڭ رەھمىتىنىڭ ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان-
لىقىنى، خالايىقتىن ھېچ ئادەمنىڭ ئاللاغا خىتاب قىلىشقا قادىر بولال-
مايدىغانلىقىنى زىكرى قىلىدۇ. بۇ قىيامەت كۈنىدىكى ئىشلار بولۇپ، بۇ
كۈندە جىبرىئىل ۋە پەرىشتىلەر سەپ - سەپ بولۇپ تۇرىدۇ، ئاللا-
تائالانىڭ رۇخسىتىگە ئېرىشكەن ۋە توغرا سۆزلىگەن ئادەمدىن باشقا
ھېچ كىشى سۆزلەشكە قادىر بولالمايدۇ. ئاندىن ئاللاتائالا قىيامەت
كۈنىنىڭ بۈيۈكلۈكىنى مۇنداق ئەسلىتىپ ئۆتىدۇ: قىيامەت كۈنىنىڭ
بولۇشىدا ھېچ شەك يوق، قىيامەت كۈنى ئامان بولۇشنى
خالىغان ئادەم ئۆزىنى پەرۋەردىگارىغا يېقىنلاشتۇرىدىغان، ئاللانىڭ
ئازابىدىن ئەمىن قىلىدىغان تائەت - ئىبادەتنى ۋە ياخشى ئەمەللەرنى
ئامانلىقنىڭ ۋاسىتىسى قىلسۇن. ئاللاتائالا كۇففارلارنى قورقۇتۇپ
ۋە ئاگاھلاندۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ: بىز سىلەرنى دۇنيادىكى چېغىڭ-
لاردا قىيامەت كۈنىدىكى ئازابتىن ئاگاھلاندۇردۇق، قىيامەت چوقۇم
بولىدۇ، شۇڭا ئۇنىڭ ۋاقتى يېقىن ھېسابلىنىدۇ. قىيامەت كۈنى
ئىنسان بۇ دۇنيادىكى چېغىدا قىلغان ياخشى - يامان ئەمەللىرىنى
كۆرىدۇ، مۆمىن ئادەم ئاللانىڭ ياخشى مۇكاپاتلىرىنى ۋەدە قىلغانلىقتىن
خۇرسەن بولىدۇ، كاپىر بولسا ئازابىنى، يامان قىلمىشلىرىنىڭ
خاتىرىلەنگەنلىكىنى كۆرگەن چاغدا: "مەن كاشكى دۇنيادىكى
چېغىمدا توپا بولۇپ كەتكەن بولسامچۇ! يارىتىلمىغان بولسامچۇ!"
دەپ ئارمان قىلىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

مۇھىم نۇقتىلىرى:

1. يېگانە ئاللانىڭ ھەممىنى پەرۋىش قىلغۇچى ئىكەنلىكى كۆرسىتىلىدۇ.

2. ئاللاتائالا ئىجازەت بەرگەن كىشىنىڭ شاپائەت قىلالايدىغانلىقى ئىسپاتلىنىدۇ.

3. قىيامەت كۈنىگە ئىمان ئېيتىشنىڭ زۆرۈرلۈكى بايان قىلىنىدۇ.

4. كاپىرلار قىيامەت كۈنىدىكى ئازابتىن قاتتىق قورقۇتۇلىدۇ، ئىخلاسمەن مۆمىنلەرگە قىيامەت كۈنىنىڭ ئامانلىقى ۋەدە قىلىنىدۇ.

اٰيَاتُهَا ٤٦ (٧٩) سُوْرَةُ النّٰزِعٰتِ مَكِّيَّةٌ (٨١) رُكُوْعَاتُهَا ٢

بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيْمِ

وَالنّٰزِعٰتِ غَرْقًا ۝١ وَّالنّٰشِطٰتِ نَشْطًا ۝٢ وَّالسّٰبِحٰتِ
سَبْحًا ۝٣ فَالسّٰبِقٰتِ سَبْقًا ۝٤ فَالْمُدَبِّرٰتِ اَمْرًا ۝٥ يَوْمَ
تَرْجُفُ الرَّاجِفَةُ ۝٦ تَتْبَعُهَا الرَّادِفَةُ ۝٧ قُلُوْبٌ
يَّوْمَئِذٍ وَّاجِفَةٌ ۝٨ اَبْصَارُهَا خَاشِعَةٌ ۝٩ يَقُوْلُوْنَ
ءَاِنَّا لَمَرْدُوْدُوْنَ فِي الْحَافِرَةِ ۝١٠ ءَاِذَا كُنَّا عِظَامًا نَّخِرَةً ۝١١
قَالُوْا تِلْكَ اِذًا كَرَّةٌ خَاسِرَةٌ ۝١٢ فَاِنَّمَا هِيَ زَجْرَةٌ وَّاحِدَةٌ ۝١٣
فَاِذَا هُمْ بِالسَّاهِرَةِ ۝١٤

**تەرجىمىسى:**

## 79. سۈرە نازىئات

مەككىدە نازىل بولغان، 46 ئايەت.

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللانىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن.

(كۇففارلارنىڭ جانلىرىنى) قاتتىق تارتىپ ئالغۇچى پەرىشتىلەر بىلەن قەسەمكى[1]، (مۆمىنلەرنىڭ جانلىرىنى) سىلىق ئالغۇچى پەرىشتىلەر بىلەن قەسەمكى[2]. (ئاللانىڭ ئەمرىنى ئاسماندىن) تېز ئېلىپ چۈشكۈچى پەرىشتىلەر بىلەن قەسەمكى[3]، (مۆمىنلەرنىڭ جانلىرىنى ئېلىپ جەننەتكە) ئىلگىرىلىگۈچى پەرىشتىلەر بىلەن قەسەمكى[4]. (ئاللانىڭ ئەمرى بىلەن) كائىناتنىڭ ئىشلىرىنى باشقۇرغۇچى پەرىشتىلەر بىلەن قەسەمكى، (سىلەر چوقۇم تىرىلدۈرۈلىسىلەر، سىلەردىن چوقۇم ھېساب ئېلىنىدۇ)[5]. بۇ كۈن (يەنى قىيامەت كۈن) دە زېمىن (ۋە ئۇنىڭدىكى شەيئىلەر قوشۇلۇپ) تەۋرەيدۇ[6]. ئۇنىڭ ئارقىسىدىنلا ئاسمان (ۋە ئۇنىڭدىكى شەيئىلەر قوشۇلۇپ) تەۋرەيدۇ[7]. بۇ كۈندە دىللارنى (يەنى كۇففارلارنىڭ دىللىرىنى) قورقۇنچ باسىدۇ[8]. شۇ (دىللارنىڭ ئىگىلىرىنىڭ) كۆزلىرى (قورقۇنچتىن) تىكىلىپ قارىيالمايدۇ[9]. ئۇلار ئېيتىدۇ: "راستلا بىز ئاۋۋالقى ھالىمىزغا قايتۇرۇلامدۇق؟ (يەنى ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلەمدۇق؟)[10]. ئۇ بىزنىڭ چىرىگەن سۆڭەك بولۇپ قالغان ۋاقتىمىز ئەمەسمۇ؟"[11]. ئۇلار ئېيتتى: "ئۇنداق بولىدىغان بولسا، بۇ (يەنى ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىش) زىيانلىق قايتىشتۇر (يەنى بىز ئۆلگەندىن

كېيىن تىرىلدۈرۈلگەن بولساق، دوزاخ ئەھلى بولغانلىقىمىز ئۈچۈن زىيان تارتقۇچىلارمىز)" (12). بىر سەيىھە (يەنى ئىسرافىلنىڭ سۇر چېلىشى) بىلەنلا ئۇلار (يەنى جەمى خالايىق (يەر ئاستىدىن) زېمىننىڭ ئۈستىگە چىقىپ قالىدۇ (13—14).

**يۇقىرىقى ئايەتلەرنىڭ ئومۇمىي مەزمۇنى:**

ئاللاتائالا قىيامەتنىڭ شەكسىز ھەق ئىكەنلىكىگە بۇ نەرسىلەر بىلەن قەسەم قىلدى. ئاللاتائالا مەخلۇقات ئىچىدىكى خالىغان نەرسىلەر بىلەن قەسەم قىلدى، ئەمما مەخلۇقلارنىڭ ئاللادىن باشقىسى بىلەن قەسەم قىلىشى دۇرۇس ئەمەس. ئاللاتائالا ئۆزى ياراتقان ھۆرمەتلىك پەرىشتىلەر بىلەن ۋە ئۇلارنىڭ ئاللانىڭ ئەمرىگە تولۇق بويسۇندۇرۇلغانلىقىنى، ئاللانىڭ ئەمرىنى ئىجرا قىلىشقا ئالدىرايدىغانلىقىنى كۆرسىتىدىغان ھەرىكەتلىرى بىلەن قەسەم قىلىدۇ. ئاللاتائالا پەرىشتىلەرنىڭ ئادەم باللىرىنىڭ جانلىرىنى ئالىدىغانلىقىنى، يەنى كۇففارلارنىڭ جانلىرىنى ئۇلارنى قىيناش يۈزىسىدىن قاتتىق ئازاب بىلەن تارتىپ چىقىرىدىغانلىقىنى. مۆمىنلەرنىڭ جانلىرىنى بولسا مۇلايىملىق بىلەن ئاسان ئالىدىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ؛ پەرىشتىلەر مۆمىنلەرنىڭ جانلىرىنى ئېلىشتا ئۇلارنىڭ جىسمىدىن جاننى ئاستا سۇغۇرۇپ چىقىرىدىغانلىقىنى، ئاندىن ئۇنى راھەتلىنىشكە قويۇپ بېرىدىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ؛ مۆمىنلەرنىڭ جانلىرىنى جەننەتكە ئېلىپ بارىدىغانلىقىنى، ئاللانىڭ ئەمرى بويىچە پەرىشتىلەرنىڭ ئاسماندىن زېمىنغىچە بولغان ھەممە ئىشنى باشقۇرىدىغانلىقىنى، ئاللاتائالانىڭ بۇيرۇقى ۋە تەدبىرى بويىچە ھەربىر پەرىشتىنىڭ ئۆز ئەمەلىگە مۇئەككەل ئىكەنلىكىنى بايان قىلىدۇ. ئاندىن ئاللاتائالا قايتا تىرىلىش

بىلەن ھېساب بېرىش ئەھۋالىنىڭ مۇنداق بولىدىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ:

قىيامەت كۈنىدە يەر ۋە تاغلار تەۋرەيدۇ. دەسلەپكى سۇرنى ئاڭلاش بىلەن خالايىقلارنىڭ ھەممىسى ئۆلىدۇ. ئاندىن كېيىن ئىككىنچى قېتىملىق سۇر چېلىنىدۇ. ھەدىستە بايان قىلىنغاندەك، ئىككى سۇرنىڭ ئارىسىدا 40 يىل ۋاقىت ئۆتىدۇ، بىرىنچى قېتىملىق سۇر بىلەن ھەممە نەرسە ئۆلىدۇ، ئىككىنچى قېتىملىق سۇر چېلىنغاندا ئاللانىڭ ئەمرى بىلەن ھەممە نەرسە تىرىلىدۇ. بەندىلەر ھېساب بېرىش ئۈچۈن مەھشەرگاھدا تۇرغان ۋاقىتتا، دۇنيادىكى چاغدا قايتا تىرىلىشنى ئىنكار قىلغان ۋە ئۇنى يىراق سانىغان كۇففارلارنىڭ يۈرەكلىرىنى قورقۇنچ باسىدۇ. ئۇلارنىڭ كۆزلىرى قىيامەتنىڭ دەھشىتىدىن تىكىلىپ قارىيالمايدۇ. ئۇلار قىيامەتكە ئىشەنمىگەنلىكلىرى ئۈچۈن قىيامەت كۈنىنى ئىنكار قىلىپ ۋە ئەجەبلىنىپ، "بىز ئۆلۈپ سۆڭەكلىرىمىز چىرىگەندىن كېيىن دەسلەپكى ھالىتىمىزگە قايتىپ تىرىلەمدۇق؟" دېيىشكەندى. ئۇلار يەنە: "ئۆلگەندىن كېيىن قايتا تىرىلىش راست بولىدىغان بولسا، ئۇ چاغدا بىز زىيان تارتقۇچىلارمىز، چۈنكى بىز ئۇنى ئىنكار قىلدۇق" دېيىشتى، بۇ ئۇلارنىڭ مەسخىرە قىلغانلىقى، كۇفرىدا چېكىدىن ئاشقانلىقى، قايتا تىرىلىشكە ئىشەنمىگەنلىكى ئىدى. ئاللاتائالا ئۇلارغا رەددىيە بېرىپ: ئاللاتائالا ئاخىرقى سۇر چېلىنىشقا بۇيرۇق قىلسا ئاللانىڭ بۇيرۇقىنى ھېچكىم قايتۇرالمايدۇ، جىمى خالايىق قەبرىلىرىدىن چىقىپ مەھشەرگاھقا ھازىر بولغان چاغدا زېمىننىڭ ئۈستىدە بولۇشىدۇ، دەيدۇ.

مۇھىم نۇقتىلىرى:

1. ئۆلۈش ۋاقتىدا كۇففارلارنىڭ جانلىرى قىيىنلىپ چىقىدىغانلىقى بايان قىلىنىدۇ.

2. مۆمىنلەرنىڭ جانلىرى مۇلايىملىق بىلەن ئېلىنىدۇ ۋە ئوڭاي چىقىدىغانلىقى بايان قىلىنىدۇ.

3. مۆمىن ئادەم ئۆلگەندىن كېيىن ئاخىرەتتىكى جايىنى كۆرىدىغانلىقى زىكرى قىلىنىدۇ.

4. ئىككىلا قېتىم چېلىنىدىغان سۇرغا ئىمان ئېيتىش لازىملىقى تەكىتلىنىدۇ.

5. قىيامەت كۈنى قايتا تىرىلىش دەلىللەپ كۆرسىتىلىدۇ.

هَلْ أَتَاكَ حَدِيثُ مُوسَىٰ ﴿١٥﴾

إِذْ نَادَاهُ رَبُّهُ بِالْوَادِ الْمُقَدَّسِ طُوًى ﴿١٦﴾ اذْهَبْ إِلَىٰ

فِرْعَوْنَ إِنَّهُ طَغَىٰ ﴿١٧﴾ فَقُلْ هَل لَّكَ إِلَىٰ أَن تَزَكَّىٰ ﴿١٨﴾ وَ

أَهْدِيَكَ إِلَىٰ رَبِّكَ فَتَخْشَىٰ ﴿١٩﴾ فَأَرَاهُ الْآيَةَ الْكُبْرَىٰ ﴿٢٠﴾

فَكَذَّبَ وَعَصَىٰ ﴿٢١﴾ ثُمَّ أَدْبَرَ يَسْعَىٰ ﴿٢٢﴾ فَحَشَرَ فَنَادَىٰ ﴿٢٣﴾

فَقَالَ أَنَا رَبُّكُمُ الْأَعْلَىٰ ﴿٢٤﴾ فَأَخَذَهُ اللَّهُ نَكَالَ الْآخِرَةِ

وَالْأُولَىٰ ﴿٢٥﴾ إِنَّ فِي ذَٰلِكَ لَعِبْرَةً لِّمَن يَخْشَىٰ ﴿٢٦﴾

تەرجىمىسى:

ساڭا مۇسانىڭ خەۋىرى كەلدىمۇ؟[15] ئۆز ۋاقتىدا ئۇنى پەرۋەردىگارى تۇۋا ناملىق مۇقەددەس ۋادىدا*(مۇنداق دەپ)چاقىردى:[16] "سەن پىرئەۋنىنىڭ قېشىغا بارغىن، ئۇ ھەققەتەن ھەددىدىن ئاشتى[17]. ئۇنىڭغا: '(كۇفرىدىن ۋە گۇناھلاردىن) پاك بولۇشنى خالامسەن؟[18] سېنى پەرۋەردىگارىڭنى تونۇشقا يېتەكلىشىمنى خالامسەن؟ (ئۇنى تونۇساڭ پەرۋەردىگارىڭدىن) قورقىسەن-دە، (ياخشى ئەمەللەرنى قىلىسەن)' دېگىن"[19]. مۇسا پىرئەۋنگە چوڭ مۆجىزىنى كۆرسەتتى⁑[20]. پىرئەۋن (ئاللانىڭ پەيغەمبىرى مۇسانى) ئىنكار قىلدى ۋە (ئاللانىڭ ئەمرىگە) ئاسىيلىق قىلدى[21]. ئاندىن پىرئەۋن (مۇسادىن) يۈز ئۆرۈپ، (ھىيلە-مىكىر ئىشلىتىشكە) كىرىشتى[22]. (ئۇ سېھىرگەرلەرنى، ئەسكەرلىرىنى، تەۋەلىرىنى) توپلىدى ھەم نىدا قىلىپ[23] دېدى: "مەن سىلەرنىڭ بۈيۈك پەرۋەردىگارىڭلار بولىمەن"[24]. ئاللا ئۇنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ ئازابى بىلەن جازالىدى[25]. شەك-شۈبھىسىزكى، ئاللادىن قورقىدىغانلار بۇنىڭدىن ئىبرەت ئالىدۇ[26].

---

*شام چۆلىدىكى تۇرسىنا تېغىنىڭ تۆۋەن تەرىپىگە جايلاشقان ۋادى.

⁑ بۇ يەردە ئاللاتائالا تەرىپىدىن مۇسا ئەلەيھىسسالامغا ئاتا قىلىنغان توققۇز خىل مۆجىزە ئىچىدىكى ئىككى مۆجىزە يەنى مۇسا ئەلەيھىسسالام ھاسىسىنى يەرگە تاشلىسا، ھاسىنىڭ ئەجدىھاغا ئايلىنىدىغانلىقى ۋە قولىنى قوينىغا سېلىپ چىقارسا ھېچقانداق ئىللەتسىز ئاپئاق بولۇپ كۆرۈنىدىغانلىقى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

## يۇقىرىقى ئايەتلەرنىڭ ئومۇمىي مەزمۇنى:

ئاللاتائالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا قەۋمىنىڭ ئۇنى ئىنكار قىلغانلىقىغا تەسەللى بېرىش يۈزىسىدىن ئۆزىنىڭ پەيغەمبىرى مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ مىسىرنىڭ پادىشاسى پىرئەۋن بىلەن بولغان قىسسىنى بايان قىلىدۇ. ئاللاتائالا پىرئەۋننى پەرۋەردىگارىغا ئىبادەت قىلىشقا ۋە ئاللانى بىر دەپ تونۇشقا دەۋەت قىلىش ئۈچۈن مۇسا ئەلەيھىسسالامنى ئۇنىڭغا ئەۋەتكەنىدى.

ئاللاتائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا خىتاب قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: "(تۇۋا دەپ ئاتالغان) پاك مۇبارەك ۋادىدا ئاللانىڭ مۇساغا مۇنداق دېگەنلىكىدىن خەۋىرىڭ بارمۇ؟ (ئاللا مۇنداق دېگەن): ئى مۇسا، پىرئەۋنگە بارغىن، ئۇ كۇفرىدا، زۇلۇمدا، تەكەببۇرلۇقتا ھەددىدىن ئاشتى، ئۇنىڭغا ئېيتقىنكى، سەن كۇفرىلىقتىن پاك بولۇشتا ئۆزەڭنى پاكلىغۇچى پەرۋەردىگارىڭغا ئىتائەت قىلىدىغان يولغا مېڭىشقا قىزىقامسەن؟ مەن سېنى پەرۋەردىگارىڭغا ئىبادەت قىلىشقا يېتەكلەيمەن، شۇنىڭ بىلەن قاساۋەتلىك دىلىڭ ئاللادىن قورقىدىغان، ئاللاغا ئىتائەت قىلىدىغان دىلغا ئايلىنىدۇ."
مۇسا ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ ئاللا تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن راست پەيغەمبەر ئىكەنلىكىگە روشەن دەلىللەرنى كۆرسەتتى، شۇنداق تۇرۇقلۇق پىرئەۋن مۇسانى ئىنكار قىلدى، مۇسا ئېلىپ كەلگەن روشەن دەلىللەردىن ئىبارەت ھەقىقەتنى ئىنكار قىلدى. پىرئەۋن ئىمان ئېيتمىدى، ئاللاغا ئاسىيلىق قىلدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە تەكەببۇرلىشىپ: "مۇسا سېھىرگەر، ئۇنىڭ ئېلىپ كەلگىنى شانلىق مۆجىزە ئەمەس، پەقەت سېھىردىنلا ئىبارەت" دەپ بىلجىرلىدى، زېمىندا

بۇزۇقچىلىق قىلىشقا باشلىدى. ئۇ مۇسا ئېلىپ كەلگەن مۆجىزىگە سېھىر ئارقىلىق تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن سېھىرگەرلەرنى، لەشكەر-لەرنى ۋە ياردەمچىلىرىنى يىغدى، ئاندىن ئۇلارغا: مەن سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلار بولىمەن، مېنىڭ ئۈستۈمدە ھېچقانداق پەرۋەر-دىگار يوق، دېدى. ئاللاتائالا ئۇنى شۇنداق جازالىدىكى، ئۇنى دۇنيادا دېڭىزغا غەرق قىلىش، ئاخىرەتتە دوزاختا قاتتىق ئازابلاش بىلەن ئۇنىڭغا ئوخشاش كۇففارلارغا ئىبرەت قىلدى. ئاللاتائالانىڭ پىرئەۋنگە بەرگەن بۇ جازاسى ۋەز-نەسىھەت ئالغۇچىلار ئۈچۈن چوڭ ئىبرەتتۇر.

**مۇھىم نۇقتىلىرى:**

1. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قەۋمىنىڭ ئۇنى ئىنكار قىلغانلىقىغا تەسەللى بېرىلىدۇ.

2. ئاللاتائالاغا ئۇز ئۇلۇغلۇقىغا لايىق رەۋىشتە سۆزلەش سۈپىتى مۇقىملاشتۇرۇلىدۇ.

3. بەزى جايلار بەزى جايلاردىن ئۇلۇغ بولىدۇ.

4. مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ پەزلى بايان قىلىنىدۇ.

5. ئاللاغا دەۋەت قىلىش ھېكمەت بىلەن ۋە مۇلايىملىق بىلەن بولىدۇ.

6. تەكەببۇرلۇق قىلغان ۋە خالايىققا چوڭچىلىق قىلغانلار قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ.

ءَاَنْتُمْ اَشَدُّ خَلْقًا اَمِ السَّمَآءُ بَنٰهَا ٢٧ رَفَعَ سَمْكَهَا
فَسَوّٰىهَا ٢٨ وَاَغْطَشَ لَيْلَهَا وَاَخْرَجَ ضُحٰىهَا ٢٩ وَالْاَرْضَ بَعْدَ
ذٰلِكَ دَحٰىهَا ٣٠ اَخْرَجَ مِنْهَا مَآءَهَا وَمَرْعٰىهَا ٣١ وَالْجِبَالَ
اَرْسٰىهَا ٣٢ مَتَاعًا لَّكُمْ وَلِاَنْعَامِكُمْ ٣٣ فَاِذَا جَآءَتِ الطَّآمَّةُ
الْكُبْرٰى ٣٤ يَوْمَ يَتَذَكَّرُ الْاِنْسَانُ مَا سَعٰى ٣٥ وَبُرِّزَتِ الْجَحِيْمُ
لِمَنْ يَّرٰى ٣٦ فَاَمَّا مَنْ طَغٰى ٣٧ وَاٰثَرَ الْحَيٰوةَ الدُّنْيَا ٣٨ فَاِنَّ
الْجَحِيْمَ هِيَ الْمَاْوٰى ٣٩ وَاَمَّا مَنْ خَافَ مَقَامَ رَبِّهٖ وَنَهَى
النَّفْسَ عَنِ الْهَوٰى ٤٠ فَاِنَّ الْجَنَّةَ هِيَ الْمَاْوٰى ٤١

تەرجىمىسى:

سىلەرنى يارىتىش مۇشكۇلمۇ؟ ياكى ئاسماننى يارىتىش مۇشكۇلمۇ؟ ئاللا ئاسماننى ياراتتى(27). ئۇنىڭ ئېگىزلىكىنى يۈكسەك قىلدى ۋە كەم-كۈتىسىز قىلدى(28). ئۇنىڭ كېچىسىنى قاپقاراڭغۇ، كۈندۈزىنى يوپيورۇق قىلدى(29). شۇنىڭدىن كېيىن زېمىننى (ئەھلى زېمىننىڭ تۇرۇشىغا لايىق قىلىپ) يايدى*(30). زېمىندىن بۇلاقلارنى ئاقتۇردى، ئۆسۈملۈكلەرنى ئۆستۈردى(31).

* ئاللا تائالا بەزى پلانېتلارنىڭ ھەرىكىتى ئارقىلىق كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ ۋە تۆت پەسىلنىڭ ئالمىشىپ تۇرۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، زېمىننى ئەھلى زېمىننىڭ ياشىشى ئۈچۈن لايىق قىلغان.

تاغلارنى (زېمىندا) مۇقىم قىلدى[32]. ئاللاتائالا ئۇلارنىڭ ھەممە-سىنى سەلەرنىڭ ۋە ھايۋانلىرىڭلارنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن (ياراتتى)[33]. قىيامەت كەلگەندە[34]، (شۇ) كۈندە ئىنسان (ياخشى-يامان) قىلمىشلىرىنى ئەسلەيدۇ[35]. قارىغۇچىلارغا جەھەن-نەم ئوچۇق كۆرسىتىلىدۇ[36]. كىمكى (كۇفرىدا، گۇناھتا) چېكىدىن ئاشىدىكەن[37]، دۇنيا تىرىكچىلىكىنى (ئاخىرەتتىن) ئارتۇق كۆرىدىكەن[38]، ئۇنىڭ جايى ھەقىقەتەن جەھەننەم بولىدۇ[39]. پەرۋەردىگارىنىڭ ئالدىدا (سوراققا تارتىلىشتىن) قورقىدىغان، ئۆزىنى نەپسى خاھىشىغا بېرىلىشتىن (يەنە ھارام قىلىنغان نەرسە-لەردىن) چەكلىگەن ئادەمگە كەلسەك[40]، ھەقىقەتەن ئۇنىڭ جايى جەننەت بولىدۇ[41].

## يۇقىرىقى ئايەتلەرنىڭ ئومۇمىي مەزمۇنى:

ئاللاتائالا ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىشنى ئىنكار قىلغۇچىلارنى ئەيىبلەيدۇ. ئۇلارغا قارىتا مۇنداق دەلىل كۆرسىتىلىپ: "سىلەرنىڭ قارىشىڭلارچە، ئۆلگەندىن كېيىن سەلەرنى تىرىلدۇرۇش قىيىنمۇ؟ ياكى شۇنچە چوڭ ئاسماننى يارىتىش قىيىنمۇ؟ شۇنچە چوڭ ئاسماننى ياراتالىغان زات ئاجىز ئىنساننى يارىتىشقا قادىردۇر" دېيىلىدۇ ۋە ئاللاتائالانىڭ قۇدرىتىنىڭ ئۇلۇغلۇقى يەكۈنلىنىدۇ، قايتا تىرىلىشنى ئىنكار قىلغۇچىلار مات قىلىنىدۇ. ئاللاتائالا ئاسماننىڭ قانداق رەۋىشتە يارىتىلغانلىقىنى بايان قىلىپ: "ئاللا ئاسماننى ئېگىز، تەپتەكشى، ھېچقانداق يوچۇقسىز ۋە قۇسۇرسىز ياراتتى. ئۇنىڭ كېچە-سىنى قاراڭغۇ، كۈندۈزىنى يورۇق قىلدى" دەيدۇ. ئاندىن ئاللا-تائالا زېمىننىڭ قانداق رەۋىشتە يارىتىلغانلىقىنى بايان قىلىپ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئاسماندىن كېيىن زېمىننى ياراتقانلىقىنى، زېمىندا مەيلى ئاشلىق، مېۋە ـ چېۋىگە ئوخشاش ئىنسان بالىلىرىنىڭ ئوزۇقى بولسۇن، مەيلى ئوت ـ چۆپلەرگە ئوخشاش ھايۋاناتلارنىڭ ئوزۇقى بولسۇن، تۈرلۈك گىياھلارنى ئۆستۈرگەنلىكىنى ئېيتىدۇ ھەمدە زېمىننىڭ تەۋرەپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن تاغلارنى ئۆز جايىدا مۇقىملاشتۇرۇپ، زېمىن ئۈچۈن ئۇنى خۇددى قوزۇق قىلغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ، شۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئەھلى زېمىننىڭ زېمىن ئۈستىدە ياشاش مەزگىلىدە پايدىلىنىشى ئۈچۈن ياراتقانلىقىنى ئېيتىدۇ.

ئاندىن ئاللاتائالا قىيامەت كۈنىدە ئۆلۈكلەرنىڭ تىرىلدۈرۈلىدىغانلىقىنىڭ شەكسىز ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت پەيغەمبەرلەرگە ۋەھيى قىلغان ئىشنىڭ راستلىقىنى بايان قىلىدۇ. ئىككىنچى قېتىملىق سۇر چېلىنغاندا، ئۆلۈكلەر تىرىلىپ قىيامەت قايىم بولىدۇ. بۇ چاغدا ئىنسان بالىسى دۇنيادا قىلغان ياخشى ـ يامان ئەمەللىرىنى ئەسلەيدۇ، دوزاخ ئاشكارا كۆرسىتىلىدۇ، كىشىلەر ئۇنى ئوچۇق كۆرىدۇ. كىمكى ئاسىيلىق قىلىشتا ھەددىدىن ئاشسا، دۇنيانى ئاخىرەتتىن ئارتۇق بىلسە، دۇنيانىڭ لەززىتىنى ئاخىرەتنىڭ ساۋابىدىن ئارتۇق كۆرسە، ئۇنىڭ جايى دوزاخ بولىدۇ. ئاللاتائالانىڭ دەرگاھىدا ھېساب بېرىشتىن قورققان، ئاللا ھارام قىلغان نەرسىلەردىن ئاللانىڭ ئەمرى بويىچە ئۆزىنى چەكلىگەن ئادەمنىڭ بارار جايى جەننەت بولىدۇ.

### مۇھىم نۇقتىلىرى:

1. ئاللاتائالانىڭ قۇدرىتىنىڭ ئۇلۇغلۇقىغا، ئاسماننى يارىتىشقا قادىر بولغان زاتنىڭ ئىنساننى ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلدۈرۈشكە

تېخمۇ قادىر ئىكەنلىكىگە دەلىل كەلتۈرۈلىدۇ.

2. ئاللانىڭ ئۆز مەخلۇقاتىغا ياشاش يوللىرىنى ئاسانلاشتۇرۇپ بېرىش بىلەن ئۇلارغا قىلغان مەرھەمىتى ۋە ئاللانىڭ ئۇنىڭدىكى ھېكمىتى بايان قىلىنىدۇ.

3. قىيامەت كۈنىنىڭ ۋە شۇ كۈندە يۈز بېرىدىغان ئەھۋاللارنىڭ دەھشەتلىك ئىكەنلىكى تەسۋىرلىنىدۇ.

4. ھەددىدىن ئاشقان، دۇنياغا بېرىلىپ كېتىپ ئاخىرەتنى ئۇنۇتقان ئادەملەرنىڭ بارار جايىنىڭ دوزاخ بولىدىغانلىقى كۆرسىتىلىدۇ.

5. ئاللاتائالانىڭ دەرگاھىدا تۇرۇپ ھېساب بېرىشتىن قورققان، ئاللاتائالانىڭ ئەمرىنى بەجا كەلتۈرۈپ، گۇناھلاردىن ئۆزىنى ساقلىغان ئادەمنىڭ بارار جايى جەننەت بولىدىغانلىقى بايان قىلىنىدۇ.

يَسْـَٔلُونَكَ عَنِ السَّاعَةِ أَيَّانَ مُرْسَاهَا ﴿٤٢﴾ فِيمَ أَنتَ مِن ذِكْرَاهَا ﴿٤٣﴾
إِلَىٰ رَبِّكَ مُنتَهَاهَا ﴿٤٤﴾ إِنَّمَا أَنتَ مُنذِرُ مَن يَخْشَاهَا ﴿٤٥﴾
كَأَنَّهُمْ يَوْمَ يَرَوْنَهَا لَمْ يَلْبَثُوا إِلَّا عَشِيَّةً أَوْ ضُحَاهَا ﴿٤٦﴾

تەرجىمىسى:

ئۇلار سەندىن قىيامەتنىڭ قاچان بولىدىغانلىقىنى سورايدۇ[42]. سەن ئۇنى قانداقمۇ بايان قىلىپ بېرەلەيسەن؟[43] ئۇنى بىلىش

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

پەرۋەردىگارىڭغا خاستۇر*[44]. سىنىڭ ۋەزىپەڭ پەقەت قىيامەتتىن قورقىدىغان ئادەمنى ئاگاھلاندۇرۇشتۇر[45]. ئۇلار قىيامەتنى كۆرگەن كۈندە، گويا ئۆزلىرىنى (دۇنيادا) پەقەت بىر كەچقۇرۇن ياكى بىر ئەتىگەن تۇرغاندەك (گۇمان قىلىدۇ)[46].

## قىيامەت توغرىسىدىكى ئايەتنىڭ نازىل بولۇش سەۋەبى:

مۇشرىكلار مەسخىرە قىلىش يۈزىسىدىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن قىيامەتنىڭ قاچان بولىدىغانلىقىنى ۋە ئۇنىڭ مۇئەييەن ۋاقتىنى سورايتتى، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دېگەن: "پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قىيامەتنى تىلغا ئېلىشۋېرىشى، قىيامەت توغرۇلۇق سوراۋېرىشى نەتىجىسىدە، ئاخىرى مۇشۇ ئايەت نازىل بولغان".

## يۇقىرىقى ئايەتلەرنىڭ ئومۇمىي مەزمۇنى:

ئاللاتائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا مۇنداق دەيدۇ: ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىشنى ئىنكار قىلغان جاھىللار سەندىن قىيامەتنىڭ قاچان

---

* يەنە بىر ئايەتتە ئاللا مۇنداق دەيدۇ: "ئۇلار سەندىن قىيامەتنىڭ قاچان بولىدىغانلىقىنى سورايدۇ، ئېيتقىنكى، ئۇنىڭ قاچان بولىدىغانلىقىنى پەقەت پەرۋەردىگارىم ئاللا بىلىدۇ، ئۇنى پەقەت ئۆزى بەلگىلىگەن ۋاقتتا مەيدانغا چىقىرىدۇ".

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامدىن قىيامەتنىڭ قاچان بولىدىغانلىقىنى سورىغاندا، ئۇ: سورالغۇچى سورىغۇچىدىن ئارتۇق بىلمەيدۇ، دەپ جاۋاب بەرگەن.

بولىدىغانلىقىنى سورايدۇ، سەن ئۇنى قانداق بايان قىلىپ بېرەلەي-سەن؟ يەنى سەن ئۇنىڭغا كۆڭۈل بۆلۈپ كەتكۈدەك ۋە ئۇنىڭ ۋاقتىنى ئېيتىپ بېرەلىگۈدەك دەرىجىدە بىر نەرسە بىلمەيسەن. بەندىلەرنىڭ قىيامەتنىڭ ۋاقتىنى بىلىشى، دىنىي جەھەتتىن بولسۇن، دۇنياۋى جەھەتتىن بولسۇن، ئۇلارغا پايدىلىق ئەمەس. قىيامەتنىڭ قاچان بولۇشىنىڭ جەمئى خالايىقتىن مەخپىي تۇتۇلۇشى ئۇلارغا پايدىلىق. بۇنىڭ ۋاقتىنى ئاللا يالغۇز ئۆزىنىڭلا بىلىشكە خاس قىلغان. سېنىڭ ۋەزىپەڭ قىيامەتنىڭ دەھشەتلىك ئەھۋالىنى بايان قىلىپ، بەندىلەرنى ئاللانىڭ ئازابىدىن قورقۇتۇش ۋە ئاگاھلاندۇ-رۇشتۇر. سېنىڭ ئاگاھلاندۇرۇشۇڭ شۇ ئازابتىن قورقىدىغانلارغا پايدىلىق بولىدۇ. كاپىرلارغا كەلسەك، ئۇلار قىيامەت كۈنى قەبرى-لىرىدىن چىققان چاغدا بۇ دۇنيادا تۇرغان ۋاقتىنى قىسقا ھېس قىلىدۇ. گويا ئۇنى بىر كەچقۇرۇنچىلىك ياكى بىر چۈش ۋاقتىچىلىك گۇمان قىلىدۇ.

### مۇھىم نۇقتىلىرى:

1. قىيامەتنىڭ قاچان بولىدىغانلىقىنى بىلىش ئاللاغا خاستۇر، ئاللا مەخلۇقاتتىن ھېچ ئەھەدىنى بۇنىڭدىن خەۋەردار قىلمىغان.
2. پايدىسى يوق نەرسە ئۈستىدە سوئال سوراش ئورۇنسىز.
3. مۆمىن ئادەمنىڭ ئۆز پەرۋەردىگارىنى رازى قىلىدىغان ئىشلار ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىشىنىڭ ۋە ئاللاغا مۇلاقات بولىدىغان كۈن ئۈچۈن ھازىرلىق قىلىشىنىڭ لازىملىقى كۆرسىتىلىدۇ.
4. كۇففارلارنىڭ قىيامەت دەھشىتى تۈپەيلىدىن بۇ دۇنيادا ياشىغان ۋاقتىنى قىسقا ھېس قىلىدىغانلىقى بايان قىلىنىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

آياتها ٤٢ (٨٠) سُورَةُ عَبَسَ مَكِّيَّةٌ (٢٤) رُكُوعُهَا ١

بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيْمِ
عَبَسَ وَتَوَلّٰىٓ ۝١ أَنْ جَآءَهُ الْأَعْمٰى ۝٢ وَمَا يُدْرِيْكَ لَعَلَّهٗ
يَزَّكّٰىٓ ۝٣ أَوْ يَذَّكَّرُ فَتَنْفَعَهُ الذِّكْرٰى ۝٤ أَمَّا مَنِ اسْتَغْنٰى ۝٥
فَأَنْتَ لَهٗ تَصَدّٰى ۝٦ وَمَا عَلَيْكَ أَلَّا يَزَّكّٰى ۝٧ وَأَمَّا مَنْ جَآءَكَ
يَسْعٰى ۝٨ وَهُوَ يَخْشٰى ۝٩ فَأَنْتَ عَنْهُ تَلَهّٰى ۝١٠

تەرجىمىسى:

## 80. سۈرە ئەبەسە

مەككىدە نازىل بولغان، 42 ئايەت.

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن.

يېنىغا ئەما ئادەم كەلگەنلىكى ئۈچۈن (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام) تەرىنى تۈردى ۋە يۈزىنى ئۆرۈۋالدى[1—2]. (ئى مۇھەممەد!) نېمە بىلىسەن؟ (بەلكى) ئۇ (سەندىن ئالغان مەرىپەت بىلەن گۇناھلىرىدىن) پاكلىنىشى مۇمكىن[3]، ياكى ۋەز-نەسىھەت ئاڭلاپ، ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشى مۇمكىن[4]. ئۆزىنى (ئىماندىن) بىھاجەت ھېسابلايدىغان ئادەمگە كەلسەك، سەن ئۇنىڭغا يۈزلىنىسەن (يەنى

ئۇنىڭغا قۇلاق سېلىپ تەبلىغ قىلىشقا كۆڭۈل بۆلسەن[6—5]، ئۇ (كۇفرىدىن، گۇناھلاردىن) پاكلانمىسا، ساڭا نېمە زىيىنى ئىدى[7] سەندىن مەرىپەت تىلەپ، ئاللادىن قورققان ھالدا يۈگۈرۈپ كەلگەن كىشىگە كەلسەك[8—9]، سەن ئۇنىڭغا قارىماي قويسەن[10].

## يۇقىرىقى ئايەتلەرنىڭ نازىل بولۇش سەۋەبى:

بۇ ئايەتلەر ئابدۇللا ئىبنى ئۇممۇ مەكتۇم توغرىسىدا نازىل بولغان، ئۇ ئەما بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۇزۇرىغا كەلگەنىدى. بۇ چاغدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قۇرەيشنىڭ چوڭلىرىنى ئىسلام دىنىغا دەۋەت قىلىپ، ئاللا ئۇنىڭغا نازىل قىلغان دىنىنى بايان قىلىۋاتاتتى. ئابدۇللا ئىبنى ئۇممۇ مەكتۇم رەسۇلۇللاغا: "ئاللا ساڭا بىلدۈرگەن نەرسىلەرنى ماڭا تەلىم بەرگىن" دېدى. ھالبۇكى، ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قۇرەيش چوڭلىرىنى دىنغا دەۋەت قىلىش بىلەن مەشغۇل ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتى. ئىبنى ئۇممۇ مەكتۇم ھېلىقى سۆزىنى تەكرارلاۋەردى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا چىرايىنى تۈرۈپ، قارىماي قويدى. شۇنىڭ بىلەن يۇقىرىقى ئايەتلەر نازىل بولدى.*

* پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ئايەت نازىل بولغاندىن كېيىن، ئابدۇللا ئىبنى ئۇممۇ مەكتۇمنى ھۆرمەت قىلاتتى، ئۇنى كۆرگەن چاغدا: پەرۋەردىگارىمنىڭ ماڭا كايىشىغا سەۋەب بولغان كىشىنى قارشى ئالىمەن دەيتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىككى قېتىم غازاتقا چىقىپ كەتكەندە، ئۇنى مەدىنىدە ئۆز ئورنىدا خەلىپە قىلىپ قويغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

## يۇقىرىقى ئايەتلەرنىڭ ئومۇمىي مەزمۇنى:

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كەلگەن ئەماغا چىرايىنى تۈرۈپ، ئۇنىڭغا قارىماسلىققا ۋە سورىغان سوئالىغا ئېتىبار قىلماسلىققا ئاللاتائالا مۇشۇنداق نازۇك رەۋىشتە كايىيدۇ. بۇ يەردە ئۈچىنچى شەخس ئۈستىدە كېتىپ بارغان سۆزنىڭ ئىككىنچى شەخسكە قارىتىلىشى كايىشنىڭ مۇبالىغىلاشتۇرۇلۇشى ئۈچۈندۇر.

ئاندىن ئاللاتائالا مۇنداق دەيدۇ: "بۇ ئەمانىڭ ھالىنى نېمە بىلىسەن؟ ئۇ سەندىن ئاڭلىغان قۇرئان بىلەن نادانلىقتىن ياكى گۇناھتىن پاكلىنىشى مۇمكىن، ئىماننى ۋە ساڭا نازىل بولغان قۇرئاندىكى ئىلىملارنى ئۆزىگە ھاجەتسىز ھېسابلايدىغان ئادەمگە كەلسەك، سەن ئۇنىڭغا باقىسەن، ئۇنىڭ سۆزىگە قۇلاق سالىسەن، ئۇنىڭ ھىدايەت تېپىشىغا كۆڭۈل بۆلىسەن. بۇ ئۇنىڭ مۇسۇلمان بولۇشىنى ۋە ئۇنىڭ مۇسۇلمان بولۇشى بىلەن باشقىلارنىڭمۇ مۇسۇلمان بولۇشىنى ئۈمىد قىلغانلىقىڭ ئۈچۈندۇر. ئۇنىڭ ھىدايەت تېپىشى سېنىڭ مەجبۇرىيىتىڭ ئەمەس، سېنىڭ ۋەزىپەڭ پەقەت تەبلىغ قىلىشتۇر. پەرۋەردىگارىڭدىن قورققان ھالدا ئالدىراپ ئىلىم ئۆگىنىش ئۈچۈن يېنىڭغا كەلگەن ئادەمگە كەلسەك، بولساق، سەن ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈپ باشقىلار بىلەن بولۇپ كېتىسەن."

## مۇھىم نۇقتىلىرى:

1. مەۋھۇم پايدىنى دەپ، ئېنىق پايدىنى تەرك ئەتمەسلىك كېرەك.

2. ئىلىم تەلەپ قىلغۇچىغا، ھىدايەت تەلەپ قىلغۇچىغا ۋە ئىلىم بىلەن ھىدايەتكە موھتاج ھەم ھېرىس ئادەملەرگە باشقىلارغا قارىغاندا كۆپرەك كۆڭۈل بولۇش لازىم.
3. ئاللانىڭ دىنىغا دەۋەت قىلغۇچىلار دەۋەتتە مەرتىۋىلىك بىلەن مەرتىۋىسىزنى، پېقىر بىلەن بايىنى، چوڭ بىلەن كىچىكنى ئايرىپ قارىماسلىقى لازىم.

كَلَّآ إِنَّهَا
تَذْكِرَةٌ ﴿١١﴾ فَمَن شَآءَ ذَكَرَهُۥ ﴿١٢﴾ فِى صُحُفٍ مُّكَرَّمَةٍ ﴿١٣﴾ مَّرْفُوعَةٍ
مُّطَهَّرَةٍۭ ﴿١٤﴾ بِأَيْدِى سَفَرَةٍ ﴿١٥﴾ كِرَامٍۭ بَرَرَةٍ ﴿١٦﴾ قُتِلَ ٱلْإِنسَٰنُ
مَآ أَكْفَرَهُۥ ﴿١٧﴾ مِنْ أَىِّ شَىْءٍ خَلَقَهُۥ ﴿١٨﴾ مِن نُّطْفَةٍ خَلَقَهُۥ
فَقَدَّرَهُۥ ﴿١٩﴾ ثُمَّ ٱلسَّبِيلَ يَسَّرَهُۥ ﴿٢٠﴾ ثُمَّ أَمَاتَهُۥ فَأَقْبَرَهُۥ ﴿٢١﴾
ثُمَّ إِذَا شَآءَ أَنشَرَهُۥ ﴿٢٢﴾ كَلَّا لَمَّا يَقْضِ مَآ أَمَرَهُۥ ﴿٢٣﴾

**تەرجىمىسى:**

(بۇنىڭدىن كېيىن) ئۇنداق قىلمىغىن، بۇ ئايەتلەر ۋەزدۇر(11). خالىغان ئادەم ئۇنىڭدىن ۋەز - نەسىھەت ئالىدۇ(12). ئۇ (يەنى قۇرئان ئايەتلىرى) قىممەتلىك، (قەدرى) يۇقىرى پاك سەھىپىلەرگە يېزىلغاندۇر(13—14). (ئۇ) ھۆرمەتلىك ياخشى (پەرىشتىلەردىن بولغان) پۈتۈكچىلەرنىڭ قولىدىدۇر(15—16). ئىنسانغا لەنەت بولسۇنكى، ئۇ ئەجەب كاپىر بولدى!*(17) ئاللا ئۇنى نېمىدىن

* ئىبنى مۇنزىر ئىكرىمەدىن مۇنداق دەپ رىۋايەت قىلىدۇ: "ئىنسانغا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ياراتتى؟؟[18] ئاللا ئۇنى ئابىمەنىدىن ياراتتى، (ئۇ تولۇق يارىتىلىپ بولغۇچە) ئاللا ئۇنى بىرقانچە باسقۇچقا بۆلۈپ، پەيدىنپەي ياراتتى[19]، ئاندىن ئۇنىڭغا (ماگار) يولىنى ئاسانلاشتۇرۇپ بەردى[20]. ئاندىن ئۇنى ۋاپات قىلدۇردى، ئۇنىڭغا (كۆمۈلىدىغان) قەبرىنى پەرپا قىلدى[21]. ئاندىن ئاللا ئۇنى خالىغان ۋاقىتتا تىرىلدۈردۇ[22]. ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس (يەنى بۇ كاپىر ئىنسان تەكەببۇرلۇقىدىن يانسۇن)، ئۇ ئاللانىڭ بۇيرۇغانلىرىنى بەجا كەلتۈرمىدى[23].

### يۇقىرىقى ئايەتلەرنىڭ ئومۇمىي مەزمۇنى:

ئاللاتائالا مۇنداق دەيدۇ: "قۇرئان كەرىمنىڭ ئايەتلىرى خالايىق ئۇچۇن راستىنلا ۋەز-نەسىھەتتۇر، خالىغان ئادەم ئۇنىڭدىن ۋەز-نەسىھەت ئالسۇن، قۇرئان كەرىمنىڭ ئايەتلىرى قەدرى-قىممىتى يۇقىرى بولۇپ، بۇلغىنىشتىن، ئۇشۇق بولۇپ كېتىشتىن، كەمتۈك بولۇپ قېلىشتىن خالىي سەھىپىلەرگە ئورنىتىلغان. بۇ سەھىپىلەر پەرىشتىلەرنىڭ قولىدادۇر، ئۇلار ئاللاتائالا بىلەن پەيغەمبەرلەر ئارىسىدا ۋەھيى يەتكۈزگۈچى ئەلچىلەردۇر. پەرىشتىلەر خۇددى ئاللاتائالا تەرىپلىگەندەك، ئاللانىڭ ئالدىدا ھۆرمەتلىكتۇر، ئەخلاقى ئېسىلدۇر، ئىشلىرى توغرا بولۇپ، ئۆزى ھېچقانداق گۇناھ بىلەن بۇلغانمىغاندۇر."

---

لەنەت بولسۇنكى، ئۇ ئەجەب كاپىر بولدى" دېگەن ئايەت ئۇقبە ئىبنى ئەبى لەھەب: يۇلتۇزنىڭ پەرۋەردىگارىنى ئىنكار قىلدىم، دېگەندە ئۇنىڭ ھەققىدە نازىل بولغان.

ئاندىن ئاللاتائالا قايتا تىرىلىشنى ئىنكار قىلغۇچى كاپىرنى ئەيىبلەپ مۇنداق دەيدۇ: "بۇ ئىنسانغا لەنەت بولسۇنكى، ئۇنىڭ كۇفرى نېمىدېگەن قاتتىق-ھە!" بۇ ئۇنىڭغا قىلىنغان دۇئايى بەددۇر. بۇ سۆز بىلەن دۇئايى بەد قىلىش ئەرەبلەرنىڭ ئادىتى بولۇپ، ئۇلار "ئاللا ئۇنىڭغا لەنەت قىلسۇن" دېيىشتى. بۇ ئاللانىڭ شۇنچە كۆپ نېمەتلەرگە ۋە ئېھسانلارغا ئېرىشكەن ئىنساننىڭ كۇفرىنى قەبىھ كۆرسىتىشىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاتائالا "ئۇنى ئاللا نېمىدىن ياراتتى" دېگەن سۆزى بىلەن ئەيىبلىدى. بۇ سوئال شەكلىدە كەلگەن ئىسپاتلاشتۇر. بۇ سۆزنىڭ ئاخىرىدا ئۇنىڭ نېمىدىن يارىتىلغانلىقى، شەرھلىنىپ، ئاللانىڭ ئۇنى ئابىمەنىدىن ياراتقانلىقى، يارىتىشتا ئۇنى ئابىمەنىگە، ئاندىن بىر پارچە، ئۇيۇل قانغا، ئاندىن بىر پارچە گۆشكە ئايلاندۇرۇپ، تاكى تۇغۇلۇپ چوڭ بولغانغاقەدەر بىرقانچە باسقۇچتىن ئۆتكۈزىدىغانلىقى، ئۇنىڭ ياخشى يولغا ياكى يامان يولغا مېڭىشىغا ئاللاتائالانىڭ مۇمكىنچىلىك تۇغدۇرۇپ بېرىدىغانلىقى بايان قىلىنىدۇ. ئاندىن ئۇنىڭ ئەجەلى يەتكەندە جېنىنىڭ ئېلىنىدىغانلىقى، ئاندىن قەبرىگە دەپنە قىلىنىدى-غانلىقى*، قىيامەت بولۇپ كىشىلەر قەبرىلىرىدىن تۇرغۇزۇلغاندا ئۇمۇ تۇرغۇزۇلۇپ، ئۇنىڭدىن ھېساب ئېلىنىدىغانلىقى زىكرى قىلىنىدۇ، كاپىر ئادەمنىڭ تەكەببۇرلۇق قىلىپ تەۋھىدتىن باش تارتقانلىقى ۋە قىيامەتنى ئىنكار قىلغانلىقى ئەيىبلىنىدۇ.

---

* ئاللاتائالانىڭ ئۆلگەنلەرنىڭ جەسەتلىرىنى دەپنە قىلىشقا ئەمرى قىلىشى جەسەتنىڭ خار بولۇپ تاشلىنىپ قېلىشتىن ۋە قاغا-قۇزغۇن، يىرتقۇچ ھايۋانلارغا يەم بولۇشتىن ساقلىنىشى ئۈچۈندۇر. بۇ ئاللانىڭ كاتتا نېمىتىدۇر. دەپنە قىلىشنى ئىپادىلەيدىغان سۆزنىڭ "سۇمە

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

مۇھىم نۇقتىلىرى:

1. قۇرئان كەرىمنىڭ پەزىلەتلىرى ۋە ئۇنىڭ ئورنىنىڭ يۈكسەك-لىكى كۆرسىتىلىدۇ.

2. پەرىشتىلەرنىڭ پەزىلىتى كۆرسىتىلىدۇ.

3. روشەن ھەقىقەتكە قارشى تۇرغان ئىمانسىز ئادەمگە مالامەت قىلىنىدۇ.

4. ئىنساننىڭ يارىتىلىشتىكى باسقۇچلىرى ۋە ئۇنىڭ بىر ھالەتتىن

---

ئەقبەرەھۇ (ثم اقبره)" سۆزى بىلەن ئەمەس، "فەئەقبەرەھۇ (فاقبره)" سۆزى بىلەن كەلتۈرۈلۈشى مېيىتنى كېچىكتۈرمەي چاپسان دەپنە قىلىشنىڭ لازىملىقىنى كۆرسىتىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدا مېيىت تېز دەپنە قىلىناتتى، ھەتتا كېچىسى جان ئۈزگەنلەرنى تاڭ يورۇغۇچە تەخىر قىلماستىن شۇ كېچىسىلا دەپنە قىلىۋېتەتتى، ھازىرقى ۋاقىتىمىزدىكىگە ئوخشاش، يىراق-يېقىندىكىلەرنى جىنازە نامىزىغا دەۋەت قىلىپ، ئالدى-كەينى يىغىلىپ بولغۇچە مېيىتنى چىقارماي، بىر كۈن-يېرىم كۈن تەخىر قىلىدىغان ئىش يوق ئىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بەدرى غازىتىغا چىقىپ كەتكەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەزرىتى ئوسمانىدىكى قىزى رۇقىيە كېسەل ئىدى، رۇقىيە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام غازاتتىن قايتىپ كېلىشتىن بۇرۇن ۋاپات بولۇپ كەتتى، ھەزرىتى ئوسمان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى كۈتمەستىن دەپنە قىلىۋەتتى. ھەزرىتى ئوسماننىڭ رۇقىيىنى دەپنە قىلىپ قايتقان ۋاقتى رەسۇلۇللانىڭ بەدرى غازىتىدىن قايتقان ۋاقتىغا توغرا كەلدى. ھەزرىتى ئوسماننىڭ رەسۇلۇللانى چاقىرتىپ ئادەم ئەۋەتكەنلىكى، مېيىتنى چىقارماي، بىرئاز بولسىمۇ رەسۇلۇللانى كۈتۈپ تۇرغانلىقى ياكى رەسۇلۇللانىڭ بىزنى كۈتۈپ تۇرماپسىلەر دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنغىنى يوق. مانا بۇ رەسۇلۇللانىڭ مېيىت ئۈزۈتۈشتىكى سۈننىتىدۇر.

ئىككىنچى ھالغا يۆتكىلىپ تۇرىدىغانلىقى زىكرى قىلىنىدۇ.

5. ئىنسان ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇنى دەپنە قىلىشنىڭ شەرىئەت قائىدىسى ئىكەنلىكىنى بايان قىلىنىدۇ.

6. ئاللائاتالانىڭ ئەمىرلىرىنى ئادا قىلمىغان ۋە ئۇنىڭ نېمەتلىرىگە شۈكۈر قىلمىغانلارغا مالامەت قىلىنىدۇ.

فَلْيَنظُرِ
الْإِنسَانُ إِلَىٰ طَعَامِهِ ﴿٢٤﴾ أَنَّا صَبَبْنَا الْمَاءَ صَبًّا ﴿٢٥﴾ ثُمَّ شَقَقْنَا
الْأَرْضَ شَقًّا ﴿٢٦﴾ فَأَنبَتْنَا فِيهَا حَبًّا ﴿٢٧﴾ وَعِنَبًا وَقَضْبًا ﴿٢٨﴾
وَزَيْتُونًا وَنَخْلًا ﴿٢٩﴾ وَحَدَائِقَ غُلْبًا ﴿٣٠﴾ وَفَاكِهَةً وَأَبًّا ﴿٣١﴾
مَّتَاعًا لَّكُمْ وَلِأَنْعَامِكُمْ ﴿٣٢﴾ فَإِذَا جَاءَتِ الصَّاخَّةُ ﴿٣٣﴾
يَوْمَ يَفِرُّ الْمَرْءُ مِنْ أَخِيهِ ﴿٣٤﴾ وَأُمِّهِ وَأَبِيهِ ﴿٣٥﴾ وَصَاحِبَتِهِ
وَبَنِيهِ ﴿٣٦﴾ لِكُلِّ امْرِئٍ مِّنْهُمْ يَوْمَئِذٍ شَأْنٌ يُغْنِيهِ ﴿٣٧﴾
وُجُوهٌ يَوْمَئِذٍ مُّسْفِرَةٌ ﴿٣٨﴾ ضَاحِكَةٌ مُّسْتَبْشِرَةٌ ﴿٣٩﴾
وَوُجُوهٌ يَوْمَئِذٍ عَلَيْهَا غَبَرَةٌ ﴿٤٠﴾ تَرْهَقُهَا قَتَرَةٌ ﴿٤١﴾
أُولَٰئِكَ هُمُ الْكَفَرَةُ الْفَجَرَةُ ﴿٤٢﴾

**تەرجىمىسى:**

(بۇ كاپىر) ئىنسان ئۆزىنىڭ يېمەكلىكلىرىگە (ئىبرەت نەزىرى بىلەن) قارىسۇن[24]. (بىز بۇلۇتتىن) زور مىقداردا يامغۇر ياغدۇردۇق[25]. ئاندىن زېمىننى (ئۇنىڭدىن ئۈسۈملۈكلەرنى چىقى-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

رىش بىلەن) ياردۇق[26]. سىلەرنىڭ ۋە ھايۋانلىرىڭلارنىڭ مەنپەئەتلىنىشى ئۈچۈن، زېمىندا ئاشلىقلارنى، ئۈزۈمنى، ئوتياشلارنى، زەيتۇننى، خورمىنى، دەرەخلىرى قويۇق باغچىلارنى، تۈرلۈك مېۋىلەرنى، ئوت-چۆپلەرنى ئۆستۈردۇق[27—32]. (قىيامەتنىڭ) قۇلاقنى گاس قىلغۇدەك قاتتىق ئاۋازى كەلگەن چاغدا (ھەممە ئادەم ئۆز ھالى بىلەن بولۇپ قالىدۇ)[33]. ئۇ كۈندە كىشى ئۆزىنىڭ قېرىندىشىدىن، ئانىسىدىن، ئاتىسىدىن، خوتۇنىدىن ۋە بالىلىرىدىن قاچىدۇ[34—36]. ئۇ كۈندە ھەر ئادەمنىڭ بىر ھالى بولىدۇكى، ئۇنىڭ باشقىلارغا قارىشىغا (شۇ ھالى) يار بەرمەيدۇ[37]. ئۇ كۈندە نۇرغۇن يۈزلەردىن نۇر، كۈلكە ۋە خۇشال-خۇراملىق يېغىپ تۇرىدۇ[38—39]. يەنە بۇ كۈندە نۇرغۇن يۈزلەرنى چاڭ-توزان بېسىپ كەتكەن، قارىداپ كەتكەن بولىدۇ[40—41]. بۇلار بولسا كاپىرلاردۇر، فاجىرلاردۇر[42].

### يۇقىرىدىقى ئايەتلەرنىڭ ئومۇمىي مەزمۇنى:

ئاللاتائالا ئىنساننىڭ يارىتىلىشى ئۈستىدە توختالغاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ ئىنسانغا مۇيەسسەر قىلىپ بەرگەن رىزقىنى ۋە بۇ رىزقنى ئۇنىڭ ھاياتىنىڭ ئاساسىي قىلغانلىقىنى تەپسىلىي بايان قىلدى. ئاللاتائالانىڭ قۇدرىتىنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى ھەقىقىي بىلىش ئۈچۈن، بۇ ھەقتە پىكىر يۈرگۈزۈشكە بۇيرۇدى.

بۇ ئايەتلەردە جانسىز يەردىن ئۆسۈملۈكلەرنى ئۈندۈرۈپ چىقىرىشقا قادىر بولغان زاتنىڭ چىرىپ پارچە-پارچە سۆڭەككە ئايلىنىپ كەتكەن جەسەتلەرنى تىرىلدۈرۈپ، قەبرىلەردىن چىقىرىشقا ئەلۋەتتە قادىر ئىكەنلىكى تەكىتلىنىدۇ. ئاللاتائالا بۇ ھەقتە

چوڭقۇر پىكىر قىلىشقا بۇيرۇيدۇ، قاغجىراق يەرگە بۇلۇتتىن يامغۇر ياغدۇرۇپ بەرگەنلىكىنى، زېمىننى يارىتىپ، ئۇنىڭدىن ئىنسانلار ئوزۇقلىنىدىغان تۈرلۈك ئاشلىق ـ ئوزۇقلۇقلارنى ئۆستۈرۈپ بەرگەنـ لىكىنى، ئۇنىڭدىن ئۈزۈمنى ۋە باشقا مېۋىلەرنى يېتىشتۈرۈپ بەرگەنلىكىنى، ئۇنىڭدىن ھايۋاناتلار ئۈچۈن ئوت ـ چۆپلەرنى ئۆسـ تۈرۈپ بەرگەنلىكىنى، شۇنىڭدەك زەيتۇن دەرىخىنى، خورمىنى، خىلمۇخىل مېۋىلىك دەرەخلەرگە تولغان گۈزەل باغلارنى يېتىشـ تۈرۈپ بەرگەنلىكىنى زىكرى قىلىدۇ. شۇنىڭدەك ئاخىرەتلىك ئۈچۈن ياخشى ئەمەللەر بىلەن تەييارلىنىش لازىملىقى ئۈستىدە توختىلىدۇ.

ئاندىن ئاللاتائالا قىيامەتنىڭ ئەھۋالىدىن بولغان ئىككىنچى قېتىملىق سۇرنىڭ قۇلاقنى گاس قىلغۇدەك ھەيۋەتلىك ھالدا چېلىنىـ دىغانلىقىنى، ئىنسانلار بۇنى ئاڭلىغان چاغدا ئۆزىنىڭ ئەڭ سۆيۈملۈك كىشىلىرى بولغان قېرىندىشىدىن، ئانىسىدىن، ئاتىسىدىن، خوتۇنىدىن قاچىدىغانلىقىنى، چۈنكى ئۇلارنىڭ قىيامەتنىڭ دەھشىتى ۋە ئېلىنىـ دىغان ھېساب بىلەن بولۇپ كېتىپ ئۇلارغا قارىيالمايدىغانلىقىنى، بۇ چاغدا كىشىلەرنىڭ سائادەتمەنلەر، شەقىلەرگە يەنى ئەھلى جەننەت ۋە ئەھلى دوزاختىن ئىبارەت ئىككىگە بۆلۈنىدىغانلىقىنى، ئەھلى جەننەتنىڭ بەلگىسى ئۇلارنىڭ ئېرىشكەن مۇكاپاتلىرى، كۆرگەن ئىززەت ـ ھۆرمەتلىرى يۈزىسىدىن ئۆزلىرى خۇشال ـ خۇرام، يۈزلىرى نۇرلۇق جىلۋىلىنىپ تۇرۇشتىن ئىبارەت بولىدىغانـ لىقىنى، ئەھلى دوزاخنىڭ بەلگىسى ئۇلار ئۆز ئاقىۋىتىنىڭ يامانلىـ قىنى كۆرىدىغانلىقى تۈپەيلىدىن يۈزلىرى قارىداپ كېتىش، چىراـ يىنى غەم ـ قايغۇ بېسىشتىن ئىبارەت بولىدىغانلىقىنى، بۇلار دۇنيادا كاپىر ۋە ئاللاغا بوھتان قىلغۇچى فاجىر بولغانلىقلىرى ئۈچۈن ئاللا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۇلارغا مۇشۇنداق يامان ئاقىۋەتنى ۋەدە قىلغانلىقىنى بايان قىلىدۇ.

**مۇھىم نۇقتىلىرى:**

1. ئاللاتائالا مەخلۇقاتىغا بەرگەن نېمەتلىرىنى ئەسلىتىدۇ.

2. ئاللاتائالانىڭ قۇدرىتىنىڭ بۈيۈكلۈكى، جانسىز زېمىندىن گىياھلارنى ئۆستۈرۈشكە قادىر بولغان ئاللانىڭ ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرۈشكە قادىر ئىكەنلىكى كۆرسىتىلىدۇ.

3. قىيامەت كۈنىنىڭ دەھشەتلىك ئىكەنلىكى كۆرسىتىلىدۇ.

4. قىيامەت ئۈچۈن ياخشى ئەمەللەر بىلەن تەييارلىنىشقا رىغبەتلەندۈرۈلىدۇ.

5. قىيامەت كۈنى مۆمىنلەرنىڭ ۋە كاپىرلارنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقى بايان قىلىنىدۇ.

آياتها ٢٩ (٨١) سُورَةُ التَّكْوِيرِ مَكِّيَّةٌ (٧) ركوعها ١

بِسْمِ اللَّهِ الرَّحْمَٰنِ الرَّحِيمِ

إِذَا الشَّمْسُ كُوِّرَتْ ۝١ وَإِذَا النُّجُومُ انكَدَرَتْ ۝٢ وَإِذَا الْجِبَالُ
سُيِّرَتْ ۝٣ وَإِذَا الْعِشَارُ عُطِّلَتْ ۝٤ وَإِذَا الْوُحُوشُ حُشِرَتْ ۝٥
وَإِذَا الْبِحَارُ سُجِّرَتْ ۝٦ وَإِذَا النُّفُوسُ زُوِّجَتْ ۝٧ وَإِذَا
الْمَوْءُودَةُ سُئِلَتْ ۝٨ بِأَيِّ ذَنبٍ قُتِلَتْ ۝٩ وَإِذَا الصُّحُفُ
نُشِرَتْ ۝١٠ وَإِذَا السَّمَاءُ كُشِطَتْ ۝١١ وَإِذَا الْجَحِيمُ سُعِّرَتْ ۝١٢
وَإِذَا الْجَنَّةُ أُزْلِفَتْ ۝١٣ عَلِمَتْ نَفْسٌ مَّا أَحْضَرَتْ ۝١٤

تەرجىمىسى:

## 81. سۈرە تەكۋىر

مەككىدە نازىل بولغان، 29 ئايەت.*

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن

* پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: قىيامەتنى خۇددى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەندەك ئەينەن كۆرۈشتىن خۇشال بولىدىغان ئادەم «تەكۋىر» سۈرىسىنى، «ئىنفىتار» سۈرىسىنى ۋە «ئىنشىقاق» سۈرىسىنى ئوقۇسۇن.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

باشلايمەن.

كۈنىنىڭ نۇرى ئۆچكەن چاغدا[1]، يۇلتۇزلار تۆكۈلگەن چاغدا[2]، تاغلار گۇمران بولغان چاغدا[3]، بوغاز تۆگىلەر تاشلىۋېتىلگەن چاغدا[4]، ياۋايى ھايۋانلار توپلانغان چاغدا[5]، دېڭىزلار ئوت بولۇپ لاۋۇلدىغان چاغدا[6]، جانلار (ئۆز قاياشلىرىغا) قوشۇلغان چاغدا[7]، تىرىك كۆمۈۋېتىلگەن قىز-دىن* سەن قايسى گۇناھ بىلەن ئۆلتۈرۈلدۈڭ؟ دەپ سورالغان چاغدا[8—9]، نامە-ئەماللار ئېچىلغان چاغدا[10]، ئاسمان ئېچىپ تاشلانغان چاغدا[11]، دوزاخ قىزىتىلغان چاغدا[12]، جەننەت (تەقۋادارلارغا) يېقىنلاشتۇرۇلغان چاغدا[13]، ھەر ئادەم ئۆزىنىڭ قىلغان (ياخشى-يامان) ئىشلىرىنى بىلىدۇ[14].

## يۇقىرىقى ئايەتلەرنىڭ ئومۇمىي مەزمۇنى:

ئاللاتائالا بۇ يەردە قىيامەت كۈنى يۈز بېرىدىغان بىر قىسىم ئەھۋاللاردىن خەۋەر بېرىدۇ. ئۇ چاغدا قۇياش خۇددى سەللىدەك يۆگۈلۈپ غۇژمەك بولۇپ قالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ نۇرى ئۆچىدۇ، يۇلتۇزلار تۆكۈلۈپ زېمىنغا چۈشىدۇ. تاغلار ئورنىدىن قوزغىلىپ تۇرۇپ كېتىدۇ. زېمىن تەپتەكشى تۈزلەڭلىككە ئايلىنىدۇ. ئەرەبلەرنىڭ نەزىرىدە ئەڭ قىممەتلىك مال ھېسابلانغان قورساقىدا ئون ئايلىق بالىسى بار بوغاز تۆگىنىمۇ قىيامەتنىڭ دەھشىتى

---

* ئەرەبلەر ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىشتىن ئىلگىرى كەمبەغەللىشىپ قېلىشتىن ياكى قىزلىرىنىڭ ئەسىرگە چۈشۈپ قېلىپ سەتچىلىككە قېلىشىدىن قورقۇپ، قىز بالىلىرىنى ئۆلتۈرۈپ تاشلايتتى.

بىلەن بولۇپ تېلىپ باققىلى كىشى چىقمايدۇ. قورۇقالۇقتىكى ياۋايى ھايۋانلار بىر-بىرىدىن قىساس ئېلىش ئۈچۈن توپلىنىدۇ. دېڭىزلار لاۋۇلداپ يېنىپ تۇرغان ئوتقا ئايلىنىدۇ. مۆمىنلەر مۆمىنلەر بىلەن، كاپىرلار كاپىرلار بىلەن جۈپ بولىدۇ. ياخشى ئادەم ياخشى ئادەم بىلەن جەننەتتە، يامان ئادەم يامان ئادەم بىلەن دوزاختا بىللە بولىدۇ.

ناھەق تىرىك كۆمۈۋېتىلگەن قىز بالا ئۇنى كۆمگۈچىدىن قايسى گۇناھى سەۋەبىدىن تىرىك كۆمۈلۈشكە تېگىشلىك بولغانلىقىنى سورايدۇ. ئۇنىڭ سوئالى ئۆز قاتىلىنى ئەيىبلەش مەقسىتىدە قويۇلىدۇ. يەنە قىيامەت كۈنى قاتىلنى ئەيىبلەش يۈزىسىدىن قىزنىڭ قايسى گۇناھى ئۈچۈن ئۆلتۈرۈلگەنلىكى سورالغاندا، ئۇ قىز: "مەن گۇناھسىز، ناھەق ئۆلتۈرۈلدۈم" دەپ جاۋاب بېرىدۇ. ھېساب ئېلىش ئۈچۈن كىشىلەرنىڭ نامە-ئەمالى ئېچىلىدۇ. ھەربىر ئادەم ئۆزىنىڭ نامە-ئەمالىنى ئوقۇيدۇ، ئۇنىڭدا خاتىرىلەنگەن ئەمەللىرىگە قاراپ مۇكاپاتقا ئېرىشىدۇ، ياكى جازاغا ئۇچرايدۇ. خۇددى پەردە ئېلىپ تاشلانغاندەك، ئاسمان ئۆز جايىدىن ئېلىپ تاشلىنىدۇ. ئاللانىڭ دۈشمەنلىرىنى ئازابلاش ئۈچۈن دوزاخ ياندۇرۇلىدۇ. ئاللانىڭ دوستلىرىغا راھەت-پاراغەت ئۈچۈن جەننەت يېقىنلاشتۇرۇلىدۇ. يۇقىرىقى ئەھۋاللار يۈز بەرگەن چاغدا، ھەر ئادەم ياخشى-يامان قىلمىشىدىن خەۋەردار بولىدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ ئەمەللىرى كۆز ئالدىدا ھازىر بولىدۇ. يەنە بەزى ئالىملار مۇنداق دەيدۇ: "يۇقىرىقى ئەھۋاللارنىڭ ئالتىسى قىيامەتنىڭ ئالامەتلىرى سۈپىتىدە دۇنيادا يۈز بېرىدۇ، ئۇلار: قۇياش نۇرىنىڭ ئۆچۈشى، يۇلتۇزلارنىڭ تۆكۈلۈشى، تاغلارنىڭ ئۆز جايىدىن قوزغىلىشى، قورسىقىدا ئون

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئايلىق بالىسى بار بوغاز تۆگىلەرنىڭ تاشلىنىپ قېلىشى، ياۋايى هايۋانلارنىڭ قاتتىق قورقۇنچتىن توپلىنىشى، دېڭىزلارنىڭ قىزىتىلىشىدىن ئىبارەت. ئالتىسى بولسا ئاخىرەتتە يۈز بېرىدۇ، ئۇلار: كىشىلەرنىڭ جۈپ بولۇشى، تىرىك كۆمۈلگەن قىزلارنىڭ سوئال قويۇشى، نامە-ئەماللارنىڭ ئېچىلىشى، ئاسماننىڭ ئېچىپ تاشلىنىشى، دوزاخنىڭ قىزىتىلىشى، جەننەتنىڭ يېقىنلاشتۇرۇلۇشىدىن ئىبارەت.

## مۇھىم نۇقتىلىرى:

1. قىيامەت كۈنى ۋە ئۇنىڭ باشلىنىشى تەسۋىرلىنىدۇ. قىيامەتنىڭ يېقىنلاشقانلىقىنى كۆرسەتكۈچى ئالامەتلەر بايان قىلىنىدۇ.

2. خالايىق ئارىسىدا ئاللاتائالانىڭ ئادالىتىنىڭ كامىل بولىدىغانلىقى زىكرى قىلىنىدۇ.

3. قىيامەت كۈنىگە ئىمان ئېيتىشنىڭ زۆرۈرلۈكى كۆرسىتىلىدۇ، قىيامەتكە ياخشى ئەمەللەر بىلەن تەييارلىنىشقا رىغبەتلەندۈرۈلىدۇ.

فَلَآ
أُقْسِمُ بِالْخُنَّسِ ﴿١٥﴾ الْجَوَارِ الْكُنَّسِ ﴿١٦﴾ وَالَّيْلِ إِذَا عَسْعَسَ ﴿١٧﴾
وَالصُّبْحِ إِذَا تَنَفَّسَ ﴿١٨﴾ إِنَّهُ لَقَوْلُ رَسُولٍ كَرِيمٍ ﴿١٩﴾ ذِي قُوَّةٍ
عِنْدَ ذِي الْعَرْشِ مَكِينٍ ﴿٢٠﴾ مُطَاعٍ ثَمَّ أَمِينٍ ﴿٢١﴾
وَمَا صَاحِبُكُمْ بِمَجْنُونٍ ﴿٢٢﴾ وَلَقَدْ رَآهُ بِالْأُفُقِ الْمُبِينِ ﴿٢٣﴾
وَمَا هُوَ عَلَى الْغَيْبِ بِضَنِينٍ ﴿٢٤﴾ وَمَا هُوَ بِقَوْلِ شَيْطَٰنٍ
رَّجِيمٍ ﴿٢٥﴾ فَأَيْنَ تَذْهَبُونَ ﴿٢٦﴾ إِنْ هُوَ إِلَّا ذِكْرٌ لِّلْعَٰلَمِينَ ﴿٢٧﴾
لِمَنْ شَآءَ مِنْكُمْ أَنْ يَّسْتَقِيمَ ﴿٢٨﴾ وَمَا تَشَآءُونَ إِلَّآ
أَنْ يَّشَآءَ اللَّهُ رَبُّ الْعَٰلَمِينَ ﴿٢٩﴾

تەرجىمىسى:

كۈندۈزى يوشۇرۇنىغۇچى يۇلتۇزلار بىلەن، پاتىدىغان ۋاقتىدا يوشۇرۇنىدىغان يۇلتۇزلار بىلەن قەسەم قىلىمەن (15–16)، قاراڭغۇلۇقتا چۈشكەن كېچە بىلەن قەسەم قىلىمەن (17)، يورۇشقا باشلىغان سۈبھى بىلەن قەسەم قىلىمەن (18)، قۇرئان ھەقىقەتەن ئىززەتلىك بىر ئەلچى (ئارقىلىق نازىل قىلىنغان ئاللا)نىڭ سۆزىدۇر (19)، ئۇ (ئەلچى) كۈچلۈكتۇر، ئاللانىڭ دەرگاھىدا مەرتىۋىلىكتۇر (20). پەرىشتىلەر ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلغۇچىدۇر. بۇ يەردە (يەنى ئاسماندا) ئۇ ئىشەنچلىكتۇر (21). سىلەرنىڭ ھەمراھىڭلار (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام) مەجنۇن ئەمەستۇر (22). ئۇ (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام) جىبرىئىلنى ھەقىقەتەن روشەن ئۇپۇقنىڭ (شەرقتە)

كۆردى[23]، ئۇ (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام غەيبنى) تەبلىغ قىلىشتا بېخىل ئەمەستۇر[24]. ئۇ (يەنى قۇرئان) قوغلاندى شەيتاننىڭ سۆزى ئەمەستۇر[25]. قەيەرگە بارىسىلەر؟[26] ئۇ (يەنى قۇرئان) پۈتۈن ئەھلى جاھانغا نەسىھەتتۇر[27]. سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىن (دىن بارىسىدا) راۋرۇس بولۇشنى خالايدىغانلارغا (قۇرئان) نەسىھەتتۇر[28]. پەقەت ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللا خالىغاندىلا، ئاندىن سىلەر خالايسىلەر (يەنى ئاللا خالىمىغىچە سىلەرنىڭ خالىغىنىڭلارنىڭ ھېچ پايدىسى يوق)[29].

### يۇقىرىدىقى ئايەتلەرنىڭ ئومۇمىي مەزمۇنى:

ئاللاتائالا قىيامەتنىڭ بىر قىسىم ئەھۋالىنى زىكرى قىلغاندىن كېيىن، كۈندۈزدە ۋە پېتىش ۋاقتىدا يوشۇرۇنغۇچى يۇلتۇزلار بىلەن قەسەم قىلدى، قاراڭغۇلۇقتا چۈمگەن ياكى كۆتۈرۈلۈپ كەتكەن كېچە بىلەن ۋە يورۇغان سۈبھى بىلەن قەسەم قىلدى. ئاللاتائالا مەخلۇقات ئىچىدىكى خالىغان نەرسىلەر بىلەن قەسەم قىلىدۇ. مەخلۇقاتنىڭ ئاللانىڭ غەيرىي بىلەن قەسەم قىلىشى دۇرۇس بولمايدۇ. ئاللاتائالا ھۆرمەتلىك ئەلچى جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام ئارقىلىق قۇرئاننىڭ يەتكۈزۈلگەنلىكىنى بايان قىلىش يۈزىسىدىن يۇقىرىقى شەيئىلەر بىلەن قەسەم قىلدى. ئاللانىڭ كالامى بولغان قۇرئاننىڭ جىبرىئىلنىڭ سۆزى دېيىلىشى ئۇنى جىبرىئىلنىڭ يەتكۈزگەنلىكى ئۈچۈندۇر. جىبرىئىل پەرۋەردىگارنىڭ ھۇزۇرىدا ھۆرمەتلىك، بۇيىرۇلغان ئىشقا كۈچى يېتىدىغان، كۈچلۈك، ئاللانىڭ دەرگاھىدا يۇقىرى مەرتىۋىلىك، ئاسماندا گېپى ئۆتىدىغان، پەرىشتىلەر ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىدىغان، ئاللادىن پەيغەمبەرلىرىگە ۋەھيى ئېلىپ كېلىشتە

ئىشەنچىلىك دەپ تەسۋىرلىنىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى جىبرىئىلنىڭ ئورنىنى، شەرىپىنى، ئۇ ئېلىپ كەلگەن ۋەھيىنىڭ شەرىپىنى كۆرسىتىدۇ. ئاندىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇشرىكلار تۆھمەت قىلغاندەك مەجنۇن ئەمەسلىكى بايان قىلىنىدۇ. بۇنىڭغا ئىشارەت قىلىپ، سىلەرنىڭ مۇئامىلە قىلىپ كېلىۋاتقان ۋە ئەقلىنىڭ كامىللىقىنى سىلەر تونۇغان ھەمراھىڭلار شۇ دەپ كۆرسىتىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كۈنچىقىش ياقتا روشەن ئۇپۇقتا جىبرىئىلنى ئۇنى ئاللانىڭ خەلق ئەتكەن شەكلىدە كۆردى. جىبرىئىلنى كۆرگەن جاي بەتھا ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاللا تەرىپىدىن كەلگەن ۋەھيىنى كىشىلەرگە ئۆگىتىشكە بېخىللىق قىلمايدۇ، بەلكى ئۇنى ھەممە ئادەمگە ئۆگىتىدۇ. قۇرئان قوغلاندى شەيتاننىڭ سۆزى ئەمەس، بەلكى ئۇنى جىبرىئىل ئېلىپ كېلىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاغزىغا سالغان، سىلەرنىڭ يولۇڭلار توسۇلغان. دەلىل-پاكىتىڭلار يوق تۇرسا، نەگە بارىسىلەر؟ ھالبۇكى، ئۇنىڭ ئاللا تەرىپىدىن كەلگەن ھەققەت ئىكەنلىكى سىلەرگە ئايدىڭ ئىدىغۇ؟ قۇرئان توغرا بولۇشنى، ھەققەتكە ئەگىشىشنى ئىرادە قىلغان كىشى ئۈچۈن ۋەز-نەسىھەتتۇر. ھىدايەت تېپىش ياكى گۇمراھ بولۇش ئىشى سىلەرگە باغلىق ئەمەس، بەلكى سىلەرنىڭ خاھىشىڭلار پۈتۈن خالايىقنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاتائالانىڭ خاھىشىغا باغلىقتۇر. ئاللا ھىدايەت تاپقۇزماقچى بولغان ئادەمنى ھىدايەت يولىغا مۇۋەپپەق قىلىدۇ. ئايەتتىكى خىتاب قۇرەيش كافىرلىرىغا ۋە ئىسلام دىنىنى ئىنكار قىلىشتا، گۇمراھلىقتا ئۇلارنىڭ يولىدا ماڭغانلارغا قارىتىلغان.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

**مۇھىم نۇقتىلىرى:**

1. ئاللاتائالانىڭ قۇدرىتىنىڭ بۈيۈكلۈكى تەسۋىرلىنىدۇ.

2. قۇرئانى كەرىمنىڭ شەرەپلىك ئىكەنلىكى ۋە ئۇنىڭ ئورنىنىڭ يۇقىرىلىقى كۆرسىتىلىدۇ.

3. جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامنىڭ پەزىلەتلىرى بايان قىلىنىدۇ.

4. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەزىلەتلىرى بايان قىلىنىدۇ.

5. خالاش دېگەن سۈپەت ئاللاتائالاغا ۋە ئاللاتائالانىڭ ئۇلۇغلۇقىغا مۇناسىپ رەۋىشتە نىسبەت بېرىلىدۇ.

آيَاتُهَا ١٩ — سُورَةُ الْإِنْفِطَارِ مَكِّيَّةٌ (٨٢) — رُكُوعُهَا ١

بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيمِ

إِذَا السَّمَاءُ انْفَطَرَتْ ۝١ وَإِذَا الْكَوَاكِبُ انْتَثَرَتْ ۝٢ وَإِذَا الْبِحَارُ
فُجِّرَتْ ۝٣ وَإِذَا الْقُبُورُ بُعْثِرَتْ ۝٤ عَلِمَتْ نَفْسٌ مَا قَدَّمَتْ
وَأَخَّرَتْ ۝٥ يَا أَيُّهَا الْإِنْسَانُ مَا غَرَّكَ بِرَبِّكَ الْكَرِيمِ ۝٦
الَّذِي خَلَقَكَ فَسَوَّاكَ فَعَدَلَكَ ۝٧ فِي أَيِّ صُورَةٍ مَا شَاءَ
رَكَّبَكَ ۝٨ كَلَّا بَلْ تُكَذِّبُونَ بِالدِّينِ ۝٩ وَإِنَّ عَلَيْكُمْ
لَحَافِظِينَ ۝١٠ كِرَامًا كَاتِبِينَ ۝١١ يَعْلَمُونَ مَا تَفْعَلُونَ ۝١٢

تەرجىمىسى:

## 82. سۈرە ئىنفىتار

مەككىدە نازىل بولغان، 19 ئايەت.

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللانىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن.

ئاسمان يېرىلغان چاغدا(1)، يۇلتۇزلار تۆكۈلگەن چاغدا(2)، دېڭىزلار بىر-بىرىگە قوشۇلغان چاغدا(3)، قەبرىلەر ئاستىن-ئۈستۈن قىلىنغان (يەنى ئۆلۈكلەر چىقىرىلغان) چاغدا(4)، ھەر ئادەم ئىلگىرى-كېيىن قىلغان ئىشلىرىنىڭ ھەممىسىنى بىلىدۇ(5). ئى ئىنسان! سېنى مەرھەمەتلىك پەرۋەردىگارىڭغا ئاسىيلىق قىلىشقا نېمە ئالدىدى؟*(6). ئۇ سېنى ياراتتى، (ئەزالىرىڭنى) بېجىرىم، قامىتىڭنى تۈز قىلدى(7). سېنى ئۇ خالىغان شەكىلدە قۇراشتۇردى(8). ھەرگىز ئۇنداق قىلماڭلار (يەنى ئاللانىڭ كەرەمىگە مەغرۇر بولماڭلار). (ئى مەككە كۇففارلىرى!) بەلكى سىلەر دىننى ئىنكار قىلىسىلەر(9). ھالبۇكى، سىلەرنىڭ ئۈستۈڭلاردا سىلەرنى كۆزىتىپ تۇرغۇچى پەرىشتىلەر بار(10). ئۇلار (ئاللانىڭ دەرگاھىدا) ھۆرمەتلىك پەرىشتىلەر بولۇپ، (سىلەرنىڭ سۆزلىرىڭلارنى ۋە ئەمەللىرىڭلارنى) يېزىپ تۇرىدۇ**(11). ئۇلار قىلمىشلىرىڭلارنى بىلىپ تۇرىدۇ(12).

* ئەبۇ ھاتەمنىڭ ئەكرەمەدىن رىۋايەت قىلىشىچە، بۇ ئايەت ئۇمەييە ئىبنى خەلەف توغرىسىدا نازىل بولغان.

** بىز پەقەت بىزنىڭ ياخشى-يامان ئەمەللىرىمىزنى خاتىرىلەپ تۇرىدى-

## يۇقىرىقى ئايەتلەرنىڭ ئومۇمىي مەزمۇنى:

ئاللاتائالا قىيامەتنىڭ ئالدىدا تۆۋەندىكى ئىشلارنىڭ يۈز بېرىدىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ: ئاللانىڭ ئەمرى بىلەن ئاسمان يېرىلىدۇ، يۇلتۇزلار تۆكۈلىدۇ، دېڭىزلار بىر-بىرىگە قوشۇلۇپ ھەممىسى بىر دېڭىزغا ئايلىنىدۇ، شور دېڭىزنىڭ سۈيى تاتلىق دېڭىز سۈيىگە قوشۇلىدۇ، قەبرىلەردىكى ئۆلۈكلەر تىرىلىدۇ. بۇ چاغدا يەنى يۇقىرىقى ئىشلار يۈز بەرگەندىن كېيىن، ھەربىر ئادەم بۇرۇن قىلغان ياخشى-يامان ئەمەللىرىنى بىلىدۇ. ئاندىن ئاللاتائالا كاپىرلارغا، گۇناھكار مۆمىنلەرگە مۇراجىئەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: "ئى ئىنسان، باتىلنى ساڭا قايسى نەرسە چىرايلىق كۆرسەتتى؟ ئاللا ساڭا يۈكلىگەن ۋەزىپىلەرنى ئادا قىلمىدىڭ، پەرۋەردىگارىڭنىڭ كەرەمىگە مەغرۇر بولۇپ، ئۇنىڭ

---

غان كۆزەتچى پەرىشتىلەر بار دەپ ئېتىقاد قىلىشىمىز، ئۇ پەرىشتىلەرنىڭ ماھىيىتى ئۈستىدە توختالماسلىقىمىز لازىم، يەنى ئۇلارنىڭ نېمىدىن خەلق ئېتىلگەنلىكى، بەندىلەرنىڭ ئەمەللىرىنى قانداق خاتىرىلەيدىغانلىقى، ئۇلار بىزگە تونۇشلۇق بولغان قەلەم، قەغەز، سىياھ قاتارلىق نەرسىلەرنى ئىشلىتەمدۇ؟ ياكى ئەمەللەر چۈشۈرۈلىدىغان لەۋھىلەر بارمۇ؟ بىزگە تونۇشلۇق بولغان ھەرپ ۋە شەكىللەر بىلەن خاتىرىلەمدۇ؟ ياكى ئۇلار ئەمەللەر تەجەللى قىلىدىغان روھلار بولۇپ، ئۇلاردا ئەمەللەر تاكى قىيامەتكىچە سىياھ قەغەز يۈزىدە قالغاندەك قېپقالامدۇ؟ بۇلارنىڭ ھەممىسى بىز مۇنازىرە قىلىپ بىلىشكە تېگىشلىك بولغان ئىشلار ئەمەس، بىز پەقەت ئەمەللەرنى پەرىشتىلەرنىڭ خاتىرىلەپ تۇرىدىغانلىقىغا ئېتىقاد قىلىش، بۇنىڭ تەپسىلاتىنى ئاللانىڭ ئۆزى بىلىدۇ دەپ قاراش بىلەنلا كۇپايىلىنىشىمىز كېرەك.

ئازابىدىن خاتىرجەم بولدۇڭ، ئاللا سېنى يوقتىن بار قىلدى. سېنى چىرايلىق ياراتتى. قامىتىڭنى تۈز، ئەزالىرىڭنى بېجىرىم ياراتتى. ئىككى قولۇڭنىڭ بىرىنى يەنە بىرىدىن ئۇزۇن، بەزى ئەزالىرىڭنى ئاق، بەزىسىنى قارا قىلغىنى يوق. سېنى ئاللا ئۆز خاھىشىنىڭ تەقەززاسى بويىچە چىرايلىق ياكى سەت، ئۇزۇن ياكى قىسقا شەكىلدە قۇراشتۇردى، سېنى ئاتاڭغا ياكى ئاناڭغا ۋە ياكى تاغاڭغا ئوخشايدىغانراق قىلىپ ياراتتى.

ئاندىن ئاللاتائالا گەپنى قىيامەتنى ئىنكار قىلغۇچى كۇففارلارغا قارىتىپ، ئۇلارنى غەپلەتتىن، پەرۋەردىگارىنىڭ كەرەمىگە مەغرۇر بولۇپ كېتىشتىن مەنئى قىلدى. ئۇلارنىڭ كەرەملىك ئاللاغا گۇناھلار بىلەن يۈزلىنىشىنىڭ ئۆزى قىيامەتكە، قىيامەتتىكى جازاغا، ھېسابقا ئىشەنمىگەنلىكتىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى كۆرسەتتى. ئاللا ئۇلارغا ئەمەللىرىنى خاتىرىلەپ تۇرىدىغان پەرىشتىلەرنى مۇئەككەل قىلدى. ئۇلار ئاللانىڭ ھۆرمەتلىك پەرىشتىلىرى بولۇپ، بەندىلەرنىڭ قىلغان ياخشى-يامان ئەمەللىرىنى بىلىپ تۇرىدۇ.

### مۇھىم نۇقتىلىرى.

1. قىيامەت كۈنىنىڭ بۈيۈكلۈكى ۋە دەھشەتلىكلىكى بايان قىلىنىدۇ.

2. پەرۋەردىگارىنىڭ ئەمرىنى تولۇق ئادا قىلمىغان ۋە گۇناھ قىلىشقا جۈرئەت قىلغانلار قورقۇتۇلىدۇ.

3. ئاللاتائالانىڭ ئىنساننى چىرايلىق شەكىلدە يارىتىش بىلەن ئۇنىڭغا بەرگەن نېمىتى زىكرى قىلىنىدۇ.

4. قايتا تىرىلىشنى ئىنكار قىلغانلارغا بېرىلىدىغان جازانى، قىيا-

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى www.uyghurkitap.com

مەتتىكى مۇكاپاتنى، ھېساب بېرىشنى ئىنكار قىلغانلار ئەيىبلىنىدۇ.

5. ئەمەللەرنى خاتىرىلەپ تۇرغۇچى پەرىشتىلەرگە ئىمان ئېيتىشنىڭ لازىملىقى كۆرستىلىدۇ.

6. ئادەم باللىرىنىڭ ئەمەللىرىنىڭ خاتىرىلىنىپ تۇرىدىغانلىقى، قىيامەت كۈنى شۇنىڭغا ئاساسەن مۇكاپات، جازا بېرىلىدىغانلىقى بايان قىلىنىدۇ.

إِنَّ الْأَبْرَارَ لَفِي نَعِيمٍ ﴿١٣﴾ وَإِنَّ الْفُجَّارَ لَفِي جَحِيمٍ ﴿١٤﴾
يَصْلَوْنَهَا يَوْمَ الدِّينِ ﴿١٥﴾ وَمَا هُمْ عَنْهَا بِغَائِبِينَ ﴿١٦﴾ وَمَا
أَدْرَاكَ مَا يَوْمُ الدِّينِ ﴿١٧﴾ ثُمَّ مَا أَدْرَاكَ مَا يَوْمُ الدِّينِ ﴿١٨﴾
يَوْمَ لَا تَمْلِكُ نَفْسٌ لِنَفْسٍ شَيْئًا وَالْأَمْرُ يَوْمَئِذٍ لِلَّهِ ﴿١٩﴾

تەرجىمىسى:

مۆمىنلەر شەك ـ شۈبھىسىز جەننەتتە بولىدۇ[13]. كاپىرلار شەك ـ شۈبھىسىز دوزاختا بولىدۇ[14]. ئۇلار قىيامەت كۈنى دوزاخقا كىرىدۇ[15]. ئۇلار ھەرگىز دوزاختىن ئايرىلمايدۇ[16]. قىيامەت كۈنىنىڭ (دەھشەتلىكلىكىنىڭ) قانداقلىقىنى قانداق بىلەلەيسەن؟[17] قىيامەت كۈنىنىڭ (دەھشەتلىكلىكىنىڭ) قانداقلىقىنى قانداق بىلەلەيسەن؟[18] ئۇ كۈندە بىر ئادەمنىڭ يەنە بىر ئادەمگە ياردەم بېرىش قولىدىن كەلمەيدۇ. بۇ كۈندە ھۆكۈم ئاللاغا خاستۇر[19].

يۇقىرىقى ئايەتلەرنىڭ ئومۇمىي مەزمۇنى:

ئاللاتائالا خالايىقنىڭ تەقدىرىنىڭ ئاخىرەتتە قانداق بولىدىغانلىقىنى،

ئۆلارنىڭ ئاللانىڭ ئەمر ـ پەرمانلىرىغا بويسۇنغان ـ بويسۇنمىغانلىقى ئېتىبارى بىلەن، ئاللاغا ئىتائەت قىلغان ياكى ئاللانىڭ ۋەدىسىگە ئىشەنمىگەنلىكى ئېتىبارى بىلەن ئىككى تۈركۈمگە بۆلۈنىدىغانلىقىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: "ئاللاغا ئىتائەت قىلغۇچى، ئاللا هارام قىلغان نەرسىلەردىن ساقلانغۇچى ياخشى بەندىلەر جەننەتنىڭ نېمەتلىرىدىن بەھرىمەن بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ئەكسىچە، ئاللانىڭ شەرىئىتىنى تەرك ئەتكۈچى فاجىرلار قىيامەت كۈنى دوزاخقا داخىل بولىدۇ. دوزاخنىڭ ئازابى تۈگىمەيدۇ".

"قىيامەت كۈنىنىڭ قانداقلىقىنى قانداق بىلەلەيسەن؟" دەپ تەكرار ئېيتىلىشى قىيامەتنىڭ دەھشەتلىكلىكىنى تەكىتلەش ئۈچۈندۇر.

ئاندىن ئاللاتائالا: قىيامەت كۈنى ئادەمنىڭ ئادەمگە پايدا يەتكۈزەلمەيدىغانلىقىنى، ئادەمنىڭ ئادەمنى ئازابتىن قۇتقۇزالمايدىغانلىقىنى، هېچ كىشىنىڭ قولىدا هوقۇقى بولمايدىغانلىقىنى، ھەممە ئىش ئاللانىڭ قولىدا بولىدىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ.

**مۇھىم نۇقتىلىرى:**

1. قىيامەت كۈنى ياخشىلارنىڭ بارار جايىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقى بايان قىلىنىدۇ.

2. ئىنسانلار جازاغا تارتىلىدىغان ۋە ئۇلاردىن هېساب ئېلىنىدىغان كۈننىڭ قورقۇنچلۇق ئىكەنلىكى تەسۋىرلىنىدۇ.

3. قىيامەت كۈنى ھەممە ئىش ئاللاغا خاس بولىدىغانلىقى، ھەربىر ئىنسان ئۆز هالى بىلەن بولۇپ قالىدىغانلىقى كۆرسىتىلىدۇ.

4. ئىنساننىڭ ئىبرەت، ۋەز ـ نەسىھەت ئېلىشى لازىملىقى، قىيامەت كۈنىنىڭ ئازابىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ياخشى ئەمەللەرنى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

داۋاملاشتۇرۇشىنىڭ لازىملىقى بايان قىلىنىدۇ.

آياتها ٣٦ (٨٣) سُورَةُ الْمُطَفِّفِينَ مَكِّيَّةٌ (٨٦) رُكُوعُهَا ١

بِسْمِ اللَّهِ الرَّحْمَٰنِ الرَّحِيمِ

وَيْلٌ لِّلْمُطَفِّفِينَ ۝١ الَّذِينَ إِذَا اكْتَالُوا عَلَى النَّاسِ
يَسْتَوْفُونَ ۝٢ وَإِذَا كَالُوهُمْ أَو وَّزَنُوهُمْ يُخْسِرُونَ ۝٣
أَلَا يَظُنُّ أُولَٰئِكَ أَنَّهُم مَّبْعُوثُونَ ۝٤ لِيَوْمٍ عَظِيمٍ ۝٥
يَوْمَ يَقُومُ النَّاسُ لِرَبِّ الْعَٰلَمِينَ ۝٦

**تەرجىمىسى:**

83. سۈرە مۇتەففىفىن*

مەككىدە نازىل بولغان، 36 ئايەت.

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن.

(ئۆلچەمدە ۋە تارازىدا) كەم بەرگۈچىلەرگە ۋاي![1]. ئۇلار كىشىلەردىن ئۆلچەپ ئالغان چاغدا تولۇق ئالىدۇ[2]. كىشىلەرگە

* بۇ سۈرىنى مەدىنىدە نازىل بولغان دېگۈچىلەرمۇ بار، ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە قەدەم تەشرىپ قىلغان چاغلاردا، مەدىنىلىكلەر تارازا ـ ئۆلچەمدە ساختىلىق قىلىشتا ئۇچىغا چىققان ئىدى. بۇ ئايەت نازىل بولغاندىن كېيىن، ئۇلار ئۇنداق قىلمايدىغان بولغان.

ئۆلچەپ ياكى تارتىپ بەرگەن چاغدا كەم بېرىدۇ[3]. ئۇلار بۈيۈك بىر كۈندە تىرىلدىغانلىقىغا ئىشەنمەمدۇ؟[4—5]. ئۇ كۈندە ئىنسانلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارىنىڭ ھوزۇرىدا تىك تۇرىدۇ[6].

## يۇقىرىقى ئايەتلەرنىڭ ئومۇمىي مەزمۇنى:

ئاللاتائالا يۇقىرىقى ئايەتلەردە تارازا-ئۆلچەمدە ساختىلىق قىلغۇچىلارنى ئېنىق تەرىپلەپ مۇنداق دەيدۇ: ئۇلار كىشىلەردىن ئالغان چاغدا تولۇق ئۆلچەپ ياكى تولۇق تارتىۋالىدۇ، كىشىلەرگە بەرگەندە كەم ئۆلچەپ، كەم تارتىپ بېرىدۇ. ئاللاتائالا مۇنداقلار ئاخىرەتتە قاتتىق ئازابلىنىدۇ دەپ ۋەدە قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ قىلمىشىنى ئەيىبلەيدۇ، ئۇلارنىڭ مۇنداق قىلىشقا جۈرئەت قىلىشىدىن ئەجەبلىنىدۇ. ئۇلار ئاللاتائالانىڭ ئۆزلىرىنى تىرىلدۈرىدىغانلىقىغا گويا ئىشەنمەيدىغاندەك ئىش قىلىدۇ. ئۇلار ئاللاتائالانىڭ ئالدىدا تۇرۇپ، تارازىدا، ئۆلچەمدە قىلغان ساختىپەزلىكىدىن ۋە چوڭ-كىچىك قىلمىشلىرىدىن ھېساب بېرىشتىن قورقمايدۇ. قىيامەت كۈنى ئاللا ئۇلارنى تىرىلدۈرىدۇ. بۇ كۈنى ئىنسانلار پەرۋەردىگارىنىڭ مۇكاپاتىغا ئېرىشىش ياكى جازاسىغا ئۇچراش ۋە ھېساب بېرىش ئۈچۈن قەبرىلىرىدىن تۇرغۇزۇلىدۇ.

## مۇھىم نۇقتىلىرى:

1. ئېلىشتا تولۇق ئېلىپ، بېرىشتە مەيلى ئاز، مەيلى كۆپ بولسۇن، كەم بەرگەنلەرگە قاتتىق ئازاب ۋەدە قىلىنىدۇ.

2. ئۆلچەم، تارازا ۋە گەز قاتارلىقلاردا كەم بېرىشنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
www.uyghurkitap.com

ھاراملىقى كۆرسىتىلىدۇ.

3. ئۆلچەم ۋە تارازا ئىشىنىڭ چوڭ ئىش ئىكەنلىكى، چۈنكى ئۇلار بىلەن بولغان مۇئامىلە ئىشەنچ ۋە ئادالەتكە ئاساسلىنىدىغانلىقى بايان قىلىنىدۇ.

4. ئۆلچەم ۋە تارازىدا كەم بېرىش باشقىلارنىڭ ھەققىگە قىلىنغان خىيانەت ۋە تاجاۋۇزچىلىق ھېسابلىنىدۇ.

كَلَّآ اِنَّ كِتٰبَ
الْفُجَّارِ لَفِيْ سِجِّيْنٍ ﴿٧﴾ وَمَآ اَدْرٰىكَ مَا سِجِّيْنٌ ﴿٨﴾ كِتٰبٌ
مَّرْقُوْمٌ ﴿٩﴾ وَيْلٌ يَّوْمَئِذٍ لِّلْمُكَذِّبِيْنَ ﴿١٠﴾ الَّذِيْنَ يُكَذِّبُوْنَ بِيَوْمِ
الدِّيْنِ ﴿١١﴾ وَمَا يُكَذِّبُ بِهٖٓ اِلَّا كُلُّ مُعْتَدٍ اَثِيْمٍ ﴿١٢﴾ اِذَا تُتْلٰى
عَلَيْهِ اٰيٰتُنَا قَالَ اَسَاطِيْرُ الْاَوَّلِيْنَ ﴿١٣﴾ كَلَّا بَلْ رَانَ
عَلٰى قُلُوْبِهِمْ مَّا كَانُوْا يَكْسِبُوْنَ ﴿١٤﴾ كَلَّآ اِنَّهُمْ عَنْ رَّبِّهِمْ
يَوْمَئِذٍ لَّمَحْجُوْبُوْنَ ﴿١٥﴾ ثُمَّ اِنَّهُمْ لَصَالُوا الْجَحِيْمِ ﴿١٦﴾ ثُمَّ
يُقَالُ هٰذَا الَّذِيْ كُنْتُمْ بِهٖ تُكَذِّبُوْنَ ﴿١٧﴾

تەرجىمىسى:

ئۇلار (تارازىدا، ئۆلچەمدە) كەم بېرىشتىن يانسۇن، يامان ئادەملەرنىڭ نامە ـ ئەمالى چوقۇم سىججىندا بولىدۇ[7]. سىججىن

دېگەن نېمە؟ ئۇنى قانداق بىلەلەيسەن؟[8] ئۇ (يامان ئادەملەرنىڭ قىلمىشلىرى) خاتىرىلەنگەن بىر دەپتەردۇر[9]. بۇ كۈندە ئىنكار قىلغۇچىلارغا ۋاي![10] ئۇلار قىيامەت كۈنىنى ئىنكار قىلىدۇ[11]. ئۇنى پەقەت (كۇفرىدا) ھەددىدىن ئاشقان، ئىنتايىن گۇناھكار ئادەملا ئىنكار قىلىدۇ[12]. ئۇنىڭغا بىزنىڭ ئايەتلىرىمىز تىلاۋەت قىلىنسا، ئۇ: "(بۇ) قەدىمكىلەرنىڭ ھېكايىلىرىدۇر" دەيدۇ[13]. ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ گۇناھلىرى ئۇلارنىڭ دىللىرىنى قاپلىۋالغان[14]. ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس، ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس، ھەقىقەتەن ئۇلار بۇ كۈندە پەرۋەردىگارىنى كۆرۈشتىن مەنئى قىلىنغان[15]. ئاندىن ئۇلار ھەقىقەتەن دوزاخقا داخىل بولغۇچىلاردۇر[16]. ئاندىن (ئۇلارغا): "مانا بۇ سىلەر ئىنكار قىلغان نەرسە (يەنى ئازاب)دۇر" دېيىلىدۇر[17].

## يۇقىرىقى ئايەتلەرنىڭ ئومۇمىي مەزمۇنى:

ئاللاتائالا تارازا ــ ئۆلچەمدە كەم بەرگۈچىلەرنى بۇ قىلمىشنى تاشلاشقا بۇيرۇيدۇ. ئاندىن گۇناھكارلارنىڭ، جۈملىدىن تارازا ــ ئۆلچەمدە كەم بەرگۈچىلەرنىڭ نامى ــ ئەمالىنىڭ سىججىندا بولىدىغانلىقىنى، سىججىننىڭ خەتلىرى ئېنىق يېزىلغان بىر دەپتەر ئىكەنلىكىنى بايان قىلىدۇ، ئۇلارغا قاتتىق ئازاب قىلىدىغانلىقىنى ۋەدە قىلىدۇ، شۇنىڭدەك قىيامەتنى ئىنكار قىلغۇچىلارنىڭ سۈپەتلىرىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: قىيامەتنى پەقەت ھەددىدىن ئاشقان، ھارام قىلىنغان ئىشلارنى قىلغان، سۆزلىرىدە ۋە ھەرىكەتلىرىدە گۇناھكار بولغان ئادەملا ئىنكار قىلىدۇ، ئۇ ئادەمگە قۇرئان تىلاۋەت قىلىنسا، يەنى ئۇنىڭغا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام

قۇرئان ئوقۇپ بەرسە، ئۇ ئىنكار قىلىپ: "بۇ پەقەت قەدىمكىلەرنىڭ ھېكايىلىرىدۇر. مۇھەممەد ئۇنى باشقىلاردىن ئۆگەنگەن، ئاللانىڭ پەيغەمبەرگە نازىل قىلغان كالامى ئەمەس" دەيدۇ. ئاندىن ئاللا بۇ سۆزنى "كەللا" دېگەن سۆز بىلەن رەت قىلىپ، قۇرئان ئۇلار ئېيتقاندەك قەدىمكىلەردىن قالغان ھېكايە ئەمەس، مۇنداق سۆزنى پەقەت قەلبى گۇناھلار بىلەن قارىيىپ كەتكەن، ھەق بىلەن باتىلنى ئايرىيالمايدىغان ئادەملا ئېيتىدۇ، دەيدۇ.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: "مۆمىن ئادەم بىرەر گۇناھنى قىلسا، ئۇنىڭ قەلبىدە قارا چېكىت پەيدا بولىدۇ، ئەگەر تەۋبە قىلىپ گۇناھتىن قول ئۈزۈپ، ئىستىغفار ئېيتسا، ئۇنىڭ قەلبى تازىلىنىدۇ. ئەگەر ئۇ كۆپ گۇناھ قىلسا، قارا چېكىت ئۇنىڭ قەلبىگە تارقىلىدۇ." قۇرئاندا تىلغا ئېلىنغان "ران" دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى ئەنە شۇدۇر. ئاندىن كېيىن ئاللاتائالا ئۇلارغا تەييارلىغان تۈرلۈك ئازابلارنى، ئۇلارنىڭ ئۇلۇغ ئاللانىڭ جامالىنى كۆرۈشتىن مەھرۇم قىلىنىدىغانلىقىنى ئېنىق بايان قىلىدۇ. ئاللانىڭ جامالىنى كۆرەلمەسلىك چوڭ ئىشتىن مەھرۇم قىلىنغانلىق ھېسابلىنىدۇ، چۈنكى ئاخىرەتتە ئاللانىڭ مۆمىن بەندىلىرى ئۇنىڭ جامالىنى كۆرۈشتىن بەھرىمەن بولىدۇ. ھەدىستە مۇنداق دېيىلگەن: "سىلەر پەرۋەردىگارىڭلارنى خۇددى 14 كۈنلۈك ئاينى كۆرگەندەك كۆرىسىلەر، ئۇنى كۆرگەنلىكىڭلار ئۈستىدە دە ــ تالاش قىلمايسىلەر." ئاندىن كۇففارلار دوزاخقا كىرىپ ئۇنىڭ ئازابىنى تېتىيدۇ. ئۇلارغا ئەيىبلاش يۈزىسىدىن: مانا بۇ دۇنيادا ئاللانىڭ پەيغەمبەرلىرى خەۋەر قىلسا سىلەر ئىنكار قىلغان جازادۇر، مانا بۇ سىلەر يىراق سانىغان

ئازابتۇر، دېيىلىدۇ.

**مۇھىم نۇقتىلىرى:**

1. ئاخىرەتتە گۇناھكارلارنىڭ تەقدىرىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقى بايان قىلىنىدۇ.

2. قىيامەت كۈنىنى ئىنكار قىلغان ۋە ئۇنىڭ بولۇشىنى يىراق سانىغان كىشىلەر قورقۇتۇلىدۇ.

3. قىيامەتنى پەقەت تەكەببۇرلۇق ۋە تەرسالىق قىلغان، ھەقىقەتتىن چېكىنگەن، گۇناھلارغا چۆمۈلگەن، ساماۋى كىتابلارغا ئىشەنمىگەن ئادەملەرنىڭلا ئىنكار قىلىدىغانلىقى بايان قىلىنىدۇ.

4. مۆمىنلەرنىڭ ئاللاتائالانى ئاخىرەتتە كۆرىدىغانلىقىغا ۋە ئۇنى كۆرگەنلىكلىرى ئۈستىدە دە-تالاش قىلمايدىغانلىقىغا ئىمان ئېيتىش تەرغىب قىلىنىدۇ. بۇنىڭ ئەھلى سۈننە ۋەلجامائەنىڭ ئەقىدىسى ئىكەنلىكى كۆرسىتىلىدۇ.

5. ئاخىرەتتە كۇففارلارنىڭ ئاللانىڭ جامالىنى كۆرۈشتىن مەھرۇم قىلىنىدىغانلىقى زىكرى قىلىنىدۇ.

6. گۇناھتىن ئاگاھلاندۇرۇلىدۇ، گۇناھلارنىڭ دىلنى پەيدىنپەي يېپىۋالىدىغانلىقى، شۇنىڭ بىلەن دىل قارىيىپ، ھەقنى ناھەق، ناھەقنى ھەق دەپ تونۇيدىغان ئەھۋالنىڭ كېلىپ چىقىدىغانلىقى بايان قىلىنىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

كَلَّآ إِنَّ كِتَٰبَ
ٱلۡأَبۡرَارِ لَفِي عِلِّيِّينَ ﴿١٨﴾ وَمَآ أَدۡرَىٰكَ مَا عِلِّيُّونَ ﴿١٩﴾ كِتَٰبٞ
مَّرۡقُومٞ ﴿٢٠﴾ يَشۡهَدُهُ ٱلۡمُقَرَّبُونَ ﴿٢١﴾ إِنَّ ٱلۡأَبۡرَارَ لَفِي نَعِيمٍ ﴿٢٢﴾
عَلَى ٱلۡأَرَآئِكِ يَنظُرُونَ ﴿٢٣﴾ تَعۡرِفُ فِي وُجُوهِهِمۡ نَضۡرَةَ
ٱلنَّعِيمِ ﴿٢٤﴾ يُسۡقَوۡنَ مِن رَّحِيقٖ مَّخۡتُومٍ ﴿٢٥﴾ خِتَٰمُهُۥ مِسۡكٞۚ وَفِي
ذَٰلِكَ فَلۡيَتَنَافَسِ ٱلۡمُتَنَٰفِسُونَ ﴿٢٦﴾ وَمِزَاجُهُۥ مِن تَسۡنِيمٍ ﴿٢٧﴾
عَيۡنٗا يَشۡرَبُ بِهَا ٱلۡمُقَرَّبُونَ ﴿٢٨﴾

**تەرجىمىسى:**

راستىنلا ياخشى بەندىلەرنىڭ نامە - ئەمالى شەك - شۈبھىسىز ئىللىيىيۇندا بولىدۇ[18]. ئىللىيىيۇننىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى سەن قانداق بىلەلەيسەن؟[19] (ئۇ) ياخشىلارنىڭ ئەمەللىرى خاتىرىلەنگەن دەپتەردۇر[20]. ئۇنىڭغا ئاللاھنىڭ يېقىن پەرىشتىلىرى گۇۋاھ بولىدۇ[21]. ياخشىلار نېمەت ئىچىدە (يەنى جەننەتتە) بولىدۇ[22]. ئۇلار تەختلەر ئۈستىدە تۇرۇپ (ئاللاھنىڭ جەننەتتە ئۇلارغا بەرگەن تۈرلۈك نېمەتلىرىگە) قارايدۇ[23]. ئۇلارغا قارايدىغان بولساڭ، نېمەتنىڭ (ئۇلارنىڭ چىرايلىرىدىن چىقىپ تۇرغان) ئەسىرىنى

تونۇيسەن[24]. ئۇلار ئاغزى پېچەتلەنگەن ساپ شاراب* بىلەن سۇغىرىلىدۇ. ئىچىشنىڭ ئاخىرىدا ئۇنىڭدىن ئىپارنىڭ ھىدى كېلىپ تۇرىدۇ. قىزىقىقۇچىلار شۇنىڭغا قىزىقسۇن[25–26]. ئۇنىڭغا (يەنى ساپ شارابقا) تەسنىمنىڭ (سۇيى) ئارىلاشتۇرۇلغان[27]. تەسنىم جەننەتتىكى بىر بۇلاق بولۇپ، ئۇنىڭدىن ئاللانىڭ يېقىن بەندىلىرى ئىچىدۇ[28].

### يۇقىرىقى ئايەتلەرنىڭ ئومۇمىي مەزمۇنى:

ئاللاتائالا ئاخىرەتتە كۇففارلارنىڭ ھالىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى بايان قىلغاندىن كېيىن، ياخشى بەندىلەرنىڭ ئەھۋالى ھەققىدە توختىلىپ، ئالدى بىلەن ياخشىلارنىڭ نامە ـ ئەمالىنىڭ ئۇلارنىڭ دەرىجىسىگە قاراپ جەننەتتىكە كىرگۈزۈلىدىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ، ئۇلارغا بېرىلىدىغان نازۇنېمەتلەرنى زىكرى قىلىدۇ. ياخشى بەندىلەر جەننەتتە كىشىنىڭ كۆزى كۆرمىگەن مۇقىم نېمەتلەرگە سازاۋەر بولىدۇ. ئۇلار چىرايلىق ئۆيلەردە، زىننەتلەنگەن، پەردىلەنگەن، ئېسىل تەختلەر ئۈستىدە ئولتۇرۇپ، ئۇلۇغ پەرۋەردىگارىنىڭ جامالىغا قارايدۇ. مانا بۇ ئەڭ چوڭ مۇكاپاتتۇر،

* رەسۇلۇللانىڭ بىر ھەدىسىدە مۇنداق دېيىلىدۇ: بىر مۆمىن چاڭقىغان يەنە بىر مۆمىنگە سۇ بېرىپ ئۇنىڭ تەشنالىقىنى قاندۇرسا، قىيامەت كۈنى ئاللاتائالا ئۇنى ئاغزى پېچەتلەنگەن ساپ شاراب بىلەن سۇغىرىدۇ، بىر مۆمىن ئاچ قالغان بىر مۆمىننى غىزالاندۇرسا، ئاللا ئۇنى جەننەتنىڭ مېۋىلىرى بىلەن ئوزۇقلاندۇرىدۇ. بىر مۆمىن يالىڭاچ قالغان بىر مۆمىنگە كىيىم ـ كېچەك بەرسە، ئاللا ئۇنى جەننەتنىڭ يېشىللىقلىرى بىلەن پۈركەيدۇ.

مۆمىننىڭ قەلبى ئۈچۈن ئەڭ سۆيۈملۈكتۇر. ئۇلار ئۆزلىرى بەھرىمەن بولۇۋاتقان ئىنچىكە نېمەتلەرگە قارايدۇ. دوزاختا قاتتىق ئازاب چېكىۋاتقان دۈشمەنلىرىگە قارايدۇ. بۇ ياخشى بەندىلەرگە قارايدىغان بولساق، ئۇلارنىڭ چىرايىدىن نېمەتنىڭ ۋە خۇشاللىقنىڭ ئالامەتلىرى چىقىپ تۇرىدۇ. ئۇلار ھېچ كىشىنىڭ قولى تەگمىگەن، پېچەتلەنگەن، سۈپسۈزۈك شارابلار بىلەن سۇغىرىلىدۇ. ئۇ شارابلارنى ئىچكۈچىلەردىن ئىچىپ بولغاندا ئىپارنىڭ ھىدى كېلىپ تۇرىدۇ. ئۇلاردا بۇ دۇنيادا ھاراق ئىچكۈچىلەردە بولىدىغان بەتبۇيلۇق بولمايدۇ. ئالدىرىغۇچىلار ۋە ياخشىلىقتا قىزىققۇچىلارمۇ شۇنداق ساۋاب ۋە مۇكاپاتقا ئېرىششكە ئالدىرىسۇن. ئۇلار ياخشى ئىشلارنى قىلىپ جەننەتكە كىرىپ، مۇشۇنداق نېمەتكە ئېرىشىدۇ. ئاندىن ئاللاتائالا "رەھىق" دەپ ئاتىلىدىغان مەي ئۈستىدە توختىلىپ، بۇنىڭ تەسنىمدىن ئېتىلىپ چىقىدىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ ۋە "تەسنىم"نى ئاللانىڭ يېقىن بەندىلىرى ئىچىدىغان بۇلاق دەپ چۈشەندۈرىدۇ. "رەھىق" جەننەتتىكى ئەڭ ئېسىل شاراب بولۇپ، ئۇ ئاللاغا يېقىن بەندىلەرگە قۇيۇپ بېرىلىدۇ.

**مۇھىم نۇقتىلىرى:**

1. ياخشىلارنىڭ بارىدىغان جايى ۋە ئاللانىڭ ئۇلارغا ئاخىرەتتە تەييارلىغان نېمەتلىرى بايان قىلىنىدۇ.

2. ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا ئالدىراشقا رىغبەتلەندۈرۈلىدۇ.

3. قىيامەت كۈنى مۆمىنلەرنىڭ ئاللاتائالانى كۆرىدىغانلىقىغا ئىمان ئېيتىش تەرغىپ قىلىنىدۇ.

إِنَّ الَّذِينَ أَجْرَمُوا كَانُوا مِنَ
الَّذِينَ آمَنُوا يَضْحَكُونَ ﴿٢٩﴾ وَإِذَا مَرُّوا بِهِمْ يَتَغَامَزُونَ ﴿٣٠﴾
وَإِذَا انقَلَبُوا إِلَىٰ أَهْلِهِمُ انقَلَبُوا فَكِهِينَ ﴿٣١﴾ وَإِذَا رَأَوْهُمْ قَالُوا
إِنَّ هَٰؤُلَاءِ لَضَالُّونَ ﴿٣٢﴾ وَمَا أُرْسِلُوا عَلَيْهِمْ حَافِظِينَ ﴿٣٣﴾ فَالْيَوْمَ
الَّذِينَ آمَنُوا مِنَ الْكُفَّارِ يَضْحَكُونَ ﴿٣٤﴾ عَلَى الْأَرَائِكِ
يَنظُرُونَ ﴿٣٥﴾ هَلْ ثُوِّبَ الْكُفَّارُ مَا كَانُوا يَفْعَلُونَ ﴿٣٦﴾

**تەرجىمىسى:**

كاپىرلار ھەققەتەن مۆمىنلەرنى (مەسخىرە قىلىپ) كۈلەتتى* (29) (مۆمىنلەر) ئۇلارنىڭ ئالدىدىن ئۆتكەندە، ئۇلار ئۆزئارا كۆز قىسىشاتتى (30)، ئۆيلىرىگە قايتقاندا (مۆمىنلەرنىڭ غەيۋىتىنى قىلىپ) مەززە قىلغان ھالدا قايتىشاتتى (31)، مۆمىنلەرنى كۆرگەندە، "بۇلار شەكسىز ئاداشقانلار" دېيىشەتتى (32). ئۇلار مۆمىنلەرنى كۆزىتىشكە ئەۋەتىلگىنى يوق (33). بۈگۈن (يەنى قىيامەت كۈنى) مۆمىنلەر كاپىرلاردىن كۈلىدۇ (34). (كاپىرلار)نىڭ ھالىغا (ئېسىل)

* «مۇئمىنۇن» سۈرىسىدە بۇ مەزمۇن مۇنداق شەرھلىنىدۇ: "ئۇلارنى مەسخىرە قىلدىڭلار، ھەتتا ئۇلار سىلەرگە مېنىڭ زىكرىمنى ئۇنتۇلدۇردى، سىلەر ئۇلاردىن كۈلەتتىڭلار، سەۋر قىلغانلىقلىرى ئۈچۈن مەن ئۇلارنى بۈگۈن مۇكاپاتلىدىم، ئۇلار ھەققەتەن مەقسەتكە ئېرىشكۈچىلەردۇر."

www.uyghurkitap.com

تەختلەر ئۈستىدە ئولتۇرۇپ نەزەر تاشلايدۇ[35]. (كاپىرلار مۆمىنلەرنى) مەسخىرە قىلغان قىلمىشلىرىنىڭ جازاسىنى تارتتىمۇ؟[36].

**يۇقىرىقى ئايەتلەرنىڭ ئومۇمىي مەزمۇنى:**

ئاللاتائالا مۆمىنلەرگە تەييارلىغان نازۇنېمەتلەرنى، كۇففارلارغا قىلىدىغان ئازابلارنى بايان قىلغاندىن كېيىن، دۇنيادا مۇشرىكلارنىڭ مۆمىنلەرگە قىلغان مۇئامىلىسى، ئۇلارغا قارىغاندا مۆمىنلەرنىڭ ئاخىرەتتە قانداق مۇئامىلىدە بولىدىغانلىقى ھەققىدە توختىلىدۇ. كۇففارلار مۆمىنلەرنى مەسخىرە قىلىپ كۈلەتتى، مۆمىنلەر ئۇلارنىڭ ئالدىدىن ئۆتكەن چاغدا كۆز ئىشارىسى قىلىشىپ، ئۇلارنى زاڭلىق قىلاتتى. كۇففارلار ئۆيلىرىگە قايتقان چاغلىرىدا، مۆمىنلەرنى زاڭلىق قىلىشىپ مەززە قىلىشاتتى. مۇشرىكلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرىنى ئۇلارنىڭ دىنىدا بولمىغانلىقى ئۈچۈن گۇمراھلار ۋە يولدىن چەتنىگەنلەر دېيىشەتتى. مۇشرىكلارغا مۆمىنلەرنىڭ ئىش-ھەرىكىتىنى كۆزىتىش ۋەزىپىسى تاپشۇرۇلغان ئەمەس. قىيامەت كۈنى ئاللاتائالا كۇففارلاردىن مۆمىنلەرگە ئىنتىقام ئېلىپ بېرىدۇ. كۇففارلار دوزاختا ئازابلىنىدۇ. مۆمىنلەر جەننەتلەردە نازۇنېمەتلەردىن ھۇزۇرلىنىدۇ. ئۇلار ئېسىل تەختلەر ئۈستىدە ئولتۇرۇپ، ئازاب چېكىۋاتقان كۇففارلارغا قارايدۇ. ئۇلار دۇنيادا كۇففارلار مۆمىنلەردىن كۈلگەندەك ئۇلاردىن كۈلىدۇ. كۇففارلارنىڭ دۇنيادا مۆمىنلەرنى مەسخىرە قىلىپ كۈلگەنلىكىگە بۇنىڭ بىلەن لايىق جازا بېرىلدىمۇ؟ ھەئە، ئۇلارغا تولۇق جازا بېرىلدى.

مۇھىم نۇقتىلىرى:

1. مۆمىنلەرنى كەمسىتىشنىڭ يا ئۇنى مەسخىرە قىلىشنىڭ هاراملىقى بايان قىلىنىدۇ.

2. مۆمىنلەرنى مەسخىرە قىلغۇچىلارنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقى كۆرسىتىلىدۇ.

3. ئاللاتائالانىڭ ئادىللىقى، كىم قايسى ئىشنى قىلسا، ئۇنىڭغا شۇ ئىش بىلەن جازا بېرىدىغانلىقى زىكرى قىلىنىدۇ.

آيَاتُهَا ٢٥ (٨٤) سُورَةُ الْإِنْشِقَاقِ مَكِّيَّةٌ (٨٣) رُكُوعُهَا ١

بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيْمِ

إِذَا السَّمَاءُ انْشَقَّتْ ﴿١﴾ وَأَذِنَتْ لِرَبِّهَا وَحُقَّتْ ﴿٢﴾ وَإِذَا
الْأَرْضُ مُدَّتْ ﴿٣﴾ وَأَلْقَتْ مَا فِيهَا وَتَخَلَّتْ ﴿٤﴾ وَأَذِنَتْ
لِرَبِّهَا وَحُقَّتْ ﴿٥﴾ يَا أَيُّهَا الْإِنْسَانُ إِنَّكَ كَادِحٌ إِلَىٰ رَبِّكَ
كَدْحًا فَمُلَاقِيهِ ﴿٦﴾ فَأَمَّا مَنْ أُوتِيَ كِتَابَهُ بِيَمِينِهِ ﴿٧﴾
فَسَوْفَ يُحَاسَبُ حِسَابًا يَسِيرًا ﴿٨﴾ وَيَنْقَلِبُ إِلَىٰ أَهْلِهِ
مَسْرُورًا ﴿٩﴾ وَأَمَّا مَنْ أُوتِيَ كِتَابَهُ وَرَاءَ ظَهْرِهِ ﴿١٠﴾ فَسَوْفَ
يَدْعُو ثُبُورًا ﴿١١﴾ وَيَصْلَىٰ سَعِيرًا ﴿١٢﴾ إِنَّهُ كَانَ فِي أَهْلِهِ
مَسْرُورًا ﴿١٣﴾ إِنَّهُ ظَنَّ أَنْ لَنْ يَحُورَ ﴿١٤﴾ بَلَىٰ إِنَّ رَبَّهُ كَانَ
بِهِ بَصِيرًا ﴿١٥﴾

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تەرجىمىسى:

## 84. سۈرە ئىنشىقاق

مەككىدە نازىل بولغان، 25 ئايەت.

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن.

ئاسمان يېرىلغان[1]، پەرۋەردىگارىنىڭ ئەمرىنى ئاڭلاپ ئىتائەت قىلغان، پەرۋەردىگارىنىڭ ئەمرىنى ئاڭلاشقا، ئىتائەت قىلىشقا لايىق بولغان چاغدا[2]، زېمىن سوزۇلغان[3]، قويىنىدىكى نەرسىلەرنى (يەنى ئۆلۈكلەرنى، مەدەنلەرنى) سىرتقا چىقىرىپ قۇرۇقدىنىپ قالغان[4]، پەرۋەردىگارىنىڭ ئەمرىنى ئاڭلاپ ئىتائەت قىلغان، پەرۋەردىگارىنىڭ ئەمرىنى ئاڭلاشقا، ئىتائەت قىلىشقا لايىق بولغان چاغدا، (ئىنسان خىيالىغا كەلمىگەن دەھشەتلىك ئەھۋاللارغا يولۇقىدۇ)[5]. ئى ئىنسان! سەن ھەقىقەتەن پەرۋەردىگارىڭغا مۇلاقات بولغىنىڭغاقەدەر (ئۆز ئىشىڭدا) سەئيى - ئىجتىھات قىلىسەن (يەنى ئەمەلىڭنىڭ نەتىجىسىنى كۆرىسەن)[6]. نامە - ئەمالى ئوڭ تەرىپىدىن بېرىلگەن ئادەمدىن ئاسان ھېساب ئېلىنىدۇ[7–8]. ئۇ (جەننەتتىكى) ئائىلىسىگە خۇشال - خۇرام قايتىدۇ[9]. نامە - ئەمالى ئارقا تەرەپتىن بېرىلگەن ئادەم[10]، "ۋاي!" دەپ تووۋلايدۇ(يەنى ئۆلۈمنى ئارزۇ قىلىدۇ)[11]، دوزاخقا كىرىدۇ[12]. چۈنكى ئۇ (دۇنيادىكى چېغىدا) ئائىلىسىدە شاد - خۇرام ئىدى[13]. ئۇ پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىغا قايتمايمەن دەپ گۇمان قىلدى[14]. ئۇنداق ئەمەس (يەنى ئۇ پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىغا قايتىدۇ).

پەرۋەردىگارى ھەقىقەتەن ئۇنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر[15].

### يۇقىرىقى ئايەتلەرنىڭ ئومۇمىي مەزمۇنى:

ئاللاتائالا قىيامەت كۈنى يۈز بېرىدىغان ئىشلارنى — ئاسماننىڭ يېرىلىپ، بىر-بىرىدىن ئاجرىلىدىغانلىقىنى، يېرىلىش بىلەن ۋە بويسۇنۇش بىلەن پەرۋەردىگارىنىڭ ئەمرىنى ئاڭلايدىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ. شۇنداقلا زېمىننىڭ سوزۇلىدىغانلىقىنى، كېڭىيىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ ئۈستىدىكى تاغلارنىڭ ۋە ئىمارەتلەرنىڭ يوقىلىشى بىلەن زېمىننىڭ تۈزلەڭلىككە ئايلىنىدىغانلىقىنى، قوينىدىكى ئۆلۈكلەرنى مەھشەرگاھقا بېرىش ئۈچۈن چىقىرىدىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ، زېمىننىڭ ئۆز پەرۋەردىگارىنىڭ ئەمرىنى ئاڭلايدىغانلىقىنى، ئاللاتائالانىڭ ئەمرىگە ئىتائەت قىلىشقا تېگىشلىك ئىكەنلىكىنى، ئاللا ئۇلۇغ بولۇپ، ھەممە نەرسە ئۇنىڭ ئۇلۇغلۇقىغا بويسۇنىدىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ. ئاندىن ئاللاتائالا پۈتۈن ئىنسانلارغا خىتاب قىلىپ: ئى ئىنسان، سەن تاكى ئەجىلىڭ يەتكۈچە ھەقىقەتەن تىرىشىپ ۋە سەئيى قىلىپ تۇرىسەن. ئاندىن سەن ھاياتىڭدا قىلغان ياخشى-يامان ئەمەللىرىڭگە مۇلاقات بولىسەن، شۇلارغا قاراپ مۇكاپاتلىنىسەن، يا جازالىنىسەن؛ نامە-ئەمالى ئوڭ قولىدىن بېرىلگەن ئادەمدىن ئاسان ھېساب ئېلىنىدۇ، دەيدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسىدە مۇنداق دېيىلگەن: ئاللاتائالا قىيامەت كۈنى بەندىنى ئۆزىگە ئەڭ يېقىن تۇرغۇزۇپ، سەن پالانى-پالانى ئىشلارنى قىلدىڭ دەپ، ئۇنىڭ گۇناھلىرىنى ساناپ كۆرسىتىدۇ. ئاندىن ئۇلارنى دۇنيادا ئاشكارىلىمىدىم، بۈگۈن ئۇنى مەغپىرەت قىلىمەن، دەيدۇ. ئۇ ئادەم جەننەتتىكى ئائىلىسىگە ئاللا-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

نىڭ بەرگەن ئاتالىرىدىن خۇشال ھالدا قايتىدۇ. ئۇنىڭ ئائىلىسى دېگەن سۆزدە ئۇنىڭ دۇنيا ئاياللىرىدىن، ھۆرلەردىن بولغان جەننەتتىكى ئاياللىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. نامە - ئەمالى ئارقا تەرىپى-دىن، سول تەرىپىدىن بېرىلسە (كاپىرنىڭ شۇنداق بولىدۇ)، ئۇ پەريات چېكىپ، ماڭا ۋاي دەيدۇ. ئۇ دوزاخقا تاشلىنىپ، ئۇنىڭ ھارارىتىدە كۆيىدۇ. چۈنكى ئۇ ئائىلىسىدە شاد - خۇرام بولۇپ، ئۆزىنىڭ ئاقىۋىتى ئۈستىدە ئويلانمايتتى. بۇ قىسقا خۇشاللىق ئۇنىڭغا ئۇزۇن قايغۇ ئېلىپ كەلدى. ئۇ ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىپ ئاللانىڭ دەرگاھىغا قايتىدىغانلىقىغا ئېتىقاد قىلمايتتى. ئۇ ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىشنى ئىنكار قىلىدىغانلاردىن ئىدى. ئاللاتا-ئالا ئۇنىڭ بۇ ئېتىقادىغا رەددىيە بېرىپ، ئۇنى دەسلەپتە قانداق ياراتقان بولسا شۇنداق ئەسلىگە كەلتۈرۈپ بېرىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ ئەمەللىرىگە قاراپ جازا بېرىدىغانلىقىنى، چۈنكى ئاللانىڭ ئۇنى كۆرۈپ تۇرىدىغانلىقىنى ۋە ئۇنىڭ ئەمەللىرىدىن خەۋەردار ئىكەن-لىكىنى بايان قىلىدۇ.

### مۇھىم نۇقتىلىرى:

1. ئاللاتائالانىڭ ئۇلۇغلۇقى، ئۇنىڭ ئەمرىگە ۋە ھەيۋىتىگە ھەممە نەرسىنىڭ بويسۇنىدىغانلىقى بايان قىلىنىدۇ.
2. قىيامەت كۈنىدىكى سائادەتمەنلەرنىڭ ئەھۋالى بايان قىلىنىدۇ.
3. قىيامەت كۈنىدىكى بەدبەختلەرنىڭ ئەھۋالى بايان قىلىنىدۇ.
4. قايتا تىرىلىشنى ئىنكار قىلغۇچىنىڭ كاپىر بولىدىغانلىقى كۆرسىتىلىدۇ.

5. ئەمەللەرنىڭ خاتىرىلىنىپ تۇرىدىغانلىقىغا ئىمان ئېيتىش تەرغىپ قىلىنىدۇ.

6. قىيامەت كۈنى ھەربىر ئادەمنىڭ نامە ـ ئەمالى ئۆزىگە بېرىلىدىغانلىقى، ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارنىڭ نامە ـ ئەمالى ئوڭ تەرىپىدىن، يامان ئەمەللەرنى قىلغانلارنىڭ نامە ـ ئەمالى سول تەرىپىدىن بېرىلىدىغانلىقى زىكرى قىلىنىدۇ.

فَلَآ أُقْسِمُ بِالشَّفَقِ ﴿١٦﴾ وَالَّيْلِ وَمَا
وَسَقَ ﴿١٧﴾ وَالْقَمَرِ إِذَا اتَّسَقَ ﴿١٨﴾ لَتَرْكَبُنَّ طَبَقًا عَنْ طَبَقٍ ﴿١٩﴾
فَمَا لَهُمْ لَا يُؤْمِنُونَ ﴿٢٠﴾ وَإِذَا قُرِئَ عَلَيْهِمُ الْقُرْاٰنُ
لَا يَسْجُدُونَ ﴿٢١﴾ بَلِ الَّذِيْنَ كَفَرُوْا يُكَذِّبُوْنَ ﴿٢٢﴾ وَاللّٰهُ
أَعْلَمُ بِمَا يُوْعُوْنَ ﴿٢٣﴾ فَبَشِّرْهُمْ بِعَذَابٍ أَلِيْمٍ ﴿٢٤﴾ إِلَّا
الَّذِيْنَ اٰمَنُوْا وَعَمِلُوا الصّٰلِحٰتِ لَهُمْ أَجْرٌ غَيْرُ مَمْنُوْنٍ ﴿٢٥﴾

**تەرجىمىسى:**

شەپەق (يەنى كۈن پاتقاندىن كېيىنكى ئۇپۇقتىكى قىزىللىق) بىلەن: كېچە ۋە ئۇنىڭ قاراڭغۇلۇقى باسقان نەرسىلەر بىلەن، نۇرى كامالەتكە يەتكەن ئاي (يەنى تولۇن ئاي) بىلەن قەسەمكى[16–18]، سىلەر جەزمەن بىر ھالدىن يەنە بىر ھالغا يۆتكىلىپ تۇرىسىلەر[19]، ئۇلا (يەنى مۇشرىكلار) نېمىشقا ئىمان ئېيتمايدۇ؟[20] ئۇلارنىڭ ئالدىدا قۇرئان ئوقۇلغان چاغدا نېمىشقا سەجدە قىلمايدۇ؟[21] بەلكى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كاپىرلار (ھەققەتنى) ئىنكار قىلىدۇ[22]. ئۇلارنىڭ دىللىرىدىكى يوشۇرۇن نەرسىلەرنى ئاللا ئوبدان بىلىدۇ[23]. ئۇلارغا قاتتىق ئازاب بىلەن بىشارەت بەرگىن[24]. پەقەت ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان كىشىلەر ئۈزۈلمەس ساۋابقا ئېرىشىدۇ[25].

## يۇقىرىقى ئايەتلەرنىڭ ئومۇمىي مەزمۇنى:

ئاللاتائالا شەپەق بىلەن، كېچە بىلەن ۋە كېچىنىڭ جاھاننى قاپلىغان قاراڭغۇلۇقى بىلەن قەسەم قىلدى، شۇنىڭدەك نۇرى تاكامۇللاشقان ئاي بىلەن قەسەم قىلدى. ئاللا مەخلۇقاتى ئىچىدىكى خالىغان نەرسە بىلەن قەسەم قىلىدۇكى، مەخلۇقاتلارغا ئاللادىن غەيرىي بىلەن قەسەم قىلىش دۇرۇس ئەمەس. ئاللانىڭ "سىلەر بىر ھالدىن يەنە بىر ھالغا يۆتكىلىپ تۇرىسىلەر" دېگەن سۆزى سەكراتنى، قايتا تىرىلىشنى، ھېساب بېرىشنى، ئاندىن جازاغا تارتىلىشنى ياكى مۇكاپاتقا ئېرىشىشنى كۆرسىتىدۇ. ئاللاتائالا كۇففارلارغا ۋەز-نەسىھەت قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ ئىمان ئېيتمىغانلىقىدىن ئەجەبلىنىشنى ئىزھار قىلىدۇ، ئۇلارنى ئەيىبلەيدىغانلىقىنى سوئال تەرىقىسىدە بايان قىلىدۇ. بۇ قۇرئاننى ئۇلۇغ ھېسابلىغانلىقتۇر. ئاندىن ئاللاتائالا قانچە دەلىل كۆرسەتسىمۇ ھەق-قەتكە بويسۇنماسلىق كۇففارلارنىڭ ئادىتى ئىكەنلىكىنى بايان قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ دىلىدىكى كۇفرىنى ئاللاتائالانىڭ ئوبدان بىلىدىغانلىقى زىكرى قىلىنىدۇ. ئاندىن كېيىن ئاللاتائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئۇلارنىڭ كۇفرى تۈپەيلىدىن ئۇلارغا تەييارلانغان قاتتىق ئازاب بىلەن ئۇلارنى خەۋەرلەندۈرۈشكە بۇيرۇيدۇ. بۇنداق خەۋەرلەرنى ئۇلارنى مەسخىرە قىلىش يۈزىسىدىن بىشارەت تەرىقىسىدە

بايان قىلىدۇ. چىن دىلىلىرى بىلەن ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئىشلارنى قىلغانلارنى كۇففارلار قاتارىدىن مۇستەسنا قىلىپ، ئۇلارغا ئۈزۈلمەس ساۋاب بېرىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ.

**مۇھىم نۇقتىلىرى:**

1. يالغۇز ئاللاتائالانىڭ ئۆز بەندىلىرىنى دانالىقى بىلەن باشقۇرۇپ تۇرىدىغان مەئبۇد بەرھەق ئىكەنلىكى كۆرسىتىلىدۇ.

2. تەكەببۇرلۇق قىلىپ قۇرئان كەرىمگە قارشى تۇرغۇچىلار ئەيىبلىنىدۇ.

3. ئاللاتائالانىڭ ئىھاتىسىنىڭ كەڭلىكى بايان قىلىنىدۇ.

4. ئاللانى ئىنكار قىلغان، ئاللاغا ھەققىي ئىشەنمىگەن كىشىلەر قىيامەت كۈنىدىكى قاتتىق ئازاب بىلەن قورقۇتۇلىدۇ

5. ئاللاغا ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان كىشىلەرگە دائىمىي ساۋاب بىلەن مۇكاپات بېرىلىدىغانلىقى كۆرسىتىلىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

اٰيَاتُهَا ٢٢ (٨٥) سُوْرَةُ الْبُرُوْجِ مَكِّيَّةٌ (٢٧) رُكُوْعُهَا ١

بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيْمِ

وَالسَّمَآءِ ذَاتِ الْبُرُوْجِ ۙ﴿١﴾ وَالْيَوْمِ الْمَوْعُوْدِ ۙ﴿٢﴾ وَشَاهِدٍ
وَّمَشْهُوْدٍ ؕ﴿٣﴾ قُتِلَ اَصْحٰبُ الْاُخْدُوْدِ ۙ﴿٤﴾ النَّارِ ذَاتِ
الْوَقُوْدِ ۙ﴿٥﴾ اِذْ هُمْ عَلَيْهَا قُعُوْدٌ ۙ﴿٦﴾ وَّهُمْ عَلٰى مَا يَفْعَلُوْنَ
بِالْمُؤْمِنِيْنَ شُهُوْدٌ ؕ﴿٧﴾ وَمَا نَقَمُوْا مِنْهُمْ اِلَّاۤ اَنْ يُّؤْمِنُوْا
بِاللّٰهِ الْعَزِيْزِ الْحَمِيْدِ ۙ﴿٨﴾ الَّذِيْ لَهٗ مُلْكُ السَّمٰوٰتِ وَالْاَرْضِ ؕ
وَاللّٰهُ عَلٰى كُلِّ شَيْءٍ شَهِيْدٌ ؕ﴿٩﴾ اِنَّ الَّذِيْنَ فَتَنُوا الْمُؤْمِنِيْنَ
وَالْمُؤْمِنٰتِ ثُمَّ لَمْ يَتُوْبُوْا فَلَهُمْ عَذَابُ جَهَنَّمَ وَلَهُمْ عَذَابُ
الْحَرِيْقِ ؕ﴿١٠﴾ اِنَّ الَّذِيْنَ اٰمَنُوْا وَعَمِلُوا الصّٰلِحٰتِ لَهُمْ جَنّٰتٌ
تَجْرِيْ مِنْ تَحْتِهَا الْاَنْهٰرُ ؕ۬ ذٰلِكَ الْفَوْزُ الْكَبِيْرُ ؕ﴿١١﴾

تەرجىمىسى:

85. سۈرە بۇرۇج

مەككىدە نازىل بولغان، 22 ئايەت.

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن.

بۇرۇجلارنىڭ* ئىگىسى بولغان ئاسمان بىلەن، قىيامەت كۈنى بىلەن، جۈمە كۈنى بىلەن، هارپا كۈنى بىلەن قەسەمكى [1—3]، ئورەكلەرنىڭ ئىگىلىرىگە لەنەت بولسۇن[4]. ئۇ ئورەكلەر لاۋۇلداپ تۇرغان ئوتلار بىلەن تولدۇرۇلغان ئىدى[5]. ئەينى ۋاقىتتا ئۇلار ئۆرەكلەر ئۈستىدە ئولتۇرۇپ، ئۆزلىرىنىڭ مۆمىنلەرگە قىلىۋاتقان ئىشلىرىنى كۆرۈپ تۇراتتى[6—7]. ئۇلار مۆمىنلەرنى پەقەت غالىب، مەدھىيىگە لايىق ئاللاغا ئىمان ئېيتقانلىقلىرى ئۈچۈنلا يامان كۆردى. ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ پادىشاھلىقى ئاللاغا خاستۇر. ئاللا ھەممە نەرسىنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر[8—9]. مۆمىن ئەر ۋە مۆمىن ئاياللارغا زىيانكەشلىك قىلغاندىن كېيىن كۇفرىدىن قايتمىغانلار، شۈبھىسىزكى، جەھەننەمنىڭ ئازابىغا دۇچار بولىدۇ، ئۇلارغا ئوت بىلەن ئازاب قىلىنىدۇ[10]. ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلار، شۈبھىسىزكى، ئاستىدىن ئۆستەڭلار ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرگە سازاۋەر بولىدۇ. بۇ چوڭ بەختتۇر[11].

### يۇقىرىقى ئايەتلەرنىڭ ئومۇمىي مەزمۇنى:

ئاللاتائالا يۇلتۇزلار يۆتكىلىپ تۇرىدىغان بۇرۇجلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئاسمان بىلەن قەسەم قىلىدۇ. چۈنكى ئۇ بۇرۇجلاردا ئاللاتائالانىڭ ھۈنىرىنىڭ نەپىسلىكى ۋە ئاجايىپ تەدبىرى نامايان قىلىنغان. ئاللاتائالا يەنە ئاسمان، زېمىن ئەھلىنىڭ توپلىنىشى

* "بۇرۇج" سۆزىنى چوڭ يۇلتۇزلار، "شاھىد" سۆزىنى قىيامەت كۈنى گۇۋاھلىق بەرگۈچى، "مەشھۇد" سۆزىنى گۇۋاھلىق بېرىلگۈچى دەپ تەفسىر قىلغۇچىلارمۇ بار.

www.uyghurkitap.com

ۋەدە قىلىنغان قىيامەت كۈنى بىلەن قەسەم قىلدى، يەنە ئۇ جۈمە، ھارپا كۈنلىرىنىڭ ئۇلۇغ ۋە شەرەپلىك بولغانلىقى، مۇسۇلمانلارنىڭ ئۇ كۈنلەردە جەم بولىدىغانلىقى ئۈچۈن شۇ كۈنلەر بىلەن قەسەم قىلدى. مەخلۇقاتقا ئاللانىڭ غەيرىي بىلەن قەسەم قىلىش دۇرۇس بولمايدۇ. ئەسهابى ئۇخدۇد (خەندەك ئىگىلىرى) قىسسىسى مەرھۇم ئىبنى كەسىر قىسقىچە مۇنداق بايان قىلغان: "بۇ بىر كۇففار قەۋمى-نىڭ قىسسىسى بولۇپ، ئۇلار يېنىدىكى مۆمىنلەرنى دىنىدىن يېنىشقا قىستىغان. مۆمىنلەر بۇنىڭدىن باش تارتقان. شۇنىڭ بىلەن كۇففارلار خەندەكلەرنى كولاپ، يېقىلغۇ تەييارلاپ، خەندەكلەرگە ئوت ياققان. ئاندىن ئۇلارنى كۇفرىغا زورلىغان. ئۇلار كۇفرىدىن باش تارتقاندىن كېيىن ئۇلارنى ئوتقا تاشلىغان." كۇففارلارنىڭ مۇشۇ ئىشى ئۈچۈن ئاللا ئۇلارغا لەنەت قىلغان. ئۇلار خەندەكلەر-نىڭ چۆرىسىدە ئولتۇرۇپ، ئىماندىن قايتمىغانلارنى خەندەكتىكى يېنىپ تۇرغان ئوتقا تاشلىغان. ئۇلار ئوتقا تاشلانغانلارنىڭ كۆيۈپ ئازابلىنىۋاتقانلىقىغا قاراپ تۇرۇشقان. ئۇلار مۆمىنلەردىن پەقەت غالىب ئاللاغا ئىمان ئېيتقانلىقلىرى ئۈچۈنلا ئىنتىقام ئېلىشقان. ئاللاتائالا سۆزىدە ۋە ھەرىكىتىدە مەدھىيىلىنىشكە لايىقتۇر، ئاسمان-زېمىندىكى ھەممە نەرسە ئاللانىڭ مۈلكىدۇر. ئۇلارغا ئىگىدارچىلىق قىلىشتا ئاللاتائالاغا ھېچ كىشى شېرىك بولالمايدۇ. ئاللاتائالا مەخلۇقاتنىڭ ئىشلىرىنى بىلىپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭغا ھېچ نەرسە مەخپىي ئەمەس.

ئاندىن ئاللاتائالا مۆمىنلەرنى ئازابلىغان ۋە كۆيدۈرگەن كۇففارلار تەۋبە قىلماي كاپىر پېتى دۇنيادىن كەتسە، ئۇلارنىڭ ئاخىرەتتە دوزاخ ئازابىغا دۇچار بولىدىغانلىقىنى خەۋەر قىلىدۇ.

شۇنىڭدەك ئاللاتائالا ئاخىرەتتە مۆمىنلەر ئۈچۈن تەييارلىغان نازۇنېمەتلەرنى بايان قىلىدۇ؛ ئاخىرەتتە ئۇلارغا ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان بۈيۈك باغلارنى تەييارلىغانلىقىنى، بۇ ئۆستەڭلەردە سۇ، تەمى ئۆزگەرمىگەن سۈت، مەي ۋە ھەسەللەر ئېقىپ تۇرىدىغانلىقىنى، بۇ نازۇنېمەت ۋە ئىززەت-ھۆرمەتنىڭ ھېچقانداق بەختكە ئوخشىمايدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ كىشىلەر تەسەۋۋۇر قىلغاندىنمۇ زور بەخت ئىكەنلىكىنى زىكرى قىلىدۇ.

**مۇھىم نۇقتىلىرى:**

1. ئاللاتائالانىڭ قۇدرىتىنىڭ كامىللىقى ۋە ھۈنىرىنىڭ ئاجايىپلىقى زىكرى قىلىنىدۇ.
2. قىيامەت كۈنىنىڭ بۈيۈكلۈكى تەسۋىرلىنىدۇ.
3. جۇمە كۈنى بىلەن ھارپا كۈنىنىڭ پەزىلىتى سۆزلىنىدۇ.
4. مۆمىنلەر ئۆز ئىمانىدا مۇستەھكەم تۇرۇشقا تەرغىپ قىلىنىدۇ، ھەددىدىن ئېشىپ مۆمىنلەرگە چېقىلغان كۇففارلارغا ئاگاھلاندۇرۇش بېرىلىدۇ.
5. ئۆتكەنكى مۆمىنلەرگە يەتكەن ئەزىيەتلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئاللا يولىدا چەككەن ئازاب-ئوقۇبەتلەرگە سەۋر قىلغانلىقى بايان قىلىنىدۇ.
6. ئاللاتائالانىڭ پادىشاھلىقىنىڭ كەڭلىكى ۋە ئۇنىڭ ھەممە نەرسىدىن تولۇق خەۋەردار ئىكەنلىكى كۆرسىتىلىدۇ.
7. كۇففارلارغا ئالدىراپ ئازاب قىلماي، ئۇلارنى تەۋبىگە چاقىرغانلىق ئاللانىڭ پەزلى مەرھەمىتىنىڭ كەڭلىكىدىندۇر.
8. قىيامەت كۈنىدىكى كۇففارلارنىڭ ۋە مۆمىنلەرنىڭ ئاقىۋىتى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بايان قىلىنىدۇ.

إِنَّ
بَطْشَ رَبِّكَ لَشَدِيدٌ ﴿١٢﴾ إِنَّهُ هُوَ يُبْدِئُ وَيُعِيدُ ﴿١٣﴾ وَهُوَ
الْغَفُورُ الْوَدُودُ ﴿١٤﴾ ذُو الْعَرْشِ الْمَجِيدُ ﴿١٥﴾ فَعَّالٌ لِّمَا
يُرِيدُ ﴿١٦﴾ هَلْ أَتَاكَ حَدِيثُ الْجُنُودِ ﴿١٧﴾ فِرْعَوْنَ وَثَمُودَ ﴿١٨﴾
بَلِ الَّذِينَ كَفَرُوا فِي تَكْذِيبٍ ﴿١٩﴾ وَاللَّهُ مِن وَرَائِهِم
مُّحِيطٌ ﴿٢٠﴾ بَلْ هُوَ قُرْآنٌ مَّجِيدٌ ﴿٢١﴾ فِي لَوْحٍ مَّحْفُوظٍ ﴿٢٢﴾

**تەرجىمىسى:**

پەرۋەردىگارىڭنىڭ جازاسى شەك ـ شۈبھىسىز قاتتىقتۇر[12]. ئاللا (خالايىقنى) ھەقىقەتەن يوقتىن بار قىلىدۇ (يەنى ئۆلگەندىن كېيىن ئۇلارنى) تىرىلدۈرىدۇ[13]. ئاللا (مۆمىن بەندىلەرنىڭ گۇناھىنى) مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، (ئۇلارنى) دوست تۇتقۇچىدۇر[14]، ئەرشنىڭ ئىگىسىدۇر، ناھايىتى ئۇلۇغدۇر[15]، خالىغىنىنى قىلغۇچىدۇر[16]. (ئى مۇھەممەد!) سەن لەشكەرلەرنىڭ — پىرئەۋن ۋە سەمۇدنىڭ قىسسىدىن خەۋەر تاپتىڭمۇ؟[17—18] (قۇرەيش مۇشرىكلىرى ئاشۇ كاپىرلارغا نازىل بولغان ئازابتىن ئىبرەت ئالماي) داۋاملىق ئىنكار قىلىشىۋاتىدۇ[19]. ئاللا كاپىرلارنىڭ ئەتراپىنى قورشاپ تۇرغۇچىدۇر[21]. بەلكى (ئۇلار ئىنكار قىلغان نەرسە) لەۋھۇلمەھفۇزدا ساقلانغان ئۇلۇغ قۇرئاندۇر[21—22].

## يۇقىرىقى ئايەتلەرنىڭ ئومۇمىي مەزمۇنى:

ئاللاتائالانىڭ كۈچ-قۇدرىتى زوردۇر. ئۇ زالىملارنى قاتتىق جازالايدۇ، ئىنسانلارنى دۇنيادا يوقتىن بار قىلىدۇ؛ ئۇلاردىن ھېساب ئېلىش، ئۇلارنى مۇكاپاتلاش ۋە جازالاش ئۈچۈن، ئۆلگەندىن كېيىن قايتا تىرىلدۈرىدۇ. ئاللاتائالا مۆمىن بەندىلەرنىڭ گۇناھلىرىنى ئاشكارىلىمايدۇ، ئۆزىنىڭ دوستلىرىنى دوست تۇتۇپ، ئۇلارنى مەغپىرەت قىلىدۇ. ئاللا ئۇلۇغ ئەرشنىڭ ئىگىسىدۇر، خالايىقتىن ئۈستۈندۇر. ئاللانىڭ پەزلى كەرەمى چوڭ-دۇر، ئاللا خالىغىنىنى قىلغۇچىدۇر، ھېچ نەرسىدىن ئاجىز ئەمەستۇر. ئاللاتائالا زالىملارنى جازالايدىغانلىقىنى مۇقىملاشتۇرىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆز قەۋمىنىڭ ئىنكار قىلىشىغا ئۇچرىغانلىق-تىن، ئاللا ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىش ئۈچۈن، پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلغان قەۋملەرنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەر تاپتىڭمۇ؟ ئۇلار پىرئەۋن ۋە سەمۇد قەۋملىرىدۇر، ئۇلارغا ئاللانىڭ ئازابىنىڭ نازىل بولغانلىقىدىن خەۋىرىڭ بارمۇ؟ دەپ سورايدۇ. بۇ يەردە ئاللانىڭ پىرئەۋن بىلەن سەمۇدنى ئالاھىدە زىكرى قىلىشى شۇنىڭ ئۈچۈندۇركى، سەمۇد ئەرەب زېمىنىدا ئۆتكەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ قىسسىسى مەككە مۇشرىكلىرىنىڭ ئارىسىدا مەشھۇر ئىدى؛ پىرئەۋن بولسا ئەھلى كىتابنىڭ ۋە ئۇلارنىڭ غەيرىينىڭ ئارىسىدا مەشھۇر ئىدى. ئاللا ئۇلارنىڭ ھالاك قىلىنغانلىقىنى بايان قىلىش ئارقىلىق شۇلارغا ئوخشاش پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلغانلارنىڭ ھالاك بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئىنكار قىلغانلارمۇ شۇلارنىڭ قاتارىدا بولىدۇ. ئۇلار قۇرئاننىڭ ئايەتلىرىگە ئىشەنمىدى. ئۇلار

قارشىلىق قىلىپ، بۇنىڭدىن گۇمانلانىدى. ئاللا ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىنى تولۇق بىلىدۇ. پەيغەمبەرلىرىنى ئىنكار قىلغان بۇرۇنقى ئۈممەتلەرنى ھالاك قىلغانىدەك، ئۇلارنىمۇ ھالاك قىلىشقا ئاللا قادىردۇر؛ ئۇلار ئىنكار قىلغان ئايەتلەر ئۇلار گۇمان قىلغىنىدەك سېھىرگەرلىك، كاھىنلىق ياكى توقۇلما سۆز ۋە ياكى بۇرۇنقىلارنىڭ ھېكايىسى ئەمەستۇر. ئۇ پەقەت ناھايىتى شەرەپلىك، ئۇلۇغ قۇرئاندۇر. ئۇ ئاللانىڭ دەرگاھىدا شەيتانلار يېقىنلىشالمايدىغان لەۋھۇلمەھفۇزدا يېزىقلىقتۇر.

دەرس نۇقتىلىرى:

1. ئاللاتائالانىڭ زالىملارنى، كۇففارلارنى قاتتىق جازالايدىغانلىقى كۆرسىتىلىدۇ.

2. "دوست تۇتۇش" دېگەن سۈپەت ئاللاتائالانىڭ ئۇلۇغلۇقىغا مۇناسىپ رەۋىشتە ئىسپاتلىنىدۇ.

3. ئۈستۈنلۈك ئاللاتائالاغا نىسبەت بېرىلىدۇ. ئەرش مەخلۇقاتلارنىڭ ئەڭ ئۈستۈنىدۇر، ئاللاتائالا ئۆزىگە، ئۆزىنىڭ ئۇلۇغلۇقىغا لايىق رەۋىشتە ئەرشنىڭ ئۈستىدۇر.

4. كۇففارلار قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇلىدۇ.

5. قۇرئان كەرىمنىڭ شەرەپلىك ۋە ئۇلۇغ ئىكەنلىكى، ئاللاتائالانىڭ دەرگاھىدا قۇرئاننىڭ قەدىر-قىممىتىنىڭ يۇقىرىلىقى بايان قىلىنىدۇ.

6. لەۋھۇلمەھفۇزغا ۋە ئۇنىڭدا ئاللاتائالانىڭ كىتابىنى قويغانلىقىغا ئىمان ئېيتىشنىڭ لازىملىقى، بۇ ھەقتە بۇنىڭدىن چوڭقۇرراق توختىلىشنىڭ بىزگە لايىق ئەمەسلىكى كۆرسىتىلىدۇ.

آياتها ١٧ (٨٦) سُورَةُ الطَّارِقِ مَكِّيَّةٌ (٣٦) ركوعها ١

بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيمِ

وَالسَّمَآءِ وَالطَّارِقِ ۝١ وَمَآ أَدْرٰكَ مَا الطَّارِقُ ۝٢ النَّجْمُ
الثَّاقِبُ ۝٣ إِنْ كُلُّ نَفْسٍ لَّمَّا عَلَيْهَا حَافِظٌ ۝٤ فَلْيَنْظُرِ
الْإِنْسَانُ مِمَّ خُلِقَ ۝٥ خُلِقَ مِنْ مَّآءٍ دَافِقٍ ۝٦ يَخْرُجُ مِنْ
بَيْنِ الصُّلْبِ وَالتَّرَآئِبِ ۝٧ إِنَّهُ عَلٰى رَجْعِهِ لَقَادِرٌ ۝٨
يَوْمَ تُبْلَى السَّرَآئِرُ ۝٩ فَمَا لَهُ مِنْ قُوَّةٍ وَّلَا نَاصِرٍ ۝١٠

**تەرجىمىسى:**

### 36. سۈرە تارىق

مەككىدە نازىل بولغان، 17 ئايەت.

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللانىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن.

ئاسمان بىلەن، تارىق (يەنى كېچىدە ئاشكارا بولغۇچى يۇلتۇز) بىلەن قەسەم قىلىمەن[1]. تارىقنىڭ نېمىلىكىنى بىلەمسەن؟[2] ئۇ يورۇق يۇلتۇزدۇر[3]. ھەربىر ئادەم بىلەن (شۇ ئادەمنى) ساقلىغۇچى (پەرىشتە) بار[4]. ئىنسان نېمىدىن يارىتىلغانلىقىغا قارىسۇن[5]. ئۇ ئېتىلىپ چىققۇچى مەنىدىن يارىتىلدى[6]. ئۇ مەنى ئۇمۇرتقا بىلەن قوۋۇرغا سۆڭەكنىڭ ئارىسىدىن چىقىدۇ[7]. شەك-شۈبھىسىزكى، ئاللا ئۇنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە (يەنى تىرىل-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

دۇرۇشكە) قادىردۇر[8]، سىرلار ئاشكارا قىلىنىدىغان كۈندە (يەنى قىيامەتتە)[9]، ئۇنىڭدىن (يەنى ئىنساندىن ئازابنى دەپئى قىلىدىغان) ھېچ كۈچ ۋە ياردەمچى يوقتۇر[10].

يۇقىرىقى ئايەتلەرنىڭ ئومۇمىي مەزمۇنى:

ئاللاتائالا ئاسمان بىلەن ۋە تارىق بىلەن قەسەم قىلدى، تارىقنى يورۇق يۇلتۇز دەپ ئىزاھلىدى. بۇ يەردە ئومۇمىي يۇلتۇزلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ. دېمەك، ئاللاتائالا بۇ يەردە ھەربىر ئاسمان، ھەربىر يۇلتۇز بىلەن قەسەم قىلغان بولىدۇ. ھەربىر ئادەم بىلەن بىللە ئۇنى ساقلىغۇچى پەرىشتە بولىدۇ. پەرىشتە ئۇنىڭ ئەمەلىنى كۆزىتىدۇ، ئۇنىڭ قىلغان ياخشى-يامان ئىشلىرىنى خاتىرىلەيدۇ. ئاندىن ئاللاتائالا ئىنساننى ئۆزىنىڭ ئەسلى يارىتىلىشى ئۈستىدە پىكىر قىلىشقا يېتەكلەيدۇ، ئىنسانغا ئۇنى دەسلەپ ياراتقان زاتنىڭ قايتا تىرىلدۈرۈشكە قادىر ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. ئىنساننى ۋە ئۇنىڭ ئەمەللىرىنى كۆزىتىپ تۇرىدىغان كۆزەتكۈچى پەرىشتىلەر بولغانلىقى ئۈچۈن، ئىنسانغا پەرىشتىلەر ئاقىۋەت ئۇنى خۇشال قىلىدىغان نەرسىلەرنى خاتىرىلەشكە لايىق دەپ ئاگاھلاندۇرىدۇ. يەنە ئىنساننىڭ ئەرنىڭ ئومۇرتقىسىدىن ۋە ئايالنىڭ قوۋۇرغىسىدىن بالا ياتقۇغا ئېتىلىپ چۈشكۈچى ئاجىز مەنىدىن ئىبارەت سۇدىن يارىتىلغانلىقىنى بايان قىلىدۇ. شۇنىڭدەك ئاللاتائالا ئىنساننى ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلدۈرۈشكە قادىر ئىكەنلىكىنى زىكرى قىلىدۇ. شۇ نەرسە ناھايىتى ئوچۇق مەلۇمكى، مۇشۇنداق ئاجىز نەرسىدىن ئىنساننى ياراتقان زات قىيامەت كۈنى ئۇنىڭغا قايتا جان كىرگۈزۈشكە قادىردۇر. قىيامەت كۈنى كىشىلەرنىڭ يوشۇرغان سىرلىرى ئاشكارا

بولىدۇ. بۇ بۈيۈك كۈندە ئىنسانغا ياردەم بېرىدىغان ياردەمچى بولمايدۇ. ئۇنى ئاللانىڭ ئازابىدىن قۇتقۇزۇۋالىدىغان ھېچقانداق كۈچ بولمايدۇ.

**مۇھىم نۇقتىلىرى:**

1. كىشىلەرنىڭ ياخشى-يامان ئەمەللىرىنى خاتىرىلەپ تۇرىدىغان پەرىشتىلەرگە ئىمان ئېيتىشنىڭ لازىملىقى سۆزلىنىدۇ.

2. ئاللاتائالانىڭ ئىنساننى دەسلەپ ياراتقانلىقى ئۈستىدە پىكىر قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكى، ئۇنى ئاجىز نەرسىدىن ياراتقان ئاللاتائالانىڭ ئۆلگەندىن كېيىن جازالاش-مۇكاپاتلاش، ھېساب ئېلىش ئۈچۈن قىيامەت كۈنى ئۇنى قايتا تىرىلدۈرۈشكە قادىر ئىكەنلىكى بايان قىلىنىدۇ.

3. قىيامەت كۈنى دىللاردا يوشۇرغان سىرلارنىڭ ئاشكارا بولىدىغانلىقى، بۇ چاغدا ئىنسان ھېچ كۈچ-قۇۋۋەتكە ئىگە بولمىغانلىقتىن ئۆزىنى قوغداشتىن ئاجىز قالىدىغانلىقى زىكرى قىلىنىدۇ.

وَالسَّمَآءِ
ذَاتِ الرَّجْعِ ﴿١١﴾ وَالْأَرْضِ ذَاتِ الصَّدْعِ ﴿١٢﴾ إِنَّهُ لَقَوْلٌ
فَصْلٌ ﴿١٣﴾ وَمَا هُوَ بِالْهَزْلِ ﴿١٤﴾ إِنَّهُمْ يَكِيدُونَ كَيْدًا ﴿١٥﴾
وَأَكِيدُ كَيْدًا ﴿١٦﴾ فَمَهِّلِ الْكَافِرِينَ أَمْهِلْهُمْ رُوَيْدًا ﴿١٧﴾

**تەرجىمىسى:**

يامغۇرلۇق بۇلۇت بىلەن قەسەمكى[11]، يېرىلىپ (گىياھلارنى

ئۇنىڭ توغرىسىدىكى) ئويدۇرۇپ بېرىدىغان) زېمىن بىلەن قەسەمكى[12]، قۇرئان شەك ـ شۈبھىسىز (ھەق بىلەن باتىلنى ئايرىغۇچى) سۆزدۇر[13]. ئۇ چاقـ چاق ئەمەستۇر[14]. ئۇلار (يەنى مۇشرىكلار قۇرئاننى يوققا چىقىرىش ئۈچۈن) ھەقىقەتەن ھىيلە ـ مىكىر ئىشلىتىدۇ[15]. مەن ئۇلارنىڭ ھىيلە ـ مىكرىگە تاقابىل تۇرىمەن[16]. (ئى مۇھەممەت!) كاپىرلارـ نىڭ ھالاك بولۇشىغا ئالدىرىمىغىن، ئۇلارغا ئازراق مۆھلەت بەرگىن (ئۇزاققا قالماي، ئۇلارغا قانداق قىلىدىغانلىقىمنى كۆرىسەن)[17].

**يۇقىرىقى ئايەتلەرنىڭ ئومۇمىي مەزمۇنى:**

ئاللاتائالا يامغۇر ياغدۇرىدىغان بۇلۇت بىلەن، ئۆسۈملۈكلەر، دەل ـ دەرەخلەر ئۈنۈپ بېرىدىغان يەر بىلەن قەسەم قىلىدۇ. بۇنىڭدىن مەقسەت ئەرەبلەرگە ئۇلارنىڭ كۆزلىرى كۆرۈپ تۇرىدىـ غان نەرسىلەر بىلەن مۇراجىئەت قىلىشتۇر. قۇرئان ھەق بىلەن ناھەقنى ئايرىپ بېرىدىغان ھەل قىلغۇچ سۆزدۇر، ئۇ ئويۇن ـ چاقچاق ۋە يالغان ئەمەستۇر. كاپىرلار بولسا پەيغەمبەر ئەلەيھسساـ لامغا ھىيلە ـ مىكىر ئىشلىتىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ ئىشىنى يوققا چىقىرىش ئۈچۈن، ئۇنىڭغا قارشى تۈرلۈك چارە ـ تەدبىرلەرنى كۆرىدۇ. ئاللا ئۇلارنى بىلمىگەن يەرلىرىدىن قايمۇقتۇرۇپ، ئۇلارـ نىڭ ئەمەلىنى يوققا چىقىرىدۇ، ئۇلارنى ھالاك قىلىدۇ. ئاندىن ئاللاتائالا پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامغا كۇففارلارنىڭ ھالاك بولۇشى ئۈچۈن دۇئايىبەد قىلىشقا ئالدىراپ كەتمە دەپ بۇيرۇيدۇ. ئۇلارغا مۆھلەت بېرىپ، كەلگۈسىدە ئازاب نازىل قىلىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ.

مۇھىم نۇقتىلىرى:

1. قۇرئان كەرىمنىڭ شەرەپلىك ۋە ئۇلۇغ ئىكەنلىكى بايان قىلىنىدۇ.

2. قۇرئان كەرىمنى ئوقۇغان، ئاڭلىغان ئادەمنىڭ قۇرئاننى ھۆرمەتلەش ۋە ئۇلۇغلاش يۈزىسىدىن ئۇنى ئۇلۇغ بىلىشى، ئۇنى ئويۇن-چاقچاقتىن يىراق تۇتۇشى لازىملىقى تەكىتلىنىدۇ.

آياتها ١٩ (٨٧) سُورَةُ الْأَعْلَىٰ مَكِّيَّةٌ (٨) ركوعها ١

بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيْمِ

سَبِّحِ اسْمَ رَبِّكَ الْأَعْلَى ۝١ الَّذِيْ خَلَقَ فَسَوّٰى ۝٢ وَالَّذِيْ
قَدَّرَ فَهَدٰى ۝٣ وَالَّذِيْٓ اَخْرَجَ الْمَرْعٰى ۝٤ فَجَعَلَهٗ غُثَآءً
اَحْوٰى ۝٥ سَنُقْرِئُكَ فَلَا تَنْسٰٓى ۝٦ اِلَّا مَا شَآءَ اللّٰهُ ط اِنَّهٗ
يَعْلَمُ الْجَهْرَ وَمَا يَخْفٰى ۝٧ وَنُيَسِّرُكَ لِلْيُسْرٰى ۝٨ فَذَكِّرْ
اِنْ نَّفَعَتِ الذِّكْرٰى ۝٩ سَيَذَّكَّرُ مَنْ يَّخْشٰى ۝١٠ وَ
يَتَجَنَّبُهَا الْاَشْقَى ۝١١ الَّذِيْ يَصْلَى النَّارَ الْكُبْرٰى ۝١٢ ثُمَّ
لَا يَمُوْتُ فِيْهَا وَلَا يَحْيٰى ۝١٣

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

**تەرجىمىسى:**

## 87. سۈرە ئەئلا*

مەككىدە نازىل بولغان، 19 ئايەت.

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن.

ھەممىدىن ئۈستۈن پەرۋەردىگارىڭنىڭ نامىنى پاك ئېتىقاد قىلغىن[1]. ئۇ (پۈتۈن مەخلۇقاتنى) ياراتتى، (ئۇلارنى) بىجىرىم (يەنى چىرايلىق ۋە مۇناسىپ شەكىلدە) قىلدى[2]. مەخلۇقاتقا پايدىلىق ئىشلارنى (تەقدىر قىلدى، ئۇلارغا پايدىلىنىش يوللىرىنى) كۆرسەتتى[3]. ئىرت-چۆپلەرنى ئۆستۈرۈپ بەردى[4]. ئاندىن ئۇلارنى قارامتۇل قۇرۇق ئوت-خەسكە ئايلاندۇردى[5]. (ئى مۇھەممەد!) ساڭا (قۇرئاننى) ئوقۇتىمىز، ئاللا (نەسخى) قىلماقچى بولغان نەرسىدىن باشقىنى ئۇنتۇمايسەن. ئاللا (بەندىلەرنىڭ) ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن (سۆز-ھەرىكەتلىرىنى) بىلىپ تۇرىدۇ[6-7]. سېنى بىز ئاسان يولغا (يەنى ئىسلام شەرىئىتىگە) مۇۋەپپەق قىلىمىز[8]. ۋەز-نەسىھەت پايدىلىق بولىدىغان بولسا، (كىشىلەرگە قۇرئان بىلەن) ۋەز-نەسىھەت قىلغىن[9]. ئاللادىن (قورققان)

---

* نۇئمان ئىبنى بەشىردىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ مۇنداق دېگەن: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىككى ھېيت ۋە جۈمە نامازلىرىدا «ئەئلا» سۈرىسى بىلەن «غاشىيە» سۈرىسىنى ئوقۇيتتى. ھېيت بىلەن جۈمە بىر كۈندە كېلىپ قېلىپ ئىككىلىسىدە مەزكۇر ئىككى سۈرىنى ئوقۇغان ۋاقىتلىرىمۇ بولغان.

ئادەم ۋەز-نەسىھەتنى قوبۇل قىلىدۇ[10]. ئەڭ شەقى ئادەم ۋەز-نەسىھەتتىن قاچىدۇ[11]. ئۇ كاتتا ئوتقا (يەنى دوزاخقا) كىرىدۇ[12]. ئاندىن ئۇ ئوتتا ئۆلمەيدۇ ۋە (ئوبدان) ياشىمايدۇ[13].

## يۇقىرىقى ئايەتلەرنىڭ ئومۇمىي مەزمۇنى:

ئاللاتائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى "سۇبھانە رەببىيەل ئەئلا" دېيىشكە بۇيرۇدى، ئاندىن خالايىقنى خەلق ئەتكەنلىكىنى، ھەربىر مەخلۇقنى چىرايلىق شەكىلدە ياراتقانلىقىنى بايان قىلدى. ئىنسان ئاللانىڭ مەخلۇقاتلىرىنىڭ جۈملىسىدىن بولۇپ، ئاللا ئۇنى بويىنى تۈز، راۋرۇس قىلىپ ياراتتى. ياخشىلىق بىلەن يامانلىقنى تەقدىر قىلدى. ئاللاتائالا ھايۋاناتلار يەيدىغان تۈرلۈك يېشىل، سېرىق، قىزىل، ئاق ئوت-چۆپلەرنى ئۆستۈرۈپ بەردى. ئوت-چۆپلەر ياپيېشىل كۆكەرگەندىن كېيىن ئاللا ئۇنى قۇرۇتۇپ قارا تۈسكە كىرگۈزىدۇ. ئوت-چۆپلەر قۇرۇپ پارچىلىنىپ كەتسە قارىداپ كېتىدۇ.

ئاندىن كېيىن ئاللاتائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قارىتىپ: ئۇ قۇرئاننى ئوقۇپ ئۇنتۇمايدۇ. دەيدۇ. بۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۆجىزىسى ئىدى. ئۇ ئۈممىي تۇرۇپ، جىبرىئىل ئۇنىڭغا ئوقۇپ بەرگەن ئايەتلەرنى ئۇنتۇمايتتى. بۇ ئوقۇلۇشى مەنسۇخ قىلىنغان، ئاللا ئۇنتۇشىنى خالىغان ئايەتلەردىن باشقىنى ئۇنتۇماسلىقتا ئاللانىڭ ئۇنىڭغا بەرگەن ۋەدىسى بولغانلىقى ئۈچۈندۇر. ئاللاتائالا ئۇنى ئوڭاي شەرىئەتكە مۇۋەپپەق قىلىدۇ. ئاللاتائالا ئۇنى ۋەز-نەسىھەت پايدىلىق ئورۇنلاردا قۇرئان بىلەن ۋەز-نەسىھەت قىلىشقا بۇيرۇدى. ئاللادىن قورقىدىغان ئادەم ۋەز-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

نەسىھەتتىن پايدىلىنىدۇ. چوڭ ئوتقا كىرىپ ئۇنىڭ ئازابىنى تېتىيدىغان شەقىي ئادەم ۋەز - نەسىھەتتىن قاچىدۇ. ئاللاتائالا دۇنيانىڭ ئوتىغا قارىغاندا دوزاخنىڭ ئوتىنى چوڭ ئوت دەپ ئاتىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: "سىلەرنىڭ يېقىۋاتقان بۇ ئوتۇڭلار جەھەننەم ئوتىنىڭ 70 پارچىسىنىڭ بىر پارچىسىدۇر. بۇ شەقىي دوزاخقا كىرگەن چاغدا پاراكەندە، ئەنسىز بولىدۇ. بۇ يەردە ئازابتىن ئارام تېپىش ئۈچۈن ئۇ ئۆلىدىغان ھەمدە ئوبدان ياشايدىغان ئىش يوق.

## مۇھىم نۇقتىلىرى:

1. ئاللاتائالاغا ھەمدۇسانا ئېيتىشتا، ئاللاتائالانى ئۇنىڭ ئۇلۇغلۇقىغا لايىق بولمايدىغان نەرسىلەردىن پاك دەپ بىلىشكە ئەمر قىلىنىدۇ.

2. ئاللاتائالانىڭ قۇدرىتىگە ئىسپات كۆرسىتىلىدۇ.

3. ئاللا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئۇ ئۇنتۇمايدىغان ئىلمىنى — شەرىئەتنى ئاسانلاشتۇرۇپ بېرىش بىلەن بېشارەت بېرىدۇ.

4. ئىلىم تارقىتىش ۋە ۋەز - نەسىھەت قىلىشنىڭ ئۇسۇلى ۋەز - نەسىھەتنى پەقەت پايدىلىنىدىغان ئادەملەرگە قىلىشتىن ئىبارەت.

5. شەرىئەتكە ئەگىششتىن يۈز ئۆرۈگەنلەرنى ئاللانىڭ قاتتىق ئازابلايدىغانلىقى بايان قىلىنىدۇ.

قَدْ أَفْلَحَ مَنْ تَزَكَّىٰ ﴿١٤﴾ وَذَكَرَ اسْمَ رَبِّهِ فَصَلَّىٰ ﴿١٥﴾ بَلْ تُؤْثِرُونَ الْحَيَاةَ الدُّنْيَا ﴿١٦﴾ وَالْآخِرَةُ خَيْرٌ وَأَبْقَىٰ ﴿١٧﴾ إِنَّ هَٰذَا لَفِي الصُّحُفِ الْأُولَىٰ ﴿١٨﴾ صُحُفِ إِبْرَاهِيمَ وَمُوسَىٰ ﴿١٩﴾

تەرجىمىسى:

(كۇفرىدىن ۋە گۇناھتىن) پاك بولغان ئادەم مەقسىتىگە يەتتى[14]. ئۇ پەرۋەردىگارىنىڭ نامىنى ياد ئەتتى. ئاندىن ناماز ئوقۇدى[15]. سىلەر دۇنيا تىرىكچىلىكىنى ئارتۇق كۆرىسىلەر[16]. ئاخىرەت ياخشىدۇر ۋە باقىيدۇر[17]. بۇ (يەنى بۇ سۈرىدىكى ۋەزلەر) شەك - شۈبھىسىز بۇرۇنقى كىتابلاردا — ئىبراھىم ۋە مۇسالارنىڭ كىتابلىرىدا باردۇر[18—19]

يۇقىرىقى ئايەتلەرنىڭ ئومۇمىي مەزمۇنى:

ئاللاتائالا ئاللاغا شېرىك كەلتۈرۈشتىن ۋە گۇناھلاردىن پاك بولغان، پەرۋەردىگارىنى داۋاملىق ياد ئەتكەن، ئاللانىڭ رازىلىقىنى تىلەش، ئۇنىڭ ئەمرىنى ئورۇنلاش يۈزىسىدىن پەرز نامازلارنى ئادا قىلغان ۋە ئۇنىڭ ۋاقتىغا رىئايە قىلغان ئادەملەرنىڭ بەختكە ئېرىشىدىغانلىقىنى ئەسلىتىدۇ. شۇنىڭدەك ئاللاتائالا بەخت دېگەن ئاخىرەتلىك ئىشلاردا تۇرسىمۇ، دۇنيانى ئاخىرەتتىن ئەلا بىلىش ئىنسانلارنىڭ تەبىئىتى ئىكەنلىكىنى، دۇنيانى ئاخىرەتتىن ئەلا بىلىشنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى بايان قىلىدۇ. ئاندىن كېيىن، پاكلان-

غۇچىنىڭ ۋە ناماز ئوقۇغۇچىنىڭ بەختكە ئېرىشىدىغانلىقىنى، ئاخىرەت ياخشى تۇرسىمۇ كىشىلەرنىڭ دۇنيانى ئاخىرەتتىن ئەۋزەل بىلىدىغانلىقىنى، بۇ مەزمۇنلارنىڭ ئۆتكەنكى پەيغەمبەرلەرنىڭ كىتابلىرىدا بايان قىلىنىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتىدۇ.

**مۇھىم نۇقتىلىرى:**

1. پەرۋەردىگارىنىڭ ئەمرلىرىنى ئورۇنلىغان ۋە پەرز نامازلارنى ئادا قىلغانلارنىڭ بەختكە ئېرىشىدىغانلىقى كۆرسىتىلىدۇ.
2. دۇنيانى ئاخىرەتتىن ئەۋزەل بىلگەنلەرنىڭ كايىشقا ئۇچرايدىغانلىقى تىلغا ئېلىنىدۇ.
3. ئاللانىڭ دىنىنىڭ بىر ئىكەنلىكى، پۈتۈن پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسى ئىنسانلارنى بىر ئاللاغا ئىبادەت قىلىشقا، دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە بەختلىك بولۇش يولىغا يېتەكلەيدىغانلىقى، گەرچە شەرىئەتلەر ۋە ئىبادەتلەرنىڭ شەكلى ئوخشاش بولمىسىمۇ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ شەرىئىتىنىڭ ئۆتكەنكى شەرىئەتلەرنىڭ ھەممىسىنى ئەمەلدىن قالدۇرغانلىقى بايان قىلىنىدۇ.

آيَاتُهَا ٢٦ (٨٨) سُورَةُ الْغَاشِيَةِ مَكِّيَّةٌ (٦٨) رُكُوعُهَا ١

بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيمِ

هَلْ أَتٰىكَ حَدِيثُ الْغَاشِيَةِ ١ وُجُوهٌ يَوْمَئِذٍ خَاشِعَةٌ ٢
عَامِلَةٌ نَاصِبَةٌ ٣ تَصْلٰى نَارًا حَامِيَةً ٤ تُسْقٰى مِنْ
عَيْنٍ اٰنِيَةٍ ٥ لَيْسَ لَهُمْ طَعَامٌ اِلَّا مِنْ ضَرِيعٍ ٦ لَا يُسْمِنُ
وَلَا يُغْنِي مِنْ جُوعٍ ٧ وُجُوهٌ يَوْمَئِذٍ نَاعِمَةٌ ٨
لِسَعْيِهَا رَاضِيَةٌ ٩ فِي جَنَّةٍ عَالِيَةٍ ١٠ لَا تَسْمَعُ فِيهَا
لَاغِيَةً ١١ فِيهَا عَيْنٌ جَارِيَةٌ ١٢ فِيهَا سُرُرٌ مَرْفُوعَةٌ ١٣
وَأَكْوَابٌ مَوْضُوعَةٌ ١٤ وَنَمَارِقُ مَصْفُوفَةٌ ١٥ وَزَرَابِيُّ
مَبْثُوثَةٌ ١٦

تەرجىمىسى:

## 88. سۈرە غاشىيە

مەككىدە نازىل بولغان، 26 ئايەت.

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن.

(ئى مۇھەممەد!) ساڭا ھەقىقەتەن قىيامەتنىڭ خەۋىرى كەلدى[1]. بۇ كۈندە نۇرغۇن ئادەملەر خار بولغۇچىدۇر[2]. ئۇلار دۇنيادا گۇناھ قىلغۇچىلاردۇر، (ئاخىرەتتە) جاپا تارتقۇچىلاردۇر[3]. ئۇلار ھارارىتى قاتتىق دوزاخقا كىرىدۇ[4]. (ئۇلارغا) قايناپ تۇرغان بۇلاقتىن سۇ ئىچۈرۈلىدۇ[5]. ئۇلار ئۈچۈن

زەرىئدىن (يەنى بەتبۇي، ئاچچىق تىكەندىن) باشقا يېمەكلىك بولمايدۇ[6]. زەرىئە كىشىنى سەمرىتمەيدۇ ۋە ئاچلىقنى پەسەيت-مەيدۇ[7]. بۇ كۈندە نۇرغۇن كىشىلەر باركى، ئۇلار نېمەت بىلەن خۇشالدۇر[8]. نە دۇنيادا قىلغان (سەئيى-ئەمەللىرىدىن) مەمنۇن-دۇر[9]. ئۇلار ئالىي جەننەتتەدۇر[10]. ئۇ يەردە يامان سۆز ئاڭ-لىمايدۇ[11]. ئۇ يەردە بۇلاقلار ئېقىپ تۇرىدۇ[12]. ئۇ يەردە ئېگىز تەختلەر، قاتار تىزىلغان قەدەھلەر، رەت-رەت قويۇلغان ياستۇقلار، سېلىنغان ئېسىل بىساتلار بار[13—16].

## يۇقىرىدىكى ئايەتلەرنىڭ ئومۇمىي مەزمۇنى:

ئاللاتائالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا «غاشىيە» (يەنى قىيامەتنىڭ خەۋىرى كەلگەنلىكى) بىلەن خىتاب قىلىدۇ. قىيامەت ئۆزىنىڭ دەھشىتى بىلەن ھەممە نەرسىنى قاپلىۋالىدىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ «غاشىيە» دەپ ئاتالدى. شۇ كۈنى بەزى كىشىلەرگە خارلىق ۋە رەسۋالىق يەتكەنلىكى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ يۈزلىرىدىن خارلىق چىقىپ تۇرىدۇ. بۇ كۇففارلارنىڭ يۈزلىرى بولۇپ، ئۇلار دۇنيادا گۇناھ قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئاخىرەتتە دوزاختا جاپا چېكىدۇ. ئۇلار ھارارىتى يۇقىرى ئوت بىلەن كۆيدۈرۈلىدۇ، غايەت قىزىق بۇلاقتىن سۇغىرىلىدۇ. ئۇلارنىڭ تامىقىغا كېلىدىغان بولساق، زەرىئە دەپ ئاتىلىدىغان بىر خىل ئۆسۈملۈكتىن باشقا نەرسە بولمايدۇ. ئۇلار ئۇنى تاماقنىڭ ئورنىغا يەيدۇ. ئۇ بەدەنگىمۇ پايدا قىلمايدۇ، ئاچلىقنىمۇ باسمايدۇ. ئاللاتائالا كۇففارلارنىڭ ھالىنى ۋە ئۇلارنىڭ دوزاختىكى ھاياتىنى زىكرى قىلغاندىن كېيىن، مۆمىنلەرنىڭ ناز-نېمەتتىكى ھالىنى زىكرى قىلىپ، مۆمىنلەر قىيامەت كۈنى ناز-

نېمەت ئىچىدە بولىدۇ، ئۇلارنىڭ چىرايىدىن ناز-نېمەتنىڭ ئەسىرى چىقىپ تۇرىدۇ، ئۇلار جەننەتكە كىرگەن چاغدا، ئۇ يەردە ئېرىشكەن نېمەتلەردىن مەمنۇن بولىدۇ دەيدۇ، ئاندىن نېمەتنىڭ تۈرلىرىنى بايان قىلىپ: ئۇلار يۇقىرى دەرىجىلىك جەننەتلەردە بولىدۇ، ئۇ يەردە ئۇلار بىھۇدە سۆزلەرنى ئاڭلىمايدۇ، ئۇ يەردە ئېتىلىپ چىقىپ تۇرغان بۇلاقلار، تۇرغۇن بىساتلار سېلىنغان يۇمشاق ئالىي تەختلەر، ئىچكۈچىلەر ئۈچۈن تەييارلانغان شاراب قاچىلىرى بولىدۇ، ئۇ يەردە بىر-بىرىگە قاتار قىلىپ تىزىلغان ياستۇقلار، تۇرغۇن جايلارغا سېلىنغان كۆپلىگەن ئېسىل بىساتلار بولىدۇ، دەيدۇ.

### مۇھىم نۇقتىلىرى:

1. قىيامەتنىڭ دەھشىتىنىڭ قاتتىقلىقى تەسۋىرلىنىدۇ.
2. قىيامەت كۈنى ئىنسانلارنىڭ ئىككى قىسىمغا بۆلۈنىدىغانلىقى كۆرسىتىلىدۇ.
3. شەقى ئادەملەرگە بېرىلگەن جازانىڭ قاتتىقلىقىدىن ئۇلارنىڭ ئازاب چېكىدىغانلىقى بايان قىلىنىدۇ.
4. ئاللا مۆمىن بەندىلىرىگە تەييارلىغان ناز-نېمەتلەر ۋە خۇشال-خۇراملىقلار بايان قىلىنىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

أَفَلَا يَنظُرُونَ إِلَى الْإِبِلِ كَيْفَ خُلِقَتْ ﴿١٧﴾
وَإِلَى السَّمَاءِ كَيْفَ رُفِعَتْ ﴿١٨﴾ وَإِلَى الْجِبَالِ كَيْفَ
نُصِبَتْ ﴿١٩﴾ وَإِلَى الْأَرْضِ كَيْفَ سُطِحَتْ ﴿٢٠﴾ فَذَكِّرْ إِنَّمَا
أَنتَ مُذَكِّرٌ ﴿٢١﴾ لَّسْتَ عَلَيْهِم بِمُصَيْطِرٍ ﴿٢٢﴾ إِلَّا مَن
تَوَلَّىٰ وَكَفَرَ ﴿٢٣﴾ فَيُعَذِّبُهُ اللَّهُ الْعَذَابَ الْأَكْبَرَ ﴿٢٤﴾ إِنَّ
إِلَيْنَا إِيَابَهُمْ ﴿٢٥﴾ ثُمَّ إِنَّ عَلَيْنَا حِسَابَهُم ﴿٢٦﴾

**تەرجىمىسى:**

ئۇلار قارىمامدۇكى، تۆگىلەر قانداق يارىتىلدى[17]. ئاسمان قانداق ئېگىز قىلىندى[18]، تاغلار قانداق تۇرغۇزۇلدى[19]، زېمىن قانداق يېيىتىلدى[20]. سەن (ئۇلارغا) ۋەز - نەسىھەت قىلغىن، سەن پەقەت (ئۇلارغا) ۋەز - نەسىھەت قىلغۇچىسەن[21]. سەن ئۇلارغا مۇسەللەت (يەنى ئۇلارنى ئىمانغا مەجبۇرلىغۇچى) ئەمەسسەن[22]. لېكىن كىمكى (ۋەز - نەسىھەتتىن) يۈز ئۆرۈپ، (ئاللانى) ئىنكار قىلىدىكەن[23]. ئاللا ئۇنى قاتتىق ئازابلايدۇ[24]. ئۇلار (ئۆلگەندىن كېيىن) ھەقىقەتەن بىزنىڭ دەرگاھىمىزغا قايتىدۇ[25]. ئاندىن ئۇلاردىن ھېساب ئېلىشقا بىز مەسئۇلمىز[26].

**يۇقىرىقى ئايەتلەرنىڭ ئومۇمىي مەزمۇنى:**

ئاللاتائالا ئەھلى جەننەتنىڭ ھالىنى ۋە ئۇلارغا بېرىلىدىغان نېمەتلەرنى، ئەھلى دوزاخنىڭ ھالىنى ۋە ئۇلارغا بېرىلىدىغان ئازابنى

زىكرى قىلغاندا، كۇففارلار ئۇنىڭدىن ئەجەبلەندى ۋە ئىشەنمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئاللاتائالا ئۇلارنىڭ ئەڭ قىممەتلىك مېلى بولغان تۆگىنى يارىتىشتىكى قۇدرىتىنى ئەسلىتىپ مۇنداق دېدى: سىلەر بەدەن قۇرۇلۇشى، كۈچ-قۇۋۋەت، يۈك كۆتۈرۈش جەھەتلىرىدە ئاجىز بولغان يېتىلگۈچىگە بويسۇنىدىغان، مېڭىشى ئاجايىپ تۆگىگە قارىمامسىلەر؟ دۇنيادا مۇشۇنداق قىلالىغان ئاللاتائالا ئەھلى جەننەتكە يۇقىرىقىدەك تۇرلۇك نېمەتلەرنى بېرىشكە قادىردۇر. ئاندىن ئاسماننى ئاللاتائالانىڭ قانداق قىلىپ تۆۋرۈكسىز، شۇنچە ئېگىز قىلىپ ياراتقانلىقىغا قارىمامسىلەر؟ تاغلارنى زېمىن تەۋرەپ كەتمىسۇن دەپ زېمىن ئۈستىدە مەزمۇت قىلىپ تىكلىگەنلىكىگە قارىمامسىلەر؟ زېمىننى ئۈستىدە ھەممە نەرسە تۇرالايدىغان قىلىپ ياراتقانلىقىغا قارىمامسىلەر؟

ئاللاتائالا ئەرەبلەرنىڭ دىققىتىنى ئۇلار داۋاملىق كۆرۈپ تۇرىدىغان كۆز ئالدىدىكى نەرسىلەرگە جەلپ قىلدى، بۇ نەرسىلەر بولسا ئۇلار مىنىدىغان تۆگىلەر، ئۇلارنىڭ ئۈستىدىكى ئاسمان، ئۇلارنىڭ ئالدىدا قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان تاغلار، ئۇلار ئاياغلىرى بىلەن مېڭىپ تۇرغان زېمىندىن ئىبارەت ئىدى. ئاللا بۇ نەرسىلەرنى ياراتقان ئاللا دېگەن بىر ياراتقۇچىنىڭ بارلىقىنى، باشقىسى ئەمەس، پەقەت ئاللانىڭلا ئىبادەتكە لايىق ئىكەنلىكىنى زىكرى قىلدى. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا خىتاب قىلىپ ئېيتتى: سەن كىشىلەرگە قۇرئان بىلەن ۋەز-نەسىھەت قىلغىن. سەن ئۇلارغا مۇسەللەت ئەمەسسەن، ئۇلارنىڭ دىلىغا ئىماننى سېلىش ياكى ئۇلارنى ئىمانغا زورلاش سېنىڭ قولۇڭدىكى ئىش ئەمەس، لېكىن قۇرئانغا ئەمەل قىلىشتىن باش تارتقانلار، ۋەز-نەسىھەت قىلىنغاندىن كېيىن ھەقنى

ئىنكار قىلىپ ئۇنىڭغا ئىشەنمىگەنلەر ئاللاتائالانىڭ ئىلكىدىدۇر. ئاللاتائالا ئۇلارنى جەھەننەمدە قاتتىق ئازاب بىلەن جازالايدۇ. ئۇلار ئۆلگەندىن كېيىن، ئاللانىڭ دەرگاھىغا قايتىدۇ. ئاللا ئۇلارغا جازا بېرىشكە مەسئۇلدۇر.

دۇھىم ئۇقتىلىرى:

1. ئاللانىڭ كۆز ئالدىمىزدا تۇرغان مەخلۇقاتلىرى ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزۈشكە، شۇنىڭ بىلەن ئاللاتائالانىڭ قۇدرىتىنىڭ چوڭلۇقىنى، ھېچ نەرسىدىن ئاجىز ئەمەسلىكىنى دەلىللەپ كۆرسىتىشكە بۇيرۇيدۇ.

2. ۋەز ـ نەسىھەت قىلىشقا بۇيرۇيدۇ.

3. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنلارنى باشتۇرۇشقا مەسئۇل ئەمەسلىكى، بۇ ئىشنىڭ پەقەت ئاللاغا تەئەللۇق ئىكەنلىكى بايان قىلىنىدۇ.

4. ھەقىقەتكە ئەگىشىشتىن باش تارتقان ۋە يۈز ئۆرۈگەنلەر قورقۇتۇلىدۇ.

آیاتها ٣٠ (٨٩) سُورَةُ الْفَجْرِ مَكِّيَّةٌ (١٠) رُكُوعُهَا ١

بِسْمِ اللَّهِ الرَّحْمَٰنِ الرَّحِيمِ
وَالْفَجْرِ ﴿١﴾ وَلَيَالٍ عَشْرٍ ﴿٢﴾ وَالشَّفْعِ وَالْوَتْرِ ﴿٣﴾ وَاللَّيْلِ إِذَا
يَسْرِ ﴿٤﴾ هَلْ فِي ذَٰلِكَ قَسَمٌ لِذِي حِجْرٍ ﴿٥﴾ أَلَمْ تَرَ كَيْفَ
فَعَلَ رَبُّكَ بِعَادٍ ﴿٦﴾ إِرَمَ ذَاتِ الْعِمَادِ ﴿٧﴾ الَّتِي لَمْ يُخْلَقْ
مِثْلُهَا فِي الْبِلَادِ ﴿٨﴾ وَثَمُودَ الَّذِينَ جَابُوا الصَّخْرَ بِالْوَادِ ﴿٩﴾
وَفِرْعَوْنَ ذِي الْأَوْتَادِ ﴿١٠﴾ الَّذِينَ طَغَوْا فِي الْبِلَادِ ﴿١١﴾
فَأَكْثَرُوا فِيهَا الْفَسَادَ ﴿١٢﴾ فَصَبَّ عَلَيْهِمْ رَبُّكَ سَوْطَ
عَذَابٍ ﴿١٣﴾ إِنَّ رَبَّكَ لَبِالْمِرْصَادِ ﴿١٤﴾

تەرجىمىسى:

## 89. سۈرە فەجر

مەككىدە نازىل بولغان، 30 ئايەت.

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن.

سۈبھى بىلەن (زۇلھەججىنىڭ دەسلەپكى) ئون كېچىسى بىلەن، قۇربانلىق كۈنى بىلەن، ھارپا كۈنى بىلەن، (كائىناتنىڭ ئاجايىپ ھەرىكىتى بىلەن،) ئۆتكەن كېچە بىلەن قەسەمكى، (كاپىرلارغا چوقۇم ئازاب قىلىمىز) (1—4). ئەقىل ئىگىسىگە بۇنىڭدا (يەنى

يۇقىرىقى نەرسىلەردە قانائەتلىنەرلىك) قەسەم بارمۇ؟[5] پەرۋەر-
دىگارىڭنىڭ ئاد — كۈچلۈك ئىرەمنى قانداق جازالىغانلىقىنى
كۆرمىدىڭمۇ؟[6–7] مۇنداق ئادەملەر باشقا شەھەرلەردە يارىتىلمىغان
ئىدى[8]. شۇنىڭدەك ۋادى قۇرادا تاشلارنى كېسىپ (ئۆيلەرنى بىنا
قىلغان) سەمۇدنى ئاللا قانداق جازالىدى[9]. شۇنىڭدەك قوزۇقلار
ئىگىسى پىرئەۋننى قانداق جازالىدى[10]. ئۇلار شەھەرلەردە
(زۇلۇم قىلىشتا) ھەددىدىن ئاشتى[11]. ئۇ يەرلەردە بۇزغۇنچىلىقنى
كۆپ قىلدى[12]. پەرۋەردىگارىڭ ئۇلارغا قاتتىق ئازابىنى نازىل
قىلدى[13]. پەرۋەردىگارىڭ (بەندىلەرنى) ئەلۋەتتە كۆزىتىپ
تۇرغۇچىدۇر[14].

## يۇقىرىقى ئايەتلەرنىڭ ئومۇمىي مەزمۇنى:

ئاللاتائالا سۈبھى بىلەن، زۇلھەججە ئېيىنىڭ دەسلەپكى ئون
كېچىسى بىلەن، قۇربانلىق كۈنى بىلەن، ھارپا كۈنى بىلەن ۋە
كېلىپ-كېتىپ تۇرغان كېچە بىلەن قەسەم قىلدى. ئاللاتائالا
يۇقىرىقى قەسەملەرگە ئۇلاپلا: بۇ قەسەملەر ئەقىل ئىگىلىرى ئۈچۈن
قانائەتلەندۈرەرلىكمۇ؟ دەيدۇ. ئاندىن ئاد ئىبنى ئىرەم قەبىلىسىنى
زىكرى قىلىپ، مەككە مۇشرىكلىرىنى قورقۇتىدۇ. بۇ يەردىكى ئاد*
دەسلەپكى ئاد بولۇپ، ھۇد ئەلەيھىسسالامغا ئاسىيلىق قىلغانلىقى
ئۈچۈن ئاللا ئۇلارنى ھالاك قىلغان، مەككە كۇففارلىرىغا قارىغاندا
ئۇلار ئۆزەرى ئۇزۇن ۋە كۈچلۈك ئىدى. ئاللاتائالا بۇ يەردە
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا خىتاب قىلىپ: ئى پەيغەمبەر، پەرۋەر-

* ئاد ئىبنى ئىرەم دەپ ئاتالغان ئاد قەدىمكى زاماندا يەمەندىكى
ئەھقاف دېگەن جايدا تۇراتتى.

دىگارىڭنىڭ دەسلەپكى ئاد قەۋمىنى قانداق ھالاك قىلغانلىقىنى بىلەمسەن؟ دەيدۇ. ئۇلار ئاد ئىبنى ئىرەمنىڭ ئەۋلادى بولۇپ، پەيغەمبىرى ھۇدنى ئىنكار قىلغانلىقى ئۈچۈن ئۇلارنى ئاللا كۈچلۈك بوران بىلەن ھالاك قىلغان، ھۇد ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتقان مۆمىنلەرنى ھالاك بولۇشتىن ئامان قالدۇرغانىدى. مۆمىنلەر ئۇلاردىن ئىبرەت ئالسۇن دەپ ئاللا ئۇلارنىڭ قىسسىسىنى قۇرئاندا بايان قىلدى. ئاللاتائالا سالىھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى سەمۇدنىمۇ* ئاد قەۋمىنى ھالاك قىلغاندەك ھالاك قىلغان. ئاللاتائالا سەمۇد قەۋمىنى ۋادى قۇرادا تاشلارنى كېسىپ، ئۇنىڭدىن ئۆي ياسىغان دەپ سۈپەتلىدى. ئاللاتائالا ئاد ۋە سەمۇد قەۋملىرىنى ھالاك قىلغاندەك، پىرئەۋنلەرنى دېڭىزدا غەرق قىلىپ ھالاك قىلغان. پىرئەۋن مۇسا ئەلەيھىسسالامغا ئاسىيلىق قىلغانىدى. پىرئەۋنىنى قوزۇقلارنىڭ ئىگىسى دەپ سۈپەتلىشىدىكى سەۋەب شۇكى، پىرئەۋنىڭ نۇرغۇن قوزۇقلىرى بولۇپ، ئۇ ئۇنىڭ بىلەن كىشىلەرنى قىيناتتى. ئاندىن ئاللاتائالا ئاد، سەمۇد قەۋملىرىنىڭ ۋە پىرئەۋن-لەرنىڭ يەر يۈزىدە پىتنە-پاسات قىلغانلىقلىرى، زۇلۇمدا ھەددىدىن ئاشقانلىقلىرى، كىشىلەرگە ئازار-كۈلپەت قىلغانلىقلىرى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى جازالىغانلىقىنى خەۋەر قىلدى. بۇ يەردىكى پىتنە-پاسات دېگەن سۆز ئۇلارنىڭ قىلغان تۈرلۈك گۇناھلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئاللاتائالا كۇففارلارنى، ئەمىرگە خىلاپلىق قىلغۇچىلارنى كۆزىتىپ تۇرىدىغانلىقى بىلەن قورقۇتىدۇ.

* سەمۇد قەۋمى مۇنقەرز بولۇپ كەتكەن قەدىمكى ئەرەب قەبىلىلىرىدىن بولۇپ، مەدىنە مۇنەۋۋەرە بىلەن سۈرىيە چۆللىرى ئارىسىدىكى ھىجر دېگەن جايدا ياشايتتى.

ئاللاتائالا مەخلۇقاتنىڭ ئىشلىرىنى كۆزىتىپ تۇرىدۇ. ئاللاتائالا خالايىقلار ئۇنىڭغا ھېساب بېرىدىغان چاغدا ھەربىر ئادەمنى قىلغان ئەمەلىگە ۋە ھەرىكىتىگە قاراپ مۇكاپاتلايدۇ يا جازالايدۇ، ئۇلار ئۈستىدە ئادىل ھۆكۈم چىقىرىدۇ.

**مۇھىم نۇقتىلىرى:**

1. بۇ يەردە ئاللاتائالا سۈبھە ۋە قۇربانلىق كۈنى قاتارلىق نەرسىلەر بىلەن قەسەم قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى بىلدۈرىدۇ. ئاللاتائالا بىرەر نەرسە بىلەن قەسەم قىلسا، بۇ ئۇنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى ۋە شەرەپلىك ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.
2. ئاللانىڭ مەخلۇقاتى قانچە كۈچلۈك بولمىسۇن، ھامان ئۇ ئاللانىڭ ئازابىدىن قۇتۇلالمايدۇ.
3. ئاللا ئۇنىڭغا ئاسىيلىق قىلغان ۋە بەندىلىرىگە يوغانلىق قىلغانلارنىڭ قىلمىشلىرىنى خاتىرىلەپ تۇرۇپ، ئۇلارنى شۇنىڭغا قاراپ جازا بېرىدىغانلىقى بىلەن قورقۇتىدۇ.
4. ئىنسانلارنىڭ بۇ ئايەتلەردىن ئىبرەت، ۋەز-نەسىھەت ئېلىشىنىڭ، بۇ پاسىق قەۋەملەرگە نازىل بولغان ئازابقا قالماسلىق ئۈچۈن يامان سۈپەتلەردىن يىراق بولۇشىنىڭ لازىملىقىنى كۆرسىتىدۇ.

فَأَمَّا الْإِنْسَانُ إِذَا
مَا ابْتَلَاهُ رَبُّهُ فَأَكْرَمَهُ وَنَعَّمَهُ فَيَقُولُ رَبِّي أَكْرَمَنِ ﴿١٥﴾
وَأَمَّا إِذَا مَا ابْتَلَاهُ فَقَدَرَ عَلَيْهِ رِزْقَهُ فَيَقُولُ رَبِّي
أَهَانَنِ ﴿١٦﴾ كَلَّا بَلْ لَا تُكْرِمُونَ الْيَتِيمَ ﴿١٧﴾ وَلَا تَحَاضُّونَ
عَلَىٰ طَعَامِ الْمِسْكِينِ ﴿١٨﴾ وَتَأْكُلُونَ التُّرَاثَ أَكْلًا لَمًّا ﴿١٩﴾
وَتُحِبُّونَ الْمَالَ حُبًّا جَمًّا ﴿٢٠﴾

تەرجىمىسى:

پەرۋەردىگارى ئىنساننى سىناپ ئەزىز قىلسا ۋە ئۇنىڭغا نېمەت بەرسە، ئۇ: "پەرۋەردىگارىم مېنى ئەزىز قىلدى" دەيدۇ[15]. پەرۋەردىگارى ئىنساننى سىناپ رىزقىنى تار قىلسا، ئۇ: "پەرۋەر-دىگارىم مېنى خار قىلدى" دەيدۇ[16]. ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس، سىلەر يېتىمنى* ھۆرمەت قىلمايسىلەر[17]. بىر-بىرىڭلارنى مىسكىنگە ئاش، نان بېرىشكە تەرغىپ قىلمايسىلەر[18]. مىراسنى (ھالال-هارام دېمەستىن) ھە دەپ يەيسىلەر[10]. مالنى (ھېرىسلىق بىلەن) ناھايىتى دوست تۇتىسىلەر[20].

---

* پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بىر ھەدىسىدە مۇنداق دېيىلگەن: مۇسۇلمانلار ئائىلىلىرى ئىچىدىكى ئەڭ ياخشى ئائىلە ئۆزىدە بىرەر يېتىم بار بولۇپ، ئۇنىڭغا ياخشى مۇئامىلە قىلىغان ئائىلىدۇر؛ ئائىلىلەر ئىچىدىكى ئەڭ يامان ئائىلە ئۆزىدە يېتىم بالا بار بولۇپ، ئۇنىڭغا يامان مۇئامىلە قىلغان ئائىلىدۇر.

## يۇقىرىقى ئايەتلەرنىڭ ئومۇمىي مەزمۇنى:

پەرۋەردىگارى كۆزىتىپ تۇرغان ئادەم ئۆزىنىڭ ئاقىۋىتىنى بەختىيار قىلىدىغان ئىشلارنى قىلىشى، دۇنياسىنى مەنىستىمەسلىكى كېرەك. لېكىن ئىنسان دۇنياغا بېرىلىپ، دۇنياۋى نېسىۋىسىگە ئەھمىيەت بېرىپ كېتىدۇ. ئاللاتائالا بەرگەن نېمىتىگە شۈكۈر قىلسۇن دەپ، ئىنساننى كەڭ رىزىق ۋە پۇل، مال بېرىپ سىنىسا، ئۇ: رەببىم مېنى ئۈستۈن قىلدى، ھۆرمەتلىدى، دەيدۇ. ئاللا ئۇنى سەۋر قىلىپ، ساۋاب تاپسۇن دەپ، كەمبەغەل قىلىش بىلەن، رىزقىنى تار قىلىش بىلەن سىنىسا، ئۇ: رەببىم مېنى خار قىلدى، دەيدۇ. ئاللاتائالا ئىنساننىڭ بۇنداق قارىشىنى رەت قىلىپ، ئاللاتائالا تەرىپىدىن بولىدىغان ھۆرمەت ۋە خارلىق مالنىڭ ئاز-كۆپ بولۇشىدا ۋە رىزقىنىڭ تار-كەڭ بولۇشىدا ئەمەس؛ ئاللاتائالانىڭ بەندىگە بولغان ھۆرمىتى ئاللاتائالانىڭ ئۇنى ئاللانىڭ تائەت-ئىبادىتىگە مۇۋەپپەق قىلىشىدۇر، خارلىق دېگەن بەندىنىڭ ئاللاتائالانىڭ تائەت-ئىبادىتىدىن خالىي بولۇشىدۇر، دەيدۇ. ئاللاتائالا ئىنساننىڭ سۆزلىرىنى يۇقىرىقىدەك ئەيىبلەيدۇ، ئاندىن ئۇنىڭ ھەرىكەتلىرىنى ئەيىبلەپ مۇنداق دەيدۇ: سىلەرنىڭ ھەرىكەتلىرىڭلار سۆزلىرىڭلاردىنمۇ ياماندۇر. سىلەر بايلىق بىلەن ھۆرمەت قىلىنساڭلار، يېتىمنى ھۆرمەتلەش، ئۇنىڭغا ياخشىلىق قىلىش قاتارلىق ئۈستۈڭلارغا يۈكلەنگەن مەجبۇرىيەتنى ئادا قىلمايسىلەر؛ ئۆزئارا مىسكىنلەرگە ئاش، نان بېرەيلى دەپ تەرغىپ قىلىشمايسىلەر؛ سىلەر پۇل، مالغا تېخىمۇ ھېرىسمەنلىك قىلىپ، ئۇنى ھالالدىنمۇ، ھارامدىنمۇ يىغىسىلەر؛ ئاياللارنىڭ ۋە كىچىك بالىلارنىڭ

مىراستىكى نېسىۋىسىنى ئۆز نېسىۋىگىلارغا قوشۇۋالىسىلەر، قايسى يول بىلەن بولمىسۇن، ھەتتا ھەق ئىگىلىرىنى ئۆز ھەققىدىن مەھرۇم قىلىش بىلەن بولسىمۇ، مال يىغىشنى ھەددىدىن ئارتۇق ياخشى كۆرىسىلەر.

## مۇھىم نۇقتىلىرى:

1. بەندە ئاللاتائالانىڭ نېمەتلىرىگە شۈكۈر قىلىشى، ئۇ نېمەتلەرنى ئۆزەمنىڭ ئابرويى ۋە پەزىلىتىدىن كەلگەن دەپ بىلمەي، ئاللانىڭ پەزلىدىن كەلدى دەپ تونۇشى لازىم.

2. ئىنسان ئاللاتائالانىڭ كەمبەغەللىك بىلەن ۋە رىزقىنى تار قىلىشى بىلەن سىنىغانلىقىغا سەۋر قىلىشى، بۇنى ئاللانىڭ خارلىغانلىقى دەپ چۈشەنمەسلىكى لازىم.

3. پۇل، مالنىڭ كۆپ بولۇشى ياكى ئاز بولۇشى بەختنىڭ ياكى بەختسىزلىكنىڭ ئالامىتى ئەمەس، بۇ يەردىكى ئۆلچەم پەقەت ئاللاتائالانىڭ تائەت ـ ئىبادىتىدىكى پەرقتۇر.

4. يېتىملارنى، مىسكىنلەرنى خارلىغان ياكى ئۇلارنىڭ ھەققىگە سەل قارىغانلارغا قاتتىق بولۇش لازىم.

5. پۇل، مالغا قاتتىق مۇھەببەت باغلىغان، قايسى يول بىلەن بولمىسۇن، ئۇنى توپلاشقا بېرىلگەنلەرنى قاتتىق ئەيىبلەش كېرەك.

كَلَّآ إِذَا دُكَّتِ الْأَرْضُ دَكًّا
دَكًّا ﴿٢١﴾ وَجَآءَ رَبُّكَ وَالْمَلَكُ صَفًّا صَفًّا ﴿٢٢﴾ وَجِاْيْٓءَ يَوْمَئِذٍ
بِجَهَنَّمَ يَوْمَئِذٍ يَتَذَكَّرُ الْإِنْسَانُ وَأَنّٰى لَهُ الذِّكْرٰى ﴿٢٣﴾
يَقُولُ يٰلَيْتَنِي قَدَّمْتُ لِحَيَاتِي ﴿٢٤﴾ فَيَوْمَئِذٍ لَا يُعَذِّبُ
عَذَابَهُ أَحَدٌ ﴿٢٥﴾ وَلَا يُوثِقُ وَثَاقَهُ أَحَدٌ ﴿٢٦﴾ يَا أَيَّتُهَا
النَّفْسُ الْمُطْمَئِنَّةُ ﴿٢٧﴾ ارْجِعِي إِلٰى رَبِّكِ رَاضِيَةً مَرْضِيَّةً ﴿٢٨﴾
فَادْخُلِي فِي عِبَادِي ﴿٢٩﴾ وَادْخُلِي جَنَّتِي ﴿٣٠﴾

**تەرجىمىسى:**

(ئى غاپىللار!) بۇنىڭدىن يېنىڭلار، زېمىن ئارقىمۇئارقا تەۋرىتىلگەن چاغدا(21)، پەرۋەردىگارىڭ كەلگەن ۋە پەرىشتىلەر سەپ ـ سەپ بولۇپ كەلگەن چاغدا(22)، (گۇناھكارلارنىڭ كۆرۈشى ئۈچۈن) جەھەننەم كەلتۈرۈلگەن چاغدا، شۇ كۈندە ئىنسان (يەنى كاپىر) (دۇنيادىكى قىلمىشلىرىنى) ئەسلەيدۇ، (بۇ چاغدا) ئەسلىگەننىڭ ئۇنىڭغا نېمە پايدىسى بولسۇن(23). ئۇ ئېيتىدۇ: "كاشكى مەن (دۇنيادىكى) ھايات ۋاقتىمدا ياخشى ئىشلارنى قىلغان بولسامچۇ!؟*"(24). شۇ كۈندە ھېچ ئەھەدى (ئاللاغا ئاسىيلىق

* ئىمام ئەھمەد ھەنبەل جۇبەيرىدىن، جۇبەيرە مۇھەممەد ئىبنى ئۈمرەدىن رىۋايەت قىلىدۇ: مۇھەممەد ئىبنى ئۈمرە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرىدىن ئىدى، ئۇ مۇنداق دېگەن: بىر ئادەم تۇغۇلغان كۈندىن تارتىپ ۋاپات بولغۇچە تائەت ـ ئىبادەت

قىلغانلارنى) ئاللا جازالىغاندەك جازالىمايدۇ[25] ھەمدە ھېچ ئەھەدى ئاللا باغلىغاندەك باغلىمايدۇ[26]. ئى ئارام تاپقۇچى جان *! [27] سەن پەرۋەردىگارىڭدىن مەمنۇن، پەرۋەردىگارىڭ سەندىن رازى بولغان ھالدا ئۇنىڭ دەرگاھىغا قايتقىن[28]. سەن مېنىڭ (ياخشى) بەندىلىرىم قاتارىغا قوشۇلغىن[29]. مېنىڭ جەننىتىمگە كىرگىن[30].

## يۇقىرىقى ئايەتلەرنىڭ ئومۇمىي مەزمۇنى:

ئاللاتائالا يۇقىرىدا ئىنسانىنىڭ سۆزلىرىنى ۋە ھەرىكەتلىرىنى ئەيىبلىگەندىن كېيىن، قىيامەتنىڭ بىر قىسىم دەھشەتلىك ئەھۋالىنى، ئۇنىڭ ئارقىسىدىنلا دۇنيادا ھەددىدىن ئاشقان ئىنساننىڭ قىيامەتنىڭ دەھشىتىنى كۆرگەن چاغدىكى چەككەن ھەسرىتىنى بايان قىلىدۇ. ئاللاتائالا مۇنداق دەيدۇ: زېمىن ئارقىمۇئارقا تەۋرەيدۇ، زېمىن ئۈستىدىكى تاغ، ئىمارەت، دەل-دەرەخ قاتارلىق ھەممە نەرسە چەيلىنىدۇ. ئاللاتائالا بەندىلەرنىڭ ئارىسىدا ھۆكۈم چىقىرىش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ئۇلۇغلۇقىغا لايىق سۈپەتتە كېلىدۇ. پەرىشتىلەر ئاللاتائالانىڭ دەرگاھىغا سەپ-سەپ بولۇپ كېلىدۇ. ھەدىستە بايان قىلىنغاندەك، جەھەننەم كەلتۈرۈلىدۇ.

ئابدۇللا ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنى-

---

بىلەن مەشغۇل بولغان بولسىمۇ، قىيامەت كۈنى قىلغان ئىبادىتىنى ئاز چاغلىغانلىقتىن، دۇنياغا قايتىپ تائەت-ئىبادەت قىلىپ تېخىمۇ كۆپ ساۋابقا ئېرىشىشنى ئارزۇ قىلىدۇ.

* بۇ ئايەتنى بەزى مۇفەسسىرلەر ھەزرىتى ئوسمان ھەققىدە ۋە بەزى مۇفەسسىرلەر ھەزرىتى ھەمزە ھەققىدە نازىل بولغان دېيدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

دۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: "جەھەننەم كەلتۈرۈلىدۇ. بۇ چاغدا ئۇنىڭ 70 مىڭ چۇلۋۇرى بولىدۇ. ھەربىر چۇلۋۇرنى 70 مىڭ پەرىشتە تۇتۇپ، جەھەننەمنى سۆرەيدۇ." قىيامەت كۈنى ئىنسان ئۆزىنىڭ خاتالىقلىرىنى، دۇنيادا قىلغان ئەمەللىرىنى ئەسلەيدۇ. كاپىرمۇ ئىبرەت ئالىدۇ ۋە تەۋبە قىلىدۇ. ئەمما ئۇنىڭ تەۋبىسى قانداقمۇ قوبۇل بولسۇن؟ ئۇنىڭ ئالغان ئىبرىتى قانداقمۇ پايدا بەرسۇن؟ ئاسىي ئىنسان ئۆزىنىڭ قىلغان گۇناھلىرىغا پۇشايمان قىلىدۇ. "دۇنيادىكى چېغىمدا ئاخىرەتلىكىم ئۈچۈن ياخشى ئەمەللەرنى قىلسامچۇ!" دەپ ئارزۇ قىلىدۇ. ئاللاغا ئاسىيلىق قىلغانلارنى شۇ كۈنى ئاللادىنمۇ قاتتىق ئازابلايدىغان ئەھەدى بولمايدۇ. ئاللاغا كاپىر بولغانلارنى ئاللادىنمۇ قاتتىق باغلايدىغان ئەھەدى بولمايدۇ، كۇففارلار ۋە زۇلۇم قىلغۇچىلارلا مۇشۇنداق ئازابقا ۋە جازاغا دۇچار بولىدۇ. قورقۇنچىسى يوق، خاتىرجەم تىنچ مۆمىن ئادەمگە: ئى ئىنسان، ئۆزەڭمۇ رازى بولغان، ئاللامۇ سەندىن رازى بولغان ھالدا پەرۋەردىگارىڭنىڭ دەرگاھىغا، ساۋابىغا، جەننەتكە، بەندىلىرى ئۈچۈن تەييارلىغان نېمەتكە قايتقىن دېيىلىدۇ ھەمدە ئۇنىڭغا ئاللانىڭ ياخشى بەندىلىرى قاتارىغا كىرگىن، ئاللانىڭ بەندىلىرىنى ھۆرمەتلەيدىغان يۇرت — جەننەتكە كىرگىن دېيىلىدۇ. بۇ گەپلەر ئۇنىڭغا قەبرىزى روھ بولىدىغان ۋاقىتتا ۋە قىيامەت كۈنى ئېيتىلىدۇ.

مۇھىم نۇقتىلىرى:

1. ئاللاتائالانىڭ كېلىش سۈپىتىنى ئۇنىڭ ئۇلۇغلۇقىغا لايىق رەۋىشتە، ھېچقانداق تەئۋىل قىلماستىن، بىرەر نەرسىگە ئوخشات-

ماستىن، بىرەر شەكىلگە كىرگۈزمەستىن، ئەھلى سۈننە ۋەلجەمائەنىڭ ئىسپات قىلغىنى بويىچە ئىسپاتلاش لازىم.

2. قىيامەتنىڭ دەھشىتى، ئۇنىڭ ئۈچۈن ياخشى ئەمەللەر بىلەن تەييارلىنىشنىڭ لازىملىقى زىكرى قىلىنىدۇ.

3. دۇنياغا ۋە ئۇنىڭ لەززەتلىرىگە مەغرۇر بولۇپ كېتىشتىن ھەزەر قىلىش لازىم.

4. ئاللاتائالاغا ئاسىيلىق قىلغان ۋە زىممىسىگە يۈكلەنگەن ۋەزىپىلەرنى ئادا قىلمىغانلارنىڭ قاتتىق ئازابلىنىدىغانلىقى بايان قىلىنىدۇ.

5. قىيامەت كۈنى مۆمىنلەرنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقى تەسۋىرلىنىدۇ.

آيَاتُهَا ٢٠ (٩٠) سُورَةُ الْبَلَدِ مَكِّيَّةٌ (٣٥) رُكُوعُهَا ١

بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيْمِ

لَآ اُقْسِمُ بِهٰذَا الْبَلَدِ ۝١ وَاَنْتَ حِلٌّۢ بِهٰذَا الْبَلَدِ ۝٢ وَ
وَالِدٍ وَّمَا وَلَدَ ۝٣ لَقَدْ خَلَقْنَا الْاِنْسَانَ فِيْ كَبَدٍ ۝٤
اَيَحْسَبُ اَنْ لَّنْ يَّقْدِرَ عَلَيْهِ اَحَدٌ ۝٥ يَقُوْلُ اَهْلَكْتُ مَالًا
لُّبَدًا ۝٦ اَيَحْسَبُ اَنْ لَّمْ يَرَهٗٓ اَحَدٌ ۝٧

تەرجىمىسى:

90. سۈرە بەلەد

مەككىدە نازىل بولغان، 20 ئايەت.

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللانىڭ ئىسمى بىلەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

باشلايمەن.

بۇ شەھەر (يەنى مەككە) بىلەن قەسەم قىلىمەن[1]. (ئى مۇھەممەد!) بۇ شەھەردە (ئۇرۇش قىلىش) ساڭا ھالالدۇر[2]. ئادەم (ئەلەيھىسسالام) ۋە (ئۇنىڭ ياخشى) پەرزەنتلىرى بىلەن قەسەم قىلىمەن[3]. بىز ئىنساننى ھەقىقەتەن جاپا ـ مۇشەققەت ئىچىدە قىلىپ ياراتتۇق[4]. ئۇ (يەنى فاجىر، شەقىي ئادەم) ماڭا ھېچ كىشىنىڭ كۈچى يەتمەيدۇ دەپ ئويلامدۇ؟[5] ئۇ: "كۆپ مال سەرپ قىلدىم"* دەيدۇ[6]. ئۇ ئۆزىنىڭ (مال) سەرپ قىلغانلىقىنى ھېچ كىشى كۆرمىدى دەپ ئويلامدۇ؟[7].

## يۇقىرىقى ئايەتلەرنىڭ ئومۇمىي مەزمۇنى:

ئاللاتائالا مەككىنىڭ ھۆرمىتى ۋە ئۇنىڭ قەدرىنىڭ ئۇلۇغلۇقى يۈزىسىدىن، ئۆزى ئۇچۇن ئەڭ سۆيۈملۈك بولغان مەككە بىلەن قەسەم قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئۇنىڭدا ئۇرۇش قىلىشنى ھالال قىلىپ بېرىدىغانلىقىنى ۋەدە قىلدى. شۇنىڭ بىلەن، ئاللاتائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا مەككىنىڭ پەتھى قىلىنىدىغان كۈنى ئۇنىڭدا ئۇرۇش قىلىشنى ھالال قىلىپ بەردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىس-

---

* ئىمام مۇھەممەد ئەبدۇھ بۇ ئايەتنىڭ تەفسىرىدە مۇنداق دەيدۇ: بۇ شۇنداق پىخسىق، رىياكار بايلاردۇركى، ئۇلار پۇل ـ مال توپلاپ پەقەت ئۆزلىرىنىڭ ھۇزۇرى ۋە شەھۋانىي يوللىرىغىلا سەرپ قىلىدۇ، ئۇلار خەيرىيەت ئىشلىرىغا پۇل سەرپ قىلىشقا چاقىرىلسا، بىز: سىلەر دېگەن يولدىن باشقا يوللارغا كۆپ پۇل خەجلەيمىز، دېيىشىدۇ. بۇ بايلار قىلمىشلىرىمىزنى ھېچ ئادەم كۆرمىدى، نىيىتىمىزنى ئاللا بىلمەيدۇ، دەپ ئويلايدۇ.

سالام مۇنداق دېگەن: "ئاللاتائالا ئاسمانىنى ۋە زېمىننى ياراتقان كۈنى مەككىدە ئۇرۇش قىلىشنى ھارام قىلغانىدى، ئۇنىڭدا ئۇرۇش قىلىش مەندىن بۇرۇن ھېچ كىشىگە ھالال قىلىنمىغان، مەندىن كېيىنمۇ ھېچ كىشىگە ھالال قىلىنمايدۇ. ئۇنىڭدا ئۇرۇش قىلىش ماڭىمۇ پەقەت كۈندۈزنىڭ مەلۇم ۋاقتىدىلا ھالال قىلىنغان. ئۇنىڭدا ئۇرۇش قىلىش ئاللانىڭ بېكىتىشى بىلەن قىيامەتكىچە ھارام قىلىنغاندۇر." ئاندىن ئاللاتائالا ئىنسانلارنىڭ بوۋىسى ئادەم ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى بىلەن قەسەم قىلدى. چۈنكى ئۇلارنىڭ ئارىسىدا پەيغەمبەرلەر، ياخشى بەندىلەر ۋە ئاللاتائالاغا دەۋەت قىلغۇچىلار بار ئىدى. يۇقىرىقى قەسەمنىڭ جاۋابى "بىز ھەقىقەتەن ئىنساننى جاپا-مۇشەققەت ئىچىدە قىلىپ ياراتتۇق" دېگەن سۆزدۇر. بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى شۇكى، ئاللاتائالا ئادەم بالىسىنى قىيىنچىلىق، جاپا-مۇشەققەت ئىچىدە ياراتتى. ئىنسان دۇنيانىڭ جاپا-مۇشەققەتلىرىنى تارتىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئاخىرەتنىڭ قاتتىقچىلىقلىرىنى بېشىدىن كەچۈرىدۇ. ئاندىن ئاللاتائالا ئۆزى بەرگەن نېمەتلەرگە ئىنساننىڭ مەغرۇر بولۇپ كەتكەنلىكىنى مۇنداق ئەسلىتىدۇ: ھەرقانداق بىر ئادەم ھەرقانچە كۈچلۈك بولۇپ كەتكەندىمۇ ماڭا كۈچى يەتمەيدۇ. ئۇ ئادەم ئاللا مېنى تىرىلدۈرۈشكە ۋە جازالاشقا قادىر ئەمەس دەپ ئويلامدۇ؟ ئۇ مەن ناھايىتى كۆپ مال سەرپ قىلدىم، كىم مېنىڭدىن ئۇنىڭ ھېسابىنى ئالىدۇ دەپ ئويلامدۇ؟ ئۇ ئاللا مېنى كۆرمەيدۇ ۋە مېنىڭ سەرپ قىلغان مېلىمنىڭ مىقدارىنى بىلمەيدۇ دەپ ئويلامدۇ؟

مۇھىم نۇقتىلىرى:

1. مەككىنىڭ شارائىتى ۋە ئۇنىڭ قەدرىنىڭ ئۇلۇغلۇقى بايان

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قىلىنىدۇ.

2. مەككىدە ئۇرۇش قىلىشنىڭ ھارام قىلىنغانلىقى، ئاللاتائالانىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۈچۈن ئۇنىڭدا پەقەت كۈندۈزنىڭ مەلۇم ۋاقتىدىلا ئۇرۇش قىلىشنى ھالال قىلغانلىقى كۆرسىتىلىدۇ.

3. ئىنساننىڭ چەككەن جاپالىرى بايان قىلىنىدۇ.

4. ئاللاتائالانىڭ بەرگەن نېمەتلىرىگە مەغرۇر بولۇپ كېتىشتىن ھەزەر قىلىش كېرەك.

5. ئۆزىنىڭ شەھۋەتلىرى ئۈچۈن پۇل، مال سەرپ قىلىپ پەخىرلەنگەن ۋە دېنىڭ بۇ ئىشىمنى كۆزىتىپ تۇرغۇچى يوق دەپ قارىغان ئادەملەرگە تەنبىھ بېرىلىدۇ.

أَلَمْ نَجْعَل لَّهُ
عَيْنَيْنِ ٨ وَلِسَانًا وَشَفَتَيْنِ ٩ وَهَدَيْنَاهُ النَّجْدَيْنِ ١٠
فَلَا اقْتَحَمَ الْعَقَبَةَ ١١ وَمَا أَدْرَاكَ مَا الْعَقَبَةُ ١٢
فَكُّ رَقَبَةٍ ١٣ أَوْ إِطْعَامٌ فِي يَوْمٍ ذِي مَسْغَبَةٍ ١٤ يَتِيمًا
ذَا مَقْرَبَةٍ ١٥ أَوْ مِسْكِينًا ذَا مَتْرَبَةٍ ١٦ ثُمَّ كَانَ مِنَ
الَّذِينَ آمَنُوا وَتَوَاصَوْا بِالصَّبْرِ وَتَوَاصَوْا بِالْمَرْحَمَةِ ١٧
أُولَٰئِكَ أَصْحَابُ الْمَيْمَنَةِ ١٨ وَالَّذِينَ كَفَرُوا بِآيَاتِنَا
هُمْ أَصْحَابُ الْمَشْأَمَةِ ١٩ عَلَيْهِمْ نَارٌ مُّؤْصَدَةٌ ٢٠

**تەرجىمىسى:**

ئىنسان ئۇچۇن ئىككى كۆز، بىر تىل، ئىككى كالپۇك ياراتمىدۇقمۇ؟ ئۇنىڭغا ياخشى يول بىلەن يامان يولنى كۆرسەتمىدۇقمۇ؟[8—10] ئۇ داۋان ئاشمىدى[11]، داۋان ئېشىشنىڭ نېمىلىكىنى قانداق بىلەتتىڭ؟[12] (داۋان ئېشىش دېگەن) قۇل ئازاد قىلماقتۇر*[13]، ياكى ئاچارچىلىق كۈندە تۇغقانچىلىقى بولغان يېتىمگە ياكى توپىدا ياتقان مىسكىن (يەنى هالى ناچار كەمبەغەل)گە تاماق بەرمەكتۇر[14—16]. شۇنىڭ بىلەن بىللە (يەنى يۇقىرىقىلارنى قىلىش بىلەن بىللە) ئىمان ئېيتقانلاردىن، ئۆزئارا سەۋر قىلىشقا تەۋسىيە قىلىشقانلاردىن، ئۆزئارا مەرھەمەت قىلىشقانلاردىن** بولماقتۇر[17]. ئەنە شۇلار (يەنى يۇقىرىدىكى ئىشلارنى قىلغان كىشىلەر) سائادەتمەن كىشىلەردۇر[18]. بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى ئىنكار قىلغانلار بەتبەختلەردۇر[19]. ئۇلار دوزاختا سولىنىدۇ[20].

**يۇقىرىقى ئايەتلەرنىڭ ئومۇمىي مەزمۇنى:**

ئاللاتائالا ئىنساننى شۈكۈر قىلسۇن دەپ، ئۇنىڭغا بەرگەن بىر

---

* ئەبۇ هۇرەيرە رەزىيەللاهۇ ئەنهۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام مۇنداق دېگەن: كىمكى بىر مۆمىن قۇلنى ئازاد قىلىدىكەن، ئاللا ئۇنىڭ هەربىر ئەزاسىنىڭ بەدىلىگە ئازاد قىلغۇچىنىڭ بىر ئەزاسىنى دوزاختىن ئازاد قىلىدۇ، هەتتا ئۇنىڭ قولى بەدىلىگە قولىنى، پۇتى بەدىلىگە پۇتىنى، جان يېرى بەدىلىگە جان يېرىنى ئازاد قىلىدۇ.

** ھەدىستە مۇنداق دېيىلىدۇ: رەهىمى قىلغۇچىلارغا مەرھەمەتلىك ئاللا رەهىم قىلىدۇ. سىلەر زېمىندىكىلەرگە رەهىم قىلىڭلار، سىلەرگە ئاسماندىكى زات رەهىم قىلىدۇ.

قىسىم نېمەتلەرنى زىكرى قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ئىنسانغا نەرسىلەرنى كۆرىدىغان ئىككى كۆز ئاتا قىلمىدۇقمۇ؟ سۆزلەپ مەقسىتىنى ئۇقتۇرىدىغان تىل ئاتا قىلمىدۇقمۇ؟ سۆزلەشكە ۋە تاماق يېيىشكە ياردەم قىلىدىغان، يۈزىگە ۋە ئاغزىغا ھۆسن بېغىشلايدىغان ئىككى لەۋ ئاتا قىلمىدۇقمۇ؟ ئۇنىڭغا ياخشىلىق بىلەن يامانلىقنىڭ، ھەق بىلەن ناھەقنىڭ، ھىدايەت بىلەن گۇمراھلىقنىڭ يوللىرىنى بايان قىلمىدۇقمۇ؟ ئۇنىڭغا داۋان ئېشىش ئۈچۈن، ئاللانىڭ رازىلىقىنى دەپ بۇ نېمەتلەر بەدىلىگە پۇل ـ مال سەرپ قىلىش لايىق ئەمەسمىدى؟ ئاندىن ئاللاتائالا سوئال تەرىقىسىدە داۋاننىڭ شەئنىنى چوڭ كۆرسەتتى، تۆۋەندىكى بىرقانچە ئىشنى يەنى قۇللارنى ئازاد قىلىش، ئاچارچىلىق كۈنلەردە يېقىن يېتىملەرگە تاماق بېرىش، ھېچ نەرسىسى يوق، گوياكى يوقسىزلىقتىن تۇپىغا مىلىنىپ كەتكەن كەمبەغەللەرگە ئاب ـ ئاش بېرىشكە ئوخشاش ئىشلارنى قىلسا داۋان ئاشقان ھېسابلىنىدىغانلىقىنى كۆرسەتتى. ئۇلارنىڭ يۇقىرىقىدەك ياخشى ئىشلارنى قىلىشى، شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە بۇرۇن قىلغان ياخشى ئەمەللىرىنىڭ ساۋابىنى ئاللانىڭ دەرگاھىدىن تىلەيدىغان، بىر ـ بىرىنى ئاللاغا تائەت ـ ئىبادەت قىلىشقا چىداملىق بولۇشقا تەۋسىيە قىلىدىغان، گۇناھ ئالدىدا ئۆزىنى تۇتۇۋالايدىغان، بېشىغا كەلگەن ھادىسە ـ بالاغا ۋە كىشىلەردىن يەتكەن ئەزىيەتلەرگە سەۋر قىلىدىغان، ئۆزئارا رەھىمدىل بولۇش، كىشىلەرگە مۇلايىم بولۇش ئۈستىدە بىر ـ بىرىگە تەۋسىيە قىلىشىدىغان مۆمىنلەردىن بولۇشى لازىملىقىنى زىكرى قىلدى.

يۇقىرىقى سۈپەتلەر بىلەن سۈپەتلەنگەنلەر نامە ـ ئەمالى ئوڭ تەرىپىدىن بېرىلىدىغان كىشىلەردۇر. ئاللانىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار

قىلىپ كاپىر بولغانلار نامە ـ ئەمالى سول تەرىپىدىن بېرىلىدىغانلار ۋە دوزاخقا سولىنىدىغان كىشىلەر بولۇپ، ئۇلار دوزاختىن چىقىدىغان ۋە قۇتۇلىدىغان ئىش بولمايدۇ.

**مۇھىم نۇقتىلىرى:**

1. ئاللاتائالا بەندىلىرىم شۈكۈر قىلسۇن دەپ ئۇلارغا بەرگەن نېمەتلىرىنى ئەسلىتىپ ئۆتىدۇ.

2. قۇللارنى ئازاد قىلىش، ئاچارچىلىق ۋاقىتلىرىدا باشقىلارنى ئاب ـ ئاش بىلەن تەمىنلەش، سىلە ـ رەھىم قىلىش، يېتىملەرنىڭ ۋە كەمبەغەللەرنىڭ بېشىنى سىلاش قاتارلىق ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا رىغبەتلەندۈرۈلىدۇ.

3. ياخشى ئىش قىلغان سادىق مۆمىنلەرنىڭ ئاقىۋىتى بايان قىلىنىدۇ.

4. ئىنكار قىلغۇچى كۇففارلارنىڭ ئاقىۋىتى بايان قىلىنىدۇ.

آيَاتُهَا ١٥ (٩١) سُورَةُ الشَّمْسِ مَكِّيَّةٌ (٢٦) رُكُوعُهَا ١

بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيْمِ

وَالشَّمْسِ وَضُحٰهَا (١) وَالْقَمَرِ اِذَا تَلٰهَا (٢) وَالنَّهَارِ
اِذَا جَلّٰهَا (٣) وَالَّيْلِ اِذَا يَغْشٰهَا (٤) وَالسَّمَآءِ وَمَا
بَنٰهَا (٥) وَالْاَرْضِ وَمَا طَحٰهَا (٦) وَنَفْسٍ وَّمَا سَوّٰهَا (٧)
فَاَلْهَمَهَا فُجُوْرَهَا وَتَقْوٰهَا (٨) قَدْ اَفْلَحَ مَنْ زَكّٰهَا (٩)
وَقَدْ خَابَ مَنْ دَسّٰهَا (١٠)

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## تەرجىمىسى:

### 91. سۈرە شەمس

مەككىدە نازىل بولغان، 15 ئايەت.

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن.

قۇياش بىلەن ۋە ئۇنىڭ نۇرى بىلەن قەسەمكى[1]، قۇياشقا ئەگەشكەن چاغدىكى ئاي بىلەن قەسەمكى[2]، قۇياشنى ئاشكارا قىلغان كۈندۈز بىلەن قەسەمكى[3]، قۇياشنى يوشۇرغان چاغدىكى كېچە بىلەن قەسەمكى[4]، ئاسمان بىلەن ۋە ئۇنى بىنا قىلغان زات بىلەن قەسەمكى[5]، زېمىن بىلەن ۋە ئۇنى بىنا قىلغان زات بىلەن قەسەمكى[6]، روھ بىلەن ۋە ئۇنى چىرايلىق قىلىپ ياراتقان، ئۇنىڭغا ياخشى-يامانلىقنى بىلدۈرگەن زات بىلەن قەسەمكى[7-8]، روھىنى پاك قىلغان ئادەم چوقۇم مۇرادىغا يېتىدۇ[9]. نەپسىنى (كۇفرى ۋە پىسقى-فۇجۇر بىلەن) كەمسىتكەن ئادەم چوقۇم نائۇمىد بولىدۇ[10].

### يۇقىرىقى ئايەتلەرنىڭ ئومۇمىي مەزمۇنى:

ئاللاتائالا بۇ يەردە بىر تۈركۈم نەرسىلەر بىلەن قەسەم قىلدى: قۇياش بىلەن، قۇياش نۇرىنىڭ كۆتۈرۈلۈشى بىلەن قەسەم قىلدى، قۇياشقا ئەگىشىپ ئۇنىڭ نۇرىنىڭ ئورنىنى باسقان ئاي بىلەن قەسەم قىلدى، بۇ ھال ئاينىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا كۆرۈلىدۇ. بۇ چاغدا قۇياش پېتىپ ئاي ئۇنىڭغا ئەگىشىدۇ، يەنى قۇياش پاتقاندىن كېيىنلا ئاي چىقىپ، ئۇنىڭ نۇرى قۇياش نۇرىنىڭ ئورنىنى باسىدۇ. ئاللا

زېمىندىكى قاراڭغۇلۇقنى كۆتۈرۈۋەتكەن كۈندۈز بىلەن قەسەم قىلدى، كۈننى يېپىپ جاھاننى قاراڭغۇلاشتۇرغان كېچە بىلەن قەسەم قىلدى، ئاسمان بىلەن ۋە ئۇنى ياراتقان زات ئاللا بىلەن قەسەم قىلدى، زېمىن بىلەن ۋە زېمىننى يايپاق قىلىپ، ئۇنى تۇرالغۇ بولۇشقا لايىق قىلغان زات بىلەن قەسەم قىلدى، روھ بىلەن قەسەم قىلدى. بۇ يەردىكى روھ پۈتۈن جىنلارنى ۋە ئىنسانلارنى كۆرسىتىدۇ. ئاللا ئۇنى چىرايلىق، ئەزالىرىنى بېجىرىم قىلىپ ياراتتى، ئۇنىڭغا ياخشى ـ يامان يوللارنى كۆرسەتتى. ئۇنداق قىلىش ئاللانىڭ تەقدىرى بويىچە ئۇنىڭ ئۆزى خالىغان يولدا مېڭىشى ئۈچۈندۇر. ئاللاتائالا: گۇناھلاردىن ئۆزىنى پاك تۇتقان ئادەم بەختكە ئېرىشىدۇ، ئۆزىنى گۇناھلار بىلەن ۋە كۇفرى بىلەن خار قىلغان ئادەم زىيان تارتىدۇ دەيدۇ.

**مۇھىم نۇقتىلىرى:**

1. ئاللاتائالانىڭ بۇ مەخلۇقاتلار بىلەن قەسەم قىلىشى ئۇلارنىڭ شەرەپلىك ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىش ئۈچۈندۇر.

2. ئاللاتائالانىڭ بۇ بۈيۈك مەخلۇقاتلارنى پۇختا ياراتقانلىقتىن ئىبارەت قۇدرىتى ئىلاھىيسى، پەقەت ئاللانىڭلا بەندىلەرنىڭ ئىبادەت قىلىشىغا لايىق زات ئىكەنلىكى كۆرسىتىلىدۇ.

3. كىشى نەپسىنى پاكلاشقا رىغبەتلەندۈرۈلىدۇ.

4. گۇناھلارنى ۋە ناچار ئىشلارنى قىلماسلىققا ئاگاھلاندۇرۇلىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

كَذَّبَتْ ثَمُودُ بِطَغْوَاهَا ﴿١١﴾
إِذِ انبَعَثَ أَشْقَاهَا ﴿١٢﴾ فَقَالَ لَهُمْ رَسُولُ اللَّهِ نَاقَةَ
اللَّهِ وَسُقْيَاهَا ﴿١٣﴾ فَكَذَّبُوهُ فَعَقَرُوهَا فَدَمْدَمَ
عَلَيْهِمْ رَبُّهُم بِذَنبِهِمْ فَسَوَّاهَا ﴿١٤﴾ وَلَا يَخَافُ
عُقْبَاهَا ﴿١٥﴾

**تەرجىمىسى:**

سەمۇد* ھەددىدىن ئاشقانلىقى ئۈچۈن (پەيغەمبەرنى) ئىنكار قىلدى(11). ئەينى زاماندا سەمۇدنىڭ ئەڭ بەتبەخت ئادىمى

---

* سەمۇد قەۋمى مۇنقەرز بولۇپ كەتكەن قەدىمكى ئەرەب قەبىلىلىرىدىندۇر. ئاللا ئۇلارغا سالىھ ئەلەيھىسسالامنى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكەندە، ئۇنىڭ راستلىقى ئۈچۈن مۆجىزە تەلەپ قىلىشتى، ئاللاتائالا سالىھ ئەلەيھىسسالامنىڭ مۆجىزىسى سۈپىتىدە تاشنىڭ ئارىسىدىن بىر بالىلىق تۆگە چىقىرىپ بەردى. سەمۇد قەۋمى ئىچىدىغان سۇنى ئاللا نۆۋەت بىلەن بىركۈنى سەمۇد قەۋمى، بىركۈنى تۆگە ئىچىشكە بۇيرۇدى، شۇنىڭدەك ئاللا ئۇ تۆگىگە ھېچ كىشىنىڭ چېقىلماسلىقىنى ئۇنى ئەركىن قويۇۋېتىشنى جېكىلىدى، ئەگەر سەمۇد قەۋمى تۆگىگە چېقىلىدىغان بولسا، ئۇلار ئاللانىڭ ئازابىغا قالىدىغانلىقلىرى بىلەن ئاگاھلاندۇرۇلدى، بۇنىڭغا قارىماي، قەدار ئىبنى سالىف ناملىق بىر شەخسى ئالدى بىلەن تۆگىگە ھۇجۇم قىلىپ ئۇنى ئۆلتۈردى، تۆگە يەرگە يىقىلغاندىن كېيىن يەنە ئۇلاردىن توققۇز ئادەم تۆگىگە قىلىچ سېلىپ ئۇنى پارچىلاپ تاشلىدى. تۆگە ئۆلتۈرۈلۈپ ئۈچ كۈندىن كېيىن ئاللاتائالا سالىھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىنى ھالاك قىلدى.

(مۆجىزە بولۇپ كەلگەن تۆگىنى) ئۆلتۈرۈشكە ئالدىرىدى[12]. ئۇلارغا ئاللانىڭ پەيغەمبىرى (يەنى سالىھ ئەلەيھىسسالام): "ئاللانىڭ تۆگىسىگە چېقىلماڭلار، ئۇنى سۇ ئىچىشتىن توسماڭلار" دېدى[13]. ئۇلار پەيغەمبەرنى (يەنى سالىھ ئەلەيھىسسالامنى) يالغانچى قىلدى، تۆگىنى ئۆلتۈردى. گۇناھى تۈپەيلىدىن ئاللا ئۇلارنى تەلتۆكۈس ھالاك قىلدى. ئومۇمىيۈزلۈك ھالاك قىلدى[14]. ئاللا ئۇنىڭ (يەنى ئۇلارنى ھالاك قىلغانلىقىنىڭ) ئاقىۋىتىدىن قورقمايدۇ[15].

## يۇقىرىقى ئايەتلەرنىڭ ئومۇمىي مەزمۇنى:

قۇرەيش مۇشرىكلىرىنىڭ ئۆز پەيغەمبەرلىرىنى ئىنكار قىلغان ئۆتكەنكى ئۈممەتلەر تارتقان ئازابنىڭ كېلىشىدىن قورقۇپ ئىبرەت ئېلىشى ۋە روسۇلۇللانى ئىنكار قىلىشتىن يېنىشى ئۈچۈن، ئاللا-تائالا سالىھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى سەمۇدنىڭ قىسسىسىنى بايان قىلدۇ. ئاللاتائالا سەمۇد قەۋمىنىڭ ئاسىيلىق قىلىپ، ئاللانىڭ پەيغەمبىرى سالىھ ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزىنى يالغانغا چىقارغانلىقىنى خەۋەر قىلىدۇ. سەمۇد قەۋمىدىكى ئەڭ بەتبەخت ئادەم ئاللاتائالا مۆجىزە قىلىپ ئەۋەتكەن تۆگىنى بوغۇزلىماقچى بولغاندا، سالىھ ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ ئاللانىڭ ئازابىغا دۇچار بولىدىغانلىقىنى خەۋەر قىلغانىدى. سالىھ ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ تۆگىنى ئۆلتۈرۈشىنى مەنئى قىلىپ: ئاللانىڭ تۆگىسىنى ئۆلتۈرۈشتىن ھەزەر قىلىڭلار، بەلگىلىگەن كۈنى ئۇنى سۇ ئىچىشكە قويۇپ بېرىڭلار، ئۇنىڭغا چېقىلماڭلار، دېدى. ئۇلار سالىھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاگاھ-لاندۇرۇشىغا قارىماي، تۆگىنى ئۆلتۈرۈشكە جۈرئەت قىلدى، ئاللا-تائالا ئۇلارنى ئۇزۇل-كېسىل ھالاك قىلدى، ئۇلاردىن بىر كىشىمۇ

www.uyghurkitap.com

قۇتۇلۇپ قالمىدى. چۈنكى ئۇلار تۆگىنى ئۆلتۈرۈشتە، پەيغەمبەرنى ئىنكار قىلىشتا بىرلىككە كەلگەنىدى، ئاللاتائالا ئۇلارنى ئازابقا ئورتاق دۇچار قىلدى. ئاللاتائالا ئۇلارنى ھالاك قىلىشتا ئاقىۋەتتىن ھېچكىمدىن قورقۇپ قالمىدى. ئاللاتائالا ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر. ئاللاتائالانىڭ قىلغان ئىشى سورۇشتە قىلىنمايدۇ.

**مۇھىم نۇقتىلىرى:**

1. پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلماڭلار دەپ ئاگاھلاندۇرۇش بېرىلىدۇ، چۈنكى ئاللاتائالانىڭ پەيغەمبەرلىرىنى ئىنكار قىلىش دۇنيادا ئازابقا قېلىشنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

2. ئاللا غالىبتۇر، مەغلۇپ بولمايدۇ. ئۇنىڭ ئازابىدىن ھېچ كىشى قۇتۇلۇپ قالالمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىنسان ئاللانىڭ ئازابىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، ئاللانىڭ پەيغەمبەرلىرى ئېلىپ كەلگەن ئەمر-پەرمانلارغا ئىتائەت قىلىشى، پەرۋەردىگارىنىڭ بۇيرۇقلىرىنى ئورۇنلىشى كېرەك.

آياتها ٢١ (٩٢) سُورَةُ الَّيْلِ مَكِّيَّةٌ (٩) رُكُوعُهَا ١

بِسْمِ اللَّهِ الرَّحْمَٰنِ الرَّحِيمِ

وَالَّيْلِ إِذَا يَغْشَىٰ ١ وَالنَّهَارِ إِذَا تَجَلَّىٰ ٢ وَمَا خَلَقَ
الذَّكَرَ وَالْأُنثَىٰ ٣ إِنَّ سَعْيَكُمْ لَشَتَّىٰ ٤ فَأَمَّا مَنْ أَعْطَىٰ
وَاتَّقَىٰ ٥ وَصَدَّقَ بِالْحُسْنَىٰ ٦ فَسَنُيَسِّرُهُ لِلْيُسْرَىٰ ٧ وَ
أَمَّا مَنْ بَخِلَ وَاسْتَغْنَىٰ ٨ وَكَذَّبَ بِالْحُسْنَىٰ ٩ فَسَنُيَسِّرُهُ
لِلْعُسْرَىٰ ١٠ وَمَا يُغْنِي عَنْهُ مَالُهُ إِذَا تَرَدَّىٰ ١١
إِنَّ عَلَيْنَا لَلْهُدَىٰ ١٢ وَإِنَّ لَنَا لَلْآخِرَةَ وَالْأُولَىٰ ١٣

تەرجىمىسى:

92. سۈرە لەيل

مەككىدە نازىل بولغان، 21 ئايەت.

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللانىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن.

قاراڭغۇلۇقى ئالەمنى قاپلىغان كېچە بىلەن قەسەمكى[1]، يورۇغان چاغدىكى كۈندۈز بىلەن قەسەمكى[2]، ئەر-ئايالنى ياراتقان زات ئاللا بىلەن قەسەمكى[3]، سىلەرنىڭ ئەمەلىڭلار شەك-شۈبھىسىز خىلمۇخىلدۇر[4]، (پۇل-دۇنيانى ئاللانىڭ رازىلىقى ئۈچۈن)

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

سەرپ قىلغان*، تەقۋادارلىق قىلغان، (كەلىمە تەۋھىدنى) تەستىق قىلغان ئادەمگە كەلسەك[5–6]، ئۇنىڭغا بىز ياخشى يولنى مۇيەسسەر قىلىپ بېرىمىز[7]. بېخىللىق قىلىپ (ئاللانىڭ ساۋابىدىن) ئۆزىنى بىھاجەت ھېسابلىغان، كەلىمە تەۋھىدنى ئىنكار قىلغان ئادەمگە كەلسەك[8–9]، بىز ئۇنىڭغا يامان يولنى مۇيەسسەر قىلىپ بېرىمىز[10]. ئۇ (دوزاخقا) تاشلانغان چاغدا، ئۇنىڭ مېلى ھېچ نەرسىگە ئەسقاتمايدۇ[11]. توغرا يولنى كۆرسىتىشكە شەك-شۈبھىسىز بىز مەسئۇلمىز[12]. دۇنيا ۋە ئاخىرەت شەك-شۈبھىسىز بىزنىڭ ئىلكىمىزدىدۇر[13].

## يۇقىرىقى ئايەتلەرنىڭ ئومۇمىي مەزمۇنى:

ئاللاتائالا قاراڭغۇلۇقى بىلەن كۈندۈزنى يېپىپ، ئۇنىڭ يورۇقىنى يوق قىلىۋېتىدىغان كېچە بىلەن قەسەم قىلدى، نۇرى بىلەن يورۇتىدىغان كۈندۈز بىلەن قەسەم قىلدى، ئاللاتائالا ئۆزى بىلەن قەسەم قىلدى، ئاللاتائالا ئەر-ئايالنى بىر خىل سۇدىن ياراتتى، ئاللاتائالا مەخلۇقات ئىچىدىكى خالىغان نەرسىلەر بىلەن قەسەم

* پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بىر ھەدىسىدە مۇنداق دېيىلگەن: "ھەر كۈنى ئىككى پەرىشتە: ئى ئاللا، سېخىينىڭ باشقىلارغا بەرگەن مېلىنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇپ بەرگىن، مۇمسىكنىڭ مېلىنى تىرىپىرەن قىلىۋەتكىن، دەپ دۇئا قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ بۇ دۇئاسىنى ئىنسى جىندىن باشقا بارچە مەخلۇقات ئاڭلايدۇ." يوقسۇللارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالغان، خەير-ساخاۋەت يوللىرىغا پۇل-مال سەرپ قىلغان ئادەم سېخى ھېسابلىنىدۇ، ئۆزىنىڭ يېمەك-ئىچمەك، كىيىم-كېچەك ۋە ھاۋايى-ھەۋەس يوللىرىغا كەڭ قوللۇق بىلەن پۇل خەجلىگەن ئادەم سېخى ھېسابلانمايدۇ.

قىلىدۇ، مەخلۇقاتلارغا ئاللانىڭ غەيرىي بىلەن قەسەم قىلىش دۇرۇس بولمايدۇ. ئاللاتائالا بەندىلەرنىڭ ئەمەللىرىنىڭ خىلمۇ-خىل، بىر-بىرىگە زىت بولىدىغانلىقى بىلەن يەنى بەزىلەرنىڭ ياخشىلىق قىلىدىغانلىقى ۋە بەزىلەرنىڭ يامانلىق قىلىدىغانلىقى بىلەن قەسەم قىلدى. ئاندىن بۇ ھەقتە تەپسىلىي توختىلىپ مۇنداق دېدى: پۇل-مېلىنى ئاللانىڭ يولىدا سەرپ قىلغان، ئاللا بەلگىلىگەن زاكاتىنى بەرگەن، ئاللادىن قورقۇپ، ئۇ چەكلىگەن ئىشلارنى قىلمىغان، كەلىمە تەۋھىدنى تەستىق قىلىپ شۇ بويىچە ئىشلىگەن كىشىنى دۇنيادا ئاللا ئۆزى رازى بولىدىغان ئەمەلگە مۇۋەپپەق قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئەكسىچە، ياخشىلىق يوللىرىغا پۇل-مال سەرپ قىلىشقا بېخىللىق قىلىدىغان، ئاللانىڭ ساۋابىدىن ئۆزىنى بىھاجەت ھېسابلاپ، ئۇنىڭغا قىزىقمايدىغان، جەننەتنى ئىنكار قىلىدىغان كىشىنى ئاللا رازى بولمايدىغان ئىشلارنى قىلىپ، دوزاختا تېگىشلىك بولۇش ئۈچۈن يامان يولغا سالىدۇ. ھەدىستە مۇنداق كەلگەن: "ئىشلەڭلار، ھەر ئادەم نېمە ئىشقا يارىتىلغان بولسا، ئۇنىڭغا شۇ ئىش مۇيەسسەر قىلىنىدۇ." شەقىي بولسا شەقىيلەرنىڭ ئەمەلىگە مۇۋەپپەق قىلىنىدۇ، سائادەتمەن بولسا سائادەتمەنلەرنىڭ ئەمەلى مۇيەسسەر قىلىنىدۇ. ئاندىن ئاللاتائالا بۇ بېخىل ئۆلۈپ جەھەن-نەمگە كىرگەن چاغدا ئۇنىڭغا ئەسقاتىدىغان نەرسە نېمە؟ دەيدۇ. ئاندىن كېيىن ئاللاتائالا توغرا يولغا سېلىشنىڭ، تەۋپىق ۋە ھىدايەت ئاتا قىلىشنىڭ ئۆزىنىڭ ئىلكىدە ئىكەنلىكىنى خەۋەر قىلىدۇ. ئاللاتائالا دوستلىرىنى ئۆزىگە ئىتائەت قىلىدىغان ئەمەللەرنى قىلىشقا باشلاشنى، دۈشمەنلىرىنى ئۆزىگە ئىتائەت قىلىدىغان ئەمەل-لەردىن توسۇشنى ئۆز ئۈستىگە ئالغانلىقىدىن خەۋەر بېرىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

شۇنىڭدەك دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ ئاللانىڭ ئىلكىدە ئىكەنلىكىدىن، ئۇلارنى ئاللانىڭ غەيرىيدىن تەلەپ قىلىغان كىشىنىڭ خاتا يولدا ئېڭىپ قالىدىغانلىقىدىن خەۋەر بېرىدۇ.

## مۇھىم نۇقتىلىرى:

1. كىشىلەرنىڭ ئەمەللىرىنىڭ خىلمۇخىل ۋە قارىمۇقارشى بولىدىغانلىقى بايان قىلىنىدۇ.

2. ئاللاغا ئىتائەت قىلغان، ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا ئالدىرىغان كىشىنىڭ ياخشىلىقلارغا مۇۋەپپەق قىلىنىدىغانلىقى كۆرسىتىلىدۇ.

3. ئاللاغا ئىتائەت قىلىشتىن باش تارتقان، ئالا تاپشۇرغان ۋەزىپىلەرنى ئادا قىلمىغان ئادەمنىڭ زىيانكار ئىكەنلىكى كۆرسىتىلىدۇ.

4. مال ئىگىسى بولغان ئادەم ئاللادىن قورقمىسا، ئۇنىڭ مېلىنىڭ ئۇنى دوزاختىن قۇتقۇزالمايدىغانلىقى بايان قىلىنىدۇ.

5. ھىدايەتنىڭ ئاللانىڭ قولىدا ئىكەنلىكى، دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ مۈلكى ئىكەنلىكى زىكرى قىلىنىدۇ.

فَأَنذَرْتُكُمْ نَارًا تَلَظَّىٰ ﴿١٤﴾ لَا يَصْلَاهَا إِلَّا الْأَشْقَى ﴿١٥﴾
الَّذِي كَذَّبَ وَتَوَلَّىٰ ﴿١٦﴾ وَسَيُجَنَّبُهَا الْأَتْقَى ﴿١٧﴾ الَّذِي
يُؤْتِي مَالَهُ يَتَزَكَّىٰ ﴿١٨﴾ وَمَا لِأَحَدٍ عِندَهُ مِن
نِّعْمَةٍ تُجْزَىٰ ﴿١٩﴾ إِلَّا ابْتِغَاءَ وَجْهِ رَبِّهِ الْأَعْلَىٰ ﴿٢٠﴾
وَلَسَوْفَ يَرْضَىٰ ﴿٢١﴾

تەرجىمىسى:

سىلەرنى لاۋۇلداپ تۇرغان ئوتتىن ئاگاھلاندۇردۇم[14]. ئۇنىڭغا پەقەت (ھەقنى) ئىنكار قىلغان، (ئىماندىن) يۈز ئۆرۈگەن ئادەملەر كىرىدۇ[15—16]. پاكلىنىش ئۈچۈن مال ـ مۈلكىنى (ياخشىلىق يوللىرىغا) سەرپ قىلىدىغان ئادەم ئۇنىڭدىن (يەنى ئوتتىن) يىراق قىلىنىدۇ[17—18]، ئۇنىڭ قىلغان ياخشىلىقى بىراۋنىڭ ياخشىلىقىنى ياندۇرۇش ئۈچۈن ئەمەس، پەقەت ئۇلۇغ پەرۋەردىگارىنىڭ رازىلىقى ئۈچۈندۇر[19—20]. ئۇ (يەنى ئېھسان قىلغۇچى ئادەم) (پەرۋەردىگارىنىڭ بەرگەن مۇكاپاتىدىن) چوقۇم رازى بولىدۇ[21].

**يۇقىرىقى ئايەتلەرنىڭ ئومۇمىي مەزمۇنى:**

ئاللاتائالا پەيغەمبەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئىنكار قىلغانلارنى دوزاخ ئازابى بىلەن قورقىتىدۇ، دوزاخنىڭ لاۋۇلداپ يېنىپ تۇرىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭغا پەقەت پەيغەمبەرنى ئىنكار قىلغان، ئىماندىن يۈز ئۆرۈگەن بەتبەخت ئادەمنىڭ كىرىدىغانلىقىنى، دوزاختىن ئۆزىنى ساقلاش ئۈچۈن پەرۋەردىگارىنىڭ تائەت ـ ئىبادىتىگە پۇل ـ دېلىنى سەرپ قىلىدىغان، رىيا قىلمايدىغان تەقۋادار ئادەمنىڭ دوزاختىن يىراق قىلىنىدىغانلىقىنى خەۋەر قىلىدۇ*. بۇ ئادەم ئەبۇ

* پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "باش تارتقانلاردىن باشقا مېنىڭ ئۈممىتىمدىكىلەرنىڭ ھەممىسى جەننەتكە كىرىدۇ" دېگەن، ساھابىلەر ئى روسۇلۇللا، جەننەتكە كىرىشتىن كىممۇ باش تارتىدۇ؟ دەپ سورىغاندا، روسۇلۇللا: "كىمكى ماڭا ئىتائەت قىلسا، ئۇ جەننەتكە كىرىدۇ، كىمكى ماڭا ئىتائەت قىلمىسا، ئۇ كىشى جەننەتكە كىرىشتىن باش تارتقان بولىدۇ" دەپ جاۋاب بەرگەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدۇر. ئۇ مۇسۇلمان قۇللارنى سېتىۋېلىپ، قۇرەيشلەرنىڭ قىينىشىدىن قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ئۇلارنى ئازاد قىلاتتى. بۇ ئايەتنىڭ مەزمۇنى ئومۇمىي بولۇپ، ياخشىلىق قىلىش باشقا بىر ئادەمدىن كۆرگەن ياخشىلىقنى قايتۇرۇش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئاللانىڭ ئاخىرەتتە بېرىدىغان ساۋابىنى ئۈمىد قىلىش يۈزىسىدىن ئاللانىڭ رازىلىقى ئۈچۈن ياخشىلىق قىلىدىغان ۋە ياخشى خىسلەتلەرگە ئىگە بولغان كىشىلەرنىڭ ھەممىسىگە ئۇيغۇن كېلىدۇ. جەننەتلەرنىڭ باغچىلىرىدا مەرھەمەتلىك پەرۋەردى-گار ئاللانىڭ جامالىغا قاراش ئاللانىڭ بەرگەن ساۋابىنىڭ جۈملىسى-دىندۇر. بۇ ياخشىلىق قىلغۇچى ئادەم دۇنيادىكى ۋاقتىدا قىلغان ياخشى ئىشلىرى ئۈچۈن ئاللانىڭ ئاخىرەتتە بەرگەن ساۋابىدىن مەمنۇن بولىدۇ.

**مۇھىم نۇقتىلىرى:**

1. دوزاختىن ۋە دوزاختا تاشلىنىشقا سەۋەبچى بولىدىغان ئىشلاردىن ھەزەر ئەيلەش لازىم.

2. ھەقنى ئىنكار قىلغان، پەرۋەردىگارنىڭ تائەت-ئىبادىتىدىن يۈز-ئۆرۈگەن ئادەمنىڭ بارار جايى دوزاخ بولىدۇ.

3. ئاللاغا ئىتائەت قىلغان، ئاللانىڭ ھەققىنى ئادا قىلغانلارغا ئۇلارنىڭ دوزاختىن يىراق قىلىنىدىغانلىقى بىلەن خۇش خەۋەر بېرىلىدۇ.

4. ئەمەللەرنى ئىخلاس بىلەن قىلىش ئەمەللەرنىڭ قوبۇل بولۇشىنىڭ ۋە ئۇلارغا ساۋاب بېرىلىشىنىڭ شەرتىدۇر.

آياتها ١١ (٩٣) سُورَةُ الضُّحَىٰ مَكِّيَّةٌ (١١) ركوعها ١

بِسْمِ اللَّهِ الرَّحْمَٰنِ الرَّحِيمِ

وَالضُّحَىٰ ﴿١﴾ وَاللَّيْلِ إِذَا سَجَىٰ ﴿٢﴾ مَا وَدَّعَكَ رَبُّكَ وَمَا قَلَىٰ ﴿٣﴾
وَلَلْآخِرَةُ خَيْرٌ لَّكَ مِنَ الْأُولَىٰ ﴿٤﴾ وَلَسَوْفَ يُعْطِيكَ رَبُّكَ
فَتَرْضَىٰ ﴿٥﴾ أَلَمْ يَجِدْكَ يَتِيمًا فَآوَىٰ ﴿٦﴾ وَوَجَدَكَ ضَالًّا
فَهَدَىٰ ﴿٧﴾ وَوَجَدَكَ عَائِلًا فَأَغْنَىٰ ﴿٨﴾ فَأَمَّا الْيَتِيمَ فَلَا
تَقْهَرْ ﴿٩﴾ وَأَمَّا السَّائِلَ فَلَا تَنْهَرْ ﴿١٠﴾ وَأَمَّا بِنِعْمَةِ رَبِّكَ فَحَدِّثْ ﴿١١﴾

**تەرجىمىسى:**

## 93 سۈرە زۇھا

مەككىدە نازىل بولغان، 11 ئايەت.

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن.

چاشگاھ ۋاقتى بىلەن قەسەمكى[1]، قاراڭغۇلۇقى (ئەتراپنى قاپلىغان) چاغدىكى كېچە بىلەن قەسەمكى[2]، (ئى مۇھەممەد!) پەرۋەردىگارىڭ سېنى تاشلىۋەتكىنىمۇ يوق، يامان كۆرۈپ قالغىنىمۇ يوق*[3]. ساڭا ئاخىرەت ئەلۋەتتە دۇنيادىن ياخشىدۇر[4].

* شۇنداق رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا نازىل بولۇۋاتقان ۋەھيى 15 كۈن توختاپ قالغان. كۇففارلار: مۇھەممەدنى پەرۋەردىگارى تاشلىۋەتتى، يامان كۆردى دېگەن سۆزلەرنى قىلغان. شۇنىڭ بىلەن بۇ سۈرە نازىل بولغان.

پەرۋەردىگارىڭ ساڭا (ئاخىرەتتە ساۋاب، ھۆرمەت ۋە شاپائەت قاتارلىقلارنى) ئاتا قىلىدۇ، سەن مەمنۇن بولىسەن[5]. ئۇ سېنى يېتىم بىلىپ پاناھ بەرمىدىمۇ؟ [6] قايمۇققان بىلىپ ھىدايەت قىلمىدىمۇ؟ [7] سېنى يوقسىز بىلىپ (كىشىلەردىن) بىھاجەت قىلمىدىمۇ؟[8] يېتىمنى خارلىما[9]. سائىلغا قوپاللىق قىلما[10]. پەرۋەردىگارىڭنىڭ (ساڭا بەرگەن) نېمىتىنى (كىشىلەرگە) سۆزلەپ بەرگىن. (چۈنكى نېمەتنى سۆزلەپ بەرگەنلىك نېمەتكە شۈكۈر قىلغانلىق بولىدۇ) [11]*.

## يۇقىرىقى ئايەتلەرنىڭ ئومۇمىي مەزمۇنى:

ئاللاتائالا چاشگاھ ۋاقتى بىلەن، قاراڭغۇلۇقى ھەممە نەرسىنى قاپلىغان چاغدىكى كېچە بىلەن قەسەم قىلىدى، ئاللاتائالا ئۆز پەيغەمبىرىنى پەيغەمبەرلىككە تاللىغاندىن تارتىپ، ئۇنى تاشلاپ ئەتكىنى يوق، ئۇنى دوست تۇتقاندىن باشلاپ يامان كۆرۈپ قالغىنىمۇ يوق، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاللانىڭ تاللانغان دوستىدۇر. ئاخىرەت يۇرتىدا ئۇ بەلەن ئورۇنغا — ھەۋزى كەۋسەرگە، يۇقىرى دەرىجىلەرگە ۋە ئۇنى دۇنياغا ۋە دۇنيادىكى نەرسىلەرگە قىزىقتۇرمايدىغان نېمەتلەرگە ئېرىشىدۇ. ئۇنىڭغا ئاخىرەت دۇنيادىن

* ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: "كىشىلەرگە تەشەككۈر ئېيتمىغان ئادەم ئاللاغىمۇ شۈكۈر قىلمايدۇ." بۇ سۈرە نازىل بولغاندا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەكبىر ئېيتقان، شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ سۈرە ئوقۇلغاندىن كېيىن تەكبىر ئېيتىش سۈننەت بولۇپ قالغان، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ سۈرىدىن كېيىنكى سۈرىلەرنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىنمۇ تەكبىر ئېيتىشقا بۇيرۇغانلىقى رىۋايەت قىلىنغان.

ياخشىدۇر. ئاللا ئۇنىڭغا ئاخىرەتتە يۇقىرىقى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئاتا قىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ مەمنۇن بولىدۇ. ئاندىن ئاللاتائالا ئۆز پەيغەمبىرىگە ئۇنىڭ كىچىك ۋاقتىدىن تارتىپ ئاتا قىلىپ كەلگەن نېمەتلىرىنى ساناپ ئۆتتى. بۇ ئۇنىڭ يۇقىرىقى نېمەتلەرگە كېلەچەكتە ئېرىشىدىغان نېمەتلەرنى دېلىشتۇرۇپ خۇشال بولۇشى، ئاللاغا بولغان ئۈمىدىنىڭ كۈچىيىشى ئۈچۈندۇر. ئاللاتائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا خىتاب قىلىپ مۇنداق دېدى: سەن ئاتا-ئاناڭدىن كىچىكىڭدە يېتىم قالغان ئىدىڭ، سېنى پەرۋەردىگارىڭ تاغاڭ ئەبۇ تالىپنىڭ پاناھىغا ئالدۇرۇپ تەربىيە قىلدۇرمىدىمۇ؟ سەن شەرىئەتنى بىلىشتە تېڭىرقاپ قالغان ئىدىڭ، سېنى شەرىئەتكە ھىدايەت قىلدى، سەن پېقىر ئىدىڭ، سېنى خۇدادىن باشقىدىن بىھاجەت قىلدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بايلىقى شۇ ئىدىكى، ئاللا ئۇنىڭغا قانائەتچانلىقنى ئاتا قىلغان. ئۇ ئاللانىڭ بەرگىنىگە قانائەت قىلغان، ھەدىستە مۇنداق كەلگەن: "بايلىق دېگەن پۇل-مالنىڭ كۆپلۈكى ئەمەس، ھەقىقىي بايلىق دېگەن روھىي بايلىقتۇر." ئاندىن ئاللاتائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئۈچ تۈرلۈك نەرسىنى تەۋسىيە قىلدى. بۇ يەردىكى خىتاب ھەممىگە قارىتىلغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا يېتىمنى خارلىماسلىقنى، ئۇنىڭ ھەققىگە چېقىلماسلىقنى، ئۇنىڭغا مۇلايىم بولۇشنى ۋە ياخشىلىق قىلىشنى تەۋسىيە قىلدى؛ ئۇنىڭغا تىلەمچىنى سىلكىمەسلىكنى، ئۇنى مۇلايىملىق بىلەن قايتۇرۇشنى تەۋسىيە قىلدى؛ ئۇنىڭغا يەنە ئاللانىڭ ئۇنىڭغا بەرگەن نېمەتلىرىنى سۆزلەشنى تەۋسىيە قىلدى. بۇ يەردە ئاللانىڭ رەسۇلۇللاغا بەرگەن نېمەتلىرىنىڭ ھەممىسى جۈملىدىن پەيغەمبەرلىك نېمىتى، قۇرئاندىن

ۋە شەرىئەتتىن تەلىم بېرىشلىرىمۇ كۆزدە تۇتۇلىدۇ؛ ئەنە شۇ تەلىم بېرىشلەر نېمەتنى سۆزلەشنىڭ مەنىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تەبلىغدىندۇر.

**مۇھىم نۇقتىلىرى:**

1. پەرۋەردىگارنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى تاشلىۋەتمىگەنلىكى ۋە يامان كۆرۈپ قالمىغانلىقى ئىزھار قىلىنىش بىلەن، ئۇ خاتىرجەم ۋە خۇشال قىلىنىدۇ.
2. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئۇنىڭ ئۈچۈن ئاخىرەتتە تەييارلانغان نەرسىلەرنىڭ دۇنيادىن ۋە دۇنيادىكى نەرسىلەردىن ياخشى ئىكەنلىكى بىلەن بېشارەت بېرىلىدۇ.
3. ئاللاتائالا بەندىسى ۋە پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا بەرگەن بەزى نېمەتلىرىنى ساناپ ئۆتۈش بىلەن ئۆزىنىڭ ئۇنىڭغا قىلغان مەرھەمەتلىرىنى ئەسلىتىدۇ.
4. يېتىمنىڭ بېشىنى سىلاش ۋە ئۇنىڭغا سىلىق مۇئامىلىدە بولۇش تەۋسىيە قىلىنىدۇ.
5. سائىلنى قوپاللىق بىلەن قايتۇرۇش مەنئى قىلىنىدۇ؛ بۇ يەردىكى سائىل نەرسە سورىغۇچىنىمۇ، ئىلىم تەلەپ قىلغۇچىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.
6. ئاللاتائالاغا ھەمدى ئېيتىش ۋە شۈكۈر قىلىش يۈزىسىدىن ئاللاتائالانىڭ نېمەتلىرىنى سۆزلەشكە بۇيرۇلىدۇ.

آيَاتُهَا ٨ (٩٤) سُورَةُ أَلَمْ نَشْرَحْ مَكِّيَّةٌ (١٢) رُكُوعُهَا ١

بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيمِ

أَلَمْ نَشْرَحْ لَكَ صَدْرَكَ ۝١ وَوَضَعْنَا عَنْكَ وِزْرَكَ ۝٢
الَّذِي أَنْقَضَ ظَهْرَكَ ۝٣ وَرَفَعْنَا لَكَ ذِكْرَكَ ۝٤ فَإِنَّ
مَعَ الْعُسْرِ يُسْرًا ۝٥ إِنَّ مَعَ الْعُسْرِ يُسْرًا ۝٦ فَإِذَا
فَرَغْتَ فَانْصَبْ ۝٧ وَإِلَىٰ رَبِّكَ فَارْغَبْ ۝٨

**تەرجىمىسى:**

## 94. سۈرە ئىنشىراھ

مەككىدە نازىل بولغان، 8 ئايەت.

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللانىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن.

(ئى مۇھەممەد!) سېنىڭ كۆكسۈڭنى (ھىدايەت، ھېكمەت ۋە قۇرئاننىڭ نۇرى بىلەن) كەڭ قىلمىدۇقمۇ؟[1] سېنىڭ بېلىڭنى ئېگىۋەتكەن ئېغىر يۈكنى ئۈستۈڭدىن ئېلىپ تاشلىدۇق[2-3]. سېنىڭ شۆھرىتىڭنى ئۈستۈن قىلدۇق[4]. ئەلۋەتتە ھەربىر مۇشكۇللۇك بىلەن بىر ئاسانلىق بار[5]. ئەلۋەتتە ھەربىر مۇشكۇللۇك بىلەن بىر ئاسانلىق بار[6]. (ئى مۇھەممەد! دەۋەتتىن) بوشىغان

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

چېغىدا (ئاللاغا) ئىبادەت قىلىشقا تىرىشقىن[7]. پەرۋەردىگارىڭغا يۈزلەنگىن[8].

### يۇقىرىقى ئايەتلەرنىڭ ئومۇمىي مەزمۇنى:

كۆكسۈڭنى كەڭ قىلمىدۇقمۇ؟ دېگەن سوئال شەكلىدە كەلگەن سۆز كەڭ قىلدۇق دېگەن مەنىدەدۇر، يەنى ئاللاتائالا پەيغەمبەرنىڭ كۆكسىنى كەڭ قىلدى. كۆكسىنى كەڭ قىلىش ئۇنىڭغا ئىلىمنى سىغدۇرۇش، ئۇنى ھېكمەت بىلەن، مەرىپەت بىلەن نۇرلاندۇرۇشتىن ئىبارەت. كېيىنكى ئايەتلەردە ئاللاتائالانىڭ ئۆز پەيغەمبىرىگە بەرگەن نېمەتلىرى ساناپ ئۆتۈلىدۇ. ئاللاتائالا ئۆز پەيغەمبىرىدىن يۈكنى ئېلىپ تاشلىدى، جاھىلىيەت زامانىدا ئۇنىڭدىن ئۆتكەن سەھۋى - خاتالىقلارنى يوققا چىقاردى. بۇ ئاللاتائالانىڭ: "ئاللا- تائالا سېنىڭ ئۆتكەنكى ۋە كېلەچەكتىكى گۇناھلىرىڭنى مەغپىرەت قىلدى" دېگەن سۆزىگە ئوخشايدۇ. بۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يەلكىسىنى بېسىپ تۇرغانلىقى ئۈچۈن ئېغىر يۈككە ئوخشاپ قالغان ئىدى. ئاللاتائالا ئۇنىڭدىن بۇ يۈكنى ئېلىپ تاشلىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ نامىنى ئۈستۈن قىلدى، ئاللانىڭ ئىسمى تىلغا ئېلىنسىلا، ئەزاندا، خۇتبىدە، تەشەھھۇدتا، دۇئادا ۋە باشقىلاردا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ نامى ئاللانىڭ نامى بىلەن بىللە تىلغا ئېلىنىدىغان بولدى. مانا بۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ شەنىنىڭ ئەڭ ئۇلۇغلۇقىنى كۆرسىتىدۇ. ئاللاتائالا ئۆزىنىڭ نېمەتلىرىنى ساناپ ئۆتكەندىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا مۇشرىكلار بىلەن جىھاد قىلىشتىكى قىيىنچىلىقلارغا چىداشقا ۋە مۇشرىكلاردىن يەتكەن ئەزىيەتلەرگە سەۋر قىلىشقا تەسەللى بېرىدۇ. ئاللاتائالا

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا يۇقىرىقى نېمەتلەرنى بەرگەنلىكىنى ۋە ئۇ تۇرۇۋاتقان قىيىن شارائىتنى ۋە تارتىۋاتقان ئېغىرچىلىقلارنى ئۆزگەرتىپ بېرىدىغانلىقىنى بايان قىلىدى. ئاللاتائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈمىدۋارلىقى زور بولسۇن دەپ، ئۇنىڭغا بەرگەن ۋەدىسىنى تەكرارلايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ئايەت نازىل بولغان چاغدا مۇنداق دېدى: سىلەرگە بېشارەت... سىلەرگە ھەقىقەتەن ئاسانلىق كەلدى، بىر مۇشكۈللۈك ئىككى ئاسانلىقنى ھەرگىز يېڭەلمەيدۇ.

ئاللاتائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بەرگەن نېمەتلىرىنى ساناپ كۆرسەتكەندىن كېيىن ۋە ئۇنىڭغا ئاسانلىقنى، دۈشمەنلىرى ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشنى ۋەدە قىلغاندىن كېيىن، ئۇنى پەرۋەردىگارىنىڭ ئىبادىتى بىلەن بولۇشقا، بىرەر ئىبادەتتىن پارىغ بولغاندىن كېيىن ئاللاغا ئىتائەت قىلىش ۋە شۈكۈر قىلىش يۈزىسىدىن ئىككىنچى بىر ئىبادەتكە كىرىشىشكە ئەمر قىلدى ھەمدە ھەممە ھالەتتە ھېچ كىشىگە ئەمەس، قەلبى بىلەن پەقەت يالغۇز بىر ئاللاغا بېرىلىشكە بۇيرۇدى.

### مۇھىم نۇقتىلىرى:

1. ئاللاتائالانىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بەرگەن نېمەتلىرىنى ساناش بىلەن ئۇنىڭغا قىلغان مەرھەمەتلىرى كۆرسىتىلىدۇ.
2. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆڭلى خاتىرجەم ۋە ئۈمىدى چوڭ بولۇشى ئۈچۈن ئۇنىڭغا ھەرقانداق مۇشكۈللۈك ئارقىسىدا بىر ئاسانلىق بولىدىغانلىقى بىلەن بېشارەت بېرىدۇ.

آياتها ٨ (٩٥) سُورَةُ التِّينِ مَكِّيَّةٌ (٢٨) ركوعها ١

بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيْمِ

وَالتِّيْنِ وَالزَّيْتُوْنِ ۙ ① وَطُوْرِ سِيْنِيْنَ ۙ ② وَهٰذَا الْبَلَدِ
الْاَمِيْنِ ۙ ③ لَقَدْ خَلَقْنَا الْاِنْسَانَ فِيْٓ اَحْسَنِ
تَقْوِيْمٍ ④ ثُمَّ رَدَدْنٰهُ اَسْفَلَ سٰفِلِيْنَ ۙ ⑤ اِلَّا الَّذِيْنَ
اٰمَنُوْا وَعَمِلُوا الصّٰلِحٰتِ فَلَهُمْ اَجْرٌ غَيْرُ مَمْنُوْنٍ ۗ ⑥ فَمَا
يُكَذِّبُكَ بَعْدُ بِالدِّيْنِ ۗ ⑦ اَلَيْسَ اللّٰهُ بِاَحْكَمِ الْحٰكِمِيْنَ ⑧

تەرجىمىسى:

### 95. سۈرە تىن*

مەككىدە نازىل بولغان، 8 ئايەت.

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللانىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن.

ئەنجۈر بىلەن ۋە زەيتۇن بىلەن قەسەمكى[1]، سىنا تېغى بىلەن قەسەمكى[2]، بۇ تىنچ شەھەر (يەنى مەككە مۇكەررەمە) قەسەمكى[3]، بىز ئىنساننى ئەڭ چىرايلىق شەكىلدە

* بەرا ئىبنى ئازىب رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سەپەر ئۈستىدە ناماز ئوقۇپ، ئىككى رەكئەتنىڭ بىرىدە «تىن» سۈرىسىنى ئوقۇغانىدى. ئۇنىڭدىن ئاۋازى چىرايلىق ۋە بەلەن ئوقۇيدىغان ئادەمنى ئۇچراتمىدىم.

ياراتتۇق[4]. ئاندىن ئۇنى (چىرايلىق ياراتقانلىق نېمىتىگە شۈكۈر قىلماي ئاسىيلىق قىلغانلىقتىن) دوزاخقا قايتۇردۇق[5]. پەقەت ئىمان ئېيتقان، ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلار بۇنىڭدىن مۇستەسنا. بۇلارغا ئۈزۈلمەس ساۋاب بېرىلىدۇ[6]. (ئى ئىنسان!) بۇنىڭدىن كېيىن (يەنى روشەن دەلىللەر بايان قىلىنغاندىن كېيىن) يەنە نېمىشقا قىيامەتنى ئىنكار قىلىسەن؟[7] ئاللا ئەڭ ئادىل ھۆكۈم قىلغۇچى ئەمەسمۇ؟[8].

### يۇقىرىقى ئايەتلەرنىڭ ئومۇمىي مەزمۇنى:

ئاللاتائالا زەيتۇن دەرىخى بىلەن ئەنجۈر دەرىخىنىڭ مېۋىسى كۆپ بولغانلىقى ۋە بۇ دەرەخلەرنىڭ ئېيسا ئەلەيھىسسالامغا پەيغەمبەرلىك كەلگەن جاي يەنى شام زېمىنىدا ئۆسكەنلىكى ئۈچۈن ئۇ ئىككىسى بىلەن قەسەم قىلدى ھەمدە مۇسا ئەلەيھىسسالامغا پەيغەمبەرلىك كەلگەن جاي يەنى سىنا تېغى بىلەن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا پەيغەمبەرلىك كەلگەن تىنچ شەھەر يەنى مەككە بىلەن قەسەم قىلدى. ئاللاتائالا پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەڭ ئەۋزەللىرى ئەۋەتىلگەن بۇ مۇقەددەس جايلار بىلەن قەسەم قىلدى. ئاللاتائالا بۇ جايلارنى تاللىغان ۋە بۇ يەرلەردىن پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەۋزەللىرىنى چىقارغان ئىدى. كېيىنكى ئايەتتە ئاللاتائالا ئىنساننى ھايۋانلارنىڭ ئەكسىچە چىرايلىق شەكىلدە ئوتتۇرا بوي، تىك تۇرىدىغان قىلىپ خەلق قىلغانلىقىنى بايان قىلدى. لېكىن ئىنسان ئاللانىڭ ئۇنى باشقا مەخلۇقاتلاردىن ئالاھىدە قىلىپ ياراتقانلىقىدىن غاپىل بولۇپ، ئاللا ئالدىدا گۇناھ بولىدىغان ئىشلارنى قىلدى، ئاخىرەتتە ئۆزىگە پايدىلىق بولىدىغان ئىشلاردىن يۈز ئۆرۈدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەگەر

ئۇ گۇمراھلىقدا ئەزۋەيلىسە، پەرۋەردىگارىنىڭ ئىبادىتى بىلەن بولمىسا ۋە پەرۋەردىگارىنىڭ پەيغەمبەرلىرىگە ئەگەشمىسە، ئاللا ئۇنىڭ بارىدىغان جايىنى ئاخىرەتتە دوزاخ قىلىدۇ. ياخشى ئەمەللەرنى قىلىدىغان مۆمىن ئادەم دوزاخقا تاشلانمايدۇ، بەلكى مۇكاپاتلاش يۈزىسىدىن، ئۇنىڭ ئەمەللىرىگە ئۈزۈلۈپ قالمايدىغان ساۋاب بېرىلىدۇ. ئاندىن ئاللا ئىنسانغا مۇنداق مۇراجىئەت قىلىدۇ: ئى ئىنسان، سېنىڭ يارىتىلىشىڭدا، بىر ھالەتتىن ئىككىنچى ھالەتكە يۆتكىلىشىڭدە روشەن دەلىللەر تۇرسا نېمە سەۋەبتىن قىيامەتنى ۋە كىشىنىڭ ئەسلىگە قاراپ مۇكاپات ياكى جازا بېرىلىشىنى ئىنكار قىلىسەن؟ ئىنساننى يارىتىشقا قادىر بولغان زات ئۇنى قايتا تىرىلدۈرۈشكە قادىردۇر. ئاللاتائالا ھۆكۈم چىقىرىشتا ئەڭ ئادىل ئەمەسمۇ؟ زۇلۇم قىلغۇچىدىن زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچىنىڭ ئىنتىقامىنى ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن قىيامەتنى ياراتقانلىقى ئاللاتائالانىڭ ئادالىتىدۇر.

مۇھىم نۇقتىلىرى:

1. ئەنجۇر ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن تىلغا ئېلىنغان نەرسىلەر بىلەن قەسەم قىلىش ئۇلارنىڭ شەرەپلىك بولغانلىقى ۋە ئۇلارنىڭ چىقىدىغان جايلىرىنىڭ ئۇلۇغ بولغانلىقى ئۈچۈندۇر.

2. ئاللاتائالانىڭ ئىنساننى ئەڭ چىرايلىق شەكىلدە ياراتقانلىقى ئاللاتائالانىڭ ئىنسانغا بەرگەن نېمىتىدۇر.

3. ئاللادىن يۈز ئۆرۈگەن ۋە ئۇنىڭ نېمەتلىرىگە شۈكۈر قىلمىغان ئادەمنىڭ بارار جايى دوزاخ بولىدۇ.

4. ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان كىشىنىڭ دائىم

نىمەتكە ۋە تۆگىمەس ساۋابقا ئېرىشىدىغانلىقىغا ۋەدە بېرىلىدۇ.

5. قايتا تىرىلىشنى ۋە جازاغا تارتىلىدىغانلىقىنى ئىنكار قىلغانلار ئەيىبلىنىدۇ.

6. ئائالىلاتائالانىڭ ھۆكۈمىدە ئەڭ ئادىل ئىكەنلىكى مۇقەررەرلەشتۈرۈلىدۇ.

آيَاتُهَا ١٩ (٩٦) سُورَةُ الْعَلَقِ مَكِّيَّةٌ (١) رُكُوعُهَا ١

بِسْمِ اللَّهِ الرَّحْمَٰنِ الرَّحِيمِ
اقْرَأْ بِاسْمِ رَبِّكَ الَّذِي خَلَقَ (١) خَلَقَ الْإِنْسَانَ مِنْ
عَلَقٍ (٢) اقْرَأْ وَرَبُّكَ الْأَكْرَمُ (٣) الَّذِي عَلَّمَ بِالْقَلَمِ (٤)
عَلَّمَ الْإِنْسَانَ مَا لَمْ يَعْلَمْ (٥) كَلَّا إِنَّ الْإِنْسَانَ لَيَطْغَىٰ (٦)
أَنْ رَآهُ اسْتَغْنَىٰ (٧) إِنَّ إِلَىٰ رَبِّكَ الرُّجْعَىٰ (٨)

تەرجىمىسى:

### 96. سۈرە ئەلەق

مەككىدە نازىل بولغان، 19 ئايەت.

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللانىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن.

ياراتقان پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئىسمى بىلەن ئوقۇغىن[1]. ئۇ ئىنساننى لەختە قاندىن ياراتتى[2]، ئوقۇغىن، پەرۋەردىگارىڭ ئەڭ كەرەم-

لىكتۇر[3]. ئۇ قەلەم بىلەن (خەت يېزىشنى) ئۆگەتتى[4]. ئىنسانغا بىلمىگەن نەرسىلەرنى بىلدۈردى*[5]. شەك-شۈبھىسىز ئىنسان ئۆزىنى باي ساناپ (ئاللاغا بويسۇنۇشتىن باش تارتىپ)، راستلا ھەددىدىن ئاشىدۇ[6—7]. (ئى ئىنسان!) بارىدىغان يېرىڭ پەرۋەردىگارىڭنىڭ دەرگاھىدۇر (قىلمىشىڭغا قاراپ جازاغا ياكى مۇكاپاتقا ئېرىشىسەن)[8].

### يۇقىرىقى ئايەتلەرنىڭ ئومۇمىي مەزمۇنى:

بۇ ئايەتتىكى "ئوقۇغىن" دېگەن سۆز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قارىتىلغان. ئۇ رەسۇلۇللاغا نازىل بولغان دەسلەپكى ۋەھيى ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھىرا غارىدا ئىستىقامەت قىلىۋاتقان چاغدا، جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا ئاللا تەرىپىدىن "پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئىسمى بىلەن ئوقۇغىن" دېگەن سۆز بىلەن باشلانغان ۋەھيىنى ئېلىپ كەلگەن، يەنى ساڭا نازىل قىلىنغان قۇرئاننى پۈتۈن مەخلۇقاتلارنى ياراتقان پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئىسمى بىلەن باشلاپ ئوقۇغىن دېگەن. بۇ يەردە ئاللاتائالا مەخلۇقاتلار ئارىسىدا ئىنسانغا شەپقەتلىك بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنى ئالاھىدە تىلغا ئالغان. ئاللا ئىنساننىڭ يارىتىلغانلىقىنى تەپسىلىي بايان قىلىپ، ئۇنىڭ ئۇيۇل قاندىن

* بۇخارىينىڭ رىۋايەت قىلىشىچە، بۇ سۈرىنىڭ بېشىدىكى بەش ئايەت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەڭ ئاۋۋال نازىل بولغان ئايەتلەردۇر. قۇرئان كەرىمدىكى ئەڭ ئاۋۋال نازىل بولغان سۈرىدە ئوقۇش بىلەن ئوقۇتۇشنىڭ تىلغا ئېلىنىشى ئىلىم ئۆگىنىش ۋە يېزىشنىڭ ئەھمىيىتىنىڭ چوڭلۇقىنى كۆرسىتىش ۋە ئىنسانلارنى ئىلىم-بىلىمگە تەرغىب قىلىش ئۈچۈندۇر.

يارتىلغانلىقىنى زىكرى قىلىدۇ. ئاندىن كېيىن، "ئوقۇغىن" دېگەن بۇيرۇقنى تەكىتلەش ئۈچۈن تەكرارلاپ، "ئوقۇغىن، پەرۋەردىگارىڭ ئەڭ كەرەملىكتۇر" دەيدۇ، يەنى پەرۋەردىگارىڭ ئەڭ مۆلايىم، ئەڭ كەرەملىك بولۇپ، بەندىلىرىنى جازالاشقا ئالدىراپ كەتمەيدۇ، بەلكى ئۇلارنى كەچۈرىدۇ، ئۇلارنىڭ يامانلىقلىرىنى ئەپۇ قىلىدۇ. ئاللاتائالانىڭ ئىنسانغا قەلەم بىلەن خەت يېزىشنى ئۆگىتىشى، شۇنىڭ بىلەن ئۇنى نادانلىق، قاراڭغۇلۇقتىن ئىلىمنىڭ نۇرىغا ئېلىپ چىقىشى ئاللاتائالانىڭ ئىنسانغا قىلغان چوڭ نېمەتلىرى ۋە مەرھەمەت-لىرى جۈملىسىدىندۇر. يېزىق بولمىغان بولسا، ئىلىملار مەيدانغا كەلمىگەن بولاتتى، دىنىنىڭ ۋە دۇنيانىڭ ئىشلىرى توغرىلانمىغان بولاتتى، شۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاتائالا "ئىنسانغا بىلمىگەن نەرسىلەرنى ئۆگەتتى" دەيدۇ. يەنى ئۇنىڭغا يېزىق ئارقىلىق، ئۇ بۇرۇن بىلمەيدىغان پايدىلىق ئىلىملەرنى، ساماۋى كىتابلارنى بىلدۈردى. ئاندىن ئاللاتائالا ئىنساننىڭ ھالىدىن ۋە ئۇنىڭ نادانلىقىدىن خەۋەر بېرىدۇ. بايلىقنىڭ ئىنساننى يولدىن چىقىرىشى شۇ نادانلىقنىڭ دەلىلىدۇر. ئاللا بۇنى "كەللا" يەنى "راستلا" دېگەن سۆز بىلەن باشلايدۇ. يەنى ئىنسان ئۆزىنىڭ پۇل، مېلى كۆپ بولغانلىقىنى، چوڭ بايلىققا ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرگەندە، نېمەتكە چۆمۈپ، ھەددى-دىن ئېشىپ يولدىن چىقىدۇ. بەزى رىۋايەتتە بۇ ئايەت ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى ئايەتلەر ئەبۇ جەھىلگە قارىتىلغان دېيىلىدۇ. بۇ ئايەتلەر مەيلى ئەبۇ جەھىلگە، مەيلى باشقىلارغا قارىتىلسۇن، ئۇنى ئاللا قورقۇتۇپ، قايتىپ بارىدىغان جاي ئاللانىڭ دەرگاھىدۇر، ھەربىر ئىنسان ئۆزىنىڭ مېلىنى قەيەردىن جەملىگەنلىكى ۋە نېمىلەرگە سەرپ قىلغانلىقى ئۈستىدە ھېساب بېرىدۇ، دەيدۇ.

www.uyghurkitap.com

## مۇھىم نۇقتىلىرى:

1. پەيغەمبەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى پۈتۈن كائىناتنى ياراتقۇچى ئاللاتائالانىڭ ئۆزىنىڭ ئىسمى بىلەن ئوقۇشقا ئەمر قىلغانلىقى ئاللاتائالانىڭ ئۇنىڭغا بەرگەن چوڭ نېمەتلىرى جۈملىسىدىندۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممىتىگە تا قىيامەت قايىم بولغانغاقەدەر نېمەتلەر ۋە پەزىلەتلەر بارلىقى مەلۇم بولىدۇ.

2. ئاللاتائالانىڭ ئىنساننى يوقتىن بار قىلىشى، ئىنساننىڭ قارىنىدىكى چېغىدا ئۇنى باسقۇچلارغا بۆلۈپ يارىتىشى ئۇنىڭغا ئاللانىڭ كۆرسەتكەن مەرھەمىتىدۇر.

3. ئاللاتائالا ئەڭ كەرەملىك سۈپەتلەندى، ئۇنىڭ ئىنسانغا دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە پايدىلىق نەرسىلەرنى بىلدۈرۈشى ئۇنىڭ كەرەمىدىندۇر.

4. ئاللاتائالانىڭ بەرگەن نېمەتلىرىنى گۇناھ ئۈچۈن ئىشلەتكەن، ئاللاتائالانىڭ دەرگاھىغا قايتىشنى ئۇنتۇغان كىشىلەر قورقۇتۇلىدۇ.

أَرَءَيْتَ الَّذِي
يَنْهَىٰ ﴿٩﴾ عَبْدًا إِذَا صَلَّىٰ ﴿١٠﴾ أَرَءَيْتَ إِن كَانَ عَلَى
الْهُدَىٰ ﴿١١﴾ أَوْ أَمَرَ بِالتَّقْوَىٰ ﴿١٢﴾ أَرَءَيْتَ إِن كَذَّبَ وَتَوَلَّىٰ ﴿١٣﴾
أَلَمْ يَعْلَم بِأَنَّ اللَّهَ يَرَىٰ ﴿١٤﴾ كَلَّا لَئِن لَّمْ يَنتَهِ لَنَسْفَعًا
بِالنَّاصِيَةِ ﴿١٥﴾ نَاصِيَةٍ كَاذِبَةٍ خَاطِئَةٍ ﴿١٦﴾ فَلْيَدْعُ نَادِيَهُ ﴿١٧﴾
سَنَدْعُ الزَّبَانِيَةَ ﴿١٨﴾ كَلَّا لَا تُطِعْهُ وَاسْجُدْ وَاقْتَرِبْ ﴿١٩﴾

تەرجىمىسى:

ناماز ئوقۇۋاتقان بەندىنى (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى) توسقان ئادەمنىڭ (ھالىنى) ماڭا ئېيتىپ بەرسەڭچۇ؟[9—10] ماڭا (ئۇنىڭ ھالىنى) ئېيتىپ بەرسەڭچۇ؟ ئەگەر ئۇ (ھەددىدىن ئاشقۇچى، نامازنى توسۇشنىڭ ئورنىغا) توغرا يولدا بولغان بولسا[11]، ياكى تەقۋادارلىققا ئەمر قىلغان بولسا (بۇ ئۇنىڭ ئۆزى ئۈچۈن ياخشى بولماسمىدى؟)[12]، ماڭا ئېيتىپ بەرسەڭچۇ؟ ئەگەر ئۇ (قۇرئاننى) ئىنكار قىلسا، ئىماندىن (يۈز ئۆرۈسە)[13]، ئاللانىڭ (ئۇنى) كۆرۈپ تۇرىدىغانلىقىنى بىلمىدىمۇ؟[14] ئۇ، گۇمراھلىقتىن يانسۇن، ئەگەر ئۇ بۇنىڭدىن يانمىسا، چوقۇم ئۇنىڭ كوكۇلىسىدىن — يالغانچى گۇناھكارنىڭ كوكۇلىسىدىن تۇتۇپ (جەھەننەمگە) سۆرەيمىز[15—16]. ئۇ ئۆزىنىڭ سورۇنداشلىرىنى (ياردەمگە) چاقىرسۇن![17]. بىز زابانىيلەر (يەنى جەھەننەمنىڭ كۈچلۈك ـ قاتتىق قول پەرىشتىلىرى)نى چاقىرىمىز[18]. (بۇ فاجىر گۇمراھلىقتىن) يانسۇن! ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلمىغىن، (ئاللاغا) سەجدە قىلغىن، (شۇنىڭ بىلەن ئاللاغا) يېقىنلىق ھاسىل قىلغىن[19]*.

## يۇقىرىقى ئايەتلەرنىڭ نازىل بولۇش سەۋەبى:

رىۋايەت قىلىنىشىچە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بەيتۇللانىڭ

* بۇ سۈرىدىكى ئەڭ ئاخىرقى ئايەت سەجدە ئايىتى بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنى ئوقۇغان چاغدا سەجدە قىلاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسىدە: "ئىنسان سەجدە قىلىۋاتقان چاغدا پەرۋەردىگارىغا ئەڭ يېقىن ھالەتتە بولىدۇ" دېيىلگەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

يېنىدا ناماز ئوقۇۋاتقاندا، ئەبۇ جەھىل ئۇنىڭ يېنىدىن ئۆتكەن ۋە ئۇ: سېنى ناماز ئوقۇشتىن توسمىدىممۇ؟ دېگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا قوپال سۆز قىلغان، ئەبۇ جەھىل سەن مېنى قايسى نەرسە بىلەن قورقۇتىسەن؟ ئاللا بىلەن قەسەمكى، مەككە بويىچە مېنىڭ سورۇنداشلىرىم ئەڭ كۆپتۇر، دېگەن. شۇنىڭ بىلەن ئاللا-تائالا يۇقىرىقى ئايەتلەرنى نازىل قىلغان. گەرچە يۇقىرىقى ئايەتلەرنىڭ نازىل بولۇش سەۋەبى ئەبۇ جەھىلنىڭ رەسۇلۇللانى نامازدىن توسۇشى ۋە رەسۇلۇللاغا ئازار-كۈلپەت قىلىشى بولسىمۇ، ئۇنىڭ مەزمۇنى يولدىن ئازغان ئادەملەر ئۈچۈن ئومۇمىيدۇر.

**يۇقىرىقى ئايەتلەرنىڭ ئومۇمىي مەزمۇنى:**

ئاللاتائالا بۇ ئايەتلەردە رەسۇلۇللانىڭ يېقىن تۇغقانلىرىدىن بولغان ئەبۇ جەھىلنىڭ دۈشمەنلىكىنىڭ بىر قىسمىنى بايان قىلىدۇ. بۇنى "ئېيتىپ بەرسەڭچۇ" دېگەن سۆز بىلەن باشلايدۇ. يەنى ئېيتىپ باققىنا، سېنى بەيتۇللانىڭ يېنىدا ناماز ئوقۇشتىن توسقان ئادەم پەرۋەردىگارىڭنىڭ ھىدايىتىدە بولسا بولامسىدى، ياكى ئۇ ئىخلاسقا ۋە تەقۋىدىكە بۇيرۇسا بولامسىدى؟ نامازدىن توسقۇچى ئادەم ھالاك بولمامدۇ؟ دەيدۇ. ئاندىن ئاللاتائالا نامازدىن توسقۇچىنى قورقۇتۇپ مۇنداق دەيدۇ: ئۇ ئاللاتائالانىڭ ئۇنى كۆرۈپ تۇردىغانلىقىنى، قىلمىشلىرىنى بىلىپ تۇرىدىغانلىقىنى، سۆزلىرىنى ۋە ئۇنىڭ سالغان تەھدىتىنى ئاڭلاپ تۇرىدىغانلىقىنى، شۇنىڭغا ئاساسەن ئۇنى جازالايدىغانلىقىنى بىلمەمدۇ؟

ئاندىن ئاللاتائالا ئۇنى تېخىمۇ قورقۇتۇپ، ئەگەر ئۇ پەيغەمبەرگە ئەزىيەت يەتكۈزۈشتىن ۋە ئۇنى ئىنكار قىلىشتىن يانمىسا،

قىيامەت كۈنى ئۇنىڭ كوكولىسىدىن تۇتۇپ دوزاخقا تاشلايمىز، ئۇ قەۋم-قېرىنداشلىرىنى چاقىرسۇن، ئەگەر ئۇلار ياردەم بېرەلىسە، ئۇلاردىن ياردەم تىلىسۇن، بىز كۈچلۈك، قوپال ئازاب پەرىشتىلىرىنى چاقىرىمىز، دەيدۇ. ئىبنى ئاببباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: "ئەگەر ئەبۇ جەھىل ئۆزىنىڭ سورۇنداشلىرىنى چاقىرغان بولسا، ئازاب پەرىشتىلىرى ئۇنى چوقۇم ھالاك قىلغان بولاتتى." ئاندىن ئاللاتائالا ئۆز پەيغەمبىرىنى نامازدىن توسقۇچى بۇ گۇناھكارنىڭ سۆزىنى ئاڭلىماسلىققا بۇيرۇدى ھەمدە ئۇنى ئاللاغا ئىلتىجا قىلىشقا، ناماز ئوقۇشقا بۇيرۇدى، بۇ يەردە نامازنىڭ بىر قىسمى بولغان سەجدىدىن ناماز كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

دۇھىم نۇقتىلىرى:

1. ياخشىلىقنى توسقان، يامانلىققا بۇيرۇغان ئادەم ئەيىبلىنىدۇ. ئۇ ئاللاتائالانىڭ ئۇنىڭ ئىشلىرىنى كۆرۈپ تۇرىدىغانلىقى ۋە ئۇنى قىيامەت كۈنى جازالايدىغانلىقى بىلەن قورقۇتۇلىدۇ.

2. ئۆزىنىڭ يامان ئىشلىرىنى داۋاملاشتۇرىدىغان، ۋەز-نەسىھەت قىلمايدىغان ئادەملەر ئاللانىڭ ئازابىغا قالىدىغانلىقى بىلەن قورقۇتۇلىدۇ.

3. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پەرۋەردىگارىنىڭ ئىبادىتىنى ۋە ۋە ئۇنىڭغا يېقىنلىشىشنى داۋاملاشتۇرۇشقا، ئاللانىڭ بۇيرۇقىغا خىلاپلىق قىلغۇچىلار بىلەن كارى بولماسلىققا ئەمر قىلىنىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

آيَاتُهَا ٥ (٩٧) سُورَةُ الْقَدْرِ مَكِّيَّةٌ (٢٥) رُكُوعُهَا ١

بِسْمِ اللَّهِ الرَّحْمَٰنِ الرَّحِيمِ
إِنَّا أَنزَلْنَاهُ فِي لَيْلَةِ الْقَدْرِ ① وَمَا أَدْرَاكَ مَا لَيْلَةُ الْقَدْرِ ②
لَيْلَةُ الْقَدْرِ خَيْرٌ مِّنْ أَلْفِ شَهْرٍ ③ تَنَزَّلُ الْمَلَائِكَةُ وَالرُّوحُ
فِيهَا بِإِذْنِ رَبِّهِم مِّن كُلِّ أَمْرٍ ④ سَلَامٌ هِيَ حَتَّىٰ مَطْلَعِ الْفَجْرِ ⑤

**تەرجىمىسى:**

97. سۈرە قەدر

مەككىدە نازىل بولغان، 5 ئايەت.

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللانىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن.

بىز قۇرئاننى ھەقىقەتەن شەبى قەدرىدە نازىل قىلدۇق[1]. شەبى قەدرىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلەمسەن؟[2] شەبى قەدرى (شەرەپ ۋە پەزىلەتتە) مىڭ ئايدىن ئارتۇقتۇر[3]. پەرىشتىلەر ۋە جىبرىئىل شۇ كېچىدە پەرۋەردىگارىنىڭ ئەمرى بىلەن (زېمىنغا ئاللا تەقدىر قىلغان) بارلىق ئىش ئۈچۈن چۈشىدۇ[4]. شۇ كېچە تاڭ يورۇغانغا قەدەر پۈتۈنلەي تىنچ ـ ئامانلىقتىن ئىبارەتتۇر[5].

**يۇقىرىقى ئايەتلەرنىڭ ئومۇمىي مەزمۇنى:**

ئاللاتائالا قۇرئان كەرىمنى شەبى قەدرىدە نازىل قىلغانلىقىنى

خەۋەر قىلىدۇ. ئىبنى ئابباس ۋە باشقىلار مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: ئاللاتائالا قۇرئاننى لەۋھىل مەھفۇزدىن دۇنيانىڭ ئاسمىنىدىكى بەيتۇلئىززەتكە بىرىيولىلا نازىل قىلغان. ئاندىن ئۇنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا 23 يىل ئىچىدە يۈز بەرگەن ۋەقەلەرگە قاراپ، تەدرىجىي نازىل قىلغان، بۇ كېچىنىڭ شەبى قەدرى دەپ ئاتىلىشى ئاللانىڭ نەزىرىدە شۇ كېچىنىڭ قەدرىنىڭ ۋە پەزىلىتىنىڭ چوڭ بولغانلىقى ھەمدە شۇ كېچىدە كىشىلەرنىڭ شۇ يىل ئىچىدىكى ئەمەللىرى، رىزقلىرى، شۇ يىلدا بولىدىغان ئىشلارنىڭ ھەممىسى تەقدىر قىلىنىدىغانلىقى ئۈچۈندۇر. شۇڭا ئاللاتائالا شەبى قەدرىنىڭ شەنىنى چوڭ كۆرسىتىپ: "شەبى قەدرىنىڭ (يەنى قەدرى كېچىسىنىڭ) نېمە ئىكەنلىكىنى بىلەمسە؟" دەيدۇ، شۇنىڭدەك ئۇنىڭ پەزىلىتىنىڭ مىقدارىنى "شەبى قەدرى مىڭ ئايدىن ئارتۇقتۇر" دېگەن سۆز بىلەن بايان قىلىدۇ، بۇ شەبى قەدرىدە ئىبادەت قىلىش، ئۇنى تائەت-ئىبادەت بىلەن ئۆتكۈزۈش شەبى قەدرى بولمىغان مىڭ ئايلىق ئىبادەتكە تەڭ كېلىدۇ دېگەنلىكتۇر. ئاندىن ئاللاتائالا شەبى قەدرىنىڭ پەزىلىتىنىڭ زىيادىلىكىدىن ۋە بەرىكىتىنىڭ كۆپلۈكىدىن خەۋەر بېرىپ: بۇ كېچىدە پەرىشتىلەر كۆپ چۈشىدۇ، جىبرىئىلمۇ ئۇلار بىلەن بىللە چۈشىدۇ، ئۇلار ئاللاتائالا تەقدىر قىلغان ياخشى-يامان ئىشلار توغرىسىدىكى بۇيرۇقنى ئېلىپ چۈشىدۇ، ئۇلارنىڭ چۈشۈشى ئاللانىڭ بۇيرۇقى بىلەن بولىدۇ، دەيدۇ. شۇنىڭدەك ئۇنىڭ پەزىلىتىنى تېخىمۇ زىيادە قىلىپ: ئۇ كېچە تاڭ سۈزۈلگەنگە قەدەر ھېچقانداق يامانلىق يوق، پۈتۈنلەي تىنچ-ئامانلىق ۋە ياخشىلىقتىنلا ئىبارەت بولىدۇ، ئۇ كېچىدە پەرىشتىلەر يەر يۈزىدە مۆمىنلەرگە سالام بېرىدۇ، دەيدۇ. پەيغەمبەر

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئەلەيھىسسالامدىن شەبى قەدرىنى ئىبادەت بىلەن ئۆتكۈزۈشنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا مۇنداق سەھىھ ھەدىس رىۋايەت قىلىنىدۇ: "كىمكى شەبى قەدرىنى ئىخلاس بىلەن ئىبادەت قىلىپ ئۆتكۈزسە، ئۇنىڭ ئىلگىرىكى گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنىدۇ." پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شەبى قەدرىنىڭ ۋاقتى توغرىسىدا مۇنداق دېگەن: "شەبى قەدرىنى رامىزاننىڭ ئاخىرقى ئون كۈنىنىڭ تاق كېچىلىرىدىن تېپىڭلار."*

### مۇھىم نۇقتىلىرى:

1. قۇرئان كەرىمنىڭ پەزىلىتى، ئۇنىڭ قەدرىنىڭ يۇقىرىلىقى، ئۇنىڭ شەبى قەدرىدە نازىل قىلىنغانلىقى بايان قىلىنىدۇ.
2. شەبى قەدرىنىڭ پەزىلىتى ۋە ئۇنىڭ ئۇلۇغلۇقى، ئۇنىڭ شەبى قەدرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان مىڭ ئايغا تەڭ كېلىدىغانلىقى كۆرسىتىلىدۇ.
3. مۇشۇ شەرەپلىك كېچىگە ئوخشاش ياخشىلىق پەيتلەرنى غەنىيمەت بىلىشكە رىغبەتلەندۈرۈلىدۇ.

---

* شۇنىڭ ئۈچۈن شەبى قەدرىنىڭ رامىزان ئېيىنىڭ ئاخىرقى ئون كۈنى ئىچىدە بولۇشىنىڭ دەلىلى كۈچلۈكتۇر. كۆپچىلىك ئۆلىمالارنىڭ قارىشىچە، شەبى قەدرى رامىزان ئېيىنىڭ 27 ـ كېچىسىدۇر.

آيَاتُهَا ٨ (٩٨) سُورَةُ الْبَيِّنَةِ مَدَنِيَّةٌ (١٠٠) رُكُوعُهَا ١

بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيْمِ

لَمْ يَكُنِ الَّذِيْنَ كَفَرُوْا مِنْ اَهْلِ الْكِتٰبِ وَالْمُشْرِكِيْنَ مُنْفَكِّيْنَ
حَتّٰى تَأْتِيَهُمُ الْبَيِّنَةُ ① رَسُوْلٌ مِّنَ اللّٰهِ يَتْلُوْا صُحُفًا مُّطَهَّرَةً ②
فِيْهَا كُتُبٌ قَيِّمَةٌ ③ وَمَا تَفَرَّقَ الَّذِيْنَ اُوْتُوا الْكِتٰبَ
اِلَّا مِنْۢ بَعْدِ مَا جَآءَتْهُمُ الْبَيِّنَةُ ④ وَمَآ اُمِرُوْٓا اِلَّا
لِيَعْبُدُوا اللّٰهَ مُخْلِصِيْنَ لَهُ الدِّيْنَ ۙ حُنَفَآءَ وَيُقِيْمُوا
الصَّلٰوةَ وَيُؤْتُوا الزَّكٰوةَ وَذٰلِكَ دِيْنُ الْقَيِّمَةِ ⑤

**تەرجىمىسى:**

**98. سۈرە بەييىنە**

مەككىدە نازىل بولغان، 8 ئايەت*.

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللانىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن.

* ئەنەس ئىبنى مالىكدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇبەي ئىبنى كەئبگە: ئاللا مېنى ساڭا «لەم يەكۇن» (يەنى بەييىنە سۈرىسى)نى ئوقۇپ بېرىشنى ئېيتتى دېگەن. ئۇبەي: ئاللا ساڭا مېنىڭ ئىسمىمنى ئاتاپ دېدىمۇ دېگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ھەئە، دېگەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇبەي يىغلاپ كەتكەن.

ئەھلى كىتابتىن (يەنى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالاردىن) كاپىر بولغانلار ۋە مۇشرىكلار ئۆزلىرىگە روشەن دەلىل كەلگەنگە قەدەر كۇفرىدىن ئايرىلغۇچى بولمىدى[1]. (ئۇ روشەن دەلىل) پاك سەھىپىلەرنى تىلاۋەت قىلىپ تۇرىدىغان، ئاللا تەرىپىدىن كەلگەن پەيغەمبەردۇر[2]. ئۇ سەھىپىلەر توغرا ئەھكاملارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان[3]. كىتاب بېرىلگەنلەر (يەنى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار) پەقەت ئۆزلىرىگە روشەن دەلىل كەلگەندىن كېيىنلا ئىختىلاپ قىلىشتى*[4]. ئۇلار پەقەت ئىبادەتنى ئاللاغا خالىس قىلغان، ھەق دىنغا ئېتىقاد قىلغان ھالدا (يالغۇز) ئاللاغىلا ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇلدى. نامازنى ئادا قىلىشقا، زاكاتنى بېرىشكە (بۇيرۇلدى)، ئەنە شۇلار (يەنى ئىبادەت، ئىخلاس ناماز، زاكاتلار) توغرا دىندۇر[5].

## يۇقىرىقى ئايەتلەرنىڭ ئومۇمىي مەزمۇنى:

ئاللاتائالا ئەھلى كىتاب ۋە مۇشرىكلارنىڭ ئۇلارغا روشەن دەلىل بولغان روسۇلللا كەلگەنگە قەدەر كۇفرىدىن ئايرىلمىغانلىقىنى خەۋەر قىلىدۇ. روسۇلللا ئۇلارغا قۇرئاننى ئېلىپ كەلدى، ئۇلارنى ئىسلامغا ۋە ئىمانغا دەۋەت قىلدى، ئىككى گۇرۇھنىڭ ھەربىرىدىن بىر قىسىم كىشى ئىمان ئېيتتى، ئاندىن ئاللاتائالا روشەن دەلىلنى:

* ھەدىستە مۇنداق دېيىلىدۇ: شۈبھىسىزكى، يەھۇدىيلار 71 پىرقىغە ناسارالار 72 پىرقىگە بۆلۈنگەن، مېنىڭ ئۈممىتىم 73 پىرقىغە بۆلۈنىدۇ. بىر پىرقىدىن باشقا ئۇلارنىڭ ھەممىسى دوزىخىيدۇر. ساھابىلەر: ئى روسۇلللا، ئۇلار (يەنى جەننەتتىي بولغان پىرقە) كىملەر دەپ سورىغاندا، روسۇلللا: ئۇلار مېنىڭ ۋە ساھابىلىرىمنىڭ يولىدا بولغانلادۇر، دەپ جاۋاب بەرگەن.

(ئۇ) "پاك سەھىپىلەرنى تىلاۋەت قىلىپ تۇرىدىغان پەيغەمبەردۇر، يەنى روسۇلىللا قۇرئان ئوقۇيدۇ، قۇرئان بولسا باتىلدىن پاك بولغان سەھىپىلەرگە يېزىلغان، شۇ سەھىپىلەردە ئادىل، توغرا ھۆكۈملەر يېزىلغان" دەپ بايان قىلدى. سەھىپىلەردىن ھالال ـ ھارام ۋە باشقا ھۆكۈملەر يېزىلغان قۇرئان كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئاندىن كېيىن، ئاللا ـ تائالا ئەھلى كىتابنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىنىڭ راستلىقىغا ئورتاق پىكىردە ئىكەنلىكىدىن، چۈنكى ئۇلار كىتابلىرىدىن روسۇلىللانىڭ راست پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى بىلىدىغانلىقلىرىدىن، روسۇلىللا پەيغەمبەر بولۇپ كەلگەندە ئىخلاس قىلىشىپ، بەزىسىنىڭ ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتقانلىقىدىن ۋە بەزىسىنىڭ ئۇنى ئىنكار قىلغانلىقىدىن خەۋەر بېرىدۇ. شۇنىڭدەك ئاللاتائالا ئەھلى كىتابنىڭ ئۆز كىتاب ـ لىرىدا پەقەت بىر ئاللاغا ئىبادەت قىلىشقا، ئۇنىڭ ھەق دىنىغا ئېتىقاد قىلىشقا، پۈتۈن پەيغەمبەرلەرگە ئىمان ئېيتىشقا، ناتوغرا دىنلارنى تاشلاپ ھەق دىنغا بۇرۇلۇشقا بۇيرۇلغانلىقىنى خەۋەر قىلىدۇ ھەمدە ئۇلارنىڭ ناماز ئوقۇشقا، نامازنى ئادا قىلىشقا، بەلگىلەنگەن زاكاتنى بېرىشكە بۇيرۇلغانلىقىدىن خەۋەر بېرىدۇ. مانا مۇشۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى توغرا، ھەققانىي دىندىن ئىبارەتتۇر.

### مۇھىم نۇقتىلىرى:

1. ئەھلى كىتاب ۋە مۇشرىكلارنىڭ تاكى ئۇلارغا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كەلگەنگەقەدەر كۇفرىدا تۇرغانلىقى بايان قىلىنىدۇ.

2. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر بولۇپ كەلگەندىن كېيىن، ئەھلى كىتابنىڭ مۆمىن ۋە كاپىر دەپ ئىككى قىسىمغا بۆلۈنگەنلىكى زىكرى قىلىنىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

3. قۇرئان كەرىمنىڭ پەزىلىتى ۋە ئۇنىڭ يالغاندىن ۋە باتىلدىن ساغلام ئىكەنلىكى كۆرسىتىلىدۇ.

4. پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتىپ كىتابلارنى نازىل قىلىشتا كۆزدە تۇتۇلغان غايە يالغۇز ئاللاغا ئىبادەت قىلىشتىن ۋە ئۇنىڭغا تەۋھىدنى خالىس قىلىشتىن ئىبارەت ئىكەنلىكى كۆرسىتىلىدۇ.

5. ناماز بىلەن زاكاتنىڭ ئىسلامنىڭ تۈۋرۈكلىرىدىن ئىكەنلىكى، ئۇلارسىز ئىسلامنىڭ دۇرۇس بولمايدىغانلىقى بايان قىلىنىدۇ.

إِنَّ الَّذِينَ
كَفَرُوا مِنْ أَهْلِ الْكِتَٰبِ وَالْمُشْرِكِينَ فِي نَارِ جَهَنَّمَ خَٰلِدِينَ
فِيهَا ۚ أُولَٰٓئِكَ هُمْ شَرُّ الْبَرِيَّةِ (6) إِنَّ الَّذِينَ ءَامَنُوا وَعَمِلُوا
الصَّٰلِحَٰتِ أُولَٰٓئِكَ هُمْ خَيْرُ الْبَرِيَّةِ (7) جَزَآؤُهُمْ عِنْدَ رَبِّهِمْ
جَنَّٰتُ عَدْنٍ تَجْرِي مِنْ تَحْتِهَا الْأَنْهَٰرُ خَٰلِدِينَ فِيهَآ أَبَدًا ۖ
رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُمْ وَرَضُوا عَنْهُ ۚ ذَٰلِكَ لِمَنْ خَشِيَ رَبَّهُۥ (8)

**تەرجىمىسى:**

ئەھلى كىتابتىن ۋە مۇشرىكلاردىن كاپىر بولغانلار ھەقىقەتەن دوزاختا كىرىدۇ، دوزاختا مەڭگۈ قالىدۇ، ئەنە شۇلار مەخلۇقاتلارنىڭ يامىنىدۇر(6). ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلار — ئەنە شۇلار مەخلۇقاتلارنىڭ ياخشىسىدۇر(7). ئۇلارغا پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىدا بېرىلىدىغان مۇكاپات (ئۇلارنىڭ) تۇرار جايى بولغان،

ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەردۇركى، ئۇلار جەننەتلەردە مەڭگۈ قالىدۇ، ئاللا ئۇلاردىن رازى بولىدۇ، ئۇلارمۇ ئاللادىن مەمنۇن بولىدۇ. بۇنىڭغا پەرۋەردىگارىدىن قورققان ئادەم ئېرىشىدۇ[8].

**يۇقىرىقى ئايەتلەرنىڭ ئومۇمىي مەزمۇنى:**

ئاللاتائالا ئاخىرەتتىكى شەقىيلەرنىڭ ۋە سائادەتمەنلەرنىڭ ھالىدىن خەۋەر بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: ئەھلى كىتاب ۋە مۇشرىكلاردىن بولغان كاپىرلارنى ئاللاتائالا ئاخىرەتتە دوزاخقا كىرگۈزىدۇ، ئۇلار دوزاختا مەڭگۈ قالىدۇ، ئازاب ئۇلاردىن ئۆكسىمەيدۇ. ئۇلار كۇفرى بىلەن روسۇلۇللانى ئىنكار قىلىپ، ئەڭ يامان مەخلۇقاتلارغا ئايلانغان. شۇڭا ئۇلارنى ئاللاتائالا جەھەننەمدە قاتتىق ئازاب بىلەن جازالايدۇ. ئۇلارنىڭ ئەكسىچە، ياخشى ئەمەللەرنى قىلىپ، شۇ ئارقىلىق ئاللاغا يېقىنلىشىدىغان مۆمىنلەر مەخلۇقاتلار ئىچىدىكى ئەڭ ياخشىلاردۇر. ئاللاتائالا ئۇلارنى ئاخىرەتتە جەننەتكە كىرگۈزۈش بىلەن مۇكاپاتلايدۇ. ئۇلار جەننەتتىن ئايرىلمايدۇ، جەننەتنىڭ ئاخىرلىشىدىغان ۋاقتى بولمايدۇ. ئاللاتائالا بۇ جەننەتلەرنى "ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدۇ، جەننەتكە كىرگۈچىلەر جەننەتتە مەڭگۈ قالىدۇ، ئۇلار ئۆلمەيدۇ ۋە جەننەتتىن كۆچۈپ كەتمەيدۇ" دەپ سۈپەتلىدى. ئاللاتائالا ئۇلارنىڭ ئەمەللىرىنى قوبۇل قىلىش بىلەن ئۇلاردىن رازى بولىدۇ. ئۇلارمۇ جەننەتتە ئاللاتائالانىڭ بەرگەن ساۋابىغا ئېرىشىش بىلەن تەڭ ئاللاتائالادىن مەمنۇن بولىدۇ. ئاللاتائالانىڭ بۇ رازىلىقىغا، بۇ ياخشى مۇكاپاتىغا دۇنيادىكى چېغىدا پەرۋەردىگارىدىن قورققان، گۇناھلاردىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

چەكلەنگەن ھەربىر ئادەم ئېرىشىدۇ.

مۇھىم نۇقتىلىرى:

1. ئاللاتائالا كۇففارلارنى مەخلۇقاتلارنىڭ يامىنى دەپ سۈپەتلىدى ۋە ئۇلارنىڭ بارار جايىنىڭ دوزاخ بولىدىغانلىقى، دوزاختا مەڭگۈ قالىدىغانلىقى ۋە دوزاخنىڭ يامان جاي ئىكەنلىكىنى بايان قىلدى.

2. ئاللاغا ئىمان ئېيتقان ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىرىگە تەستىق قىلغانلارنىڭ مەخلۇقاتلارنىڭ ياخشىسى ھېسابلىنىدىغانلىقى، ئۇلارنىڭ بارار جايىنىڭ جەننەت بولىدىغانلىقى ۋە ئۇلارنىڭ جەننەتتە مەڭگۈ قالىدىغانلىقىنى بايان قىلدى.

3. رازىلىق دېگەن سۈپەت ئاللاتائالانىڭ ئۇلۇغلۇقىغا لايىق رەۋىشتە ئىسپاتلىنىدۇ.

آيَاتُهَا ٨ (٩٩) سُورَةُ الزِّلْزَالِ مَدَنِيَّةٌ (٩٣) رُكُوعُهَا ١

بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيْمِ

إِذَا زُلْزِلَتِ الْأَرْضُ زِلْزَالَهَا ﴿١﴾ وَأَخْرَجَتِ الْأَرْضُ
أَثْقَالَهَا ﴿٢﴾ وَقَالَ الْإِنْسَانُ مَا لَهَا ﴿٣﴾ يَوْمَئِذٍ تُحَدِّثُ
أَخْبَارَهَا ﴿٤﴾ بِأَنَّ رَبَّكَ أَوْحٰى لَهَا ﴿٥﴾ يَوْمَئِذٍ يَّصْدُرُ النَّاسُ
أَشْتَاتًا لِّيُرَوْا أَعْمَالَهُمْ ﴿٦﴾ فَمَنْ يَّعْمَلْ مِثْقَالَ ذَرَّةٍ
خَيْرًا يَّرَهٗ ﴿٧﴾ وَمَنْ يَّعْمَلْ مِثْقَالَ ذَرَّةٍ شَرًّا يَّرَهٗ ﴿٨﴾

تەرجىمىسى:

## 99. سۈرە زەلزەلە

مەككىدە نازىل بولغان، 8 ئايەت*.

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللانىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن.

زېمىن قاتتىق تەۋرىتىلگەندە[1]، زېمىن (قويىندىكى) يۈكلىرىنى (يەنى مەدەنلەر، ئوتلار، ئۆلۈكلەرنى) چىقارغاندا[2]، ئىنسان (يەنى كاپىر) ئۇنىڭغا (يەنى زېمىنغا): "نېمە بولدى؟" دېگەندە[3]، بۇ كۈندە زېمىن ئۆزىنىڭ خەۋەرلىرىنى (يەنى ئۆزىنىڭ ئۈستىدە ئىشلەنگەن ياخشى - يامان ئىشلارنى) مەلۇم قىلىدۇ[4]. (ئۇنىڭ مەلۇم قىلىشى) پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئۇنى شۇنداق قىلىشقا ئەمر قىلغانلىقىدىندۇر[5]. بۇ كۈندە كىشىلەر قىلغان ئەمەللىرىنىڭ نەتىجىسىنى كۆرۈش يەنى (نەتىجىسىگە ئېرىشىش) ئۈچۈن توپ - توپ بولۇپ تارىلىپ كېتىدۇ[6]. كىمكى زەررىچىلىك[*] ياخشى ئىش قىلىدىكەن، ئۇنىڭ مۇكاپاتىنى كۆرىدۇ[7]. كىمكى زەررىچىلىك يامان ئىش قىلىدىكەن، ئۇنىڭ جازاسىنى تارتىدۇ[8].

---

* پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام، «ئىزا زۇلزىلەت» قۇرئاننىڭ يېرىمىغا تەڭ كېلىدۇ، دېگەن.

** پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: يېرىم خورما چاغلىق نەرسە بىلەن، ياخشى سۆز بىلەن بولسىمۇ دوزاختىن ساقلىنىڭلار.

يۇقىرىقى ئايەتلەرنىڭ ئومۇمىي مەزمۇنى:

ئاللاتائالا ئېيتىدۇكى، قىيامەتنىڭ قايىم بولغانلىقى ئۈچۈن، زېمىن قاتتىق تەۋرىگەن چاغدا، زېمىن قويندىكى ئۆلۈكلەرنى، مەدەنلەرنى چىقىرىپ ئۈستىگە ئاتقان چاغدا، ئىنسان تىنچ زېمىننىڭ قالايمىقانلاشقانلىقىنى كۆرۈپ ئۇنىڭغا نېمە بولغانلىقىنى ئۇقالمىغان چاغدا، يەنى قىيامەت كۈنى زېمىن ئىنسانلارنىڭ قىلغان ئەمەللىرىنى سۆزلەپ بېرىدۇ، مەلۇم قىلىدۇ ۋە ئۇلارغا گۇۋاھلىق بېرىدۇ. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام "بۇ كۈنى زېمىن ئۆزىنىڭ خەۋەرلىرىنى مەلۇم قىلىدۇ" دېگەن ئايەتنى ئوقۇپ: "زېمىننىڭ خەۋەرلىرىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلەمسىلەر؟" دېدى. ساھابىلەر بۇنى ئاللا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى ئوبدان بىلىدۇ، دېيىشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "زېمىننىڭ خەۋەرلىرى شۇكى، ھەربىر بەندىنىڭ زېمىن ئۈستىدە قىلغان ئىشلىرىغا زېمىن گۇۋاھلىق بېرىپ، مېنىڭ ئۈستۈمدە مۇنداق ئىشلارنى قىلدى، دەيدۇ. مانا بۇ زېمىننىڭ خەۋەرلىرىدۇر" دېگەن. زېمىننىڭ كىشىلەرنىڭ ئىشلىرىنى بۇنداق مەلۇم قىلىشى ئاللاتائالانىڭ ئۇنىڭغا شۇنداق قىلىشنى بىلدۈرگەنلىكى ۋە ئۇنىڭغا رۇخسەت قىلغانلىقى ئۈچۈندۇر.

ئاندىن ئاللاتائالا شۇ كۈنى كىشىلەرنىڭ ھېساب مەيدانىدىن شەقىي ۋە سائادەتمەن بولۇپ تۈركۈملەرگە بۆلۈنۈپ قايتىدىغانلىقى، ئوڭ تەرەپتىكىلەرنىڭ جەننەتكە، سول تەرەپتىكىلەرنىڭ دوزاخقا بارىدىغانلىقىدىن خەۋەر بېرىدۇ. ئۇلارنىڭ ئەرەساتتىن قوزغىلىشى ئۆزلىرىنىڭ دۇنيادا قىلغان ئەمەللىرىگە يارىشا بېرىلگەن مۇكاپاتىنى

ياكى جازانى كۆرۈش ۋە جەننەتتىكى ياكى دوزاختىكى مەنزىلگاھلىرىغا چۈشۈش ئۈچۈندۇر. كىمىكى دۇنيادا ئەڭ كىچىك چۈمۈلە چاغلىق ياخشىلىق ياكى يامانلىق قىلىدىكەن، ئاخىرەتتە ئۇنىڭ مۇكاپاتىنى ياكى جازاسىنى كۆرىدۇ.

**مۇھىم نۇقتىلىرى:**

1. قىيامەت كۈنىنىڭ بۈيۈكلۈكى ۋە ئۇنىڭ دەھشىتىنىڭ قاتتىقلىقى تەسۋىرلىنىدۇ.

2. زېمىن ئۈستىدە قىلىنغان ياخشى-يامان ئىشلارغا پەرۋەردىگارىنىڭ ئەمرى بويىچە قىيامەت كۈنى زېمىننىڭ گۇۋاھ بولىدىغانلىقىغا ئىمان ئېيتىش تەكىتلىنىدۇ.

3. قىيامەت كۈنى كىشىلەرنىڭ ئىككى گۇرۇھقا — بىر گۇرۇھ جەننەتكە، بىر گۇرۇھ دوزاخقا بۆلۈنىدىغانلىقى كۆرسىتىلىدۇ.

4. ياخشى ئىشلارنى ئاز بولسىمۇ قىلىشقا رىغبەتلەندۈرۈش، يامان ئىشلارنى كىچىككىنە بولسىمۇ قىلىشتىن ھەزەر قىلدۇرۇش كېرەك.

آيَاتُهَا ١١ (١٠٠) سُورَةُ الْعٰدِيٰتِ مَكِّيَّةٌ (١٤) رُكُوعُهَا ١

بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيمِ

وَالْعٰدِيٰتِ ضَبْحًا ﴿١﴾ فَالْمُورِيٰتِ قَدْحًا ﴿٢﴾ فَالْمُغِيرٰتِ
صُبْحًا ﴿٣﴾ فَأَثَرْنَ بِهٖ نَقْعًا ﴿٤﴾ فَوَسَطْنَ بِهٖ جَمْعًا ﴿٥﴾
إِنَّ الْإِنْسَانَ لِرَبِّهٖ لَكَنُودٌ ﴿٦﴾ وَإِنَّهٗ عَلٰى
ذٰلِكَ لَشَهِيدٌ ﴿٧﴾ وَإِنَّهٗ لِحُبِّ الْخَيْرِ لَشَدِيدٌ ﴿٨﴾
أَفَلَا يَعْلَمُ إِذَا بُعْثِرَ مَا فِي الْقُبُورِ ﴿٩﴾ وَحُصِّلَ
مَا فِي الصُّدُورِ ﴿١٠﴾ إِنَّ رَبَّهُمْ بِهِمْ يَوْمَئِذٍ
لَخَبِيرٌ ﴿١١﴾

**تەرجىمىسى:**

**100. سۈرە ئادىيات**

**مەككىدە نازىل بولغان، 11 ئايەت.**

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن.

(غازىلارنىڭ دۈشمەنگە ھۇجۇم قىلىشىدا) ھاسىراپ يۈگۈرگۈچى، (قاتتىق يۈگۈرگەنلىكتىن) تۇۋاقلىرىدىن ئوت چىقارغۇچى، ئەتىگەندە (دۈشمەن ئۈستىگە) باستۇرۇپ كىرگۈچى، (قاتتىق چاپقانلىقتىن) توپا ـ چاڭ چىقارغۇچى، شۇ توپا ـ چاڭ بىلەن دۈشمەن توپى ئىچىگە

كىرىپ كەتكۈچى ئاتلار بىلەن قەسەمكى[1-5]، ئىنسان ھەقىقەتەن پەرۋەردىگارىنىڭ (نېمەتلىرىنى) شەكسىز ئىنكار قىلغۇچىدۇر[6]. ئىنسان ھەقىقەتەن ئۇنىڭغا (يەنى ئاللانىڭ نېمىتىنى ئىنكار قىلغانلىقىغا) ئەلۋەتتە ئۆزى گۇۋاھدۇر[7]. ئىنسان پۇل - مالغا ئىنتايىن ھېرىستۇر[8]. قەبرىلەردىكى ئۆلۈكلەر (سىرتقا) چىقىرىلغان، دىللاردىكى سىرلار ئاشكارا قىلىنغان چاغدا، ئۇلارنىڭ ھەممە ئەھۋالىدىن پەرۋەردىگارىنىڭ ھەقىقەتەن خەۋەردار ئىكەنلىكىنى (بۇ نادان ئىنسان) بىلمەمدۇ؟[9-11]

## يۇقىرىقى ئايەتلەرنىڭ ئومۇمىي مەزمۇنى:

ئاللاتائالا ئاللا يولىدىكى غازاتتا ئىگىلىرىنى ئېلىپ قاتتىق ھاسىراپ يۈگۈرگۈچى ئاتلار بىلەن، قاتتىق يۈگۈرگەنلىكتىن تۇياقلىرى تاشقا تېگىپ ئوت چاقنىتىپ يۈگۈرگۈچى ئاتلار بىلەن، سەھەردە ھۇجۇمغا ئۆتۈپ چاڭ - توزان چىقىرىپ، ئىگىلىرىنى دۈشمەن توپى ئارىسىغا ئېلىپ كىرگۈچى ئاتلار بىلەن قەسەم قىلدى. ئاللاتائالا ئىنساننىڭ ئۆز پەرۋەردىگارىنىڭ نېمەتلىرىنى چوقۇم ئىنكار قىلىدىغانلىقىغا يۇقىرىقىلار بىلەن قەسەم قىلدى. ئاللاتائالا ئىنساننىڭ ئۆز پەرۋەردىگارىنىڭ نېمەتلىرىگە كۇفرىلىق قىلغانلىقىغا ئەلۋەتتە گۇۋاھتۇر. ئىنسان پۇل - مالغا تولا ھېرىستۇر، پۇل - مالنى ھەددىدىن ئارتۇق سۆيگەنلىكتىن بېخىلدۇر. ئاللانىڭ نېمەتلىرىنى ئىنكار قىلغۇچى، مالنى ھەددىدىن ئارتۇق سۆيگۈچى بۇ ئىنسان قىيامەت كۈنى قەبرىلەرنىڭ يېرىلىپ، قىيامەت كۈنى ئۈچۈن قوينىدىكى ئۆلۈكلەرنى چىقىرىدىغانلىقىنى بىلەمدۇ؟ ئاللاتائالا دىللاردىكى يوشۇرۇن سىرلارنى ئاشكارىلايدۇ، شۇڭغا قاراپ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قىيامەت كۈنى بەندىلەردىن ھېساب ئالىدۇ، ئۇلارنى جازالايدۇ ۋە مۇكاپاتلايدۇ. ئۇ قىيامەت كۈنى ئۇلارنىڭ ھالىنى بىلىپ تۇرىدۇ، ئاللاغا ئۇلارنىڭ ھېچ ئىشى مەخپىي قالمايدۇ.

**مۇھىم نۇقتىلىرى:**

1. ئاتىنىڭ ئاللانىڭ يولىدا جىھاد قىلىشتا پايدىسى زور بولغانلىقتىن، ئۇنىڭ پەزىلىتىنى، باشقا ھايۋانلار ئارىسىدا ئۇنىڭ ئورنىنىڭ يۇقىرىلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

2. ھۇجۇم قىلىش ۋاقتىدىكى، ئۇرۇش مەيدانىدىكى ئاتنىڭ سۈپىتى، ئاتنىڭ ئۇرۇشتىكى رولى بايان قىلىندۇ.

3. ئاللانىڭ نېمەتلىرىنى ئىنكار قىلىش، ئۆزىنىڭ تېگىشلىك ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىشتا سەل قاراش ئىنسانىنىڭ خاراكتېرىدۇر. پەقەت ئاللا ھىدايەت قىلغان ۋە تەۋپىق بەرگەن ئادەملەر بۇنىڭدىن مۇستەسنادۇر.

4. ئاللاتائالانىڭ نېمەتلىرىنىڭ ئىنكار قىلغۇچىنى ئاللاتائالا ئۆزىنىڭ كۆرۈپ تۇرىدىغانلىقى بىلەن قورقۇتىدۇ.

5. پۇل - مالنى سۆيۈش ۋە ئۇنىڭغا قاتتىق ھېرىسلىق قىلىش ئىنسانىنىڭ تەبىئىتى ئىكەنلىكى كۆرسىتىلىدۇ.

6. قىيامەت كۈنى ئەسكە سېلىنىدۇ ۋە ئاللانىڭ پۈتۈن سىرلەرنى، دىللاردىكى يوشۇرۇن نەرسىلەرنى بىلىپ تۇرىدىغانلىقى ئەسلىتىپ ئۆتۈلىدۇ.

اٰيَاتُهَا ١١ (١٠١) سُوْرَةُ الْقَارِعَةِ مَكِّيَّةٌ (٣٠) رُكُوْعُهَا ١

بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيْمِ

اَلْقَارِعَةُ ۙ ① مَا الْقَارِعَةُ ۚ ② وَمَآ اَدْرٰىكَ مَا الْقَارِعَةُ ۗ ③
يَوْمَ يَكُوْنُ النَّاسُ كَالْفَرَاشِ الْمَبْثُوْثِ ۙ ④ وَتَكُوْنُ
الْجِبَالُ كَالْعِهْنِ الْمَنْفُوْشِ ۗ ⑤ فَاَمَّا مَنْ ثَقُلَتْ مَوَازِيْنُهٗ ۙ ⑥
فَهُوَ فِيْ عِيْشَةٍ رَّاضِيَةٍ ۗ ⑦ وَاَمَّا مَنْ خَفَّتْ مَوَازِيْنُهٗ ۙ ⑧
فَاُمُّهٗ هَاوِيَةٌ ۗ ⑨ وَمَآ اَدْرٰىكَ مَاهِيَهْ ۗ ⑩ نَارٌ حَامِيَةٌ ⑪

**تەرجىمىسى:**

101. سۈرە قارىئە

مەككىدە نازىل بولغان، 11 ئايەت.

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللانىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن.

قىيامەت[1]، قىيامەت نېمىدۇر[2]. قىيامەتنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى قانداق بىلەلەيسەن؟[3] شۇ كۈندە ئىنسانلار تارىلىپ كەتكەن پەرۋانىدەك بولۇپ كېتىدۇ[4]، تاغلار ئېتىلغان يۇڭدەك بولۇپ كېتىدۇ[5]. تارازىسى ئېغىر كەلگەن (يەنى ياخشىلىقلىرى يامانلىقلىرىنى بېسىپ چۈشكەن) ئادەمگە كەلسەك، ئۇ كۆڭۈللۈك تۇرمۇشتا (يەنى ناز-نېمەتلىك جەننەتتە) بولىدۇ[6—7]. تارازىسى يېنىك كەلگەن (يەنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

ياماىلىقلىرى ياخشىلىقلىرىنى بېسىپ كەتكەن يا ياخشىلىقى بولمىغان) ئادەمگە كەلسەك، ئۇنىڭ جايى هاۋىيە بولىدۇ[8—9]. هاۋىيەنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى سەن قانداق بىلەلەيسەن؟[10] هاۋىيە قىزىق ئوتتۇر[11].

## يۇقىرىقى ئايەتلەرنىڭ ئومۇمىي مەزمۇنى:

"قارىئە" دېگەن قىيامەتنىڭ ناملىرىدىن بىرى، قىيامەتنىڭ مۇنداق دەپ ئاتىلىشى ئۇنىڭ يۈرەكلەرنى قورقۇنچقا سېلىپ قاقىدىغانلىقى ئۈچۈندۇر. "قارىئە" دېگەن سۆزنىڭ ئۈچىنچى ئايەتتە تەكرارلىنىشى قىيامەتنىڭ شەنىنى چوڭ كۆرسىتىش ئۈچۈندۇر. ئاللاتائالا كىشىلەرنىڭ قىيامەت كۈندىكى تارقىلىش، چېچىلىپ كېتىش، كېلىپ-كېتىپ يۈرۈش، تېڭىرقاپ قېلىش قاتارلىق ئەھۋاللىرىنى تارىلىپ كەتكەن پەرۋانىگە ئوخشاتتى. شۇنىڭدەك تاغلارنىڭ تىتما-تالاڭ بولۇپ يەر بىلەن تەڭ بولۇپ قېلىشىنى ئېتىلغان يۇڭغا ئوخشاتتى. ئاندىن ئاللاتائالا ئۇنىڭدىن كېيىن بولىدىغان ئەمەللىرىنىڭ تارازىسى ئېغىر كەلگەنلەرنىڭ، ياخشىلىقلىرى ياماىلىقلىرىنى بېسىپ چۈشكەنلەرنىڭ جەننەتتە ئۆزى مەمنۇن بولغۇدەك كۆڭۈللۈك تۇرمۇشتا بولىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ ئەكسىچە، ئەمەللىرىنىڭ تارازىسى يەڭگىل كەلگەن، ياماىلىقلىرى ياخشىلىقلىرىنى بېسىپ كەتكەنلەرنىڭ جايى دوزاخ بولىدىغانلىقىنى بايان قىلدى.

مۇھىم نۇقتىلىرى:

1. قىيامەت كۈنى ۋە شۇ كۈنى بولىدىغان قورقۇنچلۇق ئەھۋاللار بايان قىلىنىدۇ.

2. ئەمەللەرنىڭ قىيامەت كۈنى تارتىلىدىغانلىقىغا ئىمان ئېيتىش تەكىتلىنىدۇ.

3. تارازىسى ياخشى ئەمەللەر بىلەن ئېغىر كەلگەنلەرنىڭ سائادەتمەن بولىدىغانلىقى كۆرسىتىلىدۇ.

4. يامانلىقلىرى ياخشىلىقلىرىنى بېسىپ كەتكەنلەرنىڭ بەتبەخت بولىدىغانلىقى بايان قىلىنىدۇ.

5. دوزاخ دەھشەتلىك قىلىپ كۆرسىتىلىدۇ ۋە ئۇنىڭ بىلەن قورقۇتۇلىدۇ.

آياتها ٨ (١٠٢) سُورَةُ التَّكَاثُرِ مَكِّيَّةٌ (١٦) ركوعها ١

بِسْمِ اللَّهِ الرَّحْمَٰنِ الرَّحِيمِ

أَلْهَاكُمُ التَّكَاثُرُ ① حَتَّىٰ زُرْتُمُ الْمَقَابِرَ ② كَلَّا سَوْفَ
تَعْلَمُونَ ③ ثُمَّ كَلَّا سَوْفَ تَعْلَمُونَ ④ كَلَّا لَوْ تَعْلَمُونَ
عِلْمَ الْيَقِينِ ⑤ لَتَرَوُنَّ الْجَحِيمَ ⑥ ثُمَّ لَتَرَوُنَّهَا
عَيْنَ الْيَقِينِ ⑦ ثُمَّ لَتُسْأَلُنَّ يَوْمَئِذٍ عَنِ النَّعِيمِ ⑧

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

**تەرجىمىسى:**

## 102. سۈرە تەكاسۇر

مەككىدە نازىل بولغان، 8 ئايەت.

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن.

تاكى قەبرىلەرنى زىيارەت قىلغىنىڭلارغا* (يەنى قەبرىلەرگە كۆمۈلگىنىڭلارغا) قەدەر (پۇل - مال، بالىلار بىلەن) پەخىرلىنىمەك سىلەرنى غەپلەتتە قالدۇردى[1—2]. راستلا كەلگۈسىدە بىلىسىلەر[3]. ئاندىن راستلا كەلگۈسىدە بىلىسىلەر[4]. ئەگەر سىلەر راستلا ھەقىقىي بىلسەڭلار (غەپلەتتە قالماڭلار)[5]. سىلەر چوقۇم جەھەننەمنى كۆرىسىلەر[6]. ئاندىن ئۇنى چوقۇم ئۆز كۆزۈڭلار بىلەن كۆرىسىلەر[7]. ئاندىن (دۇنيادا سىلەرگە بېرىلگەن) نېمەتلەردىن سوئال - سوراق قىلىنىسىلەر[8].

**يۇقىرىقى ئايەتلەرنىڭ ئومۇمىي مەزمۇنى:**

ئاللاتائالا مۇنداق دەيدۇ: سىلەرنىڭ پۇل - مېلىڭلارنىڭ ۋە ئەۋلادىڭلارنىڭ كۆپلۈكى بىلەن پەخىرلىنىشىڭلار سىلەرنى ئاللا

---

* ئەنەس ئىبنى مالىكتىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: مېيىتكە ئۈچ نەرسە ئەگىشىپ بارىدۇ، ئۇلاردىن ئىككىسى قايتىپ كېلىدۇ، بىرى ئۇنىڭ بىلەن قېپقالىدۇ: ئۇنىڭ بالا - چاقىسى، مېلى ۋە ئەمەلى ئەگىشىپ بارىدۇ. ئۇنىڭ بالا - چاقىسى بىلەن مېلى قايتىپ كېلىدۇ، ئەمەلى ئۇنىڭ بىلەن قېپقالىدۇ.

ئائالاغا تائەت ـ ئىبادەت قىلىشنى، ئاللانىڭ ئازابىدىن قۇتۇلدۇرىدىغان ئىشلارنى قىلىشنى غەپلەتتە قالدۇردى. سىلەر ئۆلۈپ قەبرىلەرگە كۆمۈلگىنىڭلارغاقەدەر يۇقىرىقى نەرسىلەر بىلەن ئەزۋەيلەپ كەتتىڭلار. ئاندىن ئاللاتائالا پۇل ـ مىلنىڭ ۋە ئەۋلادىنىڭ كۆپلۈكى بىلەن پەخىرلەنگۈچىلەرنى قورقۇتۇپ، "راستلا كەلگۈسىدە بىلىسىلەر"، يەنى پۇل ـ مىلىڭلار ۋە ئەۋلادىڭلارنىڭ كۆپلۈكى بىلەن پەخىرلىنىپ، ئاخىرىدا غەپلەتكە چۆكۈپ كەتكەنلىكىڭلارنىڭ ئاقىۋىتىنى سىلەر ئۆلۈم كەلگەن چاغدا بىلىسىلەر، دېدى؛ شۇنىڭدەك ئۆلگىنىڭلاردىن كېيىنكى ئاقىۋىتىڭلارنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى بىلىسىڭلار، بۇ سىلەرنى پۇل ـ مال، ئەۋلاد بىلەن پەخىرلىنىشتىن توساتتى، دېدى. ئاندىن ئاللاتائالا بەندىلىرىنى ئاخىرەتتە دوزاخنى ئۆز كۆزلىرىدە كۆرىدىغانلىقى بىلەن قورقۇتىدۇ، يەنى ئۇنى جەزمەن كۆرىسىلەر، قىيامەت كۈنى ئاللاتائالا سىلەرگە بۇ دۇنيادا بەرگەن تۈرلۈك ناز ـ نېمەتلەردىن سوئال ـ سوراق قىلىنىسىلەر، دەيدۇ.

**مۇھىم نۇقتىلىرى:**

1. دۇنيانىڭ ئىشلىرى بىلەن بولۇپ كېتىپ، ئاللاتائالاغا تائەت ـ ئىبادەت قىلالمىغانلار ئەيىبلىنىدۇ.

2. قەبرىنىڭ ئاخىرەت مەنزىللىرىنىڭ بىرىنچىسى ئىكەنلىكى، ئۇنىڭ جەننەت باغچىلىرىدىن بىر باغچا ياكى دوزاخ چۇقۇرلىرىدىن بىر چۇقۇر ئىكەنلىكى كۆرستىلىدۇ.

3. قايتا تىرىلىشكە، ئەمەللەرگە مۇكاپات ۋە جازا بېرىلىدىغانلىقىغا ئىمان ئېيتىش تەكىتلىنىدۇ.

4. ياخشى ئەمەللەرگە ئالدىراشقا، ئاللانىڭ زىكرىدىن غەپلەتتە

www.uyghurkitap.com

قالدۇرىدىغان نەرسىلەرنى تەرك ئېتىشكە قىزىقتۇرۇلىدۇ.

5. ئىنساننىڭ قىيامەت كۈنى دوزاخنى كۆزى بىلەن كۆرىدىغانلىقى تەكىتلىنىدۇ.

6. قىيامەت كۈنى ئىنساندىن ئاللانىڭ نېمەتلىرى ئۈستىدە سورىلىدىغانلىقى، ئاللاتائالاغا شۈكۈر قىلىش يۈزىسىدىن ئۇنىڭ بەرگەن نېمەتلىرىدىن تائەت-ئىبادەت ئۈچۈن پايدىلىنىشنىڭ لازىملىقى كۆرسىتىلىدۇ.

آيَاتُهَا ٣ — سُورَةُ الْعَصْرِ مَكِّيَّةٌ (١٠٣) (١٣) — رُكُوعُهَا ١

بِسْمِ اللهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيْمِ

وَالْعَصْرِ ۝١ اِنَّ الْاِنْسَانَ لَفِيْ خُسْرٍ ۝٢ اِلَّا الَّذِيْنَ اٰمَنُوْا
وَعَمِلُوا الصّٰلِحٰتِ وَتَوَاصَوْا بِالْحَقِّ ۙ وَتَوَاصَوْا بِالصَّبْرِ ۝٣

**تەرجىمىسى:**

### 103. سۈرە ئەسر

مەككىدە نازىل بولغان، 3 ئايەت*.

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللانىڭ ئىسمى بىلەن

---

* تەبەرانى ئابدۇللا ئىبنى ھەفسدىن رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دېگەن: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرىدىن ئىككىسى بىر-بىرى بىلەن ئۇچراشسا، ئۇلارنىڭ بىرى ئىككىنچىسىگە «ئەسر» سۈرىسىنى باشتىن ئاخىر ئوقۇپ ئاندىن سالام بەرمىگۈچە ئايرىلىشمايتتى.

باشلايمەن.

زامان بىلەن قەسەمكى[1]، ئىمان ئېيتقان، ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان، بىر-بىرىگە ھەقنى تەۋسىيە قىلىشقان، بىر-بىرىگە سەۋرنى تەۋسىيە قىلىشقان كىشىلەردىن باشقا ھەممە ئادەم چوقۇم زىيان ئىچىدەدۇر[2-3].

### يۇقىرىقى ئايەتلەرنىڭ ئومۇمىي مەزمۇنى:

زاماندا تۈرلۈك ئىبرەتلىك ۋە ئاجايىپ ئىشلارنىڭ بولىدىغانلىقى ئۈچۈن، ئاللاتائالا ھەممە ئىنساننىڭ زىيان ۋە ھالاكەت ئىچىدە تۇرىدىغانلىقىغا زامان بىلەن قەسەم قىلدى. ئاندىن ئومۇمىي ئىنسانلار ئىچىدىن چىن قەلبىدىن ئىمان ئېيتقان، ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان، بىر-بىرىگە ھەقنى يەنى تەۋھىدنى، ئىماننى ۋە تائەت-ئىبادەتلەرنى چىڭ تۇتۇپ ئادا قىلىشنى تەۋسىيە قىلىشقان، مۇسىبەتلەردە بىر-بىرىگە سەۋر قىلىشنى، ئەمرىمەرۇپ، نەھيى-مۇنكەر قىلغان چاغدا يەتكەن ئەزىيەتلەرگە سەۋر قىلىشنى تەۋسىيە قىلىشقان كىشىلەرنى بۇنىڭدىن مۇستەسنا قىلدى.

### ھۆكۈم نۇقتىلىرى:

1. بۇ سۈرىدە تەرىپلەنگەن تۆت خىسلەتنىڭ كىشىلەردىن باشقا ئادەملەرنىڭ زىيانكار ئىكەنلىكى بايان قىلىنىدۇ.

---

ئىمام شافىئى رەھمەتۇللا ئەلەيھى مۇنداق دېگەن: كىشىلەر «ئەسر» سۈرىسىنىڭ مەزمۇنىنى ئويلىسا، بۇ سۈرە ئۇلارغا كۇپايە قىلاتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

2. ھەق ئۈستىدە ئۆزئارا تەۋسىيە قىلىشىنىڭ ۋە نەسىھەت قىلىشنىڭ ئىماننى كامالەتكە يەتكۈزىدىغانلىقى كۆرسىتىلىدۇ.

3. مۆمىن ئادەمگە ئاللاتائالانىڭ تائەت-ئىبادەتتە چىدامىلىق بولۇشنىڭ، گۇناھلار ئالدىدا ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشنىڭ ۋە مۇسىبەتلەرگە سەۋر قىلىشنىڭ، باشقىلارنىمۇ شۇنداق قىلىشقا تەۋسىيە قىلىشنىڭ لازىملىقى بايان قىلىنىدۇ.

آيَاتُهَا ٩ (١٠٤) سُورَةُ الْهُمَزَةِ مَكِّيَّةٌ (٣٢) رُكُوعُهَا ١

بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيمِ

وَيْلٌ لِّكُلِّ هُمَزَةٍ لُّمَزَةٍ ۝١ الَّذِي جَمَعَ مَالًا وَّعَدَّدَهُ ۝٢ يَحْسَبُ
أَنَّ مَالَهُ أَخْلَدَهُ ۝٣ كَلَّا لَيُنْبَذَنَّ فِي الْحُطَمَةِ ۝٤ وَمَا
أَدْرٰىكَ مَا الْحُطَمَةُ ۝٥ نَارُ اللّٰهِ الْمُوقَدَةُ ۝٦ الَّتِي تَطَّلِعُ
عَلَى الْأَفْئِدَةِ ۝٧ إِنَّهَا عَلَيْهِمْ مُّؤْصَدَةٌ ۝٨ فِي عَمَدٍ مُّمَدَّدَةٍ ۝٩

تەرجىمىسى:

104. سۈرە ھۇمەزە

مەككىدە نازىل بولغان، 9 ئايەت.

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللانىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن.

(كىشىلەرنى) ئەيىبلىگۈچى سۆخەنچىگە ۋاي![1]* ئۇ مال توپلىدى ۋە ئۇنى (ياخشىلىق يوللىرىغا سەرپ قىلماي ساقلاش ئۈچۈن) ساناندى[2]. ئۇ مېلى ئۆزىنى (دۇنيادا) مەڭگۈ قالدۇرىدۇ دەپ ئويلايدۇ[3]. ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس، ئۇ چوقۇم ھۇتەمەگە تاشلىنىدۇ[4]. ھۇتەمەنىڭ نېمىلىكىنى قانداق بىلەلەيسەن؟[5] ئۇ ئاللانىڭ ياندۇرغان ئوتىدۇركى، (ئۇنىڭ ئەلىمى) يۈرەكلەرگە يېتىپ بارىدۇ[6—7]. ئۇلار چوقۇم دوزاختا سولىنىدۇ[8]. ئېگىز تۈۋرۈكلەرگە باغلىنىدۇ[9].

بۇ سۈرە ۋەلىد ئىبنى مۇغىرە ھەققىدە نازىل بولغان. ۋەلىد پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى مەسخىرە قىلىدىغان قۇرەيش زومىگەر-لىرىدىن ئىدى. بۇ سۈرە شۇنداق قىلغانلارنىڭ ھەممىسىگە قارىتىلغان.

## يۇقىرىقى ئايەتلەرنىڭ ئومۇمىي مەزمۇنى:

كىشىلەرنى ئەيىبلىگۈچىلەر ۋە سۆخەنچىلەر ماھىيىتىنى بىلىپ بولمايدىغان قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ. ئۇلار كىشىلەرنىڭ ئابرو-يىنى تۆكۈپ، ئۇلارنىڭ شەنىگە داغ تەگكۈزۈپ، ئۇلارنىڭ ئىشلە-رىنى كەمسىتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۆز ئەمىلىدىن ھۇزۇرلىنىدۇ. بۇنداق قىلغاندا، ئادەمنىڭ مەنمەنلىكى، ئۆزىنىڭ توپلىغان مېلىغا بولغان

* گەرچە بۇ سۈرە ئۇمەييە ئىبنى خەلەف، ئەخنەس ئىبنى شۇرەيىق ۋەلىد ئىبنى مۇغىرە قاتارلىقلارنىڭ ھەققىدە نازىل بولغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ ھۆكمى ئومۇمىي بولۇپ، ۋۇجۇدىدا مۇشۇنداق يامان سۈپەتلەر تېپىلىدىغان ئادەملەرنىڭ ھەممىسىگە قارىتىلغان.

مەغرۇرلۇقى، ئۇ مالنى ئۆزى ئۈچۈن قورال ھېسابلىغانلىقى ئۇنى مۇشۇنداق قىلىشقا ئېلىپ كەلگەن بولىدۇ. ئۇ مېلىم دۇنيادا مېنى مەڭگۈ ياشاش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ دەپ ئويلاپ، لەززەتلەنگەن ھالدا ئۇنى تەكرار-تەكرار سانايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆلمەيدىغان ئادەمدەك ئىش قىلىدۇ. ئاللاتائالا ئۇنىڭ ئىشقا ئاشمايدىغان بۇنداق ئاساسسىز ئويىنى "كەللا" دېگەن سۆز بىلەن رەت قىلىدۇ، ئۇنىڭ توپلىغان مال-مۈلكى ئۇنى دۇنيادا مەڭگۈ ياشاش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلالمايدۇ، شۇ قىلمىشى تۈپەيلىدىن ئۇ جەھەننەمگە تاشلىنىدۇ. جەھەننەم تاشلانغان نەرسىلەرنى پاچاقلاپ تاشلايدىغان ۋە دەم تارتىپ يۇتۇۋېتىدىغانلىقى ئۈچۈن "ھۇتەمە" دەپ ئاتالدى، "ھۇتەمە" ئاللا تەرىپىدىن يېقىلغان، لاۋۇلداپ تۇرىدىغان ئوت دەپ چۈشەندۈرۈلىدۇ. ئاندىن ئاللاتائالا ئۇ ئوتنىڭ دۇنيا ئوتىغا ئوخشىمايدىغانلىقى، ئۇنىڭ ئازابىنىڭ قاتتىق بولىدىغانلىقىنى تەسۋىرلەپ، بىرىنچىدىن، ئۇنىڭ ھارارىتىنىڭ يۈرەكلەرگە يېتىپ بارىدىغانلىقىنى، ئىككىنچىدىن، ئەھلى دوزاخ ئۈچۈن ئۇنىڭ دەرۋازىلىرىنىڭ ئېتىپ تاشلىنىدىغانلىقىنى، ئەھلى دوزاخنىڭ قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئۇنىڭدىن چىقىپ كېتەلمەيدىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ. شۇنىڭدەك ئۇلارنى تېخىمۇ قاتتىق ئازابلاش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئوتتىن قىلىنغان تۆمۈر تۈۋرۈكلەرگە باغلىنىدىغانلىقىنى زىكرى قىلىپ ئۆتىدۇ.

### مۇھىم نۇقتىلىرى:

1. نوپۇزىنىڭ چوڭلۇقى، مېلىنىڭ كۆپلۈكى بىلەن مۇسۇلمانلارغا چوڭچىلىق قىلىپ، سۆزى ياكى ھەرىكىتى ئارقىلىق مۇسۇلمانلارغا

ئەزىيەت يەتكۈزىدىغانلار قورقۇتۇلىدۇ.

2. پۇل ـ مال بىلەن بولۇپ كېتىپ، پەرۋەردىگارىغا تائەت ـ ئىبادەت قىلماي غەپلەتتە قالغۇچىلارنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ دوزاخ بولىدىغانلىقى كۆرسىتىلىدۇ.

3. دوزاخ ئازابىنىڭ قاتتىقلىقىنى كۆرسىتىش بىلەن، كىشىنى دوزاخقا ئېلىپ بارىدىغان ئەمەللەردىن ھەزەر قىلدۇرىدۇ.

آياتها ٥ (١٠٥) سُورَةُ الْفِيلِ مَكِّيَّةٌ (١٩) رُكُوعُهَا ١

بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيمِ

أَلَمْ تَرَ كَيْفَ فَعَلَ رَبُّكَ بِأَصْحٰبِ الْفِيلِ ﴿١﴾ أَلَمْ يَجْعَلْ كَيْدَهُمْ فِي تَضْلِيلٍ ﴿٢﴾ وَأَرْسَلَ عَلَيْهِمْ طَيْرًا أَبَابِيلَ ﴿٣﴾ تَرْمِيهِمْ بِحِجَارَةٍ مِنْ سِجِّيلٍ ﴿٤﴾ فَجَعَلَهُمْ كَعَصْفٍ مَأْكُولٍ ﴿٥﴾

تەرجىمىسى:

### 105. سۈرە فىل

مەككىدە نازىل بولغان، 5 ئايەت.

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن.

پەرۋەردىگارىڭنىڭ پىل ئىگىلىرىنى قانداق قىلغانلىقىنى كۆرمىدىڭمۇ؟[1] ئۇ ئۇلارنىڭ ھىيلە ـ مىكرىنى بەربات قىلمىدىمۇ؟[2] ئۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئۇلارنىڭ ئۈستىگە توپ ـ توپ قۇشلارنى ئەۋەتتى[3]. قۇشلار ئۇلارغا ساپال تاشلارنى[4]. ئۇلارنى چايناۋېتىلگەن سامانەك قىلىۋەتتى[5]*.

## يۇقىرىدىكى ئايەتلەرنىڭ ئومۇمىي مەزمۇنى:

«ئەسھابى فىل» (پىل ئىگىلىرى) قىسسىسى مەشھۇر بولۇپ، تەفسىر كىتابلىرىدا تەپسىلىي بايان قىلىنغان. بۇنىڭدىكى ئىبرەت بەيتۇللانى بۇزۇش نىيىتىدە كەلگەنلەردىن ئاللانىڭ ئۇنى ساقلىغانلىقىدۇر. بۇ بەيتۇللانىڭ قوشنىسى بولغان قۇرەيشكە ئاللانىڭ بەرگەن نېمىتى ئىدى، ئاللا ئۇلارنى ئاللاتائالانى بىر دەپ بىلىشكە ۋە ئۇنىڭغا تائەت ـ ئىبادەت قىلىپ شۈكۈر قىلىشقا ئۈندەيدۇ. ئاللاتائالا بۇ سۆزنى "كۆرمىدىڭمۇ؟" دېگەن سۆز بىلەن باشلايدۇ. بۇ سۆز رەسۇلۇللاغا قارىتىلغان بولسىمۇ، ئۇ ئۇنىڭ ئۈممىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، يەنى كەئبىنى بۇزۇش ئۈچۈن كەلگەن پىل ئىگىلىرىگە قانداق قىلغانلىقىمنى بىلمىدىڭمۇ؟ دەيدۇ. بۇ ئاللاتائالانىڭ مەرھەمىتىنىڭ چوڭلۇقىنى كۆرسىتىدۇ. پىل ئىگىلىرى ھەبەشلەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ قوماندانى ئەبرەھە دەپ ئاتىلاتتى. ئۇنىڭ چوڭ

* بۇ ۋەقە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تۇغۇلغان يىلى (مىلادى 570 ـ يىلى) يۈز بەرگەنىدى. يەمەننىڭ ۋالىيسى ئەبرەھە ئىبنى ئەشرەم سەنئادا بىر چىركاۋ ياساپ، تامام خەلقنى بەيتۇللانى تاۋاپ قىلىشتىن توسۇپ، ئۇلارنى مەزكۇر چىركاۋدا ئىبادەت قىلدۇرماقچى بولدى. كىنانە قەبىلىسىدىن بىر ئادەم چىركاۋغا تاھارەت سۇندۇرۇپ قويدى. ئەبرەھە بۇ ئىشتىن غەزەپلىنىپ كەئبىنى چېقىشقا قەسەم قىلىپ، ئۇنى ۋەيران قىلىش ئۈچۈن ئاتلاندى.

بىر پىلى بولۇپ، ئۇلار بۇ پىلغا نىسبەت بېرىلىپ، "ئەسھابى فىل" يەنى پىل ئىگىلىرى دېيىلگەنىدى. ئۇلار ئۆز پىلانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا قادىر بولالمىدى. ئۇلار بەيتۇللاغا يېتىپ بېرىشتىن بۇرۇنلا ئۇلاردىن ئىنتىقام ئالدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئاللاتائالا ئۇلارنىڭ ھىيلە-مىكرىنى بەربات قىلمىدىمۇ؟ دەيدۇ. ئاللاتائالا ئۇلارغا ئەڭ ئاجىز مەخلۇقاتى بولغان توپ-توپ قۇشلارنى ئەۋەتتى، قۇشلار كەئبىنى بۇزۇشنى قەستلىگەن بۇ تاجاۋۇزچىلارنى جەھەننەمدە قىزىتىلغان ئايلىنىپ كەتكەن چالما بىلەن ئېتىپ، يەنچىلگەن سامان-دەك قىلىۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئاللا كەئبىنى ئۇلارنىڭ سۇيىقەستى-دىن ساقلىدى.

**مۇھىم نۇقتىلىرى:**

1. ئاللاتائالانىڭ كۈچ-قۇدرىتىنىڭ بۈيۈكلۈكى ۋە ئۇنىڭ زالىملاردىن ئىنتىقام ئالىدىغانلىقى كۆرسىتىلىدۇ.

2. بەيتۇللانىڭ ھۆرمىتى ۋە ئۇنىڭ شان-شەرىپى كۆرسىتىلىدۇ.

3. قۇرەيشنىڭ دۈشمەنلىرىنى ئارقىسىغا چېكىندۈرۈش بىلەن ئاللانىڭ قۇرەيشكە بەرگەن نېمىتى بىلدۈرۈلىدۇ، ئاللاتائالانىڭ مۇقەددەس جايلىرىغا چېقىلغان ياكى ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىرىنى ئىنكار قىلغانلارنى قاتتىق جازالاش بىلەن ئۇلارغا ۋە ئۇلارغا ئوخشاشلارغا ئاگاھلاندۇرۇش بېرىلىدۇ.

آيَاتُهَا ٤ (١٠٦) سُوْرَةُ قُرَيْشٍ مَكِّيَّةٌ (٢٩) رُكُوْعُهَا ١

بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيْمِ

لِاِيْلٰفِ قُرَيْشٍ ۙ﴿١﴾ اٖلٰفِهِمْ رِحْلَةَ الشِّتَآءِ وَالصَّيْفِ ۚ﴿٢﴾
فَلْيَعْبُدُوْا رَبَّ هٰذَا الْبَيْتِ ۙ﴿٣﴾ الَّذِيْٓ اَطْعَمَهُمْ مِّنْ
جُوْعٍ ۙ۵ وَّاٰمَنَهُمْ مِّنْ خَوْفٍ ﴿٤﴾

تەرجىمىسى:

106. سۈرە قۇرەيش

مەككىدە نازىل بولغان، 4 ئايەت.

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللانىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن.

قۇرەيش قوغدالغانلىقلىرى ئۈچۈن[1]، ئۇلار قىشلىق ۋە يازلىق سەپەرلىرىدە قوغدالغانلىقلىرى ئۈچۈن[2]، بۇ ئۆي (يەنى بەيتۇللا) نىڭ پەرۋەردىگارىغا ئىبادەت قىلسۇنكى، ئۇ ئۇلارنى ئاچلىقتا ئوزۇقلاندۇردى، ئۇلارنى قورقۇنچتىن ئەمىن قىلدى[3—4].

**يۇقىرىقى ئايەتلەرنىڭ ئومۇمىي مەزمۇنى:**

مەككە قۇرەيشلىرى ھەر يىلى تىجارەت ئۈچۈن ئىككى قېتىم سەپەر قىلاتتى، يەنى قىشتا يەمەنگە، يازدا شامغا سەپەر قىلاتتى. ئۇلار ھەرەم ئاھالىسى، ئۇلۇغ بەيتۇللانىڭ باشقۇرغۇچىلىرى بولغان-

لىقى ئۈچۈن، ئۆز سەپىرىدە تىنچ-ئامان بولاتتى، ئۇلارغا ھېچ ئادەم چېقىلمايتتى. ھالبۇكى، باشقا كىشىلەر بۇلاڭ-تالاڭغا ئۇچراپ تۇراتتى، ئۇلارنىڭ ئاللاتائالاغا خالىس ئىبادەت قىلىشلىرى ئۈچۈن، ئاللا ئۇلارغا بۇ نېمەتنى ئەسلىتىپ ئۆتتى. ئاللاتائالانىڭ ئۇلارنى شان-شەرەپكە ئېرىشتۈرگەن كەئبىنىڭ پەرۋەردىگارى ئىكەنلىكىنى، ئۇلار گىياھ ئۈنمەيدىغان ۋادىدا ياشىسىمۇ، ئىبراھىم خەلىلۇللانىڭ دۇئاسى بىلەن ئۇلارنىڭ رىزقىنىڭ تەرەپ-تەرەپتىن كېلىپ تۇرىدىغانلىقىنى، شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ قەھەتچىلىكتىن كېيىن توقچىلىققا ئېرىشكەنلىكىنى، ئاللاتائالانىڭ ئۇلارنى خەۋپ-خەتەرلەردىن ئامان قىلغانلىقىنى، مەيلى مەككىدە بولسۇن، مەيلى سەپەر ئۈستىدە بولسۇن، ئۇلار ھەرەم ئاھالىسى بولغانلىقلىرى ئۈچۈن ھېچ ئادەمنىڭ ئۇلارغا چېقىلمايدىغانلىقىنى ئەسلىتىپ ئۆتتى، بۇنىڭدىن بۇ نېمەتلەرنى ئىنئام قىلغۇچى ئاللاتائالاغا كۆپ شۈكۈر قىلىشنىڭ لازىملىقى چىقىدۇ. شۈكۈرنىڭ ئەڭ چوڭى ئاللاتائالاغا خالىس ئىبادەت قىلىش، ئاللاتائالا ئالدىدا ۋاستىچىلەر ۋە شاپائەتچىلەر بار دەپ قارىماسلىق، ئۇلارنىڭ ئىبادەت قىلغىنىغا ئوخشاش بۇتلارغا ئىبادەت قىلماسلىقتۇر.

### مۇھىم نۇقتىلىرى:

1. ئاللاتائالا ئۇلۇغ كەئبىنىڭ قوشنىلىرى بولغان قۇرەيشلەرنى تىنچ-ئامان، ھۆرمەتلىك قىلىش بىلەن ئۆزىنىڭ ئۇلارغا قىلغان مەرھەمىتىنى كۆرسىتىدۇ.

2. قۇرەيشلەرنى ئاللاتائالاغا شۈكۈر قىلىش يۈزىسىدىن خالىس ئىبادەت قىلسۇن دەپ، ئاللاتائالانىڭ بەرگەن بۇ نېمەتلىرى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئۇلارنىڭ ئىسىگە سېلىنىدۇ.

3. پاراۋان تۇرمۇش ۋە خەۋپ ـ خەتەرلەردىن ئامان بولۇش ئاللاتائالاغا شۈكۈر قىلىشقا تېگىشلىك بولغان دۇنيانىڭ چوڭ نېمەتلىرىدىن ئىكەنلىكى بايان قىلىنىدۇ.

آياتها ٧ ﴿١٠٧﴾ سُورَةُ الْمَاعُونِ مَكِّيَّةٌ ﴿١٧﴾ رُكُوعُهَا ١

بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيْمِ

أَرَءَيْتَ الَّذِي يُكَذِّبُ بِالدِّيْنِ ① فَذٰلِكَ الَّذِي يَدُعُّ
الْيَتِيْمَ ② وَلَا يَحُضُّ عَلٰى طَعَامِ الْمِسْكِيْنِ ③ فَوَيْلٌ
لِّلْمُصَلِّيْنَ ④ الَّذِيْنَ هُمْ عَنْ صَلَاتِهِمْ سَاهُوْنَ ⑤
الَّذِيْنَ هُمْ يُرَآءُوْنَ ⑥ وَيَمْنَعُوْنَ الْمَاعُوْنَ ⑦

تەرجىمىسى:

107. سۈرە مائۇن

مەككىدە نازىل بولغان، 7 ئايەت.

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللانىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن.

دىننى ئىنكار قىلغان ئادەمنى كۆردۈڭمۇ؟[1]. ئۇ يېتىمنى دۈشكەلەيدىغان مىسكىنگە تاماق بېرىشنى تەرغىپ قىلمايدىغان ئادەمدۇر[2-3]. شۇنداق ناماز ئوقۇغۇچىلارغا ۋايكى، ئۇلار نامازنى

غەپلەت بىلەن ئوقۇيدۇ[4-5]، نامازنى رىيا بىلەن ئوقۇيدۇ[6]، ئۇلار قولقا بەرمەيدۇ[7].

## يۇقىرىقى ئايەتلەرنىڭ ئومۇمىي مەزمۇنى:

ئاللاتائالا بۇ كالامىنى "دىنىنى ئىنكار قىلغۇچىنى كۆردۈڭمۇ؟" دېگەن سوئال بىلەن باشلىدى. ئاندىن ئاللاتائالا دىنىنى ئىنكار قىلغۇچىنىڭ سۈپەتلىرىنى بايان قىلىپ: ئۇ يېتىمنى قاتتىق دۈشكەلەيدۇ، يېتىم بىرەر نەرسە، ياكى ئۆز ھەققىنى تەلەپ قىلىپ كەلسە، ئۇنى سىلكىيدۇ، قىيامەتنى ئىنكار قىلغانلىقتىن مىسكىنگە تاماق بېرىشنى تەرغىپ قىلمايدۇ، ئۆزىمۇ تاماق بەرمەيدۇ، دەيدۇ. سۆزنىڭ بېشىدىكى خىتاب پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قارىتىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئۇنىڭ پۈتۈن ئۈممىتىگە ئومۇمىيدۇر. ئاندىن ئاللاتائالا باشقا بىر تۈركۈم كىشىلەرنىڭ سۈپەتلىرىنى بايان قىلىپ، ئۇلارنى ئەيىبلەيدۇ، ئۇلارنى ئازابتىن قورقۇتىدۇ. ئۇلار مۇناپىقلار بولۇپ، ئۇلارنىڭ بىرىنچى سۈپىتى "نامازنى غەپلەت بىلەن ئوقۇش" بولۇپ، بۇنى "نامازنى رىيا بىلەن ئوقۇيدۇ" دېگەن سۆز بىلەن چۈشەندۈرىدۇ، يەنى ئۇلار بىزنى مۇسۇلمان دېسۇن، ياخشى دېسۇن دەپ، نامازنى كىشىلەر كۆرگەندە ئوقۇيدۇ، كىشىلەر كۆرمىگەندە ئوقۇمايدۇ. چۈنكى ئۇلار نامازغا ئىشەنمەيدۇ. ئۇلار نامازنى تەرك ئېتىش بىلەن ئۇنىڭدىن غەپلەتتەدۇر؛ نامازنى باشقىلار بار ئوقۇش بىلەن رىياكاردۇر. ئۇلارنىڭ ئىككىنچى سۈپىتى شۇكى، ئۇلار ئۆزئارا ھەمكارلىشىپ، قاچا-قومۇچىقا ئوخشاش كىچىك نەرسىلەرنى ھاجەتمەنلەرگە ئارىيەت بېرىپ، بەندىلەرگە ياخشىلىق قىلمايدۇ.

**مۇھىم نۇقتىلىرى:**

1. يېتىملەرگە، مىسكىنلەرگە ئاش ـ نان بېرىشكە ۋە ئۇلارغا مۇلايىم بولۇشقا قىزىقتۇرۇلىدۇ ۋە تەرغىپ قىلىنىدۇ.

2. نامازنى ۋاقتىدا ئوقۇش، نامازنى ۋە باشقا ئەمەللەرنى ئىخلاس بىلەن ئادا قىلىش بايان قىلىنىدۇ.

3. ئاللاتائالا بېخىللىقنى ئەيىبلىگەنلىكى ئۈچۈن، ياخشىلىق قىلىشقا، قاچا ـ قۇمۇچ، كىتاب، قەغەزگە ئوخشاش ئۇششاق ـ چۈششەك نەرسىلەرنى ئارىيەت بېرىپ تۇرۇشقا تەرغىپ قىلىنىدۇ.

آيَاتُهَا ٣ (١٠٨) سُورَةُ الْكَوْثَرِ مَكِّيَّةٌ (١٥) رُكُوعُهَا ١

بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيْمِ ○

إِنَّآ أَعْطَيْنٰكَ الْكَوْثَرَ ۝١ فَصَلِّ لِرَبِّكَ وَانْحَرْ ۝٢

إِنَّ شَانِئَكَ هُوَ الْأَبْتَرُ ۝٣

**تەرجىمىسى:**

108. سۈرە كەۋسەر*

مەككىدە نازىل بولغان، 3 ئايەت.

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن

---

* پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە مۇنداق دېيىلگەن: كەۋسەر جەننەتتىكى بىر ئۆستەڭ بولۇپ، ئۇنىڭدا كۆپ

باشلايمەن.

بىز ساڭا ھەقىقەتەن نۇرغۇن ياخشىلىقلارنى ئاتا قىلدۇق[1]. پەرۋەردىگارىڭ ئۈچۈن ناماز ئوقۇغىن ۋە قۇربانلىق قىلغىن[2]. ھەقىقەتەن سېنىڭ دۈشمىنىڭنىڭ نام ـ نىشانى قالمايدۇ[3].

**بۇ سۈرىنىڭ نازىل بولۇش سەۋەبى:**

ئاسى ئىبنى ۋائىل قۇرەيشكە: "مۇھەممەدنى تاشلاڭلار، ئۇنىڭ بالىسى يوق، ئۇ ئۆلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ نامى تۈگەيدۇ" دەيتتى. ئاللاتائالا ئۇنىڭ بۇ سۆزىنى يالغانغا چىقىرىش ئۈچۈن بۇ سۈرىنى نازىل قىلغان.

**يۇقىرىقى ئايەتلەرنىڭ ئومۇمىي مەزمۇنى:**

ئاللاتائالا بۇ سۈرىنى بەندىسى ۋە پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا نۇرغۇن ياخشىلىقلارنى ئاتا قىلىپ مەرھەمەت كۆرسەتكەنلىكى بىلەن باشلىدى، ئاللاتائالا ئۆزىنىڭ پەيغەمبىرىگە دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە نۇرغۇن ياخشىلىقلارنى ئاتا قىلدى. ئاللاتائالا پەيغەمبىرىگە كەۋسەرنى ئاتا قىلىش بىلەن باشقىغا ئەمەس، پەقەت يالغۇز ئاللاغىلا ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇدى. پەرز بولسۇن، نەپلە

---

خەيرلىك بار، پەرۋەردىگارىم ماڭا ئۇنى ۋەدە قىلغان، ئۇنىڭ سۈيى ھەسەلدىنمۇ تاتلىق، سۈتتىنمۇ ئاق، قاردىنمۇ سوغۇق، قايماقتىنمۇ يۇمشاق، ئۇنىڭ ئىككى قېشى زەبەرجەتتىن، قاچىلىرى كۈمۈشتىن بولۇپ، ئۇنىڭ سۈيىدىن بىر ئىچكەن كىشى تەشنا بولمايدۇ. كەۋسەرنى جەننەتتىكى بىر كۆل دېگۈچىلەرمۇ بار.

بولسۇن، نامازنىڭ ھەممىسى ئاللاتائالا ئۈچۈن خالىس ئوقۇشقا بۇيرۇدى. مۇشرىكلارنىڭ بۇتلارغا ۋە باشقا نەرسىلەرگە قۇربانلىق قىلىشىنىڭ ئەكسىچە، قۇربانلىقنى خالىس ئاللا ئۈچۈن قىلىشقا بۇيرۇدى. بۇ يەردىكى خىتاب پۈتۈن ئۈممەتكە قارىتىلغان. ئاندىن ئاللاتائالا: "تەۋھىد ۋە دىننى يالغۇز ئاللاغا خالىس قىلىش بارىسىدا رەسۇلۇللانىڭ ئۈممىتى ئىچىدە ئۇنىڭ يولىدا ماڭمىغانلار-نىڭ نامى-نىشانى قالمايدۇ" دەيدۇ.

مۇھىم نۇقتىلىرى:

1. ئاللاتائالانىڭ بەندىسى ۋە پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەي-ھىسسالامغا دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە نۇرغۇن ياخشىلىقلارنى جۈملىدىن ھەۋزى كەۋسەرنى ئاتا قىلىش بىلەن مەرھەمەت كۆرسەتكەنلىكى بايان قىلىنىدۇ.

2. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئىبادەتنى جۈملىدىن نامازنى، قۇربانلىقنى ئاللاتائالاغا خالىس قىلىشقا بۇيرۇدى.

3. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى شەرىئەتتىكى ئۆلچەم بويىچە دوست تۇتۇشنىڭ لازىملىقى كۆرسىتىلىدۇ.

4. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى دۈشمەن تۇتقان ۋە ئۇنىڭغا ھۆرمەتسىزلىك قىلغانلار ئەيىبلىنىدۇ.

آياتها ٦ (١٠٩) سُورَةُ الْكٰفِرُونَ مَكِّيَّةٌ (١٨) رُكُوعُهَا ١

بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيمِ

قُلْ يٰٓأَيُّهَا الْكٰفِرُونَ ① لَآ أَعْبُدُ مَا تَعْبُدُونَ ② وَلَآ
أَنْتُمْ عٰبِدُونَ مَآ أَعْبُدُ ③ وَلَآ أَنَا عَابِدٌ مَّا عَبَدْتُّمْ ④ وَلَآ
أَنْتُمْ عٰبِدُونَ مَآ أَعْبُدُ ⑤ لَكُمْ دِينُكُمْ وَلِيَ دِينِ ⑥

**تەرجىمىسى:**

### 109. سۇرە كافىرۇن*

مەككىدە نازىل بولغان، 6 ئايەت.

ناھايىتى شەپقەتلىك مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن.

(ئى مۇھەممەد! سېنى بۇتلارغا چوقۇنۇشقا ئۈندىگۈچى كۇففار-لارغا) ئېيتقىنكى، "ئى كاپىرلار![1] سىلەر چوقۇنۇۋاتقان بۇتلارغا مەن چوقۇنمايمەن[2]. سىلەرمۇ مەن ئىبادەت قىلىۋاتقان ئاللاغا ئىبادەت قىلمايسىلەر[3]. سىلەر چوقۇنغان بۇتلارغا مېنىڭ چوقۇن-غىنىم يوق[4]. سىلەرنىڭمۇ مەن ئىبادەت قىلغان ئاللاغا ئىبادەت قىلغىنىڭلار يوق[5]. سىلەرنىڭ دىنىڭلار ئۆزەڭلار ئۈچۈن، مېنىڭ

* پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «كافىرۇن» سۈرىسىنى قۇرئاننىڭ تۆتتىن بىرىگە تەڭ (يەنى بۇ سۈرىنى ئوقۇسا قۇرئاننىڭ تۆتتىن بىرىنى ئوقۇغاننىڭ ساۋابى بولىدۇ) دېگەن.

دىسىمۇ ئۆزەم ئۈچۈن"(6).

## بۇ سۈرىنىڭ نازىل بولۇش سەۋەبى:

قۇرەيشلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئۆزلىرىنىڭ ئىلاھلىرىغا بىر يىل ئىبادەت قىلىشنى، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىمۇ ئاللاتائالاغا بىر يىل ئىبادەت قىلىشنى، شۇنىڭ بىلەن ئۆزئارا ياخشى مۇناسىۋەتتە بولۇشنى تەلەپ قىلدى. ئاللاتائالا بۇ ھەقتە بۇ سۈرىنى نازىل قىلدى.

## يۇقىرىقى ئايەتلەرنىڭ ئومۇمىي مەزمۇنى:

ئاللاتائالا ئۆز پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى مۇشرىكلارغا خىتاب قىلىشقا، ئۇلاردىن ۋە ئۇلارنىڭ مەئبۇداتلىرىدىن ئادا-جۇدا بولۇشقا بۇيرۇدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پەرۋەردىگارى ئۇنىڭغا ئەمر قىلغاندەك، دەرھال ئۇلارنىڭ مەئبۇدلىرىغا ئىبادەت قىلىشتىن ئادا-جۇدا بولدى. شۇنىڭ بىلەن ئاللا مۇشرىكلارغا ئۇلارنىڭ يالغۇز ئاللاغا ئىبادەت قىلىش دەۋاسىنىڭمۇ يالغان ئىكەنلىكىنى خەۋەر قىلدى. ئاندىن رەسۇلۇللانىڭ ئۇلارنىڭ مەئبۇدلىرىدىن كېلەچەكتە ئادا-جۇدا بولىدىغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ بولسا كېلەچەكتىمۇ ھەرگىز ئادا-جۇدا بولمايدىغانلىقىنى، بەلكى ھامان ئاللانى ئىنكار قىلىدىغانلىقىنى، ئۆزلىرىنىڭ يالغان مەئبۇدلىرىغا ئىبادەت قىلىشنى داۋاملاشتۇرىدىغانلىقىنى خەۋەر قىلدى. چۈنكى ئاللاغا شېرىك كەلتۈرۈپ تۇرۇپ، يالغۇز ئاللاغا ئىبادەت قىلدىم دېيىشكە بولمايدۇ. ئاللا يەنە ئۇلارغا ئۇلارنىڭ مۇشرىكلىقتىن ئىبارەت ئىختىيار قىلغان دىنىنىڭ بارلىقىنى، ئۇنىڭمۇ ئۆزىنىڭ

ئاللا ئىختىيار قىلغان تەۋھىددىن ئىبارەت دىنىنىڭ بارلىقىنى خەۋەر قىلدى. بۇ سۈرىدىكى بۇ خىتاب ئاللانىڭ ئىلمىي ئەزىلىسىدە ئىمان ئېيتمايدۇ ۋە ھىدايەت تاپمايدۇ دەپ بېكىتىلگەن كىشىلەرگە قارىتىلغان دېيىلىدۇ.

**مۇھىم نۇقتىلىرى:**

1. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەۋھىدتە ۋە ئۇنىڭغا دەۋەت قىلىشتا چىڭ تۇرغانلىقى بايان قىلىنىدۇ.
2. بۇ سۈرىدە خىتاب قىلىنغانلارنىڭ ھىدايەت تاپمايدىغانلىقى، بەلكى ئۇلارنىڭ مۇشرىكلىك بىلەن ئۆلىدىغانلىقى بايان قىلىنىدۇ.
3. ئىنساننىڭ ئۆز دىنىدا ۋە ئەقىدىسىدە چىڭ تۇرۇشىنىڭ، باشقا دىندىكىلەر ئۆز دىنىنى ھەرقانچە ئەۋج ئالدۇرسىمۇ، باتىل دىنلارغا قارىماسلىقىنىڭ لازىملىقى تەكىتلىنىدۇ.

آيَاتُهَا ٣ (١١٠) سُورَةُ النَّصْرِ مَدَنِيَّةٌ (١١٤) رُكُوعُهَا ١

بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيْمِ

إِذَا جَآءَ نَصْرُ اللّٰهِ وَالْفَتْحُ ﴿١﴾ وَرَاَيْتَ النَّاسَ
يَدْخُلُوْنَ فِيْ دِيْنِ اللّٰهِ اَفْوَاجًا ﴿٢﴾ فَسَبِّحْ بِحَمْدِ
رَبِّكَ وَاسْتَغْفِرْهُ ۗ إِنَّهٗ كَانَ تَوَّابًا ﴿٣﴾

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

تەرجىمىسى:

## 110. سۈرە نەسر

مەككىدە نازىل بولغان، 3 ئايەت.

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن.

ئاللاھنىڭ ياردىمى ۋە غەلىبىسى كەلگەن ۋە سەن ئاللاھنىڭ دىنىغا كىشىلەرنىڭ توپ-توپ بولۇپ كىرگەنلىكىنى كۆرگىنىڭدە [1–2]، رەببىڭگە تەسبىھ ئېيتقىن، ھەمدى ئېيتقىن ۋە ئۇنىڭدىن مەغپىرەت تىلىگىن، ئاللاھ ھەقىقەتەن تەۋبىنى بەك قوبۇل قىلغۇچىدۇر [3].

يۇقىرىقى ئايەتلەرنىڭ ئومۇمىي مەزمۇنى:

ئاللاھ تائالا ئېيتىدۇ: مەككىنىڭ پەتھى قىلىنىشى ۋە ئۇنىڭ ئىسلام يۇرتىغا ئايلىنىشىدىن ئىبارەت سېنىڭ ساڭا قىلغان ياردىمىنى ۋە قوللىشىمنى كۆرگەن، پۈتۈن كىشىلەرنىڭ توپ-توپ بولۇپ ئىسلام دىنىغا كىرگەنلىكىنى كۆرگەن چېغىڭدا، "رەببىڭگە تەسبىھ ئېيتقىن، ھەمدى ئېيتقىن"، يەنى "سۇبھانەللاھى ۋە بىھەمدىھى سۇبھانە كەللاھۇممە ۋە بىھەمدىكە..." قاتارلىقلارنى ئېيتقىن، ئىستىغپارنى كۆپ ئېيتقىن، ئاللاھ ھەقىقەتەن تەۋبىنى بەكمۇ قوبۇل قىلغۇچىدۇر.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دېگەن: بۇ سۈرە نازىل بولغاندىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ناماز ئوقۇسىلا مۇنداق دەيتتى: "سبحانك ربنا وبحمدك اللهم اغفرلى" — (سۇبھانەكە

رەببەنا ۋە بىھەمدىكە ئەللاھۇممە غفرلى). بۇ سۈرە نازىل بولغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە نۇرغۇن ساھابىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەجىلىنىڭ يېقىنلاشقانلىقىنى بىلگەنىدى.

## مۇھىم نۇقتىلىرى:

1. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئاللاتائالانىڭ نۇسرىتى، مەككىنىڭ پەتھى قىلىنىدىغانلىقى ۋە كىشىلەرنىڭ دىنغا توپ-توپ بولۇپ كىرىدىغانلىقى بىلەن بېشارەت بېرىلىدۇ.

2. ئاللاتائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئاللاتائالانىڭ يۇقىرىقى نېمەتلىرىگە شۈكۈر قىلىشقا، پەرۋەردىگارىغا تەسبىھ ئېيتىشقا، ھەمدى ئېيتىشقا، ئىستىغفار ئېيتىشقا ئەمر قىلىدۇ.

3. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەجىلىنىڭ يېقىنلاشقانلىقىغا ئىشارەت قىلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ سۈرە نازىل قىلىنغان چاغدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "دېنىڭ ۋاپات بولىدىغان خەۋىرىم يەتكۈزۈلدى" دېگەن.

آيَاتُهَا ٥ — (١١١) سُورَةُ اللَّهَبِ مَكِّيَّةٌ (٦) — رُكُوعُهَا ١

بِسْمِ اللَّهِ الرَّحْمَٰنِ الرَّحِيمِ

تَبَّتْ يَدَا أَبِي لَهَبٍ وَتَبَّ ① مَا أَغْنَىٰ عَنْهُ مَالُهُ وَمَا
كَسَبَ ② سَيَصْلَىٰ نَارًا ذَاتَ لَهَبٍ ③ وَامْرَأَتُهُ
حَمَّالَةَ الْحَطَبِ ④ فِي جِيدِهَا حَبْلٌ مِّن مَّسَدٍ ⑤

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تەرجىمىسى:

## 111. سۈرە مەسەد

مەككىدە نازىل بولغان، 5 ئايەت.

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن.

ئەبۇ لەھەبنىڭ ئىككى قولى قۇرۇپ كەتسۇن! (ئەمەلدە) قۇرۇپ كەتتى [1]. ئۇنىڭغا مال ـ مۈلكى ۋە ئېرىشكەن نەرسىلىرى ئەسقاتمىدى [2]. ئۇ لاۋۇلداپ تۇرغان ئوتقا (يەنى دوزاخقا) كىرىدۇ [3]. ئۇنىڭ ئوتۇن توشۇغۇچى (يەنى سۇخەنچى) خوتۇنىمۇ لاۋۇلداپ تۇرغان ئوتقا كىرىدۇ [4]. ئۇنىڭ بوينىدا مەھكەم ئېشىلگەن ئارغامچا بولىدۇ [5].

### بۇ سۈرىنىڭ نازىل بولۇش سەۋەبى:

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سافا تېغىغا چىقىپ قۇرەيشنىڭ ئايماقلىرىنى توۋلىدى، قۇرەيشلەر يىغىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا، سىلەرنى مەن قاتتىق ئازابتىن ئاگاھلاندۇرغۇچىمەن، دېدى. ئۇنىڭ تاغىسى ئەبۇ لەھەب ئورنىدىن تۇرۇپ قولىنى قېقىپ تۇرۇپ: ئۆلگۈر، بىزنى مۇشۇنىڭ ئۈچۈن يىغدىڭمۇ؟ دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئاللاتائالا بۇ سۈرىنى نازىل قىلدى.

### يۇقىرىقى ئايەتلەرنىڭ ئومۇمىي مەزمۇنى:

ئاللاتائالا ئەبۇ لەھەب ھالاك بولدى، ئۇنىڭ ھالاك بولۇشى

ئەمەلدە كۆرۈلدى، دەيدۇ. ھالاك بولسۇن دېگەن سۆز ئەبۇ لەھەب ئۈچۈن دۇئايى بەددۇر. ھالاك بولدى دېگەن سۆز ئۇنىڭ چوقۇم ھالاك بولىدىغانلىقىدىن خەۋەر بېرىشتۇر. ئەبۇ لەھەبنىڭ ئىسمى ئابدۇلئۇززا بولۇپ، ئۇ روسۇلۇللانىڭ تاغىلىرىدىن بىرى ئىدى. ئۇ روسۇلۇللانىڭ ئەشەددىي دۈشمىنى ئىدى. ئۇ مالدار، كۆپ بالىلىق ئىدى، ئۇ ئۆزىنى پۇل-مېلى ۋە بالىلىرى بىلەن كۈچلۈك چاغلىدى، ئۇ، قېرىندىشىمنىڭ ئوغلىنىڭ ئېيتقانلىرى راست بولىدىغان بولسا، مەن ئۇنىڭغا جېنىمنى، مېلىمنى، بالىلىرىمنى پىدا قىلاتتىم، دېدى، ئاللاتائالا ئۇنىڭغا رەددىيە بېرىپ، ئۇ ھالاك بولدى ۋە زىيان تارتتى، مېنىڭ ئازابىمنى ئۇنىڭدىن ھېچ نەرسە — ئۇنىڭ مېلىمۇ، بالىلىرىمۇ دەپئى قىلالمايدۇ، دېدى. ئۇنىڭ لاۋۇلداپ تۇرغان دوزاخقا كىرىدىغانلىقى، دوزاختا ئۇنىڭ خوتۇنى، ئەبۇ سۇفيانىنىڭ ھەمشىرىسى بولغان ئۇممى جەمىلنىڭمۇ كىرىدىغانلىقى ئېيتىلدى. رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، ئۇممى جەمىل پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەزىيەت يەتكۈزۈش ئۈچۈن، ئۇنىڭ يولىغا يانتاقلارنى تاشلاپ قوياتتى. ئاللاتائالا بۇ يەردە ئۇممى جەمىلگە دوزاختا بولىدىغان بىر تۈرلۈك ئازابنى بايان قىلدى. ئۇ بولسىمۇ ئۇنىڭ بوينى مەھكەم ئېشىلگەن دوزاخنىڭ ئارغامچىلىرى بىلەن باغلىنىدىغانلىقىدىن ئىبارەت.

**مۇھىم نۇقتىلىرى:**

1. ئەبۇ لەھەب بىلەن ئۇنىڭ خوتۇنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى دۈشمەن تۇتقانلىقى، ئۇنىڭ دەۋىتىگە قارشى تۇرغانلىقى ئۈچۈن ئەيىبلىنىدۇ.

2. پۈل - مېلىنىڭ ۋە بالىلىرىنىڭ بولۇشى ئاللانى ئىنكار قىلغان- لارنىڭ دوزاخقا كىرىشىنى توسۇپ قالالمايدۇ.

3. بۇ سۈرىدە ئاللاتائالانىڭ كۆرسەتكەن شانلىق بىر مۆجىزىسى بار. ئاللاتائالا بۇ سۈرىنى نازىل قىلغان چاغدا ئەبۇ لەھەب بىلەن ئايالى تېخى ئۆلمىگەنىدى. ئاللا ئۇلارنىڭ دوزاختا چوقۇم ئازاب چېكىدىغانلىقىدىن خەۋەر بەرگەن. بۇنىڭدىن ئۇلارنىڭ سالامەت قالمايدىغانلىقى چىقاتتى، ئەھۋال ئاللاتائالا خەۋەر بەرگەندەك بولغان.

آيَاتُهَا ٤ (١١٢) سُورَةُ الْإِخْلَاصِ مَكِّيَّةٌ (٢٢) رُكُوعُهَا ١

بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيْمِ

قُلْ هُوَ اللّٰهُ اَحَدٌ ۝١ اَللّٰهُ الصَّمَدُ ۝٢ لَمْ يَلِدْ ۙ وَلَمْ يُوْلَدْ ۝٣ وَلَمْ يَكُنْ لَّهٗ كُفُوًا اَحَدٌ ۝٤

**تەرجىمىسى:**

112. سۈرە ئىخلاس

مەككىدە نازىل بولغان، 4 ئايەت.

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللانىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن.

(ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، ئۇ ئاللا بىردۇر (1). ھەممە ئاللاغا
موھتاجدۇر (2). ئاللا بالا تاپقانمۇ ئەمەس، تۇغۇلغانمۇ ئەمەس.

(3). ھېچ كىشى ئۇنىڭغا تەڭداش بولالمايدۇ (4).

### بۇ سۈرىنىڭ نازىل بولۇش سەۋەبى:

مۇشرىكلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا، بىزگە پەرۋەردىگارىڭنىڭ نەسلىنى بايان قىلىپ باق، دېگەن ۋە ئۇلارنىڭ بەزىسى بىزگە پەرۋەردىگارىڭنى سۈپەتلەپ بەرگىن دېگەن، شۇنىڭ بىلەن ئاللا بۇ سۈرىنى نازىل قىلغان.

### يۇقىرىقى ئايەتلەرنىڭ ئومۇمىي مەزمۇنى:

ئاللاتائالا ئېيتىدۇ: ئى مۇھەممەد! جەزمە قىلغان، ئېتىقاد قىلغان، مەنىسىنى چۈشەنگەن ھالدا "ئاللا بىردۇر، ئۇنىڭ ئوخشىشى ۋە مىسلى يوقتۇر" دەپ ئېيتقىن، ئاللاتائالاغا پۈتۈن خالايىقنىڭ ھاجىتى چۈشىدۇ، پايدىنى تىلەش، زىياندىن ساقلىنىشتا ئۇلار ئاللاغا ئىلتىجا قىلىدۇ، مانا شۇلار ھەقىقىي مەبۇد ئاللانىڭ سۈپەتلىرىدۇر. ئاللاتائالانىڭ بالىسى، ئاتا ـ ئانىسى، خوتۇنى يوقتۇر، ئاللائاتالاغا ھېچ كىشى تەڭداش ئەمەستۇر، ھېچ نەرسە ئاللاتائالاغا ئوخشىمايدۇ، ئاللا ھەممىنى ئاڭلاپ تۇرىدۇ، كۆرۈپ تۇرىدۇ.

بۇ سۈرىنىڭ «سۈرە ئىخلاس» دەپ ئاتىلىشى شۇنىڭ ئۈچۈندۇركى، بۇ سۈرە تەۋھىد يەنى ئاللاتائالانىڭ بىرلىكى بارىسىدىكى ئىسملىرىنى، سۈپەتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ سۈرىنىڭ پەزىلىتى ھەققىدە مۇنداق دېگەن: "سۈرە ئىخلاس قۇرئاننىڭ ئۈچتىن بىرىگە تەڭ كېلىدۇ".

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

**مۇھىم نۇقتىلىرى:**

1. بۇ ئۇلۇغ سۈرە ئاللاتائالانىڭ بىرلىكىگە دائىر ئىسىملىرىنى ۋە سۈپەتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. ئاللاتائالا ئۆزىگە قايسى سۈپەتلەرنى مۇئەييەنلەشتۈرگەن بولسا، ياكى ئۇنىڭغا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇئەييەنلەشتۈرگەن بولسا، ئەھلى سۈننە ۋەلجەمائە شۇنى مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ. ئاللا ئۆزى ئۈستىدە ئاللا ئىنكار قىلغان ياكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىنكار قىلغان نەرسىلەرنى ئىنكار قىلىدۇ. ئاللاتائالانىڭ سۈپەتلىرى مەخلۇقاتنىڭ سۈپەتلىرىگە ئوخشىمايدۇ. ئۇ سۈپەتلەر شەكىلگە كىرگۈزۈلمەيدۇ، ئۆزگەرتىلمەيدۇ ۋە ئۇلار كېرەكسىز قىلىپمۇ قويۇلمايدۇ.

2. بۇ سۈرىدە ئاللاتائالاغا بالا نىسبەت بەرگەن مۇشرىك، گۇمراھ تائىپىلەرنىڭ ھەممىسىگە رەددىيە بېرىلىدۇ.

3. كامالەت سۈپەتلىرىنىڭ ھەممىسىگە ئاللاتائالا لايىقتۇر. نۇقسان سۈپەتلىرىنىڭ ھەممىسىدىن ئاللاتائالا پاكتۇر.

آيَاتُهَا ٥ (١١٣) سُورَةُ الْفَلَقِ مَكِّيَّةٌ (٢٠) رُكُوعُهَا ١

بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيْمِ ○

قُلْ اَعُوْذُ بِرَبِّ الْفَلَقِ ① مِنْ شَرِّ مَا خَلَقَ ② وَ
مِنْ شَرِّ غَاسِقٍ اِذَا وَقَبَ ③ وَمِنْ شَرِّ النَّفّٰثٰتِ
فِي الْعُقَدِ ④ وَمِنْ شَرِّ حَاسِدٍ اِذَا حَسَدَ ⑤

تەرجىمىسى:

## 113. سۈرە فەلەق

مەككىدە نازىل بولغان، 5 ئايەت.

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللانىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن.

"مەخلۇقاتنىڭ شەررىدىن، قاراڭغۇلۇقى بىلەن كىرگەن كېچىنىڭ شەررىدىن، تۈگۈنلەرگە دەم سالغۇچى سېھرىگەرلەرنىڭ شەررىدىن، ھەسەتخورنىڭ ھەسەت قىلغان چاغدىكى شەررىدىن سۈبھىنىڭ پەرۋەردىگارى (ئاللا)غا سىغىنىپ پاناھ تىلەيمەن" دېگىن (1—5).

يۇقىرىقى ئايەتلەرنىڭ ئومۇمىي مەزمۇنى:

ئاللاتائالا ئۆز پەيغەمبىرىنى سۈبھىنىڭ پەرۋەردىگارىغا ئىلتىجا قىلىشقا، ئۇنىڭغا سىغىنىشقا بۇيرۇدى، پۈتۈن مەخلۇقاتنىڭ شەررىدىن، قاراڭغۇلۇقى جاھاننى قاپلىغان كېچىنىڭ شەررىدىن ئاللاغا سىغىنىپ پاناھ تىلەشكە بۇيرۇدى. شۇنىڭدەك، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى تۈگۈنگە دەم سالىدىغان سېھرىگەرلەرنىڭ شەررىدىن، ھەسىتىنى ئاشكارىلاپ ھەسەت قىلغان ھەربىر ھەسەت قىلغۇچىنىڭ شەررىدىن ئاللاتائالاغا سىغىنىپ پاناھ تىلەشكە بۇيرۇدى. بۇ يەردىكى خىتاب پۈتۈن ئۈممەتكە قارىتىلغان.

مۇھىم نۇقتىلىرى:

1. تۈرلۈك يامانلىقلارنىڭ ھەممىسىدىن ئاللاغا سىغىنىپ پاناھ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تىلەشكە ئەمر قىلىندۇ.

2. ھەسەتنىڭ ئەڭ قەبىھ خىسلەت ئىكەنلىكى ۋە ئۇنىڭ زىيىنىنىڭ چوڭلۇقى تەنبىھ قىلىندۇ.

اٰيَاتُهَا ٦ (١١٤) سُوْرَةُ النَّاسِ مَكِّيَّةٌ (٢١) رُكُوْعُهَا ١

بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيْمِ

قُلْ اَعُوْذُ بِرَبِّ النَّاسِ ⓵ مَلِكِ النَّاسِ ⓶ اِلٰهِ
النَّاسِ ⓷ مِنْ شَرِّ الْوَسْوَاسِ ۵ الْخَنَّاسِ ⓸ الَّذِيْ
يُوَسْوِسُ فِيْ صُدُوْرِ النَّاسِ ⓹ مِنَ الْجِنَّةِ وَالنَّاسِ ⓺

تەرجىمىسى:

114. سۈرە ناس

مەككىدە نازىل بولغان، 6 ئايەت.

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللانىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن.

"ئىنسانلارنىڭ پەرۋەردىگارى، ئىنسانلارنىڭ پادىشاھى، ئىنسانلارنىڭ ئىلاھى (ئاللا)غا سىغىنىپ، كىشىلەرنىڭ دىللىرىدا ۋەسۋەسە قىلغۇچى جىنلاردىن بولغان يوشۇرۇن شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىسىنىڭ شەررىدىن پاناھ تىلەيمەن" دېگىن[1—6].

### ئۇقىرىقى ئايەتلەرنىڭ ئومۇمىي مەزمۇنى:

ئاللاتائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئۇنىڭغا سىغىنىشقا ۋە

ئىلتىجا قىلىشقا بۇيرۇدى، چۈنكى ئاللاتائالا ئىنسانلارنىڭ پەرۋەردىگارىدۇر، ئىگىسىدۇر، ئۇلارنى تەسەررۇپ قىلغۇچىدۇر. ئۇلارنىڭ ئىشلىرىنى باشقۇرغۇچىدۇر. ئاللاتائالا ئىنسانلارنىڭ ئىلاھى ۋە مەبۇدىدۇركى، ئۇنىڭ غەيرىي ئىبادەتكە لايىق ئەمەس، پەرۋەردىگارلىق، پادىشاھلىق، ئىلاھلىق ئاللاغا خاستۇر. بۇ شەيتاننىڭ شەررىدىن پاناھ تىلەشتۇر. شەيتان كۆپ ۋەسۋەسە قىلغانلىقى ئۈچۈن ئۇ "ۋەسۋاس" دەپ ئاتالدى، شەيتان يەنە بەندە پەرۋەردىگارىنى ياد ئەتسە چېكىنىدىغانلىقى، غەپلەتتە قالسا، قايتىپ كېلىپ ۋەسۋەسە قىلىدىغانلىقى ئۈچۈن "خەنناس" دەپ ئاتالدى. شەيتاننىڭ ئادىتى كىشىلەرنىڭ دىلىدا ۋەسۋەسە قىلىشتۇر، شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىسى ئۆزىگە ئىتائەت قىلىشقا چاقىرىشتۇر، ئۇنىڭ ۋەسۋەسىسى يوشۇرۇن ئاۋازدىن ئىبارەت. ۋەسۋەسە دېگەن جىنلارغا ۋە شەيتانلارغىلا خاس ئەمەس، ئىنسانلارنىڭ ئىچىدىمۇ كىشىلەرنى ۋەسۋەسە قىلىپ باتىلغا ۋە يامان يوللارغا چاقىرىدىغان شەيتانلارمۇ بار، شۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاتائالا شەيتاننى "جىنلاردىنمۇ، ئىنسانلاردىنمۇ بولىدۇ" دېگەن. دېمەك، ۋەسۋەسە قىلىدىغانلارنىڭ بەزىسى جىننىڭ شەيتانلىرى بولۇپ، كۆڭۈللەردە ۋەسۋەسە قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ بەزىسى ئىنساننىڭ شەيتانلىرىدىن بولۇپ، ئاشكارا ۋەسۋەسە قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاتائالا ئۆزىگە سېغىنىپ بۇ ئىككىلا گۇرۇھنىڭ شەررىسىدىن پاناھ تىلەشكە، ئۇلارنىڭ يامانلىقىدىن ئۆزىگە ئىلتىجا قىلىشقا بۇيرۇدى.

### مۇھىم نۇقتىلىرى:

1. بۇ سۈرە ئاللاتائالانىڭ پەرۋەردىگارلىق، پادىشاھلىق، ئىلاھلىقتىن ئىبارەت ئۈچ سۈپىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. پاناھ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

تىلىگۈچى مۇشۇ سۈپەتلەر بىلەن سۈپەتلەنگەن ئاللاتائالاغا سىغىنىپ پاناھ تىلەشكە بۇيرۇلدۇ.

2. ئاللاتائالاغا سىغىنىپ، ئىنسانلاردىن بولغان، جىنلاردىن بولغان شەيتانلارنىڭ ھەممىسىدىن پاناھ تىلەشكە ئەمر قىلىندۇ.

（京）新登字154号

# 古 兰 经 注 释

（29和30章的注释）

（维吾尔文）

买买提·赛来

民族出版社出版发行　各地新华书店销经
民族印刷厂印刷
开本：850×1168毫米 1/32　印张：11 1/4
1991年10月第1版
1991年10月第1次印刷
印数：0001—78,000册
ISBN　7—105—01349—4/B·5
民　文　（维 7）　定价：23.10元